

# پەرزەنت تەربىيلەش دەستۇرى

## كارل ۋىتېرنىڭ ئالاھىتلىق پەرزەنت تەربىيلىشى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# پەرزەنت تەربىيلەش دەستۇرى

## كارل ۋىتىرنىڭ تالانتلىق پەرزەنت تەربىيلىشى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىشتبارقىز ئەزىز دۆۋلەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# تالانتلىق ئوغۇل تەربىيەمنىڭ مېۋىسىدۇر

## (ئەسلىي كىتابتىكى كىرىش سۆز)

بۇ، بالىلارنى تەربىيىلەش توغرىسىدىكى كىتاب. دەرۋەقە، بالىلار تەربىيىسى توغرىسىدىكى كىتابلار ياۋروپادا ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەممىسىنى مەشھۇر پېداگوگلار يازغان. ئەمما مەن — كارل ۋىتېر — خارلې ئەتراپىدىكى كىچىك كەنت لوختىكى باستېر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەسلىي ۋەزىپەمنى، يەنى پەرۋەردىگار بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلىكنى ياخشى ئادا قىلساملا چوڭ ئىش بولاتتى. ئەمما، بالىلارنى تەربىيىلەش توغرىسىدا بىر كىتاب يازدىم. ئۇنى ئاز دېگەندەك دىنىي ئەقىدىلەرگە يات بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان بىر قىسىم قاراشلىرىمنى، مۇلاھىزىلىرىمنى شەرھلىدىم. شۈبھىسىزكى، بۇ تازا مۇۋاپىق ئىش بولمىدى.

مەن جەمئىيەتتە ئېقىۋاتقان مائارىپ كۆز قاراشلىرىنى قوللاشنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي قارشى مەيداندا بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى سەمىمىيلىك بىلەن يېزىش قارارىغا كەلدىم. شۇنداق قىلسام پەرۋەردىگارغا بولغان ساداقىتىمنى ئىپادىلىيەلىگۈدەكمەن.

مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىش سالاھىيىتىمگە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىمگە بولغان گۇماننى يوقىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھەر قايسىڭلارغا ئوغلۇمنى — كىچىك كارل ۋىتېر ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى تونۇشتۇرۇشۇمغا ئىجازەت



**图书在版编目(CIP)数据**

卡尔・威特的教育/（德）卡尔 ・ 威特著;艾提巴尔译.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2002.12
ISBN 7－228－07690－7

Ⅰ.卡… Ⅱ.①威… ②艾… Ⅲ.早期教育－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.G61

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 090909 号

责任编辑：祖来哈・艾则孜
阿力木江・塔伊尔
责任校对：阿尔祖古丽・克力木

# 卡尔・威特的教育

卡尔・威特 著
艾提巴尔・艾则孜 译

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
乌鲁木齐仁祥印务有限公司
850×1168 毫米 32 开本 13.25 印张 2 插页
2002 年 12 月第 1 版 2002 年 12 月第 1 次印刷
印数：1—2000

ISBN7－228－07690－7/G・2165 定价:17.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەرگەيسلەر. كىچىك كارل 1800 - يىلى 7 - ئايدا تۇغۇلغان. ئۇ 8 - 9 يېشىدىلا نېمىسچە، فرانسۇزچە، ئىتالىيانچە، لاتىنچە، ئىنگلىزچە ۋە گىرېكچە ئالتە خىل تىلنى ئۆگىنىپ بولدى؛ خىمىيە، زوئولوگىيە، بوتانىكا، فىزىكا ئىلمىغا پىششىق ماتېماتىكىغا ئالاھىدە ئۇستا ئىدى؛ توققۇز يېشىدا لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىردى؛ 1812 - يىلى قىشتا سپىرال سىزىقلار توغرىسىدىكى دىسسېرتاتسىيىسىنى ئېلان قىلىپ بىر قىسىم ئالىملارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى؛ 13 يېشىدا «تىرگونومېترىيە ئىلمى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇردى؛ 1814 - يىلى 4 - ئايدا ئۇ يازغان ماتېماتىكىغا ئائىت ئىلمىي ماقالە ئالاھىدە بولغاچقا پەلسەپە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

كىچىك كارل ۋىتىرنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىلىرىگە قاراپ ئۇنى تېخىمۇ زور ئۇتۇق قازىنىدۇ دېمەي تۇرالمايمەن. گەرچە كەمتەرلىك ئېسىل پەزىلەت بولسىمۇ، ئەمما ئۆزۈمنىڭ خاس ئۇسۇلى بىلەن تەربىيىلەپ چىققان پەرزەنتىمگە ئىشەنچىم كامىل.

كىشىلەر دائىم ئوغلۇمنى تۇغۇلۇشىدىنلا ئالاھىدە تالانتلىق، ھەرگىزمۇ سىزنىڭ تەربىيىڭىزنىڭ نەتىجىسى ئەمەس دېيىشىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگار ماڭا بىر تالانت ئىگىسى ئاتا قىلغان بولسا، ئۆزۈمنى شەپقەتكە ۋە چەكسىز بەختكە نائىل بوپتىمەن دەيتتىم، ئەمما ئەمەلىيەت دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە.

ئايالىم ئىككىمىز پەرزەنت تەشنالىقىدا مىڭ جاپادا ئاران بىر پەرزەنتلىك بولۇشىدۇق، تۇنجى بالىمىز تۇغۇلۇپ نەچچە كۈندىلا قازا قىلدى. بىزنىڭ پەرزەنتكە بولغان تەشنالىقىمىز پەرۋەردىگارنى تەسىرلەندۈرگەن بولسا كېرەك، 52 يېشىمدا ئىككىنچى پەرزەنتكە ئاتا بولدۇم. ئۇنىڭغا كارل ۋىتىر دەپ ئىسىم قويۇپ خۇشاللىقىمنى ئىپادىلىدىم. ئەمما ئۇ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان بوۋاقلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ قول - پۇتلىرى تارتىشىپ قالغان، نەپىسى تېز، سەل كەمتۈكرەك — گەرچە



ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىساممۇ — تۇغۇلۇپ قالدى.

كارل بوۋاق چېغىدا گومۇش، گالۋاڭ ئىدى. ئاتا بولغاچقىمىكىن، ئازابلىرىمنى يوشۇرالمايتتىم. مەن بەزىدە «قىلغان نېمە گۇناھىمغا پەرۋەردىگارىم بۇنداق بالا ئاتا قىلغاندۇ؟» دەپ خورسىناتتىم. قوشنىلىرىم ئاق كۆڭۈل كىشىلەردىن ئىدى. ئۇلار دائىم ماڭا «بۇنچە غەم يەپ كەتمەڭ» دەپ تەسەللى بېرىشەتتى. ئەمما ئۇلار كىچىك كارلنى بىر گومۇش بالا بولىدىغان بولدى دەپ، ئۇنىڭ كەلگۈسىدىن ۋە بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن ئەنسىرىشەتتى.

مەن ئۇلاردىن قىلچە ئاغرىنمايمەن. ئەينى چاغدا ھەتتا كارلنىڭ ئاپىسىمۇ ۋاقىت سەرپ قىلىپ كارلنى تەربىيىلەشنى ماقۇللىمىغانىدى. ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا: «مۇنداق دەلتە بالىنى مىڭ تەربىيىلىگەن بىلەنمۇ بىكار، ئاۋارە بولغانغا چۇشلۇق ئىش يوق» دەيتتى.

گەرچە، ئازابلانسامۇ ئۈمىدسىزلەنمىدىم. پەرۋەردىگارنىڭ بالىمىزنىڭ تەقدىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيتتى. ئەمما مەن ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئۆتىشىم، قۇربىمنىڭ يېتىشىچە ئۇنى ئەڭ ياخشى تەربىيىگە ئىگە قىلىشىم زۆرۈر ئىدى. مەن نەۋرە ئىنىمگە يازغان خېتىمدە: «52 ياشقا كىرگەندە ئاران بىر باللىق بولدۇم، ئۇنى قانداقمۇ سۆيمەي تۇرالاي؟ مەن ئۆزۈم توغرا دەپ قارىغان ئۇسۇل بويىچە ئۇنى تەربىيىلەيمەن، مەن ھازىر ئەتراپلىق تەربىيىلەش لاھىيىسىنى تۈزۈپ چىقتىم، ئوغلۇم قارىماققا دەلتىرەك بولسىمۇ، مەن ئۇنى تەربىيىلەپ ئالاھىدە ئادەم قىلىپ چىقىمەن» دەپ يازغانىدىم.

كۆپلىگەن كىشىلەر، ھەتتا يېقىن دوست - بۇرادەرلىرىممۇ بۇ گېپىمگە ئىشەنمىدى. ماڭا پەقەت بىرلا كىشى، يەنى خارلېدا نامى بار پوپ گرابىسلا ئىشىنەتتى، بىز كىچىكىمىزدىن ياخشى دوستلاردىن ئىدۇق. ئۇ مېنى بەك چۈشىنەتتى.

ئۇ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى دۇنياغا تارقىتىشىمغا ئىلھام بېرىپ: «كارل خۇددى سىز دېگەندەك تۇغما تالانتلىق ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ تەربىيىڭىزنىڭ نەتىجىسىدۇر، كىشىلەر سىزنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىڭىزنى چۈشەنسىلا، كارلنىڭ بىر ئىستېدات ئىگىسى بولۇپ چىققىنىغا ھەيران بولمىغان بولاتتى. ئىشىنىمەنكى، كارل كېيىنچە پۈتۈن جاھاننى تاڭ قالدۇرىدۇ، مەن سىزنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىڭىزنى چۈشىنىمەن ھەم سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا قەتئىي ئىشىنىمەن» دېگەنىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى ئەمەلىيەتلەر مېنىڭ ئۇسۇلۇمنىڭ توغرىلىقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلىدى.

ئوغلۇم تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى مادبرۇيت شەھىرىدىكى بىر نەچچە ياش پېداگوگ شەھەر ئەتراپىدىكى بىر نەچچە ياش پاستېر بىلەن ھەمكارلىشىپ مائارىپ مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلىشىدىغان ئۇيۇشما قۇردى. پاستېر گرابىمۇ ئۇيۇشما ئەزاسى ئىدى. مېنىڭ تەربىيە ئۇسۇلۇمنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ بىلىشى ئۈچۈن پوپ گرابى بىر ئاماللارنى قىلىپ ماڭا بىر نەچچە قېتىم نۇتۇق سۆزلەش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى ھەم ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بۇ ئۇيۇشمىغا ئەزا بولدۇم.

بىر قېتىملىق يىغىلىشتا خىلارد ئىسىملىك بىر پاستېر بالىلارغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىمى تەبىئىي تالانت، تەربىيە ئەمەس، پېداگوگلار ھەر قانچە تەربىيىلىسىمۇ ئۇنىڭ رولى چەكلىك بولىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەن بۇ خىل كۆز قاراشقا ئەزەلدىن قارشى تۇرغاچقا، دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا رەددىيە بەردىم:

— تۈزلۈكۈمنى ئەپۇ قىلىڭ، مەن سىزنىڭ قارىشىڭىزغا قوشۇلمايمەن. مېنىڭچە بالىغا نىسبەتەن تالانتتىن تەربىيىلەش مۇھىم، بالىنىڭ تالانت ئىگىسى ياكى ئادەتتىكى ئادەم بولۇشى تالانتتا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تۇغۇلۇشتىن تارتىپ 5 — 6



ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئالغان تەربىيىسىگە باغلىق، ئەلۋەتتە. بالىلارنىڭ تەبىئىي تالانتىدا پەرق بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل پەرق چەكلىك بولىدۇ. تۇغۇلۇشىدىنلا تالانتلىق بالىنى ئەمەس، ئەقلىي قابىلىيىتى ئادەتتىكىچە بالىنىمۇ مۇۋاپىق تەربىيىلىسە ئىستېدات ئىگىسى بولالايدۇ. خۇددى ئالېۋېيسۇئىي ئېيتقاندەك: «ئادەتتىكى بالىلارمۇ مۇۋاپىق تەربىيىلەنسىلا ئىستېداتلىق بولالايدۇ»، مەن بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

مېنىڭ سۆزۈم ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىۋەتتى بولغاي، زىت پىكىرلەر يېغىپ كەتتى، بۇ مېنى ھەقىقەتەن تەڭقىسلىقتا قويدى. ئاخىرىدا مەن:

— سىلەر كۆپ سانلىق، مەن يالغۇز، شۇڭا سىلەرگە بەس كېلەلمەيمەن، سىلەر بىلەن مۇنازىرە قىلغاندىن كۆرە، ئەمەلىي مىسال كەلتۈرەي. ناۋادا پەرۋەردىگار ماڭا بىر ئوغۇل ئاتا قىلسا، سىلەرمۇ ئۇنى دەلتە ئەمەس دەپ قارىساڭلار، ئىشىنىمەنكى ئۇنى ئاجايىپ تالانت ئىگىسى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالايمەن، بۇ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئىرادەم، — دېدىم.

ئۇيۇشما ئەزالىرى ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ:

— قېنى كۆرەرمىز، — دېيىشتى.

بەس - مۇنازىرە ئاياغلاشقاندىن كېيىن پاستېر خىلارد مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. پاستېر گرابى مەن بىلەن بىللە باردى، پاستېر خىلاردنىڭ ئۆيىدە بىز يىغىندىكى مەسىلە ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلدۇق، ئەمما ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى، بىز ئۆز كۆز قاراشلىرىمىزدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز پىكىرىمىزنى قايتا - قايتا بايان قىلىشتۇق.

مۇنازىرە جەريانىدا ھېچقانداق پىكىر قاتناشتۇرماي سۈكۈت قىلغان پاستېر گرابى ئەمدىلىكتە مەيدانى روشەن ھالدا مېنىڭ پىكرىمنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— مەن ۋىتىر ئەپەندىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەتئىي ئىشىنىمەن، ئۇنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى چوقۇم كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بېرىدۇ، — دېدى باستىر گرابس.

ئەمما، پوپ خىلارد بۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مەن ئوغۇللۇق بولدۇم. باستىر گرابس بۇ خەۋەردىن باستىر خىلاردنى ۋاقىپلاندۇردى، باستىر خىلارد پۈتۈن ئۆيۈشمىدىكىلەرنى ۋاقىپلاندۇردى، ئۇلار كېلىپ كىچىك كارلنىڭ راستىنلا ھېچبىر ئالاھىدە تالانتى يوق، ئادەتتىكىلا بىر بوۋاقلىقىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

كىچىك كارل تۇغۇلغاندىن تارتىپلا، ئۇلار ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كەلدى. ئەتراپتىكىلەرمۇ كارلنى باھالاپ تۇراتتى، ئۇلار خۇددى مانا ئەمدى كارامىتىڭنى كۆرسىتە قېنى، دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بەس-مۇنازىرىلىرىدە ماڭا بولغان ھېسداشلىق ئازراق بولۇپ، كۆپىنچىسىنىڭ مەغلۇبىيىتىمنى كۈتۈۋاتقانلىقى ماڭا ئايان ئىدى.

ئۇلار ھەر قېتىم مېنى ۋە باستىر گرابسنى كۆرگەندە:

— قانداقراق، ئۈمىد بارمۇ؟ — دېيىشەتتى.

بىز ئۇلارغا «شۇنداق، بىز سىلەرگە چوقۇم كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق ئەكېلىمىز» دەيتتۇق.

شۇنداقتىمۇ ئۇلار كارلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە گۇمانىي نەزەردە قارايتتى.

پەرۋەردىگارغا مىڭ شۈكرى، مېنىڭ قان-تەرىم بىكارغا كەتمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئەينى ۋاقىتتىكى «دەلتە» بالا قوشنا-قولۇملارنى، مەھەللىنى زىلزىلىگە سالدى. كارل 4-5 يېشىدا ھەر جەھەتتە ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئەجرىم مېۋە بېرىپ، ئۆز ئوغلۇمنىڭ ئۈستىدىكى تەجرىبە، يەنى «تالانت ئەسلىدىنمۇ ياكى تەربىيىدىنمۇ» دېگەن قاراشنىڭ



نەتىجىسى چىقىپ قالاي دېگەچكە، مەن پۇرسەت تېپىپ ئوغلۇمنى باستىر خىلارد بىلەن ئۇچراشتۇردۇم.

— ئوھوي، نېمىدېگەن ياخشى بالا-بۇ، — دېدى باستىر خىلارد ئوغلۇمنى كۆرۈپلا. ئۇ ئوغلۇمنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

باستىر كېيىن ئوغلۇمنىڭ ئادەتتىكى بالىلاردىن ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئاجايىپ تېز ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئاستا-ئاستا مېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمغا ئىشىنىشكە باشلىدى.

يۇقىرىقى ئەزۋەيلەشلىرىمنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك بەك ئەزمىلىك قىلىپ كەتتىڭ دېيىشى مۇمكىن. ئەمما مېنىڭ قارىشىم نۆۋەتتە ئېقىۋاتقان قاراشلار بىلەن ئەسلا ئوخشىمايدۇ، ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا مەن ئىزچىل ھالدا پېداگوگلارنىڭ گۇمانىي نەزەردە قارىشىغا ئۇچرىدىم، بۇ بەلكىم مېنىڭ ئۆزگىچە تەربىيىلەش قارىشىمنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىغا زىت بولغانلىقىدىندۇر.

ھەر نېمە دېگەنبىلەن ئۆز ئېتىقادىمدا تەۋرەنمىدىم، پەقەت تەربىيە جايىدا بولسىلا، كۆپلىگەن بالىلارنىڭ ئىستېدات ئىگىسى بولۇپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىزچىل تۈردە ئىشەندىم. ئەمەلىيەت بۇنى ئىسپاتلىدى، ھەتتا مېنىڭ ئوغلۇمدەك تۇغۇلۇشتىن ھېچبىر ئالاھىدە تالانتى بولمىغان بالىمۇ ئىنچىكە، ئەستايىدىل تەربىيە نەتىجىسىدە مۇشۇنچىۋالا زور ئۇتۇققا ئېرىشەلىدى.

ئەمما كىشىلەر بۇنى تېخى تونۇپ يەتمىگەندەك قىلاتتى. بالامنىڭ داڭقى چىققاندىن كېيىن ئۇلار باشقا بارلىق پېداگوگلارنى بولۇمسىز، دەپ ئەيىبلەشتى. ھەتتا ئۇلاردىن: نېمىشقا باشقا بالىلارنى كىچىك كارلدەك تەربىيىلەپ يېتىشتۈرەلمەيسىلەر، دەپ خاپا بولۇشتى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىش ھاجەتسىز ئىدى، شۇنداقلا باشقا پېداگوگلارنىڭ ماڭا بولغان ئۆچمەنلىكىنى كۈچەيتىۋەتتى، خالاس.

بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىم ھەم ماڭا قارشى ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىنى ئازايتىش، ھەم كىشىلەرگە توغرا تەبئىي تالانت قارىشىنى شەرھلەشتىن ئىبارەت. مېنىڭ

قارشىم — بالىغا ئائىلە تەربىيىسى ھەممىدىن مۇھىم، ئائىلە تەربىيىسى ياخشى بولمىسا، ئەڭ ياخشى پېداگوگلارنىڭ تەربىيىسىنىڭمۇ ئۈنۈمى تايىنلىق بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

ئەلۋەتتە، مېنىڭ ئۆز تەربىيە ئۇسۇلۇمنى ئاشكارىلىشىمۇ دوستلىرىمنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلگىنىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. بىلىسىزكى، ئوغلۇمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ماڭا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغانلارنى كۆپەيتىپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن دوستلارغىمۇ ئېرىشتۈردى.

دوستلىرىم مېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى، دائىم ماڭا خەت يۇزىدە ياكى يۈزتۇرانە ئىلھام بېرىشتى. ئۇلار مەن ئېغىر موھتاجلىقتا قالغاندا ياردىمىنى ئايىمىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن تەسىرلىنىپ، كۆز يېشى قىلغان چاغلىرىممۇ بولدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمنىڭ كۆپ قىسمى ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىغانلىقىدىن بولدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن.

دوستلىرىم تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى كىتاب قىلىپ يېزىپ، كۆپچىلىككە ئاشكارىلىشىمنى ئۈمىد قىلىشتى. ئەمما مەن قايتا - قايتا رەت قىلغان بولساممۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارغا بويسۇندۇم، ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىنى رەت قىلالماي، بۇ كىتابنى يېزىش نىيىتىگە كەلدىم.

لېكىن، مەن تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى قوللانغانلارنىڭ ھەممىسى مەندەك نەتىجە قازىنالايدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتالمايمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى ئوغلۇمدەك تەربىيىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. ئەمما ئىشىنىمەنكى، مەيلى كىم بولسۇن مېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى قوللانسۇن، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ.

خوش، ئەمدى ئوغلۇم كارلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن، بىر بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىڭ يىغىندىسى بولسىمۇ، ئەمما ھەر ھالدا كۆپچىلىكنى جانلىق مىساللار ئارقىلىق قىزىقتۇرۇشقا، تەربىيىگە ئىگە قىلىشقا تىرىشىمەن.



# مۇندەرىجە


تالانتلىق ئوغۇل تەربىيىمنىڭ مېۋىسىدۇر (ئەسلىي كىتابتىكى كىرىش سۆز) ........................ (1)

كارل ۋىتىرنىڭ تالانتلىق بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئىزاھات.................................. (1)

بىرىنچى باب پەرۋەردىگار بالامنى پاناھىدا ساقلىغاي ...(80)

ئىككىنچى باب يارىلىش ئوخشاش، مۇھىت ئوخشاشمايدۇ ................................ (90)

ئۈچىنچى باب مەن بالامنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى تازا يېتىلىدىغان پەيتنى چىڭ تۇتتۇم ................ (104)

تۆتىنچى باب بالا تەربىيىلەشتىكى توغرا ئۇسۇل ...... (132)

بەشىنچى باب مەن پەقەت ئوغلۇمنى تاكامۇللاشقان ئادەم قىلىپ تەربىيىلىمەكچى بولدۇم ........... (171)

ئالتىنچى باب بالىنى ھەرگىز كىچىك چاغلىماڭ ...... (189)

يەتتىنچى باب قانداق تەربىيە بالىغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ ................................... (207)

سەككىزىنچى باب بالامغا ئويناشنى ۋە دوست تۇتۇشنى قانداق ئۆگەتتىم؟ ............................ (229)

توققۇزىنچى باب ئوغلۇمنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى دەل ۋاقتىدا ماختاپ تۇردۇم ............................ (241)

ئونىنچى باب بالىدا ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش

www.uyghurkitap.com

ئادەتنى يېتىلدۈردۈم ............................ (257)
ئون بىرىنچى باب بالامنىڭ ياخشى ئادەتلىرىنى قانداق يېتىلدۈردۈم ........................................ (291)
ئون ئىككىنچى باب ئوغلۇمدىكى ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىشنىڭ قانداق ئالدىنى ئالدىم .................. (309)
ئون ئۈچىنچى باب بالامنىڭ ناچار ئادەت يۇقتۇرۇۋېلىشىغا يول قويمىدىم .................................. (320)
ئون تۆتىنچى باب بالىدا ساغلام پسىخىكا يېتىلدۈرۈش لازىم ................................................ (344)
ئون بەشىنچى باب بالامغا كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتتىم ........................................ (373)
ئون ئالتىنچى باب مېنىڭ تەربىيىلەش نىشانىم ...... (385)
ئون يەتتىنچى باب بالام ھەرقانداق بالىدىن بەختىيار...(393)



# كارل ۋىتىرنىڭ تالانتلىق بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئىزاھات

كارل ۋىتىر گېرمانىيىنىڭ خاربې شەھىرى يېنىدىكى لوخ كەنتىنىڭ باستېرى (خرىستىئان ئىمامى) بولۇپ، بالىسىنى تەربىيىلەشتە ئۆزگىچە كۆز قاراشقا ئىگە ئىدى. ئۇ بالىلارنى ئەقلى نۇرى ئېچىلغاندىن باشلاپلا تەربىيىلەش كېرەك، دەپ قارىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئوغلىنى تەربىيىلەش ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇنى «تالانتلىق» قىلىپ يېتىشتۈردى. بۇ تەجرىبىسىنى 1818 - يىلى «كارل ۋىتىرنى تەربىيىلەش» دېگەن كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقتى. بۇ كىتاب دۇنيا بويىچە تالانتلىق بالا تەربىيىلەش بويىچە تۇنجى ئەسەر بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىدىيىسى جامائەتچىلىك تەرىپىدىن بالىلارغا دەسلەپكى تەربىيە بېرىشنىڭ ئەندىزىسى بولۇپ قالدى.

## سىرلىق تالانت ھەققىدە ھېكايە

1914 - يىلى ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن ۋىلىيام جامىس سىدىز ئىسمىلىك بىر بالا ئامېرىكىنىڭ خاراۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈردى. ئۇ ئامېرىكىلىق داڭلىق پسىخولوگ سىدىز دوكتورنىڭ ئوغلى ئىدى. ۋىلىيامنىڭ ئوقۇش

تارىخى بەكمۇ قىزىقارلىق بولۇپ، ئۇ بىر يېشىدىن باشلاپ تەربىيلەندى، ئۈچ يېشىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ تىلىدا ئوقۇيالايدىغان ۋە يازالايدىغان بولدى. بەش يېشىدا ئۆيىدىكى ئىسكىلىت ئەۋرىشكىلىرىنى كۆرۈپ، ئادەم تېنىگە قىزىقىپ، فىزىئولوگىيە ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا دوختۇرخانا ئالغان دەسلەپكى ئىمتىھاندا نەتىجىسى لاياقەتلىك بولۇپ چىقتى. ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى ئەتىيازدا ئۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدى. مەكتەپكە كىرگەن تۇنجى كۈنى سائەت توققۇزدا بىرىنچى سىنىپقا كىردى، سائەت 12 دە ئاپىسى چۈشلۈك تاماققا ئالغىلى كەلگەندە، ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۈچىنچى سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى ھەمدە بىر يىلدىلا باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇپ تۈگەتتى. يەتتە ياشقا كىرگەندە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇماقچى بولدى. ئەمما مەكتەپ يېشى كىچىك دەپ رەت قىلدى. مەكتەپكە كىرىشكە ئامال قىلالمىغانلىقتىن ئۆيدە ئۆگەندى. ئۆيىدە ئاساسلىقى ئالىي ماتېماتىكا ئۆگەندى، چۈنكى ئۇ ئاشۇ چاغدا قەدىمدىن شۇ چاغقىچە بولغان تىلشۇناسلىققا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىپ بولغانىدى.

ئۇ سەككىز يېشىدا ئاخىرى ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولدى ھەمدە ھەممە پەندە ئەلاچى بولدى. بولۇپمۇ ماتېماتىكىدا باشقىلاردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، شۇڭا، مەكتەپ ئۇنىڭ ماتېماتىكا دەرسىنى ئوقۇماسلىقىغا رۇخسەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئوقۇتقۇچىسىغا ياردەملىشىپ باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ ماتېماتىكا تاپشۇرۇقىنى تەكشۈرۈپ بەردى. شۇ چاغدا، ئۇ ئاسترونومىيە، ئىنگلىز تىلى گراماتىكىسى، لاتىن تىلى گراماتىكىسى قاتارلىق دەرسلىك كىتابلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگىنىدىغان بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ بولغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەيلا مەكتەپتىن چېكىندى.



شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ يىراق ـ يېقىنغا داڭقى چىقتى. جايلاردىن ھەر ساھەدىكى ئەربابلار كېلىپ ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىپ باقتى. ئىمتىھان نەتىجىسىنى كۆرۈپ ھەممىسى ھەيران قېلىشتى ھەمدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى. مەسىلەن، ماسسا چۇست تېخنىلوگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ بىر پروفېسسورى ئۆزى گېرمانىيىدە دوكتورلۇق ئىمتىھانىدا دۇچ كەلگەن ئەڭ قىيىن مەسىلىنى سوئال قىلىپ چىقاردى. ئويلىمىغان يەردىن سىدىز بۇ مەسىلىگە شۇ ھامانلا توغرا جاۋاب بەردى. شۇ چاغدا ئۇ تېخى توققۇز ياشقا كىرگەنىدى.

ۋىليام 9 ۋە 10 ياش ۋاقتىدا ئۆيىدە داۋاملىق ئۆگەندى. 11 ياشتىن ئەمدىلا ئاشقاندا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى. مەكتەپكە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، 4 ـ چارەكتىكى ماتېماتىكا قىيىن مەسىلىلىرى توغرىسىدا بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەپ، پروفېسسورلارنى ھەيران قالدۇردى. دادىسى سىدىز دوكتور ئۇنىڭ 12 ياش چېغىدىكى ئەھۋالىنى «نورماللىق ۋە گېنىئاللىق» دېگەن كىتابىدا مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

«سىدىز بۇ يىل ئەمدىلا 12 ياشقا كىردى، لېكىن ماگىستىرلار دەرسلىكلىرىدىكى ئاسپىرانتلارنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان ئالىي ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە مەسىلىلىرىنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ھەل قىلدى، ئۇ يەنە «ئىلىيادا»، «ئودېسا» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى گرېك تىلىدا يادلاپ ئاللىدى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ يەنە كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى پىششىق ئىگىلەپ ئارىستوتېلدەك كاتتا پەيلاسوپلاردىن تارتىپ شۇ زاماندىكى يونان ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى باشقا بالىلار «روبىنسوننىڭ سەرگەردانلىق خاتىرىسى» نى ئوقۇغاندەك شۇنداق ئوڭاي ۋە قىزىقىپ ئوقۇپ كەتتى، ئۇ يەنە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بىلەن ئىلاھشۇناسلىققا قىزىقتى. ئېتىكا، قەدىمكى زامان تارىخى، ئامېرىكا تارىخى قاتارلىق ساھەلەردىمۇ مول

بىلىمگە ئىگە بولۇپ، ئىلىمنىڭ سىياسىي ۋە ئاساسىي قانۇنىنىمۇ تولۇق بىلىپ كەتتى.»

شۇنداق قىلىپ ئۇ 1914 - يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى، ھەمدە كېيىنكى بىر نەچچە يىللىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

سىدىزغا ئوخشاش تالانتلىق بالىدىن يەنە ئىككىسى بولۇپ، بىرسى ئادلوف باخىر، ئۇ تافت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلاھشۇناسلىق پروفېسسورى باخىر دوكتورنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ 13 يېشىدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇدى ھەمدە مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن مەكتەپنى پۈتتۈردى. يەنە بىرسى روبېرت ۋىنېر بولۇپ، تافت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يۇگوسلاۋىيە تىلى پروفېسسورى ۋىنېر دوكتورنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ 10 يېشىدا تافت ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى، 14 يېشىدا مەكتەپنى پۈتتۈردى. ئارقىدىنلا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتلار ئىنستىتۇتىدا ئوقۇدى. 1914 - يىلى ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن روبېرت دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. باخىر بىلەن ۋىنېر ئائىلىلىرىدە يالغۇز مۇشۇ ئىككى بالا تالانتلىق بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىمۇ تەڭتۇشلىرى ئىچىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. ئادلوف، باخىرنىڭ ئاچىسى 15 يېشىدا رادكلىف قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان بولۇپ، 1914 - يىلى ئادلوف بىلەن بىللە مەكتەپ پۈتتۈردى. ئۇلارنىڭ سىڭلىسى رىئان بىلەن ئىنىسى لوردلوفمۇ شۇ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا كىردى. ۋىنېرنىڭ سىڭلىسى كونستانسىمۇ 1914 - يىلى 14 يېشىدا رادكلىف قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى. 2 - سىڭلىسى بېيوروتمۇ شۇ يىلى 12 يېشىدا رادكلىق قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەنسوبىيىنىيە شتاتىنىڭ پېتىسبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىلشۇناسى، پروفېسسور سېترنېر خانىمنىڭ قىزى ئۈچ يېشىدا شېئىر ۋە نەسىر يازالايدىغان بولدى. بەش يېشىدا دۇنيا تىلىنى ئۆگىنىپ بولدى ھەمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ دۇنيا تىلىنى تەشۋىق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇشقا قاتناشتى. سەككىز يېشىدىن باشلاپ، فىزىئولوگىيە، تېبابەتشۇناسلىق، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگىنىشكە باشلىدى، تۆت يېشىدا لاتىن تىلى قاتارلىق 13 دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ بولدى. كىچىك ۋاقىتلىرىدا بەزى جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىغا رەھبەرلىك قىلدى.

دۇنيادا يېگانە نەرسە يوق، شەرقتىكى قەدىمكى دۆلەتتىمۇ 18 ياشلىق بىر قىزنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا ئاجايىپ بىر ھېكايە تارقالدى.

1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، «چىڭداۋ سودا گېزىتى» بىرىنچى بەتتىكى مۇھىم خەۋەرلەر ئىستونىغا چوڭ خەتلىك قىلىپ، «مەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئىقتىساد ئىلمى ئۆگىنىدىغان بولدۇم» دېگەن تېمىدا بىر ئالاھىدە خەۋەر بېسىلدى. بۇ گېزىتتە خەۋەر قىلىنىشىچە، چېڭدۇلىق 18 ياشلىق قىز لىيۇيىتىڭنى ئامېرىكىدىكى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق تۆت داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت بىرلا ۋاقىتتا ئوقۇشقا قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۈچ يىللىق 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق ئوقۇش ۋە تۇرمۇش راسخوتىدىن خالاس قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. بۇ خەۋەر شۇ جايدىكى ئاخبارەت ۋاسىتىلىرى، ئىنتېرنېت تورى ۋە شىنخۇا ئاگېنتلىقى قاتارلىقلار تەرىپىدىن ناھايىتى تېزلا پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىپ، چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى. . .

ھەقىقىي تالانتلىق بولۇپ يېتىلگەن بۇ بىر نەچچە بالا

تۇغرىسىدىكى ھېكايە كەڭ تارقىلىپ، كىشىلەرنىڭ تالانت مەسىلىسىگە بولغان دىققىتىنى قوزغىدى. مۇتەخەسسىلەر چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇنى بايقىدىكى، بۇ تالانتلىق بالىلارنىڭ ياشىغان دەۋرى ئىلگىرى - كېيىن، ھەتتا ئىككى ئەسىرگە يېتىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا بىر ئورتاقلىق بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى كارىل ۋىتىر ئىسىملىك بىر كىشى يازغان «كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى» دېگەن كىتابتىن تەلىم ئالغانىدى.

ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىر دوكتور خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى» دېگەن كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، كىتابتا دېيىلگىنى بويىچە ئوغلى ۋىتىرنى تەربىيىلىگەنلىكىنى ئېيتتى. سىدىزنىڭ دادىسى سىزدز دوكتورمۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇمۇ شۇ كىتابنى ئوقۇپ كىتابتا دېيىلگەن ئۇسۇل بويىچە ئوغلى سىدىزنى تەربىيىلىگەن. باخىرنىڭ دادىسى باخىر دوكتور يازغان «ئائىلىۋى مەكتەپ» ۋە «ئائىلە تەربىيىسى» قاتارلىق كىتابلاردىمۇ باخىر دوكتورنىڭ «كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى» دېگەن كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، كىتابتا دېيىلگىنى بويىچە ئوغلى باخىرنى تەربىيىلىگەنلىكى يېزىلغان. ستېرنىر خانىم پروفېسسور ۋىلىيام جامۇسنىڭ ھەدەپ تونۇشتۇرۇشى ئارقىسىدا كارىل ۋىتىرنى تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىزىنى شۇ بويىچە مەشىق قىلدۇرغان.

«خارۋارد قىزى» دېگەن كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان لىيۇيىتىڭنىڭ ئاپىسى لى ۋېيخۇا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئانىلارغا قىزى لىيۇيىتىڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىغاندا، ئۇ ئۆزىگە كومپاس قىلغان «كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى» دېگەن كىتابنى ماختاپ



مۇنداق دېدى:

«ھەركۈنى ژۇرنال تەھرىراتىدىن قايتىپ كېلىپ، ئۇ كىتابنى تۈن نىسپىگىچە ئوقۇدۇم. . . نۇرغۇنلىغان ئانىلار كىتابتىكى ئۇسۇل بويىچە پاراسىتى بالدۇر يېتىلگەن نەچچە يۈزلىگەن جۇڭگولۇق بالىنى تەربىيىلەپ چىقتى. دۇنيادىكى بىر نەچچە داڭلىق ئالىي مەكتەپنىڭ كۆزى چۈشكەن ئەلا ساپالىق لىيۇيىتىڭمۇ شۇ كىتابتىكى ئۇسۇللار بويىچە ئۆزىگە ئاساس تۇرغۇزدى. ئۇ چاغدا مەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا بىر نۇسخا ساقلانغان ئاشۇ كىتابتىكى تەربىيىلەش ئىدىيىسىنىڭ لىيۇيىتىڭنى ئاخىرى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا باشلايدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلىمىغانىكەن.

## كارىل ۋىتىر

ئۇنداقتا، كارىل ۋىتىر كىم؟ «كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى» دېگەن زادى قانداق كىتاب؟ بۇ كىتاب نېمىشقا ئىككى ئەسىر مابەينىدە بالىلار تەربىيىسىدە ئاشۇنداق چوڭ رول ئوينايدۇ؟

كارىل ۋىتىر بىر كەنتنىڭ باستېرى (خىرىستىئان ئىمامى) بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئۆزگىچە بولغان كۆز قاراشقا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ مائارىپ نەزەرىيىسى بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. ئۇ تېخى بالىلىق بولمىغان ۋاقتىدىلا پەرزەنتلەرنى چوقۇم بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپلا تەربىيىلەش كېرەك دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، بالىلارنى تەربىيىلەشنى ئەقىل نۇرى ئېچىلغان ھامان باشلاش شەرت ئىدى. ئۇ: مۇشۇنداق قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندا ئادەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالىلارنىڭ بىردەك ئالاھىدە تالانتلىق بولۇپ چىقالايدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنەتتى. ئۇ: ئەگەر مەن بالىلىق بولسام جەزمەن مۇشۇنداق تەربىيىلەش ئەمەلىيىتىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، دەپ يۇرەتتى. ئۇنىڭ بۇ كۆز قارىشى شۇ چاغدا بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

ئەينى چاغدا ياخشى بولغىنى، ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ يۇرتىدا يىراق - يېقىنغا داڭقى كەتكەن گىرابىتىس ئىسىملىك يەنە باستېر سىردىشى بار ئىدى. گىرابىتىس ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان يېقىن دوستى بولۇپ، ئۇنى ئەڭ چۈشىنىدىغان كىشى ئىدى.

گىرابىتىس ۋىتېرنىڭ مائارىپ ئۇسۇلى — تالانتلىق بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ۋىتېرنىڭ نوتۇق سۆزلىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ۋىتېر تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن، مادىبلات شەھرىدىكى بىر قانچە ياش مائارىپشۇناس بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى بىر قانچە ياش باستېر ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، مائارىپ مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان بىر ئىلمىي جەمئىيەت قۇرغانىدى. گىرابىتىس باستېرمۇ شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ۋىتېرنىڭ دادىسىمۇ شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالدى.

بىر قېتىملىق يىغىلىشتا، خىللارد ئىسىملىك بىر باستېر: «بالىلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى تەربىيە بولماستىن، بەلكى تۇغما تالانتتۇر. مائارىپچىلار قانچىلىك كۈچەپ ئوقۇتقىنى بىلەن ئۇنىڭ رولى يەنىلا چەكلىك بولىدۇ» دەپ گەپنى كەستى. كارىل ۋىتېر بۇنىڭغا تامامەن قارشى پىكىردە بولغاچقا، شۇ زامانلا رەددىيە بەردى:

«بۇ قاراش خاتا. بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى تۇغما تالانت بولماستىن، بەلكى تەربىيىدۇر.



بالىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تالانتلىق ياكى قابىلىيەتسىز بولۇپ چىقىشىنى تۇغما تالانتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بەلگىلىمەستىن، تۇغۇلغاندىن تارتىپ بەش - ئالتە ياشقا كىرگىچە بولغان مەزگىلدە ئالغان تەربىيە بەلگىلەيدۇ. دەرۋەقە، بالىلارنىڭ تۇغما تالانتىدا پەرق بار بولىدۇ. ئەمما بۇنداق پەرق يەنىلا چەكلىك بولىدۇ. مېنىڭچە، تۇغما تالانتى ئادەتتىن تاشقىرى بولغان بالىلارنى دېمەيلا قويايلى، تۇغما تالانتى ئادەتتىكىچە بولغان بالىلارنىمۇ ياخشى ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلىسىلا ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ. خۇددى ئىلۋېتسيو ئېيتقاندەك: «ئادەتتىكى بالىلارنىمۇ ياخشى ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلىسىلا، ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ. مەن بۇ يەكۈنگە قەتئىي ئىشىنىمەن.»

كارىل ۋىتېرنىڭ يىغىندا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ پىكرى ئۇ يىغىندىكىلەر ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىدىغان نىشانغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئامالسىز ئەھۋالدا، ئۇ پەقەت «سىلەر 13 - 14 ئادەم، مەن بولسام بىر ئادەم، ئازچىلىق كۆپچىلىككە تەڭ كېلەلمەيدۇ، سىلەرنى گەپ بىلەن يېڭىشكە ئامالسىزمەن، سىلەر بىلەن مۇنازىرە قىلغاندىن كۆرە، ئەمەلىيەتنى سۆزلىگىنىم ياخشى، پەقەت پەرۋەردىگار ماڭا بىر بالا ئاتا قىلسا، سىلەر ئۇ بالىنى لەقۋا دەپ قارىمىساڭلار، مەن ئۇنى تەربىيىلەپ چوقۇم ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم قىلىپ چىقالايمەن. بۇنى مەن ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن.» دېيىشكە مەجبۇر بولدى. يىغىندىكىلەر ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى ئويلاپ بېقىپ، «بولىدۇ، بىز كۆرۈپ باقايلى!» دەپ جاۋاب بەردى.

يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، خىللارد باستېرنىڭ سۆزى تۈگىمىگەچكە، پېشقەدەم ۋىتېر ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ يىغىندا تالاش - تارتىش قىلىنغان مەسىلىنى داۋاملىق مۇزاكىرە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، يەنىلا نەتىجىسى بولمىدى. ئۇلار پەقەت

ئۆزلىرىنىڭ يىغىندا دېگەن گېپىنى توختىماستىن تەكرارلاۋەردى. خىللارد باستىرنىڭ ئۆيىدىكى مۇنازىرە، يىغىندا باشتىن - ئاخىر سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغان گىرابتىس باستېر ئاخىرى بايرىقى روشەن هالدا، ۋىتىرنىڭ كۆزقارىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ: «مەن ۋىتىرنىڭ قەسىمىنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلى بويىچە بالىلارنى تەربىيىلىگەندە، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ» دېدى. ئەمما خىللارد باستېر ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا ئەسلا ئىشەنمەي، يەنىلا ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ چىڭ تۇرىۋالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ۋىتىر ئەر - خوتۇنلار بىر بالىلىق بولدى. ئەمما بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ بالىسى ئۆلۈپ كەتتى. كېيىن، ئۇ يەنە بىر بالىلىق بولدى. ئەمما، ئۇ كىچىك ۋىتىر تازا كۆڭۈلدىكىدەك بوۋاق بولۇپ چىقمىدى.

ۋىتىر قايغۇرغان هالدا: «بۇ نېمە تارتقۇلۇقتۇ! پەرۋەردىگار ماڭا نېمىشقا مۇشۇنداق بىر گومۇش بالىنى بېرىدىغاندۇ؟» دېدى. قوشنىلىرى ھەمىشە ئۇنىڭغا قايغۇرمىغىن، دەپ نەسىھەت قىلىسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە كىچىك ۋىتىرنىڭ لەۋقۇا ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشىنەتتى، يەنىلا بالىنىڭ كەلگۈسى ۋە ۋىتىر ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىناتتى.

شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۈمىدسىزلەنمەي، ئۆزىنىڭ پىلانىنى پۇختا يولغا قويدى. دەسلەپتە ئايالىمۇ: «بۇنداق بالىنى تەربىيىلىگەن بىلەنمۇ بەرىبىر ئىستىقبالى يوق، بىكار كۈچ سەرپ قىلىۋاتىمىز» دېدى.

گەرچە تۇغۇلغان بالا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، ئەمما، پېشقەدەم ۋىتىرنىڭ ئوغلى بار بولغانلىق خەۋىرى تېزلا تارقىلىشقا باشلىدى. گىرابتىس باستېر بۇ خەۋەرنى دەرھاللا



خىللارد باستېرغا ئۇقتۇردى. خىللارد باستېر بۇ خەۋەرنى يەنە دەرھاللا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرىغا ئۇقتۇردى ھەمدە ئۇلارنى بالىنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك ۋىتىرنىڭ تۇغۇلغاندا ھەقىقەتەن تۇغما تالانتى ئادەتتىن تاشقىرى بولمىغان بالا ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندى.

كىچىك ۋىتىر تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان بىر ئىشى كۆپەيگەندى، ئۇ بولسىمۇ كىچىك ۋىتىرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى قانداق بولۇپ كېتەر دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ بۇنداق كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن پېشقەدەم ۋىتىرنىڭ مەقسىتى تامامەن ئوخشىمايتتى. ئالدىنقىلار خۇددى «مەغلۇپ بولۇشى مۇقىملىشىپ بولغان» تەجرىبە نەتىجىسىنى كۈتۈۋاتقاندەك ھەمدە سېرىك ئويۇنى كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى ئۇلار كۆڭلىدە: «بەللى ئەمدى سېنىڭ نوچىلىقىڭنى كۆرۈپ باقايلى!» دەيتتى. بۇ «ئاق كۆڭۈل» كىشىلەر ھەرقېتىم ۋىتىر ۋە گىرابتىس باستېرنى كۆرگەندە، چېكىپ بېقىش ئۈچۈن «قانداق ئۈمىد بارمۇ؟» دەپ سورايتتى، پېشقەدەم ۋىتىر بىلەن گىرابتىس باستېر ئۇلارنىڭ سوئالىغا ھەمىشە «ھەئە، سىلەرنى چوقۇم ھەيران قالدۇرىمىز» دەپ قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بېرەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا كىچىك ۋىتىرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بىرخىل گۇمانىي نەزەردە دىققەت قىلاتتى.

## «بۇ جاينىڭ مائارىپ تارىخىدا يۈز بەرگەن ھەيران قالارلىق بىر ۋەقە»

ئەجىر سىڭدۈرسە، مېۋە بەرمەي قالمايدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى ئارقىسىدا، بۇ «لەۋقۇا» بالا

www.uyghurkitap.com

قولۇم - قوشنا ۋە ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى. كىچىك ۋىتېر تۆت - بەش ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىكى قابىلىيىتى ئوخشاش ياشتىكى بالىلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى ھەمدە «بۇ جايدىكى مائارىپ تارىخىدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋەقە» بولۇپ قالدى.

پېشقەدەم ۋىتېر ئوغلىنى ھەرقايسى جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىلىگەنلىكتىن، كىچىك ۋىتېر ناھايىتى ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولدى. ئوقۇشتىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەتتە ئىلگىرىلىدى. ئۇ يەتتە يېرىم ياشقا كىرگەندە داڭقى يىراق - يېقىنغا تارقالدى. ئۇنىڭ نامى چىققاندىن كېيىن، گېرمانىيىدىكى ھەر كەسىپ ھەر ساھەدىن كەلگەن دانىشمەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئالدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭىلىپ قېلىپ قايتىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ نام شەرىپى بارغانسېرى ئۆسۈپ كەتتى.

1808 - يىلى 5 - ئايدا، مېرسبورگتىكى مەلۇم بىر مەكتەپنىڭ تىرجونېس. لاندفوركېر ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىسى ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى رىغبەتلەندۇرۇش ئۈچۈن، كىچىك ۋىتېرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا سوئاللارغا جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، ۋىتېرنىڭ دادىسى دەسلەپتە بۇنداق قىلسام ئوغلۇم مەغرۇرلىنىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، بەكمۇ ئىككىلەندى، ئەمما ئاخىرى يەنىلا قوشۇلدى. ئەمما خۇددى بۇرۇنقىدەكلا بىر شەرت قويدى: يەنى ئىمتىھان ئېلىنىدىغان سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئالدىنئالا ئېيتىپ قويماسلىقنى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنى ماختايدىغان ۋە تەرىپلەيدىغان سۆزلەرنى قىلماسلىقنى شەرت قىلدى. لاندفوركېر بۇ شەرتكە ماقۇل بولغاندىن كېيىن، پېشقەدەم ۋىتېرنى ئۆزىنىڭ مەكتىپى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا رەسمىي تەكلىپ قىلدى ھەمدە تەنقىد ۋە



تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۈمىد قىلدى. مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن لاندفوركېر ئۇنى سىنىپنىڭ ئەڭ كەينىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. شۇ سائەتلىك دەرس گرېك تىلى ئىدى. ئۆتۈلىدىغان دەرسلىك كىتابى بولسا «پولو تاكېر» ئىدى. بۇ دەرسلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېشىنى بەكمۇ قاتۇراتتى. لاند فوركېر كىچىك ۋىتېرنى ساۋاقداشلار ئالدىدا سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ۋىتېر قىينالمايلا ئوقۇغۇچىلار بىلمىگەن سوئاللارغا شۇنداق راۋان جاۋاب بەردى.

ئاندىن كېيىن، لاندفوركېر لاتىن تىلىدا يېزىلغان «شاھىنشاھ قەيسەر» دېگەن كىتابنى ئۇنىڭغا بېرىپ، كىتابتىكى مەزمۇنلاردىن سوئال سورىدى. ۋىتېر ئۇ سوئاللارغىمۇ قىينالمايلا جاۋاب بەردى. لوندفوركېر ئارقىدىنلا يەنە ئىتالىيان يېزىقىدا يېزىلغان بىر كىتابنى ئۇنىڭغا ئوقۇتتى. ئۇ يەنىلا شۇنداق راۋان ئوقۇپ بەردى. دادىسى سۆز قىستۇرۇپ يەنە ئۇنىڭدىن ئىتالىيان تىلىدا بىر نەچچە ئېغىز سوئال سورىدى. ۋىتېر ئۇ سوئاللارغىمۇ ناھايىتى توغرا جاۋاب بەردى. لاندفوركېر يەنە تېخى ئۇنىڭدىن فرانسۇز تىلىدىن ئىمتىھان ئېلىپ باقماقچى بولدى. ئەمما سىنىپتا ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا مۇۋاپىق كەلگۈدەك فرانسۇزچە كىتاب بولمىغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن فرانسۇزچە دىئالوگ قىلدى. ۋىتېر ئۇنىڭ بىلەن خۇددى ئۆز دۆلىتىنىڭ تىلىدا سۆزلىگەندەك راۋان سۆزلەشتى. لاند فوكېر كېيىن ئۇنىڭدىن گرېتسىيىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان سوئاللارنى سورىدى. ۋىتېر ئۇ سورىغان قىيىن مەسىلىگە بىر - بىرلەپ جاۋاب بەردى. ئەڭ ئاخىرىدا ۋىتېردىن ماتېماتىكىدىن ئىمتىھان ئالدى. ئۇنىڭ كىشىنى قانائەتلەندۇرگۇدەك جاۋابى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى، ھەيران قالدۇردى. ئەينى چاغدا ۋىتېر يەتتە ياشقا كىرىپ ئون ئاي ئاشقانىدى.

نەچچە كۈندىن كېيىن، «هامبۇرگ خەۋىرى» گېزىتىدە بېسىلغان بىر خەۋەردە ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى. خەۋەرنىڭ ماۋزۇسى: «نەچچە كۈن ئىلگىرى، يۇرتىمىزنىڭ مائارىپ تارىخىدا يۈز بەرگەن هەيران قالارلىق بىر ۋەقە» ئىدى.

جايلاردىكى گېزىتلەر شۇ هامانلا بۇ خەۋەرنى كۆچۈرۈپ باستى. شۇنىڭ بىلەن ۋىتېرنىڭ نامى بىردىنلا پۈتكۈل گېرمانىيىنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلەر تېخىمۇ كۆپەيدى، هەر ساهەدىكى زىيالىيلار ۋە مائارىپچىلار مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دەپ، ئۇنىڭ بىلەن سىنىشىپ بېقىشتى، ئاخىرى ئۇلارنىڭ هەممىسى قايىل بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ دەۋردىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان زىيالىيلار ئىدى.

نېمىسلار قەدىمدىن تارتىپلا ئالىملارنى بەكمۇ هۆرمەتلەيتتى. گېرمانىيىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىمۇ مۇشۇ ئىدى. ۋىتېرنىڭ نامى جاهانغا تارقالغاندىن كېيىن لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى بىلەن شۇ شەهەردىكى مەلۇم بىر نوپۇزلۇق كىشى ۋىتېرنى لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇشقا تەكلىپ قىلماقچى بولدى. ئۇلار ۋىتېرنىڭ دادىسىنى قايىل قىلىپ، شۇ شەهەردىكى توماس ئوتتۇرا مەكتەپىنىڭ مۇدىرى لاۋېست دوكتورنى ۋىتېردىن بىر قېتىم ئىمتىهان ئالدۇرماقچى بولدى. دەسلەپتە، ۋىتېرنىڭ دادىسى ئۇلارنى قالايمىقان سوئال سوراپ قالارمىكىن دېگەن ئوي بىلەن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ئۇلارنىڭ تەكرار نەسىهەت قىلىشى بىلەن ۋىتېرنىڭ دادىسى نائىلاج قوشۇلدى. لاۋېست دوكتور هەرگىزمۇ ۋىتېرنىڭ دادىسى پەرەز قىلغاندەك ئۇنداق ئادەم بولماستىن، بەلكى ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، خۇشخۇي، مۇلايىم ئۆلىما ئىدى. ئۇ ۋىتېرغا



ئىمتىهان ئالغاندەك تەسىر بەرمەستىن، بەلكى پاراڭلىشىش يولى بىلەنلا ئىمتىهاننى ئاياغلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن لاۋېست دوكتور ۋىتېرغا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئىسپاتى يېزىپ بەردى، ئىسپات خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

بۈگۈن مېنىڭ تەلىپىم بويىچە، توققۇز ياشلىق كارىل ۋىتېردىن سىناق ئېلىندى. گرېك تىلىدىن ئىمتىهان ئالغاندا «ئىلىيادا» دىن بىر نەچچە ئابزاس تاللاندى؛ لاتىن تىلىدىن «ئىلىيادا» دىن بىر نەچچە ئابزاس تاللاندى. لاتىن تىلىدىن ئىمتىهان ئالغاندا «ئارىتوس» تىن بىر نەچچە ئابزاس تاللاندى؛ ئىتالىيان تىلىدىن ئىمتىهان ئالغاندا گالىلېينىڭ ئەسىرىدىن بىر نەچچە ئابزاس تاللاندى؛ فرانسۇز تىلىدىن ئىمتىهان ئالغاندا، مەلۇم بىر كىتابتىن بىر نەچچە ئابزاس تاللاندى. سوئاللارنىڭ هەممىسى چۈشەنمەك بىرقەدەر تەس بولغان مەزمۇنلار ئىدى. ئەمما ۋىتېر ناهايىتى توغرا جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق بىلىمى مول بولۇپلا قالماي، يەنە چۈشىنىش قابىلىيىتىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، هەرقايسى جەهەتلەردە مول بىلىمگە ئىگە ئىكەن. ئاڭلىسام كىشىنى قايىل قىلىدىغان بۇ بالىنى دادىسى ۋىتېر دوكتور تەربىيىلىگەنىكەن. مەن بۇ خىل تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى ئۆلىمالارنىڭ ئەهمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن. ئومۇمەن، بۇ بالا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش شەرتىنى پۈتۈنلەي هازىرلاپتۇ، ئىلىم - پەن ساهەسىدە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئىلىم تەهسىل قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەن.

لاۋېست دوكتورنىڭ ئىسپاتنامىسى لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، مەكتەپ ۋىتېرنىڭ كېلەر يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدە ئوقۇشقا كىرىشىگە قوشۇلدى. مەكتەپكە كىرگەن تۇنجى كۈنى دادىسى ئۇنى باشلاپ باردى، مەكتەپ مۇدىرى كۆيىن دوكتور بۇ ئىشتىن ئىنتايىن

خۇشال بولدى ھەمدە ئۇلار بىلەن چىرايلىق سۆھبەتلەشتى. شۇ كۈنى كويىن شەھىرىدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلارغا بىر پارچە خەت ئەۋەتتى، بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

لوخ كەنتىنىڭ باستىپرى ۋىتىر دوكتورنىڭ ئوغلى كارىل ۋىتىر توققۇز يېشىدىلا 18 ـ 19 ياشتىكىلەردە كۆرۈلمەيدىغان ئەقلىي قابىلىيەت ۋە بىلىمنى ھازىرلاپتۇ. بۇ دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن دەسلەپكى تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇۋاپىق دەسلەپكى تەربىيە بالىلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە كىشى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە رول ئوينايدۇ. ئۇ فرانسۇز تىلى، ئىتالىيان تىلى، لاتىن تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە گرېك تىلىدا يېزىلغان شېئىر ۋە ماقالىلەرنى ئۇستىلىق بىلەن تەرجىمە قىلالايدۇ، يېقىندا ئۇنى نۇرغۇن ئالىملار سىناپ بېقىپ، ھەممىسى ھەيران قېلىشتى، ھەتتا پادىشاھمۇ ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىپ باقتى. ئۇ ئىنسانلار تارىختىن بۇيان ئەدەبىيەت، تارىخ ۋە جۇغراپىيە قاتارلىق جەھەتلەردە توپلىغان مول بىلىملەرگە ئىگە. بۇلارنىڭ ھەممىسى دادىسىنىڭ تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى، شۇڭلاشقا دادىسىنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئوغلىنىڭ بىلىمىدىن قېلىشمايدىغانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ دەپ ئېيتالايمىز.

ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە پادىشاھنىڭ رۇخسەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ۋىتىرنى ئېلىپ، كاسىلغا باردى. ئۇ چاغدىكى پادىشاھ پروسسىيە پادىشاھى ئەمەس، بەلكى ۋېسترولىيە پادىشاھى گېروم (ناپالېئون I نىڭ ئىنىسى) ئىدى. ئاتا ـ بالا ۋىتىرلارنىڭ كاسىلغا بارغان ۋاقتى دەل پادىشاھنىڭ ساياھەتكە چىقىپ كەتكەن ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالدى. ئۇلار ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ۋەزىر لارىست بىلەن كۆرۈشتى، ۋەزىر لارىست ۋىتىرنى سىناپ بېقىپ، باشقىلارغا ئوخشاشلا ھەيران قالدى.



www.uyghurkitap.com

ۋەزىر لارىست توپتوغرا ئۈچ سائەت ئىمتىھان ئېلىپ بېقىپ، نامىنىڭ بىكارغا تارقالمىغان مەشھۇر تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ھەقىقەتەن ئىشەندى. ئۇ ۋىتىرنى چەت ئەلگە ئېلىپ بېرىش بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش دەپ ئويلايتتى. چۈنكى، ئەينى چاغدا لېيفسىگ ساكسونغا تەۋە ئىدى. ئۇ ۋىتىرنىڭ دادىسىدىن باشلاپ بالا تەربىيىلەش توغرىسىدا نۇرغۇن سوئاللارنى سوراپ، ئاخىرىدا ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى لېيفسىگقا بارغۇزماي، دۆلەت ئىچىدە ئېلىپ قېلىشنى قارار قىلدى.

ئەتىسى، ۋەزىر لارىست كەچلىك زىياپەت راسلاپ ئاتا ـ بالا ۋىتىرلار بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىرلىرىنى كۈتۈۋالدى. زىياپەتتىمۇ ۋىتىرنى سىناپ باقتى. ۋىتىر ۋەزىرلەرنىمۇ ئاجايىپ رازى قىلىۋەتتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، پادىشاھنى لېيفسىگ شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلارنى دۆلەت ئىچىدە ئېلىپ قېلىپ، لېيفسىگقا بارغۇزماي دۆلەت ئىچىدىكى خاۋرى ئۇنىۋېرسىتېتى ياكى گىرىتگىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇتۇشنى تەكلىپ قىلدى.

ۋىتىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆگىنىش، تۇرمۇش جەھەتلەردە ناھايىتى ئەركىن ـ ئازادە، خۇشال ئىدى. 10 ياش چامىسىدىكى بالا 20 ياش ئەتراپىدىكى بالىلار بىلەن بىللە ئوقۇسا، جەزمەن جىددىيلىشەتتى. ئەمما ۋىتىر ئۆگىنىشتە ھەرگىزمۇ جىددىيلىك ھېس قىلمايتتى. ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئويۇن ئوينايتتى ۋە پائالىيەتلەرگە قاتنىشاتتى ھەمدە ھەمىشە ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋرىشكىسىنى يىغاتتى. ئۇ رەسىم سىزالايتتى، پىيانىنو چالالايتتى. ئۇسۇل ئويناشنى بىلەتتى، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كلاسسىك تىل ۋە يېقىنقى زامان تىلىنى تەتقىق قىلىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى.

ئىككىنچى يىلى يازدا، يەنى ئىككىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ ئاخىرىدا پادىشاھ گېروم گىرىتگىن

ئۇنىۋېرسىتېتىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرگەنىدى. پادىشاھ مەكتەپتىكى ھەرقايسى جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆسۈملۈك باغچىسىغا بارغانىدى. ۋېبېر شۇ ئوقۇش مەۋسۈمىدا بوتانىكىدىن لېكسىيە ئاڭلىغاچقا، باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىدا ئىدى، پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەر ئىچىدە ۋەزىر لارىستمۇ بار ئىدى. ئۇ بىر كۆرۈپلا ۋېبېرنى تونۇۋالدى ھەمدە پادىشاھقا تونۇشتۇردى، پادىشاھ ناھايىتى خۇشال ھالدا ۋېبېر بىلەن پاراڭلاشتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋېبېرنى پادىشاھنىڭ خانىمى بىلەن كۆرۈشتۈردى ھەمدە دادىسىنىڭ بىللە كىرىشىگىمۇ رۇخسەت قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن بەزى ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەشتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۇردى ھەمدە ئۇنى مەڭگۇ قوغدايدىغانلىقىنى، خاتىرجەم ئۆگىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئاتا - بالا ۋېبېرلار پادىشاھ ھوزۇرىدىن قايتىپ چىققاندا، يۇقىرى تەبىقىدىكى خانىملار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىشتى. ئاندىن كېيىن ئىككى گېنېرال ۋېبېرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، پادىشاھ ماشىنىسىغا چىقىپ كەتكىچە ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئەينى چاغدا ئاران 11 ياشتا ئىدى.

1812 - يىلى قىشتا، يەنى بەشىنچى ئوقۇش مەۋسۈمىدا، ۋېبېر 12 يېشىدا سپىرال سىزىق توغرىسىدىكى دىسسېرتاتسىيىسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ، ئالىملارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە ئۆزى كەشىپ قىلغان ئىنتايىن ئاددىي رەسىم سىزىش قوراللىرىنى كىتابتا ئېلان قىلغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ زور ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئۇ يەتتىنچى ئوقۇش مەۋسۈمىدا بىر تەرەپتىن سىياسىي



تارىخنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنسە، يەنە بىر ياقتىن ۋاقىت چىقىرىپ، ئۈچ بۇلۇڭ تېخنىكىسى دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقتى. ئەينى چاغدا ئۇ ئاران 13 ياشتا ئىدى. بۇ كىتاب شۇ ھامانلا نەشىردىن چىقمىدى. ئۇ 1815 - يىلى گىررتىگىن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئايرىلىپ، خادېسبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارغاندىن كېيىن نەشىردىن چىقتى.

1813- يىلى ۋېبېرنىڭ دادىسى پادىشاھنىڭ ئوقۇتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئوقۇتۇرۇشتا ۋېبېرنى يەنە تۆت يىل ئوقۇش پۇلى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى يېزىلغانىدى. 1814 - يىلى 4 - ئايدا، ۋېبېر ۋېشىزلالغا بېرىپ ساياھەت قىلدى ھەمدە جېمزون ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورلىرى ئۇنى ئىنتايىن قارشى ئالدى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ بىلىم سەۋىيىسى (بولۇپمۇ 1812 - يىلى ئاشكارا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىسىنىڭ قىممىتى) گە بىردەك قايىل بولۇشتى. 1814 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مەكتەپ مۇدىرى ھولا مارىلى دوكتور پەلسەپە ئىلمى بويىچە ئۇنىڭغا دوكتورلۇق ئۇنۋانى بەردى، ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ماربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلىپ، ئوخشاشلا قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گىسون ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭغا دوكتورلۇق ئۇنۋانى بەرمىگەن بولسا، ماربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ ئۇنىڭغا پەلسەپە ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىشكە تەييارلىق قىلىپ قويغانىكەن.

گىررتىگىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سەككىزىنچى ئوقۇش مەۋسۈمىدىكى ئوقۇش پۇلىنى خانوۋېر، فرانسىۋېك، خېسسىن قاتارلىق ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمىتى چىقىرىدىغان بولغاچقا ئاتا - بالا ۋېبېرلار بروۋتسۋىكقا ئوقۇش پۇلىنى ئالغىلى بارغاندا، شۇ

www.uyghurkitap.com

جايدىكى ئەمەلدارلار ئۇلارنى فرانسۇزنىڭ كىنەزىگە تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ بىرىشى كىنەزنىڭ سايىسىدە چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالدى، ئەمما كىنەز ئۇلارنى يەنىلا خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالدى، ئۇلار بىلەن ئۇزۇن پاراڭلىشىپ، ئۇلارنى ئاھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئەنگىلىيىگە بېرىپ ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنداقلا يەنە ئۇلار بىرىنى خالىسىلا، دۆلەت ئىچىدىكى تۇغقانلىرىغا تونۇشتۇرۇپ قويىدىغانلىقى ھەمدە ئوقۇش پۇلىنى چىقىرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇلار ئوقۇش پۇلىنى ئېلىش ئۈچۈن خانۇۋىرىغا بارغاندا يەنە دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى. چۈنكى، ۋېبېر ئىلگىرى سارتۇېدىلغا بېرىپ ماتېماتىكىدىن دوكلات بېرىپ كىشىلەرنىڭ ئاھايىتى ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇلار خانۇۋىردا كۆپچىلىكنىڭ قاندان تەلىپى بارلىقىنى سورىغاندا، ئۇلار ماتېماتىكا توغرىسىدا بەزى مەسىلىلەرنى سۆزلەپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋېبېر ئۇلارنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىككىنچى كۈنىلا شۇ جايدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ چوڭ زالىدا ماتېماتىكا توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ، 1814 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بولۇپ، ۋېبېر شۇ يىلى ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاشقا شەھەردىكى زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى كەلگەنىدى. ئۇ نۇتۇقنى يېقىملىق گېرمان تىلىدا راۋان ھەم ئېنىق قىلىپ سۆزلىدى. ئۇدا نەچچە كۈن ياخشى دەم ئالماي ھەركۈنى كەچ يېتىپ، ياخشى تەييارلىق قىلغاچقا، ھەتتا بەزىلەر ئۇ نۇتۇق سۆزلىگەندە كەينىدە ئورگىنال بارمىدۇ دەپ گۇمان قىلىشتى. كېيىن غەلىتە نەرسىلەرنى ئىزدەيدىغان كىشىلەر ۋېبېرنىڭ كەينىدە ئورگىنالنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قېلىشتى. ۋېبېرمۇ ئۇلارنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى بىلىپ،



گۇماننى يوق قىلىش ئۈچۈن، قەستەن مۇنبەردىن ئايرىلىپ، ئورىگىنالنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن تىڭشارمەنلەر تېخىمۇ قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. ۋېبېر گۆلدۈراس ئالقىشلار ئىچىدە نۇتۇقىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇنىڭ تالانتىنى ھەقىقەتەن ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ئىلگىرى ئۈستىگە ئالغان ئوقۇش پۇلىدىنمۇ كۆپ راسخوت بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كىنەز گىرىنبورگ. فرانسۇزىسكقا ئوخشاشلا ئۇلارنى ئەنگىلىيىگە بېرىپ ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى ھەمدە مەكتەپكە تونۇشتۇرۇپ قويۇشقا ۋە ئوقۇش پۇلىنى چىقىرىشقا قوشۇلدى. ئۇلار خېسسىنغا بارغاندىمۇ ئوخشاشلا قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى، شۇنداقلا يەنە ھەمىشە ئوردىغا بېرىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىندى.

ۋېبېر گىرىتگىن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دادىسى ئۇنىڭ كېيىنكى چىقىش يولىنى ئويلاشتى. ئەگەر ۋېبېرنى بالدۇر نام چىقارسۇن دەپ ھېسابلىغاندا، ئۇنى شۇ چاغقىچە ئۆگەنگەن بىلىملىرى بىلەن مەلۇم بىر ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇزماقچى بولدى، ئەمما، ئىنچىكە تاللاش ئارقىلىق دادىسى بۇ خىيالدىن ۋاز كەچتى. ئۇ، ئۇنداق قىلغاندا ۋېبېر بىرلا ساھە بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ دەپ قارايتتى. شۇڭا ۋېبېرنىڭ تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلىشى ئۈچۈن، ئۇنى قانۇن ئۆگىنىشكە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. مەلۇم بىر ماتېماتىكا پروفېسسورى بۇ ئىشنى بىلىپ ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق ھېس قىلدى. ۋېبېرنىڭ دادىسى نېمە ئۈچۈن بۇ قارارنى چىقىرىدۇ؟ چۈنكى دادىسى: كەسىپ يۆنىلىشىنى تاللاش 18 ياشتىن كېيىنكى ئىش، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھەممە بىلىمنى ئۆگىنىشى كېرەك. 18 ياشتىن كېيىن، ئەگەر ۋېبېر يەنىلا ماتېماتىكىنى ياخشى كۆرسە، ئۇ چاغدا ماتېماتىكا بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ،

دەپ قارايتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ۋېتېر ھەيدېل ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ مەخسۇس قانۇن ئۆگەندى. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇ 16 يېشىدا قانۇن پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنىۋانىغا ئېرىشتى. شۇنداقلا يەنە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن پەنلىرى پروفېسسورلۇقىغا تەيىنلەندى.

ۋېتېرغا بېرىلگەن پروفېسسورلۇق نام تېخى رەسمىيلەشمەستىنلا ئۇ يەنە پروسسىيە پادىشاھىنىڭ ئۇنىڭ ئىتالىيىگە بېرىپ ئوقۇشى ئۈچۈن ئەۋەتكەن مۇكاپات پۇلىنى تاپشۇرۇۋالدى، ۋېتېر فىلاروسىيىدىكى ۋاقتىدا، دانتىنى ئەسەرلىرىنى سېھرىي كۈچىنى تاسادىپىيلا بايقاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دانتىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. بىر مەزگىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ خەلقئارانىڭ دانتىغا قاراتقان تەتقىقاتىدا نۇرغۇن خاتالىقلارنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. ۋېتېر چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 1823 ـ يىلى، 23 يېشىدا «دانتى تەتقىقاتىدىكى خاتا چۈشەنچىلەر» دېگەن كىتابىنى ئاشكارا نەشر قىلدۇردى كىتابىدا ئۇ ئەينى چاغدا دانتىنى تەتقىق قىلغانلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، دانتى تەتقىقاتى ئۈچۈن يېڭى بىر توغرا يولنى ئېچىپ بەردى.

تەبىئىيكى، ۋېتېر پروسسىيە پادىشاھىنىڭ ئۇنىڭغا ئىتالىيىگە بېرىپ ئوقۇش ھەققىدە بەرگەن تەكلىپىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. چۈنكى، پروسسىيە پادىشاھى ئۇنىڭ باشقا دۆلەتتە قانۇننى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ، بىر داڭلىق قانۇنشۇناس بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ئىتالىيىدە قانۇننى تەتقىق قىلىشقا ئىنچىل بېرىلىپ كەتتى. دانتى تەتقىقاتى بولسا، ئۇنىڭ بىرخىل ئىشتىن سىرتقى قىزىقىشى بولدى، خالاس. ۋېتېر بىر نەچچە يىل ئىلىم ـ تەھسىل قىلىپ 1820 ـ يىلى



ۋەتىنىگە قايتتى ھەمدە 1821 ـ يىلىدىن باشلاپ گلاسگوۋ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇنشۇناسلىق دەرسى ئۆتتى. ئۇ يەردە ئون نەچچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن، 1834 ـ يىلى خاررى ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ باردى. ۋېتېر ئۆتكەن دەرستە مول بىلىمگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئىپادىلەش قابىلىيىتىمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. شۇڭلاشقا كىشىلەر ئۇنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە تاكى 1883 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكىچە 83 ياش ئۆمۈر كۆردى.

## «كارىل ۋېتېرنىڭ تەربىيىلىنىشى»

ۋېتېر داڭق چىقارغاندىن كېيىن، كىشىلەر باشقا مائارىپچىلارنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىنى ئەيىبلىدى، ھەتتا ئۇلار نېمە ئۈچۈن بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەپ ۋېتېرغا ئوخشاش ئادەم قىلىپ چىقالمايدۇ دەپ ئاغرىنىشتى. شۇڭلاشقا بەزى ئىددىيىسى قالاق مائارىپچىلار ۋېتېرنىڭ دادىسىغا تېخىمۇ ئۆچمەنلىك قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا ۋېتېرنىڭ ئادەتتىكى بالىلاردىن ئېشىپ چۈشكۈدەك نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا ئۇ دېگەن تۇغما تالانتلىق، ھەرگىزمۇ تەربىيىلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، دەپ قارايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ۋېتېرنىڭ دادىسى ئامالسىز ھالدا مۇنداق دېدى:

«كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوغلۇمنى تۇغما تالانتلىق، تەربىيىلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس دېيىشىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمەيدۇ، ھەتتا نۇرغۇن يېقىن ئاغىنىلىرىممۇ ئىشەنمەيدۇ. ئەگەر پەرۋەردىگار راستىنلا ماڭا

www.uyghurkitap.com

بىر تۇغما تالانتلىق ئوغۇل ئاتا قىلغان بولسا، بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا قىلغان شاپائىتى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت بولماس ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.»

ۋىتېرنىڭ دادىسى ئۆكتىچىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىنى تۇگىتىپ، توغرا بولغان تالانت قارىشىنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلىماقچى بولدى.

ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى ئاشكارىلىماقچى بولغانلىقىنىڭ ئىككىنچى سەۋەبى، دوستلىرىنىڭ غەمخورلۇقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئىدى. خۇددى ئۇ قايغۇرغاندەك، كىچىك ۋىتېرنىڭ داڭق چىقارغاندىن كېيىن، نۇرغۇن دۈشمەنلىكلەرگە دۇچ كەلدى. ئەمما، يەنە نۇرغۇن ياخشى دوستلار بىلەن تونۇشتى. ئۇ كىتابىدا مۇنداق يازدى:

دوستلىرىم مېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمغا ناھايىتى ھېسداشلىق قىلىپ، ھەمىشە سۆزلىشىش ياكى خەت ـ ئالاقە قىلىش ئارقىلىق مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردى. شۇڭلاشقا مەنمۇ ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىدىن دائىم تەسىرلىنىپ تۇردۇم. بەزىدە يىغلاپ كەتتىم. مۇۋەپپەقىيىتىمنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە مەدەتىدىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىپ جامائەتچىلىككە ئاشكارىلىشىمنى ئۈمىد قىلغان. ئەمما مەن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلغانىدىم، ئاخىرىدا ئۇلار يەنىلا مېنى قايىل قىلدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىشى بىلەن بۇ كىتابىمنى ئاشكارىلاشنى قارار قىلدىم. ئەمما مېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى قوللانغانلىكى كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ دەپ كېسىپ ئېيتالمايمەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بالىلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ بالامنى تەربىيىلىگەن



ئۇسۇل بويىچە تەربىيىلەشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايمەن. ئەمما مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى قوللانسا، چوقۇم ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ.»

فىستالوز كاردىل ۋىتېرنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى تۇنجى بولۇپ ئېتىراپ قىلغان كىشى ئىدى. كىشىلەر بۇنداق تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراۋاتقاندا، فىستالوز يەنىلا قەتئىيلىك بىلەن: «سېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇڭ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ» دەپ ۋىتېرغا ئىلھام بەرگەنىدى. فىستالوزدىن باشقا، پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور جورىئانمۇ ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىپ، تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تۆۋەندە فىستالوز ئەپەندىنىڭ ۋىتېرنىڭ دادىسىغا يازغان خېتىنى كۆرۈپ باقايلى:

ھېلىمۇ ئېسىمدە 14 يىل ئىلگىرى بوۋفالېدا سىېنىڭ بىلەن مائارىپ مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلەشكەنىدۇق. ئەينى چاغدا، سەن ئالاھىدە تەربىيىلەش ئۇسۇلۇڭ بىلەن بالاڭنى ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەپ چىقالايدىغانلىقىڭنى ئېيتقانىدىڭ، 14 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئوغلۇڭنىڭ سەن پەرەز قىلغاندىكىدىنمۇ ياخشى تەربىيىلەنگەنلىكىنى كۆردۇق.

ئەمما، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمىگەن ئادەملەر ئاۋۋالقىدەكلا بۇنىڭ سىېنىڭ تەربىيىلىگەنلىكىڭنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ ياكى ئوغلۇڭنى تۇغما تالانتلىق دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا تەربىيىلەش ئۇسۇلۇڭنى جامائەتچىلىككە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، دۇنيادىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سىېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇڭنىڭ ئۈنۈمىگە ئېرىشىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتىمەن. بۇ بىر ئەھمىيەتلىك ئىش.

ياخشىراق ئۆيلىنىپ باققىن.

سىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى چاكىرىڭ ۋە دوستۇڭ

فىستالوز

1818 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

كارىل ۋىتىر ئۆكتىچىلەرنىڭ بېسىمى ۋە قوللىغۇچىلارنىڭ مەدىتى بىلەن 1818 - يىلى «كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقتى. بۇ كىتاب دۇنيادا بالىلارنى تەربىيىلەيدىغان ئۆز سەرگۈزەشتىسى يېزىلغان تۇنجى ئەسەر بولۇپ قالدى.

«كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى» جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بەكمۇ تارتىپ كەتمىگەنىدى، ھەتتا نەشر قىلىش رەت قىلىنغانىدى. ھازىرغىچە ئۇ كىتابتىن بىر نەچچە پارچىسىلا ساقلىنىپ قالغانىدى. قىزىقارلىقى شۇكى، خاراۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا بىر پارچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ كىتاب ئامېرىكىدىكى بىردىنبىر تېپىلماس كىتاب ئىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ كۇتۇپخانا ئۇ كىتابنى ئەتىۋارلىق بۇيۇم دەپ قاراپ قىممەتلىك بۇيۇملار ئۆيىگە تىزىپ قويۇپتۇ.

ئەينى چاغدا بۇ كىتاب سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغانىدى. بۇ بەلكىم كىتابنىڭ سەھىپىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە بايان قىلىش شەكلىنىڭ كىشىنى جەلپ قىلالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. كىتاب 1000 بەتتىن ئارتۇق بولۇپ، كۆپ جايلىرى باش تېمىدىن چەتنەپ كەتكەن قۇرۇق مۇلاھىزە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى قالايمىقان، تەرتىپسىز يېزىلغانىدى. گەرچە كېيىن ۋىتىر دوكتور بۇ كىتابنىڭ پايدىلىق جايلىرىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئەسلى ئەسەردىكى مۇناسىۋەتسىز



مەزمۇنلارنى قىسقارتىپ، سەھىپىسىنى 300 بەت ئەتراپىدا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا كىشىگە تومتاق ۋە زېرىكىشلىك بىلىنەتتى.

كىتابنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدە مەسىلە بولغاندىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىم سەۋەب، بەلكىم كىتابتا بايان قىلىنغان ئىدىيە بىلەن ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنىڭ تۈپتىن ئوخشىماسلىقى بولۇشى مۇمكىن. ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ تەربىيىلەش نەزەرىيىسىنىڭ يادروسى: بالىلارنى ئەقىل نۇرى يېتىلگەندىن باشلاپلا تەربىيىلەش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. ئەمما ئەينى چاغدا يۈز تىرەپ تۇرۇۋاتقان يېتەكچى ئىدىيە بولسا: بالىلارنى يەتتە - سەككىز ياشتىن باشلاپ تەربىيىلەش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت ئىدى، بۇ سەپسەتىدىن باشقا يەنە ئاتا - ئانىلارنى ئىنتايىن ۋەھىمىگە سالىدىغان بىر كۆزقاراش بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ: دەسلەپكى تەربىيە بالىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇ خىل ئىدىيىنىڭ يامراپ كېتىشى بىلەن ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ تەربىيىلەش نەزەرىيىسى ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ھەتتا چاكىنا نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۇنىڭ نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ «ئاددىي ئادەم» نى مەشىق قىلدۇرۇپ «تالانتلىق» قىلىپ چىقىمىز دېگەن ئارزۇسىدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى.

كارىل ۋىتىر بىر تالانتنى بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئوغلىنى كىچىكىدىن باشلاپ تەربىيىلەپ، داڭق چىقىرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ ئۈلگىسى قىلدى. شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مەخپىيەتلىكىنى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلاپ، كېيىنكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن تۇنجى ئۈلگىلىك كىتاب بىلەن تەمىن ئەتتى. تۆۋەندە ئۇنىڭ تەربىيىلەش ئىدىيىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەزمۇننى تونۇشتۇرىمىز.

## پەقەت ئېپىنى تېپىپ تەربىيىلىسىلا، ئادەتتىكى بالىلارمۇ تالانتلىق بولۇپ چىقالايدۇ

ئىلۋىتسىيو مۇنداق دېگەنىدى: «ئادەتتىكى بالىلارنىمۇ، پەقەت ئېپىنى تېپىپ تەربىلىيەلىسىلا، تالانتلىق بولۇپ چىقالايدۇ.» كارىل ۋىتىر باشقىلارغا بۇ قائىدىنى دائىم تەشۋىق قىلاتتى.

بۇ دەۋرىمىز كىشىلىرى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىپ بولغان نۇقتىئىنەزەر. ئەينى چاغدا بۇنداق قىلىش ئۈنچىلىك ئوڭاي ئەمەس ئىدى. جەمئىيەتتە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تالانت قارىشى مەۋجۇت ئىدى. بىر خىلى تۇغما تالانتنى تەكىتلەپ، ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۇنىڭ تۇغما تالانتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بەلگىلەيدۇ، مۇھىتنىڭ رولى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ قارايتتى. يەنە بىرخىل قاراشتا مۇھىتنىڭ رولى تەكىتلىنىپ، تۇغما تالانتنىڭ رولى ئانچە مۇھىم ئەمەس دەپ قارايتتى. بۇ ئىككى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى روسسو بىلەن فىستالوز ئىدى. ئىلۋىتسىيو بولسا فىستالوز ئېقىمدىكىلەرنىڭ پېشىۋاسى ئىدى. ئۇ: ئادەم تۇغۇلغاندا ھەممىسى ئوخشاش بولىدۇ، مۇھىت، بولۇپمۇ بالىلىق مەزگىلدىكى مۇھىت ئوخشىمىغاچقا، بەزىلەر بەلكىم تالانتلىق ياكى داڭلىق شەخس بولۇپ چىقىدۇ، يەنە بەزىلەر ئادەتتىكى ئادەم ياكى كالۋا بىر ئادەم بولۇپ چىقىدۇ، دېگەنگە قەتئىي ئىشىنەتتى.

ۋىتىرنىڭ دادىسى ئىلۋىتسىيو تەلىماتىنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى بىلەن بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە تۇغۇلغاندىن



كېيىنكى تەربىيىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن. بىز خۇددى يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، ۋىتىرنىڭ دادىسى ئوغلىنى تەربىيىلەش جەريانىدا، ئۆزىنى مائارىپچى داۋالغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىگە باشتىن - ئاخىر ئۇچراپ كەلگەنىدى. چۈنكى ئۇنىڭ تەربىيىلەش ئىدىيىسى ئاشۇ نوپۇزلۇقلاردا شەكىللىنىپ بولغان ئەقىدىگە خىلاپ ئىدى. ئىلۋىتسىيونىڭ قارىشىغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ۋىتىر بالىلارنىڭ تۇغما تالانتىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. بەزىلەر سەن بالىلارنىڭ تۇغما تالانتىدا پەرق بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدىڭ دەپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان. ئەمما، ئۇ يەنىلا قەتئىي قوشۇلمىغان.

ئۇ بالىلارنىڭ تۇغما تالانتى ئەلۋەتتە پەرقلىق بولىدۇ، بەزى بالىلارنىڭ كۆپرەك بولىدۇ، بەزى بالىلارنىڭ ئازراق بولىدۇ دەپ قارايتتى. بىز ئەگەر ئەڭ بەختلىك ھالدا تۇغما تالانتى 100 بولغان بالىدىن بىرنى تۇغساق، ئۇنداقتا تۇغۇلغاندىكى لەۋانىڭ تۇغما تالانتى تۇغما بۇنداق نورمال بالىدىن تۆۋەن بولىدۇ، ئەمما، ئادەتتىكى بالىلارنىڭ تۇغما تالانتى تەخمىنەن 50 ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئەگەر بالىلارنىڭ ھەممىسى بىرخىل ئۇسۇل بىلەنلا تەربىيىلەنسە، ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ تەقدىرى تۇغما تالانتىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەمما ھازىرقى بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇكەممەل بولمىغان مائارىپتا تەربىيىلىنىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار تۇغما تالانتىنىڭ يېرىمىنىمۇ جارى قىلدۇرالمايدۇ. مەسىلەن، تۇغما تالانتى 80 بولغانلار پەقەت 40 نى جارى قىلدۇرالىشى مۇمكىن؛ تەبىئىي تالانتى 60 بولغانلار پەقەت 30 نى جارى قىلدۇرالىشى مۇمكىن.

شۇنداق بولغانلىقتىن، مۇشۇ كەمچىلىكنى نەزەرگە ئېلىپ، بالىلاردىكى تۇغما تالانتنىڭ سەككىز، توققۇز

ھەسسىسىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئۈنۈملۈك مائارىپنى قويساق، دۇنياغا كەلگەندە تۇغما تالانتى 50 بولغان ئادەتتىكى بالىلارنىمۇ تۇغۇلغاندا تۇغما تالانتى 80 بولغان بالىلاردىنمۇ ئۈستۈنرەك ھالغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر تۇغما بىلىمى 80 بولغان بالىغىمۇ ئوخشاش مائارىپنى يولغا قويىدىكەنمىز، ئۇنداقتا ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە يېتەلمەيدۇ. بىز بۇنىڭلىق بىلەن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىمىز كېرەك، چۈنكى تۇغۇلۇشىدىلا ئادەتتىن تاشقىرى تۇغما تالانتى بار بولغان بالىلار كۆپ ئەمەس، كۆپىنچە بالىلارنىڭ تۇغما تالانتى 50 ئەتراپىدا بولىدۇ.

ۋىتىر تارىختىن بۇيانقى ئۇلۇغ كىشىلەر ۋە تالانتلىقلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇنداق ياكى ئۇنداق كەمچىلىكى بارلىقىنى بايقىغان. ئۇ ئەگەر ئۇلارغا يەنىمۇ دانا بولغان مائارىپ تەربىيىسى بېرىلگەن بولسا، ئۇلار چوقۇم تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ مۇلايىم، تېخىمۇ كەڭ قورساق، تېخىمۇ داڭلىق، تېخىمۇ دانىشمەن، تېخىمۇ ھەققانىيەتچى، تېخىمۇ بىلىملىك، تېخىمۇ كەمتەر ۋە تېخىمۇ قەتئىي ئىرادىلىك بولغان بولارئىدى. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، تېخىمۇ مۇكەممەل، كامالەتكە يەتكەن ئۇلۇغ ۋە تالانتلىق بولۇپ چىقالايتتى، دەپ قارىغان.

ئۇنىڭ قارىشى بويىچە: ئەگەر دۇنياغا كەلگەندىلا ئادەتتىن تاشقىرى تۇغما تالانتى بار بالىلارنى دانا ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلىسە، ئۇنداقتا ئۇلار مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدۇ. ئەمما، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تۇغۇلۇشىدىلا ئادەتتىن تاشقىرى تۇغما تالانتلىق بالىلار ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

شۇڭلاشقا، كارل ۋىتىر: بالىلارنى ئەقىل نۇرى ئېچىلغاندىن باشلاپلا تەربىيىلەش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تالانتلىقلارنى تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدۇ دەپ قارىغان.



ئۇ بۇ قائىدىنى يەنىمۇ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بامبۇك دەرىخىنى مىسال قىلغان.

ئەگەر بىر تۈپ بامبۇك دەرىخىنى ئارزۇ قىلغىنىمىزدەك ئۆستۈرسەك 30 مېتىر ئېگىزلىككىچە ئۆسەلەيدۇ، ئۇنداقتا بىز بۇ دەرەخنىڭ 30 مېتىر ئېگىزلىككىچە ئۆسىدىغان ئېھتىماللىقى بار دەپ ئېيتالايمىز. ئوخشاش قائىدە بويىچە، بىر بالىنىمۇ ئارزۇ قىلغىنىمىزدەك ئۆستۈرسەك، قابىلىيىتى تولۇق تەرەققىي قىلغان ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ. ئۇنداقتا، بىز بۇ بالىنى تولۇق يوشۇرۇن قابىلىيەتكە ئىگە دەپ ئېيتالايمىز. ئەمما، كۈتكىنىمىزدىكىدەك ھالەتكە يەتكۈزۈش ھەمىشە ناھايىتى تەس بولىدۇ. شۇڭلاشقا بامبۇك دەرىخىنىڭ 30 مېتىر ئېگىزلىككىچە ئۆسەلىگۈدەك ئېھتىماللىقى بولسىمۇ، راستىنلا 30 مېتىر ئېگىزلىككىچە ئۆستۈرۈش ناھايىتى تەس. ئادەتتە 12 مېتىر ياكى 14 مېتىر ئەتراپىدا ئۆسەلىشى مۇمكىن، ئەگەر مۇھىت ياخشى بولمىسا، پەقەت ئالتە - توققۇز مېتىرغىچىلا ئۆسەلەيدۇ. ئەگەر ئۇنى ئوغۇتلاپ، ياخشى پەرۋىش قىلسا، 18 مېتىر ياكى 21 مېتىرغىچە، ھەتتا 25 مېتىر ياكى 27 مېتىرغىچە ئۆسۈشى مۇمكىن، ئوخشاش قائىدىدە، تۇغۇلۇشىدىلا تۇغما قابىلىيىتى تولۇق بىر بالىنى ئەگەر پۈتۈنلەي ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ، باشقۇرمىسا، پەقەت قابىلىيىتىنىڭ 20 سى ياكى 30 سى بار بولغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. يەنە شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئىككى ئۈلۈش ياكى ئۈچ ئۈلۈشكىلا يەتكۈزەلەيدۇ. ئەمما، ياخشى تەربىيىلەنسە، قابىلىيىتىنى 60 ياكى 70 كە يەتكۈزگىلى بولىدۇ، ھەتتا ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ 80 ياكى 90 بولغان ئادەمگە ئايلىنالايدۇ. يەنە يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئالتە ئۈلۈش ياكى يەتتە ئۈلۈشكە، ھەتتا سەككىز ئۈلۈش، توققۇز ئۈلۈشكىمۇ يەتكۈزگىلى بولىدۇ. تەربىيىلەشنىڭ غايىسى بالىلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئۇن

ئۆلۈشكە يەتكۈزۈش.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغانلىقى شۇكى، ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدىيىدىكى كىشىلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. 19 ـ ئەسىردە، پسىخولوگلار نورمال ئادەملەر ئىچىدىكى مەلۇم چېكىگە يەتكەن يەككىلەرلا تالانتلىق بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئۇلار يەنە تالانت ئىرسىيەتتىن كېلىدۇ، تالانتنىڭ ئىرسىيەتتىن كېلىشى پاراسەت قابىلىيىتى ئىرسىيەتنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قابىلىيىتىنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى قوبۇل قىلىنغان پاكىت بولغاچقا، بىر جەمەتتىكىلەردىن نەچچە ئەۋلاد تالانتلىقلارنىڭ چىقىپ تۇرۇش نىسبىتى بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ، دەپ قارىشاتتى. بۇ ئەھۋال تالانت ئىرسىيەت خاراكتېرلىك بولىدۇ دېگەن كۆز قاراشنى بەلگىلىك ئىشەنچكە ئىگە قىلغانىدى.

كۆپچىلىككە ئايان، گەرچە ئافېنانىڭ نوپۇسى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما دۇنياغا داڭلىق نۇرغۇن تالانتلىق كىشىلەر چىققان. نەسلىنى ياخشىلاش ئېقىمىدىكىلەردىن گالتون بۇنىڭ سەۋەبىنى «گرېتسىيىلىكلەر ياخشى ئىراققا تەۋە بولغانلىقتىن» دېگەنگە يىغىنچاقلاپ قويىدى. ئۇ: «گرېتسىيە ئىرقى بىز (ياۋروپا ـ ئامېرىكىلىقلار) دىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، بۇ خۇددى بىز ئافرىقا قىتئەسىدىكى يەرلىكلەردىن ئۈستۈن تۇرغانغا ئوخشايدۇ.» دېدى ـ دە، تۇغما تالانتتىن باشقا نەرسىلەرنىڭ مۇھىم رولىغا قابىلىيەت بىلەن ئانىسىنىڭ بارمىقىنى چىڭ سىققاندا، ئانا ئاستا ھەم ئېنىق تەلەپپۇز بىلەن، قايتا ـ قايتا «بارماق، بارماق» دېگەن ئاۋازنى چىقارغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قىز ئويغانسىلا ئانا ئۇنىڭغا گەپ قىلغان ياكى پەس ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىپ بەرگەن.

بۇنىڭدىن ئۆتكەن پىششىقەدەم پېداگوكلارغا ئوخشاش، لىۋىتىڭنىڭ ئانىسىمۇ تەربىيىنى قىزى سىلىغان، تۇتقان



تۇرمۇش خاراكتېرلىك تالانتلىقلار توغرىسىدا بىر قىسىم مىساللارنى توپلىغان بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭچە ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن مىساللار يەنىلا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

نۇرغۇنلىغان تۇغما قابىلىيىتىدە ئىرسىيەت خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىك بار كىشىلەر كېيىنكى كۈنلەردە تەربىيىلەنمىگەن بولسا، تالانتلىق بولۇپ چىقالمايتتى. خۇددى خەلق ماقالىسىدە ئېيتىلغاندەك: «تالانت ئەۋلادقا قالمايدۇ» ئەلۋەتتە.

بىز قابىلىيەتنىڭ ئىرسىيەتلىك تەرىپىنى زادىلا ئېتىراپ قىلمايدىغانلاردىن ئەمەس، يەنە كېلىپ، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ قابىلىيەتنىڭ ئىرسىيەتلىك تەرىپى مەنتىقىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇڭلاشقا بىز قابىلىيەتنىڭ ئىرسىي بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسەكمۇ، ئەمما، ئىرسىيەت ئېقىمىدىكىلەر چوقۇم تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى كېرەك: نېمە ئۈچۈن تالانتنىڭ ئىرسىيەت بولۇشى تەن ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىرسىيەت بولۇشىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە ئاز بولىدۇ؟ يەنە نېمە ئۈچۈن تالانتنىڭ ئىرسىيەتلىك بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مىساللار ناھايىتى ئاز بولىدۇ؟

ئەمەلىيەتتە، ئەلا نەسىل نەزەرىيىچىلىرىمۇ قابىلىيەتنىڭ ئىرسەتلىك بولىدىغانلىقى نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا ئەقىلگە ئۇيغۇن بولىدىغانلىقىنى، ئەمما قابىلىيەتنىڭ ئىرسىيەتلىك بولۇشى مال ـ مۈلۈكنىڭ مىراس قالغىنىغا ھەرگىز ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. مال ـ مۈلۈكنىڭ مىراس قىلىنىشى رېئاللىق ھېسابلىنىدۇ، قابىلىيەتنىڭ ئىرسىيەتلىك بولۇشى رېئاللىق ھېسابلانمايدۇ. ئاتا ـ ئانىلار قابىلىيىتىنىڭ بالىلاردا ئىرسىيەتلىك بولۇشى بىر خىل ئېھتىماللىق بولۇپ، قابىلىيىتىنى ئاچالمىسا ئۈنۈمى بولمايدۇ. پەقەت قابىلىيىتىنى ئاچالىسىلا ئاندىن ئۈنۈمى بولىدۇ.

تالانتنىڭ مەيدانغا كېلىشى تۇغما قابىلىيەت بىلەن



www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتلىك. ئەمما، تېخىمۇ تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، ئەگەر بالىلار تۇغما قابىلىيەتكىلا تايانسا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ. بالىلاردا تۇغۇلغاندا ناھايىتى يۇقىرى تۇغما قابىلىيەت بولغان تەقدىردىمۇ ئەگەر جارى قىلدۇرالمىسا، يەنىلا ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. جەمئىيەتتە ئىلگىرى تۇغما قابىلىيىتى يۇقىرى نۇرغۇن بالىلار بولغان، ئەپسۇسكى ئۇلاردىن بىرمۇنچىسى تۇغما قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىغانلىقتىن ئادەتتىكى ئادەملەردىن بولۇپ قالدى. قابىلىيەتنىڭ ئىرسىيەتلىك بولۇشى نەزەرىيە جەھەتتىن تۇرغۇزۇلغان بولسىمۇ، ئىرسىيەت خاراكتېرلىك تالانتلىقلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدا مىساللارنىڭ بەكمۇ ئاز بولۇشى ئەنە شۇ سەۋەبتىندۇر.

كارىل ۋىتىرنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان سىدىز دوكتور مۇنداق دەيدۇ: بالىلار خۇددى ساپال قاچا ياسايدىغان سېغىز لايغا ئوخشايدۇ، تەبىيلەشنىڭ قانداقلىقى ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى بەلگىلەيدۇ! بالىلار كىچىكىدىن باشلاپ تەربىيىلەنسە، مۇزىكانت، رەسسام، شائىر، ئالىم بولۇپ چىقالايدۇ. ئەمما، بەزىلەر بەلكىم مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: «مۇزىكانت بولۇش ئۈچۈن سەزگۈر قۇلاق بولۇشى كېرەك، ئەگەر سەزگۈر قۇلاق بولمىسا، قانچىكى بالدۇر مۇزىكا ئۆگەتكەن بىلەن يەنىلا مۇزىكانت بولالمايدۇ. ئەمما، سەزگۈر قۇلاق بالا تۇغۇلۇشىدىنلا بولىدۇ، شۇڭلاشقا، سېنىڭ تەربىيەڭگە مەن ئىشەنمەيمەن.»

سەزگۈر قۇلاق بارمۇ - يوق؟ بۇ چوڭلار ياكى كىچىك بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن دەيدىغان گەپ. ئەگەر بالىلارنى ئىككى، ئۈچ ياشتىن باشلاپ مەشىق قىلدۇرغاندا، ئۇلارنىڭ قۇلىقىنىمۇ تامامەن سەزگۈر قىلىپ يېتىشتۇرگىلى بولىدۇ. پسىخولوگلار دەيدىغان كۆرۈش سەزگۈ تېپىدىكى ۋە ئاڭلاش



سەزگۈسىدىكى بالىلار دېگەنلەرمۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن بولۇپ تۇغما بولمايدۇ. ياۋروپادا، بەزىلەر ئەگەر ئۈچ ئەۋلاد ھەممىسى مۇزىكانت بولسا، ئاندىن بىر چوڭ مۇزىكانت چىقالايدۇ دەيدۇ. بۇ تالانت ئىرسىيەتلىك بولىدۇ دېگەن نەزەرىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ناھايىتى خاتا كۆز قاراشتۇر. مۇزاتنى مىسال قىلساق، ئۇ داڭلىق مۇزىكانت بولۇپ چىقىشىدا مۇزىكا ياراڭراپ تۇرىدىغان ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، كىچىكىدىن باشلاپلا مۇزىكىغا ھەۋەس قىلىپ، ياخشى تەربىيە ئالغان.

مىكلىئاندجىلو تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يېزىغا ئاپىرىۋېتىلگەن، باشقىلارنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغان، ئۇنىڭ ئىنىكئانىسى بىر تاشچىنىڭ ئايالى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ ئائىلىدە ئىنىكئانامنىڭ سۈتىنى ئېمىپلا قالماي، يەنە بولقا بىلەن ئىسكىنىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.» مىكلىئاندجىلو ئائىلىسى ئىنتايىن باي، ئېسىلزادىلەر ئائىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نەققاشچى بولۇشىغا بەكمۇ قارشى تۇراتتى. ئۇنىڭ قىزىقىشى قەلبىدە ئوت بولۇپ يانغانلىقتىن، ئۇنىڭ بۇ قىزغىنلىقىنى دادىسىمۇ توسۇپ قالالمىدى.

لىن نىينىڭ ئۆيى كۆل بويىدا ئىدى. ئەتراپىدا ياۋا گۈللەر، ئورمانلار بولۇپ، ئاتلار كىشنەپ، بېلىقلار سۇدا ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئۇ مۇشۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغاچقا، داڭلىق بىئولوگىيە ئالىمى بولۇپ چىققان. بۇنداق مىساللار ساناپ - تۈگەتكۈسىز.

قىسقىسى، خۇددى ساپال قاچىلارنى ياسايدىغان سېغىز لايغا ئوخشاش بالىلارنىڭ ئىلاستىكلىقىمۇ ناھايىتى زور بولىدۇ. مۇھىت بىلەن تەربىيە ئۇنى تەربىيىلەپ قانداق يېتىلدۈرمەكچى بولسا شۇنداق يېتىلدۈرىدۇ.

مەشھۇر كىشىلەر ياكى ئالىملارنىڭ بالىلىرىنىڭ مەشھۇر

www.uyghurkitap.com

كىشىلەردىن بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بۇرۇن بىر مەكتەپ بولۇپ، بەش - ئالتە ئوقۇتقۇچى بىر قېتىملىق يىغىلىشتا: دوكتورلار ياكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ نەتىجىسى ئومۇمەن ياخشى بولمايدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقارغان. بۇ ئەلۋەتتە توغرا ھۆكۈم ئەمەس. ۋەھالەنكى بالىلارنىڭ ئۇلۇغ زاتلاردىن بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا مەكتەپتىكى نەتىجىسىگىلا قاراپ ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. بىراق ئۇلۇغلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئۇلۇغلاردىن بولۇشى ناتايىن، بۇ - ھەقىقەت، دۇنيادا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇ ئىقتىدار مەسىلىسى، ئىقتىدار دېگەن بۇ نەرسە يالغۇز ئىرسىيەت مەسىلىسىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى مېڭىنىڭ تەرەققىي قىلغان - قىلمىغانلىقى مەسىلىسى.

بىز ئىرسىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلمايمىز. لېكىن بالىلارنىڭ تەقدىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىرسىيەت خۇددى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارىشىدىكىدەك كۈچلۈك ھەل قىلغۇچ كۈچكە ئىگە ئەمەس. «كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى» دېگەن كىتابتا ۋىتىر كىشىلەرنى: «ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ھەممىگە قادىرلىقنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەڭلار، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىشلەۋېرىڭلار، سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلارنىڭ ئۇلۇغلاردىن بولالىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن» دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

## بالىلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنىڭ كېمىيىپ بېرىش قانۇنىيىتى

بالىلار گەرچە يوشۇرۇن قابىلىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ كېمىيىپ بېرىش قانۇنىيىتى بولىدۇ. ئالايلۇق: تۇغۇلغاندىلا 100% يوشۇرۇن



قابىلىيەتكە ئىگە بولغان بالا، ئەگەر تۇغۇلغاندىن تارتىپلا ئۇنىڭغا قارىتا كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيە ئېلىپ بېرىلسا ئۇ 100% قابىلىيەتكە ئىگە ئادەم بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر تەربىيە بەش ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلسا، گەرچە تەربىيە ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغان تەقدىردىمۇ، پەقەت 80% قابىلىيەتكە ئىگە ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. ئەگەر تەربىيە 10 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلسا، تەربىيە قانچە ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ، قابىلىيىتى پەقەت 60% كىلا يېتىدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك تەربىيە قانچە كېيىن ئېلىپ بېرىلسا، بالىلارنىڭ قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى شۇنداق ئاز بولىدۇ. مانا بۇ بالىلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتى كېمىيىپ بېرىش قانۇنىيىتى.

مۇنداق قانۇنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ھەر بىر جانىۋارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق تەرەققىي قىلىش مەزگىلى ئۆزگەرمەس بولىدۇ. دەرۋەقە، بەزى جانىۋارلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلى ئۇزاق، بەزى جانىۋارلارنىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلى قىسقا بولىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى جانىۋار بولسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تەرەققىي قىلىشىغا يول قويمىغاندا مەڭگۈ قايتا تەرەققىي قىلالمايدۇ. مەسىلەن: چۆجىنىڭ «ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىش قابىلىيىتى» نىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلى تەخمىنەن تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن تۆت كۈن ئىچىدە بولىدۇ، ئەگەر مۇشۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇلمىسا، ئۇنىڭ شۇنداق قابىلىيىتى مەڭگۈ تەرەققىي قىلمايدۇ. شۇڭا ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان چۆجىنى دەسلەپكى تۆت كۈن ئىچىدە ئۆز ئانىسىنىڭ قېشىدا قويمىغاندا ئۇ مەڭگۈ ئانىسىغا ئەگەشمەيدۇ.

چۈجىنىڭ «ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتى» نىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلى ئالاھەزەل تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىنكى سەككىز كۈن ئىچىدە بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەزگىلدە چۈجىنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشىغا يول قويمىغاندا، ئۇنىڭ مۇنداق قابىلىيىتى مەڭگۈگە ئۆلىدۇ. كۈچۈكنىڭ «يەپ ئېشىپ قالغان نەرسىنى تۇپىغا كۆمۈش قابىلىيىتى» نىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلىنىڭمۇ مۇئەييەن چېكى بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەزگىلدە ئۇنى يەمنى كۆمگىلى بولمايدىغان بىر ئۆيگە قويۇپ قويغاندا، ئۇ مۇنداق قابىلىيەتكە مەڭگۈ ئىگە بولالمايدۇ.

ئادەمنىڭ قابىلىيىتىمۇ شۇنداق بولىدۇ، بالىلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنىڭ كېمىيىپ كېتىش قانۇنىيىتى بولىدۇ، تۇغۇلۇشىدىنلا 100% قابىلىيەتكە ئىگە بولۇپ تۇغۇلغان تەقدىردىمۇ، ۋاقتىدا تەربىيىلەنمىسە، بەش ياشقا كىرگەندە 80%، 10 ياشقا كىرگەندە 60% كە چۈشۈپ قالىدۇ، 15 ياشقا كىرگەندە ئاران 40% قابىلىيىتى قالىدۇ.

شۇڭلاشقا بالىلارنى تەربىيىلەشتە مۇنداق كېمىيىپ كېتىشنى توسۇشنى بىرىنچى مۇددىئا قىلىش كېرەك. چۈنكى مۇنداق كېمىيىپ كېتىشنى بالىلارغا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتى بەرمەي ئۇ قابىلىيەتنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. شۇڭا بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا، بالىلارغا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىنى دەل ۋاقتىدا تۇغدۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت.

قانداق قىلغاندا بالىلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنىڭ كېمىيىپ كېتىشنى توسقىلى بولىدۇ؟ كارىل ۋىتىر شۇنداق ھېسابلايدۇ: تەربىيىگە ئىمكانقەدەر بالدۇر تۇتۇش قىلىش، بالا تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپلا كىرىشىش لازىم. بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ ياشقا كىرگىچە بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ شەيئى قوبۇل قىلىش



ئۇسۇلى كېيىنكى چاغلاردىكىدىن تولىمۇ پەرقلىق بولىدۇ، ئۇلار شەيئىنىڭ بەلگىلىرىنى تەھلىل قىلىپ ئەمەس. بەلكى قايتا - قايتا كۆزىتىپ ئېسىدە قالدۇرىدۇ، پۈتكۈل شەيئىنىڭ تەسىرى ئۆز ئەينى بويىچە بۇ «ئەندىزە» بويىچە بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىگە تامغا بولۇپ بېسىلىدۇ.

بوۋاقنىڭ ئەندىزە پەرق ئېتىش قابىلىيىتى مەڭگۈ بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدىكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. يېشى ئۈچكە توشمىغان بالىلارغا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيە «ئەندىزە تەربىيىسى» دۇر. بوۋاقلار شەيئىنى كۆپ قېتىم قايتا - قايتا كۆزىتىشتىن زېرىكمەيدۇ، شۇڭا ئۈچ ياشقا كىرىشتىن بۇرۇنقى مەزگىل «زورلاپ قويۇش» مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. بالىلارنىڭ ھەش - پەش دېگۈچە پۈتكۈل ئەندىزىنى ئىگىلەپ بولۇشتەك ئەنزىدە پەرق ئېتىش قابىلىيىتىگە چوڭلار مەڭگۈ يېتىشەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭىسى ئاق قەغەز ھالىتىدە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خۇددى چوڭلارغا ئوخشاش تەھلىل يۈرگۈزۈشى ۋە ھۆكۈم چىقىرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلاردا چۈشىنىش ۋە ھەزىم قىلىش قابىلىيىتىنىڭ بولۇشى ھاجەتسىز، ئەگەر سىز توغرا دەپ قارىغان ئەندىزىنى بالىنىڭ تېخى ئۆز ئالدىغا ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان چوڭ مېڭىسىگە دائىم، جانلىق ھالدا، تەكرار - تەكرار قويۇپ تۇرمىسىڭىز، كۆپ مىقداردا قوبۇل قىلىۋېرىپ، ئادەمنىڭ ساپاسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئەندىزە مەزگىلى ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى بەلگىلەيدۇ.

ئۈچ ياشقا كىرىشتىن بۇرۇنقى مەزگىلدە نېمىلەرنى «مەجبۇرىي قويۇش» كېرەك؟ تەخمىنەن ئېيتقاندا، بۇ مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىسى، ئەقلىي قابىلىيەت ئاساسىنى، چوڭ مېڭە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پائالىيىتى ئاساسىنى سالىدىغان تىل، مۇزىكا، يېزىق ۋە سۈرەت، رەسىم شەكىللىرى قاتارلىق ئەندىزىلەرنى قايتا ـ قايتا «قويۇش» كېرەك؛ ئىككىنچىسى، كىشىلىك تۇرمۇش (ھايات) نىڭ تۈپ مىزانى ۋە پوزىتسىيىسىنى سىڭدۈرۈش لازىم. كۆپلىگەن تەتقىقات ۋە تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بوۋاق مەزگىلدە بالىغا ھەر كۈنى ئوخشاش تىرمىننى ئۆگىتىپ بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى تىرمىن ئامبىرى ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاپ تۇرغاندا بالىنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

«خارۋارد قىزى» لىۋىيىتىنىڭ ئانىسى لىۋۋېيخۇا كارىل ۋىتىرنىڭ بىر تەربىيە ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەربىيىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ قىزىنىڭ خاتىرە قابىلىيىتىنى ئادەتتىكى بالىلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتكەن. بالىلارنىڭ «ياتسىراش» تىن ئىبارەت تۇنجى قېتىم ئىپادىلەيدىغان خاتىرە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى مىسالغا ئالساق، لىۋىيىتىنىڭ ئۈچ ئايلىق بولغان چېغىدىلا ياتسىراشقا باشلىغان (بۇ ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن بولغان ئىش)، ئالتە يېرىم ئايلىق بولغاندا «چۈشىنىش خاتىرىسى» پەيدا بولغان (يەنى تىرىن بىلەن ماددىي جىسىمنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىدىغان بولغان). ۋەھالەنكى مۇنداق ئەھۋال %50 بالىلاردا 10 ئايلىق بولغاندا كۆرۈلىدۇ. ئۇ بىر ياش بىر ئايلىق بولغاندا خاتىرە قابىلىيىتىدە يەنە بىر سەكرەش بارلىققا كەلگەن. خاتىرە قالدۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتە، ئۇ ئەمدى ئىنسانلاردا ئۈچ ياشقا كىرگۈچە بولىدىغان «ئەندىزە بويىچە قالدۇرۇش» ئۇسۇلى بويىچە خاتىرە قالدۇرۇشتىن تەرەققىي قىلىپ ئۈچ ياشتىن كېيىن ئاندىن بولىدىغان «بۆلۈپ خاتىرە قالدۇرۇش» قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئانىسىنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى ئارقىسىدا قىزغا بېرىلگەن تەربىيىدىن مەمنۇنىيەتلىك مېۋىلەر



ھاسىل بولغان.

قىزى بىر يېرىم ياشقا كىرگەندە، ئانا ئۇنىڭغا تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنى يادلاشنى سىناق تەرىقىسىدە ئۆگەتكەن. دەسلەپتە ئىككى خەت، ئىككى خەتتىن ئۆگەتكەن. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئوردا تېكىستى ئاق پادىشاھ، ھەسەن ـ ھۈسەن دېگەنگە ئوخشاش شېئىرلارنى سۈدەك يادلىيالايدىغان بولغان گەرچە شېئىرنىڭ مەنىسىنى ئۇقمىسىمۇ، لېكىن ناخشا ئوقۇغاندەك ئوقۇپ ئانىسىغا شېئىر قاپىيىلىرىنىڭ ناھايىتى رېتىملىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن لىۋىيىتىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئىزچىل تۈردە ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ كەلگەن، مومىسى ئۇنىڭغا: «ئاتتى تاڭ چىللاپ خوراز، ئېچىلدى مىڭلاپ دەۋازىلار...» دېگەن بىر مىسرا شېئىرنى ئۆگەتكەن. ئۇ زاۋۇت رايونىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا ئۆتكەن چاغلىرىدا خوراز كۆرگەن ھامان، بۇ شېئىرنى يادلىغان.

## تەربىيىدىن مەقسەت ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان تالانت يېتىشتۈرۈش

بالا ۋىتىر ئۆگىنىشتە نەتىجە قازانغاندىن كېيىن كىشىلەر دادىسىنىڭ بالا تەربىيىلەش مۇددىئاسى توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىغان. مەسىلەن: بەزىلەر ئۇ ئوغلىنى ئالىم يېتىشتۈرۈش نىشانى بويىچە تەربىيىلەيدۇ دېگەن، يەنە بەزىلەر تېخىمۇ قىيپالىڭاچ ھالدا: ئۇ بالىسىنى بىرئەۋلىيا قىلىپ تەربىيىلەپ كىشىلەرنى، ھەيران قالدۇرماقچى، دېيىشكەن. ۋىتىرنىڭ دادىسى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى بىئارام بولۇپ، ئۇلار مېنىڭ بالا تەربىيىلەش مەقسىتىمنى خاتا چۈشىنىۋالغان

دەپ قارىغان. تۆۋەندە ئۇنىڭ كىتابىتىكى باياناتلىرىنى سىتاتا كەلتۈرىمىز، بۇ بىزنىڭ بالىلارغا بېرىلىدىغان دەسلەپكى تەربىيە بىلەن، ئۇلارنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

مەن پەقەت ئوغلۇمنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان تالانتلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشنىلا ئويلىدىم. شۇڭا ئۆزۈمدىكى ئازغىنە ئەقىل - پاراسەتنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئىشقا تەسىر يەتمىگەن ئەھۋالدا، ئۇنى ئەتراپلىق يېتىشكەن، تېتىك، بەختلىك ياش قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتىم.

مەن جىسمانىي ھەم مەنىۋى جەھەتتىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان ئادەمنى ياخشى كۆرىمەن. ئوغلۇمنى مىسالغا ئالسام، ھەرقېتىم ئوغلۇمنىڭ گىرىك تىلى، لاتىن تىلى ياكى ماتېماتىكىغىلا قىزىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ مۇنداق خاھىشىنى دەرھال ئامال قىلىپ تۈزەتتىم.

كىشىلەر مېنى ئوغلۇمنىڭ چوڭ مېڭىسىنىلا تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتتى دەپ ھېسابلاشتى. بۇ خاتا ئىدى. مەن ھەۋەس قىلمايدىغان ۋە بىلىمى يوق ئادەملەرنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئەر - خوتۇن ئىككىمىز بىر نىسبەتتە ھەمكارلىشىپ ئوغلىمىزنىڭ ساۋات، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە ھەۋەس قاتارلىق جەھەتلەردىكى قابىلىيىتىنى يېتىلدۈردۇق. مەن يەنە تىرىشىپ ئوغلىمىزدا پەزىلەت ۋە ھېسسىيات يېتىلدۈرۈپ، ئۇنى ئالىيجاناب ئەخلاقتا ۋە مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنى ئېنىق ئايرىدىغان پەزىلەتكە ئىگە قىلدىم. مەن ئاتالمىش ئالىملاردىن بىزارمەن. ئاتالمىش ئالىملار كالىلىسى ئىشلىمەيدىغان، ئەپتى قاخشالغا ئوخشايدىغان، مۇز چىراي، يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان ئادەملەردۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاشۇنچىلىك كەسپىنىلا بىلىدۇ، ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن ئارتۇق بىلىمى بارلىقىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن، مەيلى



كىم بولسۇن، مەيلى قەيەرگە بارسۇن، كىشىلەر ياخشى كۆرسۇن ياكى ياخشى كۆرمىسۇن، دائىم ئۆزىنىڭ ئاشۇ كەسپى ئۈستىدە گەپ ساتىدۇ. ئۇلارنىڭ كەسپىنىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەردىن خەۋىرى يوق ھەم ئۇنداق نەرسىلەرگە قىزىقمايدۇ. مەسىلەن: خۇددى بۇ دۇنيادىكى تاماق يېمەيدىغان ئادەملەرگە ئوخشاش، ئۇلاردا ساۋات ناھايىتى كەم، ئۇلار يەنە ئېقىم مەسىلىلىرى توغرىسىدا چولتا قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ. بۇلار ئەنە شۇ ئاتالمىش ئالىملاردۇر. يەنە ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە قۇلاق سېلىپ، يازغانلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى: ئۇلار ناھايىتى ئاز ئاڭلايدىغان ئىلمىي ئاتالغۇلار ۋە چۈشەنمەك تەس بولغان سىپاگەر سۆزلەرنى قوللىنىپ كىشىلەرنى نېمە قىلىشنى بىلەلمەس قىلىپ قويىدۇ؛ ئۇلار مەلۇماتلىق ۋە كەڭ دائىرىلەرگە قىزىقمىدىغان ياشلارنى قوغالتاق، چاكىنا ئادەملەر دەپ قارايدۇ، مۇئامىلىگە ماھىر، تۇرمۇشتا ھەۋەسمەن ئادەملەرنى چۆكۈرۈپ، مەن قانداقسىگە ئوغلۇمنى مۇشۇنداق ئالىملاردىن قىلىپ يېتىشتۈرىمەن؟ ئەۋلىيا بالا يېتىشتۈرۈپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرماقچى دېگەن گەپلەر بەرنا مەنىلا ئىبارەت، خالاس. ئەۋلىيا بالا دېگەن نېمە ئۇ؟ ئۇ پارىنكتىكى ئوت - چۆپنىڭ ئۆزىغۇ؟! ئەگەر سېنىڭ ئوغلۇمنى ئەۋلىيا بالا قىلىپ تەربىيىلەش نىيىتىم بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مەن باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان، خۇداغا ئاسىيلىق قىلغان ئادەم بولۇپ قالمامدىم!

ئومۇمەن ئالغاندا، بالىلار ئەقلىي جەھەتتە ئالدىن تەرەققىي قىلىپ كەتسە ئاسانلا تىغ ئۇچى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ، مەسىلەن: بىز دائىم ئاڭلىغاندەك پوكۇنى بالا سەككىز بېشىدىلا ئالتە دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىۋاپتۇ. پۇستانى بالا ئەمدى توققۇز ياشقا كىرىپلا ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ. يەنە بىر بالا ئاران 14

www.uyghurkitap.com

ياشتا تۇرۇپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپتۇ دېگەندەك، ئەمما ئۇلارنىڭ باشقا جەھەتلەردىكى تەرەققىي قىلىشى زادى قانداق، بۇنىڭغا ئاتا - ئانىلار ۋە ئەتراپتىكى كىشىلەر ئاسانلا سەل قارايدۇ ھەم بۇنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىنىشىمۇ تەس.

بۇ ھەقتە ۋىنېرنىڭ دادىسىنىڭ ئۇسۇلى بارلىق ئاتا - ئانا بولغۇچىلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ غايىسى بالىسى ۋىنېرنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان تالانتلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى ئۆز غايىسى قىلغاچقا، ئۇ ئەخلاق تەربىيىسىگە ئەقلىي تەربىيىگە قارىغاندا ئالاھىدە كۆچ سەرپ قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى، ئۇ تەلەپچان، ئەستايىدىل باستىر بولغاچقا ئۆزىنىڭ بالىسىنى خۇلق - مىجەز جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ۋىنېر كىچىكىدىنلا تەقۋادارلارچە تەربىيىگە ئالاھىدە ئىگە بولغان . ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانلىكى ئادەم ئۇنى «خۇددى مالائىكىدەك ساپ» دەپ ماختاشقان. ئۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن تەقۋادار، ناھايىتى مېھرىبان، كۆيۈملۈك، ئوماق بالا ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالمىغان، تەبىئەتكە مۇئامىلە قىلىشتا، ھايۋانلاردىن دەخلى يەتكۈزمەيلا قالماستىن، بىر ياۋا گۈل غۇنچىسىنى ئۈزۈشكىمۇ كۆزى قىيمىغان.

ۋىنېر ئالغان تەربىيە ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە تەخمىنەن يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. ئېھتىمال بەزىلەر شۇنداق تەربىيە ئېلىش جەريانىدا ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكەنمۇ - يەتمىگەنمۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇ ھەقىقەتەن بىر مۇھىم مەسىلە. لېكىن ۋىنېر كىچىكىدىنلا ساغلام بولۇپلا قالماي، چوڭ بولغاندىمۇ ناھايىتى ساغلام بولغان. تىلشۇناس ھايىنى بىر پارچە خېتىدە ۋىنېر 10 ياش چېغىدا ئۇنى سىناپ باققانلىقىنى،



ئۇ چاغدا ۋىنېرنىڭ تىل تالانتىنىڭ كارامەت ئىكەنلىكىدىن ھەيرانلىنىپ قالماي، ئۇنىڭ سالامەتلىكى، گول ۋە تېتىك ئىكەنلىكى، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ھېچقانداق بىنورمال نۇقتىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنىمۇ ھەيرانلانغانلىقىنى يازغان.

يەنە بەزىلەر ۋىنېر ئاشۇنداق تەربىيە شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ كىتاب يادلاپ ئىگە بولغان ھەم ئۆزىنىڭ ئوماق، رومانتىك ھېسسىيات بىلەن تولغان ئۈسمۈرلۈك چاغلىرىنى قىلچە مەنىسىز ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىشى مۇمكىن.

بۇمۇ پاكىت ئەمەس، گىلەنتىننىڭ بىر كۇپلېت شېئىرىدا: «ھەقىقەتنىڭ تەمىنى تېتىشتىن ئارتۇق بەخت يوق، ھەقىقەتتىن بەھرىمەن بولۇشتەك بەخت ئۇنتۇلماس بەخت» دېگەن مىسرالار بار. كىچىكىدىنلا ھەقىقەتتىن بەھرىمەن بولغان ۋىنېر ھەرقانداق بالىدىن بەختلىك ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ، ئۆتكىنىمىزدەك، دادىسىنىڭ تەربىيىسى ناھايىتى ئېسىل بولغاچقا، ئۇنىڭ نوقۇل ھالدا شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتاب ئوقۇيدىغان چاغلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇ قانغۇدەك ئويناشقا ۋە ھەرىكەت قىلىشقا تولۇق ۋاقىت چىقىرالايتتى.

ۋىنېر كىچىكىدىنلا غەرەز ئوقىمىدىغان، باشقا بالىلار ئۇقمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇقىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەر ئىشقا نىسبەتەن پىششىق قاراشقا ئىگە بولغاچقا، بالىلار ئۇنىڭ بىلەن ئوينىسا ناھايىتى خۇشال بولاتتى. باشقا بالىلار بىلىم جەھەتتە ئۇنىڭغا يېتىشەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ زادى تەكەببۇرلۇق قىلمايتتى ھەم باشقا بالىلارنى كەمسىتىدىغان ياكى كۆزىگە ئىلمايدىغان ئىشلارنى زادى قىلمايتتى. بەزى بالىلار بىلمىگەنلىك قىلغان چاغلاردىمۇ، ئۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر ياقىلىق قىلاتتى، ھەرگىز ئۇلار بىلەن جاڭجاللاشمايتتى.

ئەزەلدىن كىشىلەر «ئوقۇمۇشلۇقلار مەستانە كېلۇر» دەپ قاراپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋىتىر مەيلى كىچىك چېغىدا بولسۇن، ياكى چوڭ بولغاندا بولسۇن كاللىسى ئىشلىمەيدىغان كىتاب مەستانىسى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا كىچىكىدىن تارتىپلا ئەدەبىياتنىڭ قېنى ئاقاتتى. ئۇ كىچىكىدىنلا قەدىمدىن بۇيانقى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى پىششىق بىلىپ قالماي، بەلكى ناھايىتى بۇرۇنلا نادىر شېئىر ۋە ماقالىلەرنى يازغانىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا «دانتى» نى تەتقىق قىلغان تالانت ئىگىسى بولالىشى، «دانتى» نى تەتقىق قىلغان مۇتەخەسسىس بولۇشى ھەرگىز تەسادىپىي ئىش ئەمەس.

## كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ باللارنى ساخاۋەتچان قىلىپ يېتىشتۈرۈش كېرەك

ۋىتىرنىڭ دادىسى ئۆز ئوغلىنى ساخاۋەتچان قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن، ۋىتىر كىچىك چېغىدىلا ئۇنىڭغا قەدىمدىن تارتىپ شۇ زامانلارغىچە بولغان خەير - ساخاۋەتلىك ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن. ۋىتىر ياخشى ئىش قىلسىلا دەرھال: «ياخشى! ناھايىتى ياخشى قىلدىڭ بالام! » دەپ تەقدىرلىگەن. بەزىدە تېخى ئايالى ۋە ئەل - ئاغىنىلىرى ئالدىدا: «ۋىتىر بۈگۈن بۇ ئىشنى ناھايىتى ئوبدان قىلدى» دەپ ماختىغان. لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق تەقدىرلەشلىرى زىيادە بولمايتتى. چۈنكى ئۇ ئوغلىدا مەغرۇرلۇق پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. ئۇ بۇنداق ئىشلارنى كۆرگەنلا جايدا داۋراڭ قىلىپ يۈرمەيتتى، پەقەت ئۆزىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەرگىلا دەيتتى.

ۋىتىر سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن، دادىسى ئۇنىڭغا



ئەخلاقىقا دائىر تۈرلۈك شېئىرلارنى دىكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتى. گېرمانىيىدە مېھرىبانلىق، دوستانىلىق، يېقىندارچىلىق، كەڭ قورساقلىق، باتۇرلۇق، قۇربان بېرىش قاتارلىقلارنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن شېئىرلار بار. ۋىتىر بىرقانچە ياشقا كىرىپلا بۇنداق شېئىرلارنى پىششىق يادلىيالايدىغان بولغان. ۋىتىرنىڭ دادىسى يەنە ئۇنىڭغا «ھەرىكەت خاتىرىسى» ياساپ بېرىپ، ئۇ ياخشى ئىش قىلسا، مەڭگۈگە خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن، شۇ خاتىرىگە خاتىرىلەپ ماڭغان، ھەر تەرەپتىن ئىلھام بېرىپ تۇرۇلغاچقا، ۋىتىر كىچىك چېغىدىلا ئۆمۈربويى ياخشى ئىش قىلىشقا بەل باغلىغان.

ۋىتىرنىڭ دادىسى، خۇددى ۋىتىرنى باشقا جەھەتلەردىن تەربىيىلىگەنگە ئوخشاش، كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇنى ساخاۋەتچان قىلىپ تەربىيىلەشتە ھەرگىز ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىمىغان. بەلكى بۇنداق قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ۋە ياخشى ئىش قىلغان چاغدىكى خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولىدىغان قىلغان. دەرۋەقە، باللارنى بۇنداق خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئېسىدە ساقلايدىغان قىلماق ھەقىقەتەن ناھايىتى تەس، لېكىن ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسمۇ ئەمەس.

شاھمات ئويناش، بىليارت ئويناش قاتارلىقلارنى مىسالغا ئالساق، ئۆگىنىۋالغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭدىن خۇشاللىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيىلىگەندىلا ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىشنى ئۆگىنىدۇ ۋە ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن خۇشاللىنىدىغان بولىدۇ.

ۋىتىرنىڭ دادىسى ئۆزىنىڭ ئوغلىنى بىر ئالىيجاناب ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ۋىتىردا ساخاۋەتچانلىقنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن. شۇڭا ئۇ كىچىك

www.uyghurkitap.com

ۋىتىرغا يامان ئىش قىلغانلارنىڭ جازالانغانلىقىغا دائىر ھېكايىلەرنى دائىم سۆزلەپ بەرگەن ھەم بۇنداق يامان ئادەملەرنىڭ يامانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. ۋىتىرنىڭ دادىسى يەنە بۇ سەلبىي تىپلارنى مىسال كەلتۈرۈشنى ۋىتىرغا ساخاۋەتلىك بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلغان.

ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا نەسىھەت قىلىشتىكى مۇددىئا بىلەن ساخاۋەتچان قىلىپ تەربىيىلەشتىكى مۇددىئا ئوتتۇرىسىدا ئاز - تولا پەرق بار. ئالدىنقىسىدا ۋىتىرنىڭ دادىسى ئومۇمەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلاشنى ئاساس قىلغان. ئەمما ۋىتىر ياخشى ئىش قىلسا پۇل بەرمەي، «ھەرىكەت خاتىرىسى»گە يېزىپ قويغان. يىغىنچاقلاپ ئېيتساق، ئۇنىڭ مەقسىتى: «ئۆگىنىش بىزگە بۇ دۇنيالىق بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، خەير - ساخاۋەتلىك، ساۋاپلىق ئىشلار بىزگە خۇدانىڭ مۇكاپات — ئىنئامىنى ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت.

شۇڭا ۋىتىرنىڭ دادىسى ئوغلىنى مۇكاپاتلىغان چاغدا كۆپ ھاللاردا، بۇ ئىككى مۇددىئانى تەڭ ئىشقا سالغان. ئەگەر ۋىتىرنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى بولسا ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بىر كوپېيك ھەق بەرگەن، لېكىن ئۇنىڭ ئۆگىنىشى ناھايىتى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ھەرىكىتىدە سەۋەنلىك بولسا، بىر كوپېيك ھەقنى بەرمىگەن. ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق مۇكاپاتلاش تۈزۈمى توغرىسىدىكى خاتىرىسى كىشىنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرىدۇ:

دائىم شۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇردى، ئوغلۇم سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغاندا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن: «دادا، مەن بۈگۈن سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، شۇڭا پۇل ئالمايمەن. . . » دەيدىغان بولدى. بۇ چاغدا مەن ناھايىتى ھاياجانلانغان بولسامۇ، ھەتتا ئىككى ھەسسە پۇل بېرىشنى ئويلىغان بولسامۇ، ئەمما



ئوغلۇمنى دەپ، ھاياجانلىقىمدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىمنى توختىتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، «شۇنداقمۇ؟ مەن ئۇقمايمەن. ئۇنداق بولسا ئەتە بىر ياخشى ئىش قىلغىن» دېدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ چاغدا مېنىڭ كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولاتتى، ئۇنىڭغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، مەن دائىم ئۇنى ئىختىيارسىز ھالدا سۆيۈپ كېتەتتىم.

بەزى ئاتا - ئانىلار نېمە ئۈچۈن ۋىتىرنىڭ دادىسى ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن پۇل بىلەن مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى قوللىنىدۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. ئەسلىدە بۇ ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا «ئۆگىنىشنىڭ بۇ دۇنيالىق بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى»نىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان، بىر قەدەر ئەمەلىي بولغان ئۇسۇلى ئىدى. ئۇ كىتابقا: «گەرچە خىجىللىق ھېس قىلسامۇ، لېكىن ئوغلۇم ئوبدان ئوقۇسىلا، مەن ھەرقېتىم ئۇنىڭغا بىر كوپېيك بەردىم. بۇنىڭدىكى مەقسىتىم، ئوغلۇمغا ئەرزان ھەققە ئېرىشمەكنىڭ نەقەدەر تەس ئىكەنلىكىنى بىۋاسىتە ھېس قىلدۇرۇش ئىدى» دەپ يازغان.

ۋىتىرغا بېرىلگەن پۇللار قانداق بىر تەرەپ قىلىنغان؟ ۋىتىرنىڭ دادىسى ئوغلىغا بۇ پۇللارنى ئىمكانىقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن خەجلەشنى ئۆگەتكەن. مەسىلەن: ۋىتىرغا تورتقا ئوخشاش نەرسىلەرنى سېتىۋالسا ئەھمىيەتلىك بولمايدىغانلىقىنى، ئەسۋاب، سايمان سېتىۋالسا، مەڭگۈ رولىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. يەنە مەسىلەن: بەزىدە ۋىتىرغا روژدېستوۋ بايرىمىغا ئوخشاش بايراملاردا دوستلىرىغا ۋە نامرات كىشىلەرگە ئاز - تولا سوۋغات ئېلىپ بەرسە ئۇلارنىڭ چوقۇم خۇش بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

ئەتراپتىكى كىشىلەر تەبىئىي ئاپەت، سۇنئىي بالالارغا

ئوخشاش كىشىنى پاراكەندە قىلىدىغان ئىشلارغا يولۇققاندا، سالاھىيىتى ئۇيغۇن كەلسۇن - كەلمىسۇن، ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىرنى ئېلىپ ئۇلارنى يوقلىغىلى بارغان. بۇ چاغدا ۋىتىرمۇ ئۆزى ساقلىغان پۇلنى ئېلىپ ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلاردىن ھال سورىغان. بۇ چاغدا ۋىتىرنىڭ دادىسى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ: «ۋىتىر، سەن ناھايىتى توغرا قىلدىڭ، گەرچە سوۋغات ئاز بولسىمۇ، لېكىن خۇددى ‹ئىنجىل›دا يېزىلغان ئەشۇ تۇل خوتۇن بەرگەن بىر تىيىنگە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە بولىدۇ» دەپ ماختىغان. «كەمبەغەل تۇل خوتۇن بەرگەن بىر تەڭگە» «ئىنجىل» دىكى بىر ھېكايە بولۇپ «ماركو ئىنجىلى» نىڭ 12 - سۈرىسىنىڭ ئاخىرىغا شۇنداق يېزىلغان.

ئەيسا ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ كۈمۈش خەزىنىسىگە قانداق پۇل تاشلايدىغانلىقىغا قاراپ ئولتۇرۇۋەردى. خېلىلىغان بايلار مەلۇم ساندا پۇل تاشلىدى. بۇ چاغدا بىر نامرات تۇل خوتۇن كېلىپ خەزىنىگە ئىككى تەڭگە تاشلىدى. ئەيسا ئەلەيھىسسالام مۇرىتلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا: مەن سىلەرگە راستىنى ئېيتسام، بۇ تۇل خوتۇن تاشلىغان پۇل كۆپ ئادەم تاشلىغان پۇلدىن جىق. چۈنكى بۇ ئادەملەر ئېشىنىدىغان ئادەملەر، ئۇلار ئوشۇق پۇللىرىنى تاشلىدى. ئەمما تۇل خوتۇن ئۆزىگە يەتمەيۋاتسىمۇ، ئۆزىنىڭ بىساتىدا بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى تاشلىدى» دېگەن.

«ئىنجىل» دىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھېكايىلەرگە قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان رىۋايەتلەر ھەم شېئىرلاردىكى سۆز - ئىبارىلەر ئارقىلىق ۋىتىرنىڭ ياخشى ئىش قىلىشىغا ئىلھام بېرىش ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. ئۇ، ۋىتىرنىڭ كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ۋىتىرغا بۇ گەپلەرنى ئېسىدە ساقلاشنى جېكىلىگەن. شۇڭا ئۇ ھەر قېتىم ئوغلىدىن: «ۋىتىر، پوكۇنى مۇنداق ئەھۋالدا قانداق



قىلغان؟» دەپ سورىغاندا، ۋىتىر دەرھال چۈشىنىپ، يا تىرىشىپ ياخشى ئىش قىلغان، يا يامان ئىش قىلىشنى توختاتقان. ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىرنى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن ساددا ئىشلارنىمۇ قىلغان: ھەر قېتىم ۋىتىر بىرەر كىتابنى كۆرۈپ بولغان ياكى تەرجىمە قىلىپ بولغاندا، ئاتا - بالا ئىككەيلەن خۇددى ئېغىر يۈكنى يەلكىسىدىن ئېلىۋەتكەندەك بولۇپ، بىرلىكتە: «ياشىسۇن كومپىر»، «ياشىسۇن ۋېكىل» دەپ ئاپتورلارنىڭ ئىسمىنى توۋلىغان. بۇ چاغدا ۋىتىرنىڭ ئانىسىمۇ كىرىپ: «مۇبارەك بولسۇن» دەپ تەبرىكلىگەن، ئاندىن ئۇلار كوچىسىغا چىقىپ جىق ياخشى نەرسىلەرنى ئەكىرىپ، ۋىتىر ياخشى كۆرىدىغان غىزالارنى تەييارلاپ، دائىم كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئاغىنىلىرىدىن ئىككى، ئۈچىنى چاقىرىپ كەچلىك تاماقنى بىللە يېيىشكەن. داستىخاندا ئالدى بىلەن ۋىتىرنىڭ دادىسى سۆز قىلىپ: بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلماق خېلىلا تەس ئىدى. لېكىن ۋىتىر قەيسىرانە جاسارەت بىلەن، ئاخىرى تەرجىمە قىلىپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن قابىلىيىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى» دېگەن. باشقىلار ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ۋىتىرنى تەبرىكلىگەن. ئاندىن يىغىلىشقا ئىشتىراك ئەتكەن ئاغىنىلەر ئوقۇغان كىتابلىرىدىن سوئاللارنى چىقىرىپ ئۇنىڭدىن سورىغان، بۇ چاغدا ۋىتىر پۈتۈن كىتابنىڭ تەخمىنەن مەنىسى ياكى مەلۇم بىر ئابزاسىنى بايان قىلغان. ئاخىرىدا كەچلىك زىياپەت ۋىتىرنىڭ «تەڭرىم، سىزگە شۈكرى! سىز ماڭا ئاشۇنداق ياخشى ئاتا - ئانا ئاتا قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ماڭا سالامەتلىك، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە شاپائەتلەر ئىنئام بولدى، مېنىڭ بىلىم سەۋىيەم ئۆستى» دېگەنگە ئوخشاش بېغىشلىمىسى ئىچىدە ئاياغلاشقان.

# قاتتىق تەربىيلەيمەن دەپ بالىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ

ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى قاتتىق بولغىنى بىلەن ئىستىبداتلارچە ئۇسۇلغا ئوخشمايدۇ. ئىستىبداتلىق دېگىنىمىز، بالىنى قارىغۇچىلارچە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلاش دېگەنلىكتۇر. ۋىتىرنىڭ دادىسى مۇستەبىتلىككە، ئىستىبداتلىققا قارشى، ئۇ، مەيلى تەربىيە ئۇسۇلى جەھەتتە بولسۇن، ياكى باشقا جەھەتتە بولسۇن قائىدە سۆزلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئۇ تەربىيىنىڭ مۇھىملىقى، بالىنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىنى قايمۇقتۇرماسلىق، بالىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكتە دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ بالىنى تەنقىد قىلغاندا، ئۇ ھەرگىز بالىنى تەنقىدنى نېمە ئۈچۈن يېگەنلىكىنى بىلمەيدىغان قىلىپ قويمايدۇ. بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى ئاتا ـ ئانا خاتالىشىپ بالىنى خاتا تەنقىد قىلىپ قويۇشتىنمۇ يامان ئىش يوق. بىر قەدەم چېكىنىپ ئېيتقاندا، ئاتا ـ ئانىنىڭ تەنبىھ بېرىشى ۋە توسۇشى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، بالىغا نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرمەسلىكمۇ ياخشى ئەمەس. لېكىن ئەتراپىمىزدىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىغا قاراپ باقساق، بالىلارنى مەجبۇرلاش ۋە گەپ قىلىشىغا يول قويماسلىق ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت، بۇنداق قىلىش ناھايىتى يامان نەتىجە بېرىدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىدراكىنى كۆلەڭگە ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ ھەم ئۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىنىڭ نورمالسىزلىقىنىڭ مەنبەسىدۇر. ۋىتىرنىڭ



دادىسى ئاق ـ قارىنى ئايرىمايلا بالىلىرىنى ئەيىبلەيدىغان ئاتا ـ ئانىلارغا ئوخشاش ئىش قىلماي، بەلكى تىرىشىپ پاكىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بالىلارنى خاتا ھالدا تەنقىد قىلىشتىن ساقلىناتتى. ۋىتىرنى ئەيىبلىگەن ياكى ئۇنىڭ بىرەر ئىشىنى قىلىشىنى توسقاندا، دائىم سەۋەبىنى ئېنىق ئېيتىپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزەتتى.

ۋىتىرنىڭ دادىسى مۇبادا بالا نورمال ھۆكۈم قابىلىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا، ئۇ ئۆمۈربويى شەيئىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا توغرا ھۆكۈم قىلالمايدۇ دەيدۇ. ئۇ كىتابىغا مۇنداق يازىدۇ:

مۇبادا ئوغلۇم كىشىلەرگە بەزى قوپال گەپلەرنى قىلىپ قويسا، مەن ئۇنى دەرھاللا ئەيىبلىمەي، دەرھال قارشى تەرەپتىن: «ئوغلۇم يېزىدا چوڭ بولغان، شۇڭا شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ قويىدۇ، كۆڭلىڭىزگە ئالماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنىمەن» دەپ ئەپۇ سورايمەن، بۇ چاغدا ئوغلۇم مۇۋاپىق بولمىغان گەپنى قىلىپ قويغانلىقىنى ئاڭقىرىۋالىدۇ ـ دە، بىر ئازدىن كېيىن ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ، ئۇ مەندىن سورىغاندا مەن ئاندىن ئۇنىڭغا: «بايا دېگەن گەپلىرىڭ، قائىدە جەھەتتىن ئېيتقاندا خاتا ئەمەس، مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. لېكىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا شۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ. سەن ئەجەبا ئەشۇ گەپنى قىلغىنىڭدىن كېيىن N ئەپەندىنىڭ يۈزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىمىدىڭمۇ؟ ئۇ كىشى سېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ھەم مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ باشقا گەپنى قىلمىدى. لېكىن ئۇ چوقۇم رەنجىدى، سەن ئاشۇ گەپنى قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن N ئەپەندى گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋالدى» دەپ چۈشەندۈردۈم. مەن ئوغلۇمغا مۇشۇنداق قائىدە سۆزلىسەم ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىگە دەخلى يەتمەيدۇ.



www.uyghurkitap.com

ۋەتىرنىڭ دادىسى ئاتا ـ ئانىلارغا مۇنداق تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ ياخشىلىقىنى ھەقىقىي تۇردە، ئەتراپلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ.

مۇبادا مەن ئوغلۇمنى تەنقىد قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ماڭا: «مېنىڭ دېگەنلىرىم راستقۇ؟» دەپ سوئال قويسا، مەن ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيمەن: «شۇنداق، سېنىڭ دېگىنىڭ راست، لېكىن N ئەپەندى: ‹مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئۆيى بار، سەن كىچىك بالا نېمىنى بىلەتتىڭ›، دەپ ئويلىشى مۇمكىن، يەنە ئالايلۇق، سېنىڭ دېگىنى راست بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى دېمىسەڭ زادى بولمايدىغان ئىش يوق. چۈنكى ئۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئىش، سەن باشقىلارنىڭ گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى سەزمىدىڭمۇ؟ ئەگەر ئۇ ئىشنى مەنلا بىلىمەن دەپ ئويلىساڭ بەك ئەخمەقلىق قىلغان بولىسەن. يەنە ئالايلۇق: چوڭلارنىڭ بالىلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تەنقىد قىلىشى ئەسلىدىلا يوللۇق ئىش، چۈنكى بالىلار ئۆسۈش جەريانىدا نۇرغۇن كەمچىلىكلەرنى سادىر قىلىدۇ. ئۇنى كۆرسىتىپ بەرگەندىمۇ ئۇياتلىق ئىش ھېسابلانمايدۇ. شۇنداق تۇرسىمۇ كىشىلەر سېنىڭ كەمچىلىكىڭنى بىلمىگەن كىشى بولۇپ ئولتۇرىۋالدى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر كىشىلەر مېنىڭ كەمچىلىكىمنى بىلمىدى دەپ قارىساڭ، ئۇنداقتا چوڭ خاتالاشقان بولىسەن، ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر سېنىڭ خاتالاشقانلىقىڭنى بىلسىمۇ سېنىڭ يۈزۈڭنى قىلىپ گەپ قىلمىدى. يۈزۈڭ تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن دېدى. ئەمدى سەن كىشىلەرنىڭ ساڭا بولغان ياخشى نىيىتىنى چۈشەنگىن! سەن باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قانداق قىلىشىڭ كېرەك؟ سەنمۇ شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك.

«ئىنجىل»دا: ‹ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا تاڭما›، دېيىلگەن ئەمەسمىدى؟ بۇنىڭدىكى قائىدە ئەنە شۇنداق.



شۇڭا كىشىلەر ئالدىدا باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش ناھايىتى ياخشى ئەمەس.

بالا كىچىك بولغاچقا، يۇقىرىدىكى نەسىھەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چوقۇم يەنىلا تېڭىرقاپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆڭلى چوڭلارنىڭكىدەك مۇرەككەپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق ئۆزىنى ئۈستۈن كۆرۈش ئۇسۇلى سەممىيەتسىزلىك ۋە بەك بالدۇر سادىر بولغان سەۋەنلىك دەپ قارىلىشى مۇمكىن.

ۋەتىرنىڭ دادىسى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مۇنداق قىلىشى يوللۇق دەپ ھېس قىلغان، ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلىغا قانداق چۈشەنچە بەرگەنلىكىگە قاراپ باقايلى:

ياق، يالغانچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. يالغانچىلىق قىلساڭ يالغانچى، ساختىپەز بولۇپ قالىسەن. سېنىڭ يالغانچىلىق قىلىشىڭ ھاجەتسىز. جىم تۇرىۋالساڭلا بولىدۇ. ئەگەر ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىبىنى ۋە سەۋەنلىكىنى كوچىلىسا ھەمدە باشقىلارنىڭ ئالدىدا داۋراڭ قىلسا، ئۇنداقتا دۇنيا جاڭجاللا بولۇپ تۇرىدىغان دۇنيا بولۇپ قالامدۇ؟ ئۇنداقتا بىزمۇ خاتىرجەم ھالدا ئىشلىيەلمەيمىز ھەم تۇرمۇش كەچۈرەلمەيمىز.

ۋەتىرنىڭ دادىسىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى ئەنە شۇنداق ئەقىلگە مۇۋاپىق ئۇسۇل. ئۇنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغاچقا، مۇستەبىتلەرچە بولمىغاچقا، بالىنىڭ ئىدراكى قايمۇقتۇرۇلمىغان، ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى زىيانغا ئۇچرىمىغان. ۋەتىرنىڭ دادىسىنىڭ «چوڭلارغا ئوخشىتىپ تەربىيىلەشتەك ئۇسۇلى ئوغلىنىڭ تىل جەھەتتىكى يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى قازغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، ئەلۋەتتە. ۋەتىرنىڭ بالىسى سۆزگە باي بولغانلىقى، سۆز مەنىسىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، دېگەن سۆزنى دەرھال چۈشەنگەن.

دۇنيادىكى ئادەتتىكى بالىلار تىل جەھەتتىكى چەكلىمە

تۈپەيلىدىن، كۆپ ھاللاردا، مۇنداق ئەقىلگە مۇۋاپىق تەربىيە ئېلىپ بېرىلغاندا قىيىنچىلىقلا يولۇقىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ مۇنداق سورۇنلاردىكى ئىپادىسىنى كۆرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدىلا بالىلىرىنى ئەيىبلەپ كېتىدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ تېخى بالىلىرىنى ئۇرىدىغان ـ تېپىدىغانلىقىنى، يەنە ئەدەپ ـ قائىدە بىلمەيسەن دەپ سەتلەيدىغانلىقىنى، لېكىن ئۆزىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلىنى تەكشۈرۈپ باقمايدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ھال يەنە بىر جەھەتتىن بالىلارنىڭ قائىدىلەرنى ئوبدان چۈشىنىشى ئۈچۈن ئۇلارغا مول تىل بىلىملىرىنى بالدۇرراق ئۆگىتىش كېرەكلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## بالىلارغا تىل تەربىيىسىنى بالدۇر ئېلىپ بېرىش ئاچقۇچ

ۋىتېرنىڭ دادىسى ئۆزىنىڭ ئۆز ئوغلىنى تەربىيىلەش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن بالىلارغا تىلنى بالدۇر ئۆگىتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تىل ـ بىزنىڭ بىلىم قوبۇل قىلىش قورالىمىز، مۇنداق قورال بولمىسا بىز ھېچقانداق بىلىمگە ئېرىشەلمەيمىز. ئىنسانلار شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا جانلىقلاردىن ئۈستۈنكى ھەم بۈگۈنكىدەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتىكى، باشقا جانلىقلاردا بولمىغان تىل قورالىنى ئىشلەتتى. شۇڭا ئەگەر بىز بالىلارغا تىلنى بالدۇر ئۆگەتمىسەك ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئوبدان جارى قىلدۇرالايمىز. شۇڭلاشقا، بالىلارنىڭ قابىلىيىتىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا تىل قورالىنى ئىمكانقەدەر بالدۇر ئىگىلىتىش لازىم.

بالىلار ئەمدىلا شەيئىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولغاندا،



ئۇلارغا تىل ئۆگىتىشنى باشلاش لازىم. بۇ ۋىتېرنىڭ دادىسى بالىسىغا تىل ئۆگىتىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى مۇشۇ چاغدا تاشلىغان. ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ كىتابتىكى بالىسىنى تەربىيىلەش توغرىسىدا يازغانلىرىغا قاراپ باقايلى: «مەسىلەن، بىز ئوغلىمىزنىڭ كۆزىنىڭ ئالدىدا بارماقلىرىمىزنى چىقارساق، ئۇ بارماقلارنى كۆرۈپ تۇتۇۋالماقچى بولاتتى. دەسلەپتە ئېنىق كۆرەلمىگەچكە تۇتۇۋالالمايتتى. كېيىن ئاخىرى تۇتۇۋالىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناھايىتى خۇش بولىدىغان بولدى، بارماقلارنى ئاغزىغا سېلىپ ئەممەيدىغان بولدى. بۇ چاغدا مەن ئاستا ھەم ئېنىق تەلەپپۇزدا، قايتا ـ قايتا ‹بارماق، بارماق› دېگەن ئاۋازنى ئۇنىڭغا ئاڭلىتىدىغان بولدۇم.»

شۇنداق قىلىپ ۋىتېر پەرق ئېتىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان چاغدا، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى كۆرسەتكەن ھەم ئاستا، ئېنىق تەلەپپۇزدا، قايتا ـ قايتا ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئۇزاق ئۆتمەي ۋىتېر بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېنىق تەلەپپۇز قىلالايدىغان بولغان.

بالىغا تىل ئۆگەتكەندە، ۋىتېرنىڭ دادىسى ناھايىتى ئەسقاتىدىغان بەزى ئۇسۇللارنى يەكۈنلىگەن، بىز بۇ ئۇسۇللارنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلىدۇق: تىرمىنىنىڭ قوللىنىلىشى ئەتراپتىكى ئەمەلىي نەرسىلەردىن باشلىنىدۇ. بىز چەت تىل ئۆگەنگىنىمىزدە تاق تىرمىنلارنى كۆپلەپ ئەستە قالدۇرمىساق بولمايدۇ. لېكىن كۆپ ئەستە قالدۇرۇشنى خالىساقمۇ لېكىن كۆپ ھاللاردا نەتىجە قازىنالماي قالىمىز ـ دە، يەنە ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىمىز. ۋىتېرنىڭ دادىسىمۇ بىر مەزگىل ۋېبوستىنىڭ يانچۇق لۇغىتىنى قويىنىغا سولاپ تىرمىن يادلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر تەرەپتىن يادلاپ، بىر تەرەپتىن ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئانچە چوڭ ئۈنۈم قازىنالمىغان. تاق تىرمىنلارنى



www.uyghurkitap.com

كۆپلەپ ئەسنە قالدۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا قىزىقارلىق كىتابلارنى كۆپ ئوقۇش، ئوقۇش داۋامىدا كىتابتىكى تاق تىرمىنلارنى ئەستە قالدۇرۇش لازىم. قائىدە ئوخشاشكى، بالىلارغا تىرمىنلارنى كۆپلەپ ئۆگىتىشتە، ئۆردەك بوردىغاندەك مەجبۇرىي قۇيغان بىلەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بالىغا زىيان يېتىدۇ.

بالىغا گەپ قىلىشنى ئۆگەتمەك ھەقىقەتەن تەس، ئەگەر ئوبدان ئەجىر سىڭدۈرمىگەندە ئوبدان ئۆگەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن ۋېتېرنىڭ دادىسى ناھايىتى ئوبدان ئۆگەتكەن.

ۋېتېر سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇنى قۇچىقىدا تۇتۇپ ئۇنىڭغا شىرەدىكى تاماق سايمانلىرى ۋە يېمەكلەرنىڭ، بەدەننىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ، كىيىمنىڭ ھەر قايسى يەرلىرىنىڭ، ئۆيدىكى ئەسۋاب - سايمانلار ۋە بۇيۇملارنىڭ، ئۆينىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنىڭ، قورۇدىكى گۈل - گىياھلارغا ئوخشاش ۋېتېرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئۆگەتكەن، يەنە پېئىل ۋە سۈپەت سۆزى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگىتىپ ئۇنىڭ بىلىدىغان تىرمىنلىرىنى پەيدىنپەي كۆپەيتىپ بارغان. بۇنداق تەربىيە ئېلىپ بارغاندا تەدرىجىي ئىلگىرىلەشكە دىققەت قىلىش: دەسلەپتە ناھايىتى ئاددىي سۆزلەرنى ئۆگىتىش، ھەر كۈنى مەشىق قىلدۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇزاققىچە توختاتماسلىق لازىم، شۇنداق قىلغاندا چوقۇم ھاسىلات قولغا كېلىدۇ.

ۋېتېر گەپنى ئاز - تولا چۈشىنەلەيدىغان بولغاندا، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ھېكايە سۆزلەپ بەرگەن. ۋېتېرنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قارىشىچە، بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىش ھەممىدىن مۇھىم ئىكەن. بالىلار بۇ دۇنياغا مېھمان كىشىلەر، بۇ دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن نامەلۇم دۇنيا، شۇڭا ئۇلارنى بۇ دۇنيادىن



ئىمكانقەدەر بالدۇر خەۋەردار قىلىش لازىم. خەۋەردار قىلىش قانچە بالدۇر بولسا شۇنچە ياخشى. بالىلاردا بۇ دۇنياغا قارىتا يېقىنچىلىق قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاستە ھېكايە سۆزلەشتىن ئىبارەت.

ھېكايە سۆزلىگەندە بالىلارنىڭ بىلىم دائىرىسى كېڭىيىپلا قالماستىن، بەلكى تىرمىنلىرىمۇ كۆپىيىدۇ. ھېكايىنى بالىلارغا پاسسىپ ھالدا ئاڭلىتىپ قالماي بەلكى يەنە ئۇلارغا قايتا سۆزلەتكۈزۈش كېرەك. ئەگەر بالىغا قايتا سۆزلەتكۈزمىگەندە ھېكايە سۆزلەپ ئۈنۈم قازىنىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

ۋېتېر مۇشۇنداق ئۈزلۈكسىز جانلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ۋېتېردا نەتىجە ھاسىل بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ۋېتېر بەش، ئالتە ياشلارغا كىرگەندە، ئۇ ھېچقانچە ھەشەم تارتمايلا 30 نەچچە مىڭ تىرمىننى يادلىۋالىغان، بۇ سان بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۈچۈنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سان ھېسابلىنىدۇ.

ۋېتېرنىڭ تىل ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىكى بىر بۇ نۇقتا، يەنى بالىغا سۆزنى يېرىم - يارتا ئۆگەتمەسلىك. ئاتا - ئانىلارنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. ئۇ بالىلارغا: «پوك - پوك (ئەمچەك)، «تاق - تاق» (پۇت)، «ھاۋ - ھاۋ» (ئىت) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئۆگىتىش بالىنىڭ تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولماستىن، بەلكى زىيانلىق دەپ قارىغان. ئۇنىڭ تەجرىبە قىلىشىچە، بالا ئىككى ياش چامىسىدىكى چاغلاردا ئاستا ھەم ئېنىق تەلەپپۇز بىلەن رەسمىي تىل ئۆگەتكەندە، بالا ئادەتتىكى سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلالىغان. دەرۋەقە، «پوك - پوك»، «تاق - تاق» دېگەن سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلىش ئاسان، لېكىن ئەسلىدە ئۆگەتسىلا ئۆگىنىۋالالايدىغان نەرسىلەرنى قەستەن ئۆگەتمەسلىك ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ سەۋەبتىن ۋېتېرنىڭ دادىسى ۋېتېرغا زادى

يېرىم - يارىتا گەپلەرنى ئۆگەتمىگەن.

تىل تەربىيىسى داۋامىدا، ۋىتېرنىڭ دادىسى دەسلەپتىلا باللارغا ئۆلچەملىك تىل ئۆگىتىشنى ئىنتايىن تەكىتلىگەن. شۇڭا ئۇ دائىم ئوغلىغا سۆزنى ئېنىق تەلەپپۇز قىلىپ بەرگەن ھەم ئۆلچەملىك مېنىس تىلنى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتكەن ھەمدە ئوغلى توغرا تەلەپپۇز قىلىسىلا، ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «ناھايىتى توغرا دېدىڭ. ناھايىتى توغرا دېدىڭ» دەپ تەقدىرلىگەن. ۋىتېر سۆزنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمىغاندا، ئۇ خوتۇنىغا: «قاراڭ، ئوغلىڭىز پوكۇنى گەپنى قىلالمىدى. . . » دېگەن، خوتۇنى جاۋاب بېرىپ: «شۇنداقمۇ؟ مېنىڭ ئوغلۇم شۇ گەپنىمۇ قىلالمىدىمۇ؟» دېگەن، گەرچە ۋىتېر كىچىك بولسىمۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ جېنىنىڭ بارىچە ئۆلچەملىك تىل ئۆگىنىش غەيرىتىنى قوزغىغان. ئاتا - ئانىسىنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى ۋە چىڭ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، ۋىتېر كىچىكىدىن تارتىپلا سۆزنى ناھايىتى توغرا تەلەپپۇز قىلىدىغان بولغان.

ۋىتېرنىڭ دادىسى ئۇنىڭ سۆزنى باللارچە تەلەپپۇز قىلىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە ئۇنىڭغا پەيدىنپەي مۇرەككەپ سۆز - ئىبارىلەرنى چۈشىنىش ۋە قوللىنىشنى ئۆگەتكەن ھەمدە سۆز - ئىبارىلەرنى توغرا، جانلىق قوللاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان. بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ بىرى قاتتىق تەلەپ قويۇپ، يەنە بىرى بالىنى بوش قويۇۋەتمەي بەلكى چوقۇم ئۆز ئارا ماسلىشىش كېرەك دەپ قارىغان. ئۇ خوتۇنى بىلەن ئوبدان ماسلىشىپ ھەم ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردا سۆزنى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىلنى قېلىپلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق سۆزلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىغان.

ۋىتېرنىڭ دادىسى خوتۇنىنىڭ دىئالېكت ياكى يەرلىك



شىۋىلەرنى قوللىنىشنى چەكلەپ قالماي، بەلكى ئايال مالىيى ۋە ئەر مالىيىنىڭمۇ شۇنداق سۆزلەرنى قوللىنىشنى چەكلىگەن. ئۇ ۋىتېرغا دىئالېكت ۋە يەرلىك شىۋىلەرنى ئۆگىتىش ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانلىق دەپ قارىغاچقا شۇنداق قىلغان. ئۇ ۋىتېرنىڭ ئۆلچەملىك نېمىس تىلنى يادلىشىغىلا يول قويغان. چۈنكى ۋىتېر ئۆلچەملىك ئوقۇشنى بىلگەندىلا كىتابتىكى سۆزلەرنى قىينالمايلا ئوقۇپ چۈشىنەلەيتتى.

كارىل ۋىتېردىن باشقا نۇرغۇن پېداگوكلارمۇ تىل تەربىيىسىنىڭ باللارغا بولغان دەسلەپكى تەربىيىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتى. ياپونىيىنىڭ سونىي ئېلېكتىر ماشىنا - سايمانلىرى شىركىتىنىڭ بەرپاچىسى ھەم پەخرىي لىدىرى جىڭ شىندا ئەپەندى ئۆزىنىڭ «نۆل ياشتىن باشلانغان تەربىيە» دېگەن كىتابىدا، بالا تۇغۇلۇپلا تۇرلۇك ئۇچۇرلارنى تاللاپ بالىغا ئۆگەتسە، بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ نېرۋىلىرىنى ئۇنۇملۇك غىدىقلىيالايدۇ، بۇ بالىنىڭ يوشۇرۇن ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىغان. ئۇ ھەتتا يۈرەكلىك ھالدا بالىغا پايدىلىق ئۇچۇرلارنى ئۆگىتىشنى بالا تۇغۇلۇپ 15 كۈن ئۆتكەندىلا باشلاشنى تەشەببۇس قىلغان.

ليۇ يىنىڭنىڭ ئانىسى دەل مۇشۇنداق ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن قىزى تۇغۇلۇپ 15 كۈن ئۆتكەندىن تارتىپلا ئۇنىڭغا تىرمىن «قويۇش»قا باشلىغان.

دەل 15 كۈن بولغان كۈنى ئەتىگەندە، قىزى ئويغانغان چاغدا، ليۇ يىتىڭنىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ بىگىز بارمىقىنى ئاستاغىنە قىزىنىڭ كىچىك قوللىرىنىڭ ئالقىنىغا تىققان، قىز تۇغما بۇيۇملىرىدىن باشلاشقا دىققەت قىلىپ، تۇرلۇك نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى قايتا - قايتا ئۆگەتكەن. بۇ سۆزلەرنى ئۆگەتكەندە بىرەر نەرسە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئاساسىي



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەھەتتىن نېمە كۆرۈنسە شۇنى ئۆگەتكەن، شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭغا پېئىل ۋە سۈپەت سۆزلىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگەتكەن.

لىۋىيتىڭنىڭ ئانىسىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ باسقۇچتا بالىغا تىل ئۆگىتىشنى باشلىغاندا ھەقىقەتەن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بولىدۇ، چۈنكى بۇ چاغدا بالا تېخى كىچىك بولغاچقا، چوڭ بالىلارغا ئوخشاش باشقا ۋاسىتىلەرگە تايىنىپ ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

لېكىن بۇ باسقۇچتا بالىغا قارىتا تىل مەشىقى ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، ئاتا - ئانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىش لازىم. بۇ ئەڭ مۇھىم ئاچقۇچ.

ئۇنىڭ قارىشىچە، بالىغا تۇغۇلۇپ 15 كۈن ئۆتكەندىن باشلاپلا تىل ئۆگىتىشتىن مەقسەت، بالىنىڭ ئىمكانقەدەر بالدۇر گەپ قىلىشنى بىلدۈرۈش ئەمەس، بەلكى بالىغا مۇددەتتىن بۇرۇن ئۈچۈر سىڭدۈرۈپ بالىغا ئىمكانقەدەر بالدۇر تىرمىن جۇغلاتقۇزۇش ئىكەن. بالا ئىگىلىگەن تىرمىن مەلۇم سانغا يەتكەندە، ئۇنىڭ تەلەپپۇز قىلىش - قىلالماسلىقىدىن ئۇنىڭ بىلىش (تونۇش) قابىلىيىتى بىلەن چۈشىنىش قابىلىيىتى جەھەتتە بىر قېتىملىق سەكرەش بارلىققا كېلىدىكەن. بالىنىڭ تەلەپپۇز سىستېمىسى يېتىلگەندە ئۇ بىلىۋالغان تىرمىنلار ۋە جۈملىلەر گويا بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقىدىكەن. ئىپادىلەش قابىلىيىتى تىرمىن ئۆگىنىشنى كېيىن باشلىغان بالىلارنىڭكىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدىكەن.



## بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ھەۋىسىنى قوزغاش كېرەك

كۆپچىلىك ۋىتىر تۇرمۇشتا كىتاب شىرەسى ئالدىدا ئولتۇرغاندىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى قىلمىغان دەپ قارىشى مۇمكىن؛ ياكى بىر قەدەم چېكىنىپ ئۇ قىرائەتخانىغا ئوخشاش بەزى بىلىملەرنى ئۆگەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئازراق چەت تىل بىلگەندىن باشقا نەرسىلەرنى زادى بىلمەيدۇ دەيلى. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ۋىتىرنىڭ كىتاب شىرەسى ئالدىدا ئولتۇرغان ۋاقتى ھەرقانداق بىر ئۆسمۈرنىڭكىدىن ئاز بولغان. ئۇ كۆپ ۋاقتىنى ئويناش ۋە ھەرىكەت قىلىشقا قانغۇچە ئىشلەتكەن، ئۇ ئىنتايىن ساغلام ۋە تېتىك بالا بولۇپ، ئۆگىنىش جەھەتتە چەت تىل ئۆگەنگەندىن باشقا، ئازادىلىك ئىچىدە، ئوڭۇشلۇق ھالدا بوتانىكا، زولوگىيە، فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا قاتارلىقلارنى ئۆگەتكەن. ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغلىنى ئازادىلىك ئىچىدە، خۇشال - خۇرام ھالدا شۇنداق كۆپ بىلىملەرنى ئۆگىنىدىغان قىلىشتا چوقۇم ئۇنىڭ ئىنتايىن ئۆزگىچە تەربىيە ئۇسۇلى بار.

ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى سىرى، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ھەۋىسىنى قوزغاش ۋە بالىلارغا سوئال قويغۇزۇشتىن ئىبارەت. ۋىتىر ئۈچ، تۆت ياشلىق بولغاندا، ئۇنىڭ دادىسى ئۇنى يېتىلەپ بىر - ئىككى سائەت ئوينىتاتتى. لېكىن مۇنداق يېتىلەپ يۈرۈپ ئوينىتىش ئادەتتىكى ھالدىكى يول **ماڭغۇزۇش بولماستىن، بەلكى بىر تەرەپتىن ۋىتىر بىلەن مۇڭدىشىش، يەنە بىر تەرەپتىن تەربىيە بېرىشتىن ئىبارەت**

www.uyghurkitap.com

بولغان. مەسىلەن، بەزىدە سەيلە قىلغاندا، ۋىتىرنىڭ دادىسى بىرەر تال گۈلنى ئۈزۈپ ئوپېراتسىيە قىلىپ ۋىتىرغا گۈلنىڭ ئۆسۈش ئالاھىدىلىكى ۋە رولىنى چۈشەندۈرگەن؛ بەزىدە گۈللۈكتىن بىرەر قۇرتنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا ھاشارات توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئۆگەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىرەر تاش، بىرەر تال گۈل - گىياھ قاتارلىق ئەمەلىي ماتېرىياللار ئارقىلىق ۋىتىرغا ئەڭ جانلىق تەربىيە بەرگەن.

ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئۆردەك بورداش ئۇسۇلىنى قوللانماي، بەلكى ئالدى بىلەن ۋىتىرنىڭ ئۆگىنىش ھەۋىسىنى قوزغىغان. ئاندىن ئۇنىڭ ھەۋىسىگە ئۇيغۇنلىشىپ تەربىيىنى ناھايىتى جايىدا ئېلىپ بارغان.

يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ۋىتىرنىڭ دادىسى ئوغلىغا تەربىيىنى سىستېمىلىق ئېلىپ بارماي، ئۇنىڭ ئۇ بوتانىدىكى مەسىلە، بۇ زوئولوگىيىدىكى مەسىلە دېگەنلەرنى دەپ بەرگەن. سەيلە قىلغاندا ۋىتىر مەلۇم شەيئىگە قىزىقىپ قالغاندىلا، ئۇ ئۇنىڭ مۇناسىپ بىلىملەرنى ئۆگەتكەن. شۇڭا ۋىتىر كېيىنكى چاغلاردا زوئولوگىيە ۋە بوتانىكىغا دائىر كىتابلارنى ئوقۇغاندا كىتابتىكى بىلىملەرنى ناتونۇش بىلىنمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئوڭايلا ئۆزلەشتۈرەلىگەن.

بىز ئەمەلىيەت داۋامىدا شۇنى بايقىدۇقكى، بالا ئۈچ - تۆت ياشلىق بولغاندىلا، ئۇلار چوڭلارغا قويىدىغان سوئال بارغانسېرى كۆپىيىدۇ ھەم تۈرلۈكچە بولىدۇ. لېكىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاتا - ئانا بالىلىرىنىڭ سوئال قويۇشىدىن ھاياجانلانماقتا يوق ئەكسىچە ناھايىتى تېرىكىپ كېتىدۇ. ئۇلار بالىلىرىنىڭ قويغان سوئاللىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاب بېرىدۇ. ھەرگىز سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرمەيدۇ. دەل ئۆزى بالىلىرىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى قۇرۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان



بولىسىمۇ. لېكىن بالىسى مەكتەپتە بارغاندىن كېيىن ئاندىن: «نېمە ئۈچۈن بالىنىڭ نەتىجىسى مۇنداق ناچار!» دەپ ۋايساپ كېتىدۇ. لېكىن مۇنداق ئاتا - ئانىلار ئەزەلدىن قىلغانلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرمەيدۇ.

ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ بۇ جەھەتتە قانداق قىلغانلىرىغا قاراپ باقايلى! ۋىتىر سوئال سورىغاندا ئۇ دائىم ئىلھاملاندۇرغان ھەم سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بەرگەن، ھەرگىز ۋىتىرنى ئالدىمىغان. تەربىيە جەھەتتە ۋىتىرنىڭ دادىسى كىچىك بالىلارغا خاتا نەرسىلەرنى ئۆگىتىشتىنمۇ قەبىھ ئىش يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. بالىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە، ئۇ جاۋابنى ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان قىلىپ بەرگەن. بالىنىڭ شۇ چاغدىكى بىلىم شارائىتىدا تولۇق قوبۇل قىلالايدىغان - قىلالمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ تولۇق نەزەردە تۇتقان. تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇكى، ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان سوئاللارنى قويغاندا، ئۇ چورتلا سەممىمىي جاۋاب قايتۇرۇپ: «بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن دادا - بالا ئىككەيلەن بىرلىكتە كىتابنى ئاختۇرغان ياكى كۇتۇپخانىغا بېرىپ ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ ئوقۇغان. بۇمۇ ۋىتىرغا ھەقىقەت يولىدا ئىزدىنىش روھىنى ئاتا قىلغان. ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىرنى تەربىيىلەش داۋامىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان ۋە ھەق - ياكى ناھەقلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىلىملەرنى كۈچىنىڭ بارىچە مۇستەسنا قىلىشتا چىڭ تۇرغان.

ئەگەر ۋىتىر زوئولوگىيە ۋە بوتانىكا جەھەتتىكى بىلىملەرنى دادىسى بىلەن بىللە سەيلە قىلغاندا قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، كۆزى بىلەن كۆرۈپ قوبۇل قىلغان دېسەك، ئۇنداقتا، ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىرغا جۇغراپىيىگە دائىر بىلىملەرنى ئۇنى تەبىئەت ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ ئۆگەتكەن. ئۇ دائىم يېشى كىچىك ۋىتىرنى ئەتراپتىكى كەنتلەرگە ئېلىپ بېرىپ تاماشا

قىلدۇرۇپ، ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى كەنتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇققاندىن كېيىن، ۋېتېرنى قولىغا قەلەم ۋە قەغەز ئالدۇرۇپ كەنتتىكى ئېگىز مۇنارغا چىقارغان. ۋېتېر يىراقلارغا كۆز تىكىپ قارىغان، بۇ چاغدا ۋېتېرنىڭ دادىسى دەل ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن ئەتراپتىكى جايلارنىڭ نامىنى سورىغان. ئۇنىڭ بىلەلمىگەن جايلىرىنى چۈشەندۈرۈپ دەپ بەرگەن، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەتراپتىكى جايلارنىڭ ئاددىي جۇغراپىيە خەرىتىسىنى سىزىشنى بۇيرۇغان. ئاندىن ئىككىيلەن بىللە سەيلە قىلىپ، خەرىتىگە يول، ئورمان ۋە دەريا سىزغان. شۇنىڭ بىلەن قوشنا كەنتنىڭ خەرىتىسى سىزىپ چىقىلغان. بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن دادا ـ بالا ئىككىيلەن كىتابخانىغا بېرىپ شۇ جاينىڭ خەرىتىسىنى سېتىۋېلىپ ئۆزلىرى سىزغان خەرىتە بىلەن سېلىشتۇرۇپ، خاتا بولۇپ قالغان جايلارنى تۈزەتكەن. شۇنداق قىلىپ ۋېتېرنىڭ دادىسى ئوغلىغا چۈشەنمەك تەس بولغان خەرىتە ئۇقۇمىنى تەدرىجىي ھالدا ئۆگىتىپ قويغان.

ۋېتېرنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا زوئولوگىيە، بوتانىكا ۋە جۇغراپىيە بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا ئۆگەتكەن. ئاسترونومىيە ئۆگىتىشنى ئاق سۆڭەك سېكندۇرۇپقا ھاۋالە قىلغان. سېكندۇرۇپ ۋېتېرنىڭ دادىسىنىڭ تونۇشىمۇ ئەمەس ئىدى، ئادەتتە ئالاقىمۇ قىلىشمايتتى، ئۇ ۋېتېرنىڭ ئاجايىپ قابىلىيىتىگە قىزىقىپ قېلىپ ئۇنى كۆرگىلى كەلگەندە تونۇشۇپ قالغان. ئۇ ۋېتېر بىلەن ئالاقىلىشىپلا ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالغان، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆگىنىش سەۋىيىسى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكىدىن كۆپ ئارتۇق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سېكندۇرۇپ بۇ قابىلىيەتلىك بالىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈپ ئۆز ئۆيىگە چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ تېلېسكوپى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى ئۆگەتكەن، بۇ ئادەم بىلىم ئېلىش



بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئاسترونومىيىگە دائىر كۆزىتىش ئەسۋابلىرى بولغاندىن باشقا يەنە فىزىكا ۋە خىمىيىگە دائىر ماشىنا ـ سايمانلىرى ھەم تۈرلۈك كىتاب ـ ژۇرناللىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى سېخىيلىق بىلەن ۋېتېرنىڭ بۇ كىتابلار ۋە ماشىنا ـ سايمانلاردىن پايدىلىنىشىغا يول قويغان ھەمدە ۋېتېرنىڭ تۈرلۈك بىلىملەرنى كۆڭلى خالىغانچە ئۆگىنىشىگە ياردەم بەرگەن.

ۋېتېرنىڭ دادىسى يەنە بارلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئوغلىنىڭ بىلىمىنى كۆپەيتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن، بىنا ـ ئىمارەتلەرنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا ئۇ ئىمارەتنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، قانداق جايغا سېلىنغانلىقىنى دەپ بەرگەن. كونا قەلئەلەرنى كۆرگەندە، ئۇ قەلئەنىڭ بۇرۇن نېمە دەپ ئاتالغانلىقىنى ھەم شۇ قەلئەنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بەرگەن.

ۋېتېرنىڭ دادىسى ۋېتېر بەش ياشقا كىرگەندىن كېيىن، مەيلى تۇغقانلىرىنىڭكىگە، ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭكىگە ياكى نەرسە سېتىۋالغىلى، مەيلى مۇزىكا يىغىنلىرىغا مۇزىكا ئاڭلىغىلى بارسۇن ياكى ئويۇن كۆرگىلى بارسۇن، ئۇنى بىللە ئېلىپ بارغان. بوش ۋاقتى بولسىلا مۇزېيخانىلار، گۈزەل ـ سەنئەت سارايلىرى، ھايۋانات باغچىلىرى، ئۆسۈملۈك باغچىلىرى، زاۋۇتلار، كانلار، دوختۇرخانىلار ۋە بالىلار باغچىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بىلىمىنى ئاشۇرغان.

ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش ئاشۇ خىلدىكى تەربىيىلەرنىڭ بۇ قىسمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ھەرقېتىم ئېكسكۇرسىيىدىن قايتىپ كەلگەندە ۋېتېرنىڭ دادىسى ۋېتېرغا كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇرغان ياكى ئانىسىغا دوكلات قىلدۇرغان. ۋېتېر مۇشۇنداق بىر تاپشۇرۇقنى ئىشلەيدىغان بولغاچقا، ئېكسكۇرسىيە قىلغان چېغىدا كۆڭۈل قويۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆزەتكەن. دادىسى ياكى ئېكسكۇرسىيە يېتەكچىسىنىڭ تونۇشتۇرغان ياكى سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى زەن قويۇپ تىڭشىغان.

ۋىتىر ئۈچ ياشقا كىرگەندىن كېيىن دادىسى ئۇنى ھەر تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ ئايلاندۇرغان، ۋىتىر بەش ياشقا كىرگەندە، دادىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا، گېرمانىيىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ بولغان. سەپەردە ئۇ تاغلارغا چىققان. مەنزىرىلىك جايلارنى سەيلە قىلغان؛ ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى ئىزدىگەن، قەدىمىي جەڭگاھلارغا بېرىپ تەزىيىمۇ بىلدۈرگەن. سارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىردىن كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى خەتكە يېزىپ ئانىسىغا ۋە تونۇش ـ بىلىشلىرىگە ئەۋەتىشنى بۇيرۇغان. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن سەپەر ئۈستىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ۋە بىۋاستە تەسىراتلىرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا دەپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن.

ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىرنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدا ھەقىقەت ئىزدەش روھىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، پۇل ئارىيەت ئېلىش ۋە جىسمانىي مېھنەت سىڭدۈرۈشكە پىخسىقلىق قىلمىغان. مەسىلەن، ۋىتىرغا سېھىرگەرلىكنىڭ سىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، جىق پۇل كېتىدىغانلىقىغا قارىماي، سېھىرگەر تەكلىپ قىلىپ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئاشۇ سىرنى چۈشەندۈرگۈزگەن.

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىرنى تەربىيىلەش داۋامىدا «يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن قائىدىگە قەتئىي ئىشەنگەن.

شەيئىلەرگە ناھايىتى قىزىقىش ۋە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۆزى تالانت، بالىلارنى ئىنچىكە كۆزەتكەندىلا ئادەم بالىلارنىڭ، دۆت ياكى سارالىڭ



بولمىسىلا، شەيئىلەرگە ئىنتايىن ئاساسەن قىزىقىدىغانلىقى ۋە قىزغىن بولىدىغانلىقىنى بايقىيالايدۇ. دېمەك بالىلار تەبىئىي يوسۇندا بەزى جەھەتلەرگە ياكى مەلۇم بىر تەرەپكە نىسبەتەن كۈچلۈك قىزغىنلىقتا بولىدۇ، مۇبادا ئۇلار مەلۇم بىر تەرەپكە ياكى بەزى ئىشلارغا مەھلىيا بولۇپ قالسا، مارك ئېيتقان «ئىشلەتسەڭلا تەرەققىي قىلىسەن» دېگەن قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىپ ئۆز قابىلىيىتىنى كىشى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە تالانت ئەنە شۇ تەرىقىدە بارلىققا كېلىدۇ.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر بالىدا قىزغىنلىق ئوتى ئەمدىلا يېلىنجاشقا باشلىغاندا ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا سۇ چاچىدۇ، دۇنيادا تالانتلىق كىشىلەرنىڭ ئاز بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنىڭدا. ئەگەر بالىنىڭ ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقى ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىش شارائىتىغا ئاز ئىگە بولسا، نۇرغۇن ئائىلىلەر بالىنىڭ ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقى ئەمدىلا بىخ سۈرگەندە ئۇنى دەسسىۋېتىدۇ، يەنە بىخ سۈرگەندە يەنە دەسسەپ ـ چەيلەپ ئۇنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پۇرسەتنى ناھايىتى ئاز بېرىدۇ. نەتىجىدە تالانت ئىگىلىرى ناھايىتى ئاز چىقىدۇ. لېكىن ۋىتىر، سىدىز، بارىل قاتارلىقلارنىڭ يېتىلىش جەريانى كىشىلەرگە شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ئەگەر بالىنىڭ ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقى دەسلەپتىلا ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلالىسا مۇتلەق كۆپ ساندىكى بالا قەھرىمان ۋە تالانتلىق بولىدۇ.

دۇرۇس، ۋىتىرنىڭ دادىسىغا ئوخشاش بالىلارغا تەربىيىنى بالدۇر ئېلىپ بارغان كىشىلەر كۆپ بولماي كەلگەن، شۇنداق بولسىمۇ، ئىنسانلار تارىخىدا يەنىلا نۇرغۇن تالانتلىقلار بارلىققا كەلگەن. بۇ تالانت ئىگىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار كۆرسەتتىكى، ئۇلار تۇغۇلغاندىلا تۇغما قابىلىيەتلىك

توغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ كىچىك چاغلىرىدىكى ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقىنىڭ بىخلىرى دەسسەپ - چەيلىۋېتىلمىگەن، بەلكى ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشقا ئېرىشكەن.

جاھاندىكى ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقىنى ئاسراشنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇغاندىن باشقا، يەنە بالا قانچە چوڭ بولغانسېرى كۈچلۈك ھەۋەس ۋە قىزغىنلىققا ئىگە بولۇشى شۇنچە تەس بولىدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ يېتىشى شەرت. چۈنكى بالا چوڭ بولۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ھەۋىسىنىڭ يۇمران بىخلىرى قايتا - قايتا ئاياغ ئاستى قىلىنىشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قانچە چوڭ بولغانسېرى، ئۇلارنىڭ ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقى شۇنچە قاتتىق ئاياغ ئاستى قىلىنىشى ۋە يوقىتىۋېتىلىشى مۇمكىن. شۇڭا بالىلارغا تەربىيىنى بالدۇر ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئەنە شۇ يەردە دەيمىز. بالا چوڭ بولغانسېرى مىجەز جەھەتتىن شەيئىلەرگە ھەۋەس قىلمايدىغان ۋە قىزغىن بولمايدىغان بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن تۇغما قابىلىيىتىنىڭ جارىي بولۇش ئىمكانىيىتىمۇ بارغانسېرى ئاز بولىدۇ. بالدۇر ئېلىپ بېرىلغان تەربىيە دەل مۇشۇ كەملىكنى تولدۇرىدۇ.

بەزىلەر تالانت ئىگىلىرى تىرىشىش داۋامىدا خۇددى ئەرمەكلەرنى ئويناۋاتقاندەك ئىشلارنى قىلىدۇ دەيدۇ، يەنى تالانت ئىگىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ھەۋەسنىڭ تۈرتكىلىكىدە قوزغالغان قىزغىنلىقتىنلا ئىبارەت دېمەكچى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەرمەك شەكلىدىكى تىرىشچانلىقلار كىشىنىڭ خىيالىغا كىرمەيدىغان بەزى نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. يەنى ئەرمەكلا قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تالانت ئىجادىيەتلىرىنى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. قانچە جاپالىق ئەمگەك



قىلغان بىلەنمۇ قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ.

ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىر ئۈچ يېرىم ياشقا كىرگەن چاغدىن باشلاپلا ئۇنىڭغا خەت ئۆگىتىشكە باشلىغان. لېكىن ھەرگىز مەجبۇرلىمىغان. «تەربىيىنى مەجبۇرىي ئېلىپ بارماسلىق» ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ تەربىيە مېتودىدىكى بىر چوڭ پرىنسىپ. نېمىنى ئۆگىتىشتە بولسۇن، ئالدى بىلەن بالىدا ھەۋەس پەيدا قىلىش كېرەك، بالىدا ھەۋەس قوزغالغاندا تەربىيىنى ئاندىن باشلاش لازىم.

ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىرغا كىچىكىدىلا خەت ئۆگىتىشتە يەنە كىچىك بالىلار بىلىۋالالمايدىغان «كىچىك ۋاسىتىلەر» نىمۇ قوللانغان. مەسىلەن، ۋىتىرغا بالىلار كىتابلىرى ۋە رەسىملىك كىتابلارنى ئەكىلىپ بېرىپ، كىتابتىكى مەزمۇنلارنى ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ چۈشەندۈرگەن، ئىشلىتىلگەن سۆز-ئىبارىلەرنى رىغبەتلەندۈرگەن ... ئالايلۇق: «ئەگەر بۇ خەتلەرنى ئوقۇيالىساڭ، بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيسەن» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغان. بەزىدە ئۇ ئەتەي سۆزلەپ بەرمەي تۇرۇۋېلىپ، قەستەن ئۇنىڭغا: «بۇ كىتابتىكى ھېكايە ئىنتايىن قىزىقارلىق، ئەمما مېنىڭ بۇنى سۆزلەپ بېرىدىغان ۋاقتىم يوق» دېگەن، ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەكسىچە ۋىتىردا چوقۇم خەت ئۆگىنىش ئويى ۋە ئارزۇسىنى قوزغىغان. ۋىتىردا مۇشۇنداق كۈچلۈك خەت ئۆگىنىش ئارزۇسى قوزغالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دادىسى ئاندىن ئۇنىڭغا خەت ئۆگىتىشكە باشلىغان.

ۋىتىرنىڭ ئۆگىتىش ئۇسۇلى (مېتودى) ھازىرقى مەكتەپلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئاۋۋال خەت بېسىش دۇكىنىغا بېرىپ تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر كېلىدىغان نېمىسچە قوغۇشۇن ھەرپلىرى، رىم رەقەملىرى ۋە ئەرەب رەقەملىرىنىڭ مەتبەئە نۇسخىسىدىن 10 يۈرۈش

www.uyghurkitap.com

سېتىۋېلىپ، ئاندىن بۇ ھەرپلەرنى تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر كېلىدىغان تۆت چاسا كىچىك تاختىغا چاپلاپ، ئەرمەك ئويناش شەكلى بىلەن ئۆگەتكەن. خەت ئۆگىتىشنى ئاۋۋال سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۆگىتىشتىن باشلىغان، ئاندىن «ھەرپلەرنى بىر - بىرىگە قوشۇش ئەرمىكى» ئويناش شەكلى بىلەن گۇرۇپپا خەتلەرنى ئۆگەتكەن، ئەلۋەتتە.

غەرب تىللىرىدا 26لا ھەرپ بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمىسچىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئىنگلىزچىگە ئوخشاش ئۇنداق قانۇنىيەتسىز ئەمەس. شۇڭا ۋىتىر خەت ئوقۇشنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالغان، يەنى ئوقۇش قائىدىسىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپلا خەت ئوقۇشنى بىلىۋالغان. ۋەھالەنكى ۋىتىر نۇرغۇن تىرمىنلارنى ئۆگىنىپ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆگەنگەندىمۇ ئۆلچەملىك نېمىس تىلىنى ئۆگەنگەن، شۇڭا كىتابنى ناھايىتى ئاسانلا ئوقۇيالايدىغان بولغان. بۇ نۇقتا بوگونكى جوڭگودىكى ياش ئاتا - ئانىلار ئۈچۈنمۇ ناھايىتى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. بالا ئاساسلىقى تىل جەھەتتىكى توسالغۇ تۈپەيلىدىن مەكتەپتە ئوبدان ئوقۇيالمايدۇ.

ئۆز دۆلىتىنىڭ تىلىنى ئوقۇش قائىدىسىنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە شۇ تىلغا يېقىن كېلىدىغان باشقا چەت تىللارنى ئۆگىنىشى لازىم. غەربتىكى تىللار، مەيلى نېمىسچە بولسۇن، ئىنگلىزچە بولسۇن، ئىتالىيانچە بولسۇن، فرانسۇزچە بولسۇن، ئاز - تولا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ۋىتىر نېمىسچە ئارقىلىق ئەركىن ھالدا كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دادىسى دەرھال ئۇنىڭغا فرانسۇزچە ئۆگىتىشكە باشلىغان، ئۇ چاغدا ۋىتىر ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن. ۋىتىر بىر يىلدىلا ھەر خىل فرانسۇزچە كىتابلارنى ئەركىن ھالدا ئوقۇيالايدىغان بولغان. بۇنداق تېز ئوقۇيالايدىغان بولۇشتىكى سەۋەب ئۇنىڭ نېمىسچە بىلىملىرىنىڭ ئىنتايىن مول



ئىكەنلىكىدە، ئەلۋەتتە.

ۋىتىر فرانسۇزچىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە دەرھال ئىتالىيانچىنى ئۆگىنىشكە باشلاپ ئالتە ئايدىلا ئۆگىنىپ بولغان. بۇ چاغدا ۋىتىرنىڭ دادىسى ئەمدى ئۇنىڭغا لاتىنچە ئۆگەتسەم بولىدۇ دەپ قارىغان.

غەرب ئەللىرىدە چەت تىل ئۆگىنىشنى ئاۋۋال لاتىنچە ئۆگىنىشتىن باشلاش كېرەك دەيدىغان بىر ئومۇمىي بەلگىلىمە بار. لېكىن ۋىتىرنىڭ دادىسى مۇنداق قىلسا بەك مەجبۇرىي بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان، چەت تىل ئۆگىتىشنى نېمىسچىگە ئەڭ يېقىن بولغان فرانسۇزچىنى ئۆگىتىشتىن باشلىسام ئاندىن مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولىدۇ دەپ قاراپ، ئالدى بىلەن ئاسىنىنى ئاندىن تەسىنى ئۆگىتىش تەرتىپى بويىچە ئىش قىلغان. لاتىنچە ئۆگىنىشمۇ غەرب بالىلىرى ئۈچۈن خېلىلا تەس، شۇڭا لاتىن تىلى باشنى ئاغرىتىدىغان تىل دەپ قارىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ۋىتىرنىڭ دادىسى لاتىنچە ئۆگىتىشنى خېلى تەييارلىق قىلىپ ئاندىن باشلىغان، يەنى لاتىنچە ئۆگىتىشتىن بۇرۇن، ئاۋۋال ۋېگېلنىڭ «ئېلىگىس» دېگەن ھېكايىسىنىڭ تەپسىلاتى، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىدىيىسى ۋە يارقىن ئۇسلۇبىنى ۋىتىرغا سۆزلەپ بېرىپ ئۇنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغان.

ئالتە دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئادەتتىكى ئادەملەر ئۆمۈرلۈك زېھنىنى سەرپ قىلىدىغان ئىش. ئەمما ۋىتىر تېخى بىر بالا تۇرسا. شۇڭا ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ چەت تىل ئۆگىتىش جەھەتتىكى تەجرىبىسى ئەھمىيەت بېرىشكە تولىمۇ ئەرزىيدۇ.

بىرىنچىدىن، ئۇ مەشىق قىلىش يادلىغاندىن ئەلا دەيدىغان ئۇسۇلنى قوللانغان. ئۇ گىراماتىكىنى سىستېمىلىق ئۆگەتمىگەن، ئۇ گىراماتىكىنى ئۆگەتكەن تەقدىردىمۇ بالا ئۇنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ دەپ قارىغان. دۇرۇس، چوڭلارغا نىسبەتەن

ئېيتقاندا، چەت تىلنى گرامماتىكىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ ئۆگىنىش ئۇنۇملۇك ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بالىلارغا نىسبەتەن ۋىتېرنىڭ دادىسى قوللانغان «مەشىق قىلدۇرۇش يادلىتىشتىن ئەلا» دەيدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك. ھەرقانداق بىر بالا ئۆز دۆلىتىنىڭ تىلىنى ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆگەنگەنغۇ؟

ئىككىنچىدىن، بالىلار ھېكايىنى 100 قېتىم ئاڭلىسىمۇ زېرىكمەيدۇ. چوڭلار بىرەر روماننى بىر قېتىم ئوقۇپلا قايتا ئوقۇشنى خالىمايدۇ. لېكىن بالىلار بىر روماننى قايتا - قايتا كۆپ قېتىم ئاڭلاشقا خۇشتار. شۇڭا بىز بالىلارنى تەربىيىلىگەندە بالىلارنىڭ پسىخىكىسىنى چوڭلارنىڭ قەلبى ئارقىلىق قىياس قىلىشقا بولمايدۇ.

ۋىتېرنىڭ دادىسى مۇشۇ سىرنى چىڭ تۇتۇپ، چەت تىل ئۆگەنگەندە، ۋىتېرغا ئوخشاش بىر ھېكايىنى تۆرلۈك تىل بويىچە ئوقۇتقان. مەسىلەن، ئاندىرسوننىڭ چۆچەكلىرىنى ھەم نېمىسچە ئوقۇتقان، ھەم فرانسۇزچە، ئىتالىيانچە، لاتىنچە ۋە گرېكچە ئوقۇتقان. بۇ ئۇسۇل ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولغان.

## ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئادىتى يېتىلدۈرۈش كېرەك

ۋىتېرنىڭ دادىسى ئوغلىنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتى ۋە ئويناش ۋاقتى توغرىسىدا قاتتىق بەلگىلىمە بەلگىلەپ، ۋىتېردا بېرىلىپ ئۆگىنىش روھىنى يېتىلدۈرگەن. ۋىتېرنىڭ دادىسى ۋىتېر دەرس ئوقۇۋاتقان چاغدا ھەر قانداق كاشىلىنىڭ بولۇشىغا يول قويمىغان. دەسلەپتە ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئۆگىنىشىنى 15 مىنۇت ئورۇنلاشتۇرغان. ئەگەر ۋىتېر ئاشۇ 15 مىنۇتتا بېرىلىپ



ئۆگەنمىسە، ۋىتېرنىڭ دادىسى ئۇنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. ۋىتېر ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا خوتۇنى ياكى ئايال مالىيى ئۇنىڭدىن بىرەر ئىشنى سورىسا: «ۋىتېر ئۆگىنىش قىلىۋاتىدۇ، ھازىر بولمايدۇ» دەپ بىردەك رەت قىلغان. مېھمان كەلسىمۇ، ئولتۇرغان يېرىدىن قوپماي: «ئۇ كىشى بىردەم ساقلاپ تۇرسۇن» دەپ جېكىلىگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋىتېرنىڭ دادىسى ۋىتېردا قەتئىي، ئەستايىدىل بولۇش، قىلچە بىخەستىلىك قىلماسلىقتەك ئۆگىنىش روھىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق باش قاتۇرغان.

ۋىتېرنىڭ دادىسى يەنە ۋىتېردا ئىشنى چاققانلىق بىلەن قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئەگەر ۋىتېر ئىشنى ئاستا قىلسا، قانچە ياخشى قىلغىنى بىلەنمۇ رازى بولمىغان. بۇ بالىلاردا شالالدەك ھەرىكەت قىلىش ئىستىلىنى يېتىشتۈرۈشكە نىسبەتەن ناھايىتى ياخشى رول ئوينايدۇ.

ئېھتىمال بەزىلەر ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق تەربىيىلەش ئۇسۇلى بالىلارنىڭ نۇرغۇن باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئويناش ۋاقتىنى قۇربان قىلدۇرۇۋېتىدۇ دەپ قارىشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولغىنى يوق. ۋىتېر ھەر بىر، ئىككى سائەت ۋاقتىنىلا ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغان، ۋىتېر ئۆگىنىشتە كەسپىي بىلىملەرنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ ئىنتايىن يۇقىرى ئۈنۈم قازانغاچقىلا نۇرغۇن ۋاقىت چىقىرىپ ھەرىكەت قىلغان، دەم ئالغان ياكى ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىغا قاتناشقان.

ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ ئوغلىدا ھەرىكەت ئادىتى يېتىلدۈرۈشى توغرىسىدىمۇ تۆرلۈك گەپلەر بولغان. بۇ نۇقتىغا قارىتا بىز ئاۋۋال ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ كىتابتا يازغان مىساللىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

ئوغلۇم 6 ياشقا كىرگەندە، مەن ئۇنى L كەنتتىكى باستېرى

E نىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردىم ھەم ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇردۇق. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىك چايدا ئوغلۇم ئازراق سۈتنى تۆكۈۋېتىپ قالدى. ئائىلىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە بولغاندا، بىرەر نەرسىنى تۆكۈۋەتسە ياكى چېچىۋەتسە جازاغا تارتىلاتتى ـ دە، ئاشۇ سەۋەبلىكى ئۈچۈن بولكىلا يېيىشى كېرەك ئىدى. ئوغلۇم ئەسلىدىنلا سۈتكە ئامراق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باستېر E نىڭ ئائىلىدىكىلەر ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۇنى كېلىدۇ دەپ ئاتايىن بىر خىل سۈتنى تەگسەپ تەييارلىغان ھەمدە ناھايىتى تەملىك پىچىنىلەرنى سېتىۋالغان ئىدى. بۇلار ئوغلۇمنى خېلىلا ئۆزىگە تارتاتتى. ئوغلۇم سۈتنى تۆكۈۋەتكەندىن كېيىن، دەسلەپتە قىزىرىپ كەتتى. ھەم بىر مەھەل نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. لېكىن ئاخىرى ئۇ سۈتنى ئىچىشكە پېتىنالمىدى. مەن قەستەن كۆرمەسكە سېلىپ ئولتۇردۇم. باستېر E نىڭ ئۆيىدىكىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ زادى چىداپ تۇرالمىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا سۈتنى ئىچىشنى قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوغلۇم يەنىلا ئىچمىدى ھەمدە ناھايىتى ئۇيالغان ھالدا: «سۈتنى تۆكۈۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن سۈت ئىچىشمگە بولمايدۇ» دېدى. باستېر E نىڭ ئۆيىدىكىلەر يەنىلا ئۇنىڭغا سۈت ئىچىشنى قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلىپ: «ھېچ ۋەقەسى يوق، زادى ھېچ ۋەقەسى يوق، ئىچىڭ ئىچىڭ!» دېدى. مەنياندا ئولتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن پىچىنە يېگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن يەنىلا كۆرمەسكە سېلىۋەردىم. ئوغلۇم يەنىلا ئىچمەسلىكتە چىڭ تۇردى، ئوغلۇمنى ناھايىتى ئاۋرۇيلايدىغان باستېر E ئائىلىسىدىكى كىشىلەر، زادى ئىلاج قىلالماي، ماڭا ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشتى، چۈنكى ئۇلار چوقۇم ۋىتىر ئوغلىغا تەنبىھ بەرگەن دەپ قىياس قىلىشقانىدى.

ئوتتۇرىدىكى يىرىكچىلىكنى ئوڭشاش ئۈچۈن مەن باستېر



ئائىلىسىدىكىلەرگە ئاساسىمنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىدىغان ـ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا قاراپ بېقىش نىيىتىدە، ئوغلۇمنى سىرتقا چىقىرىۋەتتىم. ئۇلار مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مەندىن ئاغرىنغان ھالدا: «ئەمدىلا 6 ياشقا كىرگەن بالىنى، كىچىككىنە سەۋەبلىكنى دەپ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى ئىچكىلى، يېگىلى قويمىغىنىڭىز بولمىدى، سىز تەربىيە بېرىمەن دەپ بەك قاتتىق بولۇپ كېتىپسىز!» دېيىشتى. مەن چۈشەنچە بېرىپ: «ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ ئوغلۇم سۈتنى مەندىن قورقۇپ ئىچمىگىنى يوق، ئۇ بۇنىڭ ئۆزىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئىنتىزام ئىكەنلىكىنى چىن كۆڭلىدىن تونۇغانلىقى ئۈچۈن ئىچمىدى» دېدىم. باستېر E نىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مېنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ ئىشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر سىناق ئارقىلىق پاكىتنىڭ ئەينىنى ئېچىپ كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولۇپ: «ئۇنداق بولسا، سىلەر مېنىڭ ئوغلۇمنى چاقىرىپ ئۇنى سۈتنى ئىچىشىمنى دەۋەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىغان ـ ئىچمەيدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار» دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئوغلۇمنى ئۆيگە چاقىرىپ ئەكىرىپ، قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى سۈتنى ئىچىشكە، پىچىنىلەرنى يېيىشكە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قىلچە نەتىجە چىقمىدى. ئۇلار يەنە يېڭى سۈت، پىچىنىلەر ئەكىلىپ ئوغلۇمنى قىزىقتۇرماقچى بولۇپ: «بىز دادىڭىزغا دېمەيمىز، يەڭ!» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوغلۇم يەنىلا يېگىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى ھەمدە ئۇلارغا توختىماي: «دادام كۆرمىگىنى بىلەن، تەڭرى كۆرىدۇ، مەن يالغانچىلىق قىلىدىغان ئىشنى قىلمايمەن» دېدى. ئۇلار يەنە: «بىز ھازىرلا ×× گە ھاۋالانغىلى بارىمىز، ھېچنەرسە يېمىسىڭىز يولدا ئاچ



www.uyghurkitap.com

قالىسىز» دېگەندە، ئوغلۇم ئۇلارغا: «ھېچقەيسى يوق» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار پەقەت ئامال قىلالماي مېنى چاقىرىپ كىرىشكە مەجبۇر بولدى. ئوغلۇم تەسىرلەنگىنىدىن يىغلاپ تۇرۇپ، ماڭا ئەھۋالنى ئەينەن ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى سالقىنلىق بىلەن ئاڭلاپ بولۇپ، ئۇنىڭغا: «ۋىتىر، سەن ۋىجدان جەھەتتىن يېتەرلىك دەرىجىدە ئازابلانغانتىڭ، ھازىرلا سىرتقا ھاۋالانغىلى چىقماقچى بولىۋاتىمىز، كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن سۇتنى ئىچكىن، پېچىنىلەرنى يېگىن، ئاندىن بىز يولغا چىقايلى» دېۋىدىم، ئوغلۇم گېپىمنى ئاڭلاپ، ئاندىن خۇشاللىق بىلەن سۇتنى ئىچتى. 6 ياشلىق بالىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىغا مۇشۇ دەرىجىدە ئىگە بولۇشى باستېر E ئائىلىسىدىكىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.

ئادەتتىكى ئادەملەر يۇقىرىدىكى خاتىرىگە قاراپ ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىدە ناھايىتى قاتتىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشى مۇمكىن. شۇنداق، ۋىتىرنىڭ ئوغلى ۋە ئادەتتىكى بالىلارنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، بۇنداق ۋە تەربىيە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن بەك قاتتىق بولۇپ كەتكەن. لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى ياخشى بولغاچقا، ئوغلى زادى ئازاب ھېس قىلمىغان . چۈنكى بالىغا بولغان تەربىيە ناھايىتى قاتتىق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، كىچىك چېغىدىن باشلاپلا چىڭ تۇتۇلسا، ئۇلار ھېچقانداق ئازاب ھېس قىلمايدۇ. بالىلارغا بولغان تەربىيىدە، خۇددى تام قوپۇرغانغا ئوخشاش، ئاۋۋال ھۇلنى ئوبدان سېلىش لازىم. دادا ۋىتىر بۇ ئىشنى ناھايىتى پۇختا ئورۇندىغان. بالىلاردا ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە دادا ۋىتىرنىڭ ھەق - ناھەقنى ئايرىش، باشتىن - ئاخىر **بىر خىل بولۇشتەك بىر تەجرىبىسى بار. بەزىدە ماقۇل دەپ بەزىدە ماقۇل دېمىگەندە، ئەكسىچە، بالىلار ئازاپلىنىدۇ. يول**



قويۇشقا بولمايدىغان ئىشلارغا دەسلەپتىلا يول قويماسلىق بالىلارغا ھېچقانداق ئازاب ئېلىپ كەلمەيدۇ.

مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن دادا ۋىتىر بالا ۋىتىر بىر ياشقا كىرگەندىن باشلاپلا قاتتىق تەلەپ قويۇشقا باشلىغان. ئۇ ئوغلىنى زادى «كىچىك چېغىدا كەڭرەك قويۇۋېتىشكە بولىدۇ، چوڭراق بولغاندا ئاندىن قاتتىق بولسامۇ بولىدۇ» دەيدىغان مۇنداق مۇجمەل ئۇسۇل بىلەن باشقۇرىدىغان ئىشنى قىلمىغان.

بۈگۈنكى كۈندىكى كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار ئۆزلىرى بەلگىلىگەن «مەنئىي قىلىش ئىنتىزام»نى تەدبىق قىلىشتا لەۋزىدە تۇرماق، ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. باشتىن ئاخىر بىر خىل بولمايدۇ. بەزىدە ياق دېسە، بەزىدە يەنە ئۆزگىرىپ ماقۇل دەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشى نەتىجىسىدە، بالىلارنىڭ قەلبىگە ئاتا ئانامنىڭ «مەنئى قىلىش ئىنتىزامى»نى بۇزىۋەتسەم بولىدىكەن دەيدىغان بىر تامغۇ بېسىلىپ قالىدۇ. شۇڭا بالىلارنى تەربىيىلىگەندە، ئاتا - ئانىلار شەيئىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قارىتا، باشتىن ئاخىر، بىر خىل قاراشتا بولۇشى كېرەك. بالىلارنى تەربىيىلىگەندە ئاشۇنداق قاراشنىڭ بولماسلىقىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەش لازىم.

بىرىنچى باب

# پەرۋەردىگار بالامنى پاناھىمدا ساقلىغاي

*ئورتاق بىر روھ ئىككى تەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشۋاتقاندا، ئانىنىڭ كىچىككىنە ئارزۇسىمۇ ھامىلىگە ئۈزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئانىنىڭ ئىرادىسى، ئۈمىدى، ھەتتا قورقۇنچى ۋە روھىي ئازابلىرىنىڭ ھامىلىگە بولغان تەسىرى ئانىنىڭ ئۆزىگە بولغان تەسىرىدىن زور، شۇڭا بالا تەربىيىسىنى ئالدى بىلەن ئانا تەربىيىسىدىن باشلاش كېرەك.*

—— داۋىنچى (ئىتالىيە)

## مەن ھەر تەرەپتىن لاياقەتلىك بىر قىزنى جورىلىققا تاللىدىم

پەرزەنت پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى بىلەن دۇنياغا تۆرىلىدۇ. بۇ دۇنيا بوۋاقلارغا نىسبەتەن سىرلىق ۋە يات، بوۋاقلار دۇنياغا نىسبەتەن تولىمۇ ئاجىز. پەرۋەردىگارنىڭ بەندىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن زىممەمدىكى ۋەزىپە ئۆز بالامنى قەيسەر، ئىرادىلىك قىلىپ تەربىيىلەپ، تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقلىرىدىن بەھرىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بولۇپمۇ بالا قورامىغا يېتىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئىنسان تەبىئىتىدىكى گۈزەل ئەخلاق ۋە ساغلام تەنگە ئىگە قىلىشىم كېرەك.

كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار بالىلىرى ئىككى - ئۈچ ياشقا



كىرگەندە ئاندىن بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىدۇ، ئەمما ئاتا - ئانىلىق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاتا - ئانا بولۇشتىن ئىلگىرىلا دىققەت قىلىش زۆرۈر، جۈملىدىن ئالدى بىلەن ئۆزىمىز پەرۋەردىگارنىڭ تەلىپىگە لايىقلىنىشىمىز، ساغلام بولۇشىمىز كېرەك.

گەرچە، كىشىلەر ئارىسىدا «ئېمىلداش ئىتتىن تۈلپار چىقار» دەيدىغان تەمسىل بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئادەملەرگە ماس كەلمەيدۇ. ئالايلۇق، قوشنا كەنتتىكى ياغاچچى ھانىس نەۋرە ئاچىسى بىلەن توي قىلىپ جەمئىي ئون بالىلىق بولغان بولسىمۇ، ئۈچى چاچراپ كەتتى، قالغان يەتتىسى ھەرخىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ھانىس ئەر - خوتۇنىنىڭ ئائىلە ئىدى، ياشىنىپ قالغان ھانىس شۇنىڭغا ھەسرەتلىنىپ دائىم ياش تۆكىدۇ، ئەمما ئۇ كېچىككەنىدى.

بۇ مىسالنى ئېلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، يېقىن تۇغقانلاردىن تۇغۇلغان بالىلار كىشىنى غەمگە سالىدۇ، ئۇلارنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى؟

بەزىلەر جورا تاللىغاندا ھەر خىل غەرەزلەردە بولىدۇ، مەن بۇنداقلاردىن بەك بىزار. بەزىلەر: مېنىڭ ئائىلە نەسەبىم تۆۋەن، دېيىشىدۇ؛ بەزىلەر: تويدىن كېيىنكى تۇرمۇش ئۈچۈن پۇلدار ئائىلىنىڭ قىزىنى تاپماي قويمايمەن، دېيىشىدۇ؛ يەنە بەزىلەر: بۇنىدىن كېيىنكى ئىشلار، باشقىلارنىڭ يۇكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھېچنېمىگە قارىماي ئالىي نەسەبلىك قىزلارنى قوغلىشىدۇ؛ يەنە بەزىلەر: خوتۇنۇمنىڭ ئۇسسۇلغا ئاشىق بولغان دېسە؛ يەنە بەزىلەر: خوتۇنۇم بەك چىرايلىق، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن تويلاشتىم، دەيدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇ خىل قاراشلارنىڭ ھەممىسى خاتا. ئۆزىنىڭ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى تېنى ساغلام، تەربىيە كۆرگەن، ئاق كۆڭۈل قىزنى

تاللاش كېرەك. مېنىڭچە قارشى تەرەپ ئىرسىي كېسەللىكلەردىن خالىي، جىسمانىي جەھەتتە ساغلام بولسىلا كۇپايە. مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن ئوبيېكت تاللاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

ئايالىم گەرچە سەتەڭلەردىن بولمىسىمۇ، ئەمما بىز بىر-بىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈشىمىز، ئۇ تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ئىشچان ۋە تەربىيە كۆرگەن، ھەر قانداق ئەھۋالدا مېنى چۈشىنىدۇ ۋە قوللايدۇ. گەرچە مەن نامرات باستېر بولسامۇ، تۇرمۇشىمىز ئۇنچە باياشات ئۆتمىسىمۇ، ئەمما بىز يەنىلا ئىنتايىن ئىناق ئۆتىمىز. كىچىك كارل تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئائىلىلىق مېھرىنى بالىغا ئاتىدى. بەزىدە پەرۋەردىگارغا كىچىك كارلنىڭ بوۇگۇنكىدەك شائىلىق نەتىجىسى پۈتۈنلەي ئاق كۆڭۈل ئاپىسىنىڭ ساپ دىللىقىدىن بولدى، دەپ شۈكۈرى قىلىمەن.

## پەرۋەردىگار بەندىسىنى نائۈمىد قويمايدۇ

ئايالىم ھامىلىدار بولۇۋىدى، بىز تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ رەتلىك ئورۇنلاشتۇردۇق. ئايالىملا ئەمەس، مەنمۇ بۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلدىم. بىز قاتتىق تۇرمۇش مەشغۇلات تەرتىپى تۈزۈپ چىقىپ بالدۇر يېتىپ بالدۇر تۇردۇق. ئىلگىرى تەڭ كېچىدە ئىبادەت قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدىم، بۇ ئادىتىم ئوقۇۋاتقىنىمدا شەكىللەنگەن. ئۆزۈم تەپەككۇر قىلىشقا ھېرىسمەن بولغاچقا، جىمجىت كېچىدە تەپەككۇرۇم تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشەتتى. كىشىلەر غەرق ئۇيقۇغا كەتكەندە، چىراغ يورۇقىدا يالغۇز كىتاب ئوقۇپ زوق ئالاتتىم، بۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ خۇشاللىنارلىق لەززەت ئىدى. ئەمدىلىكتە كېچىلىرى كىتاب ئوقۇپ ئۇنىڭ ئارامىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئايالىم ھامىلىدار بولغاندىن



كېيىن مەن بۇ ئادىتىمنى ئۆزگەرتتىم، چۈنكى ئىككى قات ئايالالارنىڭ ئەرلىرىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىگە موھتاج بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. كېچىدىكى كىتاب ئوقۇش ۋە پەرۋەردىگارغا زىكرى قىلىش لەززىتىدىن مەھرۇم قالغان بولسامىمۇ، ئايالىم ۋە پەرزەنتىم ئۈچۈن بۇنداق قىلىش ئەرزىيتتى.

ئورتاق بىر روھ ئىككى تەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندا، ئانىنىڭ كىچىككىنە ئارزۇسىمۇ ھامىلىگە ئۆزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئانىنىڭ ئىرادىسى، ئۈمىدى، ھەتتا قورقۇنچى ۋە روھىي ئازابلىرىنىڭ ھامىلىگە بولغان تەسىرى ئانىنىڭ ئۆزىگە بولغان تەسىرىدىن زور. قورساق كۆتۈرۈش ناھايىتى جاپالىق بولغاچقا، ئايالىمغا مۇھەببىتىمنى، كۆيۈمچانلىقىمنى، كۆڭلۈمنى بىلدۈردۈم. ئايالىمنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس چاغلاردا، مەن سەۋرچانلىق بىلەن سىردىشىپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردۇم.

بىر كۈنى چېركاۋدا ۋەز ئېيتىپ قايتىپ كېلىپ ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ سۆيۈپ قويماقچى بولدۇم، بىراق مەن ئۇنىڭ ۋەھىمىگە چۆكۈپ ئولتۇرغىنىنى سېزىپ:

— قەدىرلىكىم سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن مۆڭلىنىپ قاراپلا تۇردى.

نېمە ئىش ئۇنى شۇنچە ھەسرەتكە سالغاندۇ، دەپ ھەيران قالدىم. ئادەتتە ئوچۇق چىراي يورىدىغان ئايالىم نۇرسىز كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ غەمگە پېتىپ بىر بۇلۇڭدا قىتىپ ئولتۇراتتى.

مەن دەرھال ئۇنى يېنىمغا قۇچاقلاپ بوش ئاۋازدا:

— نەرىڭىز بىئارام بولىۋاتىدۇ؟ ماڭا ئېيتىڭ، بىز بىر ئۆبدان بەختلىك ياشاۋاتىمىزغۇ؟ ماڭا دېمەيدىغان گېپىڭىز يوق

ئىدى، بۈگۈن زادى نېمە بولدىڭىز؟ — دېدىم.

— كاترىنىنانىڭ ئوغلى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، — دېدى ئايالىم ئارانلا.

كاترىنىنا بىز بىلەن بىر كەنتتىكى ئايال ئىدى، ئۇنىڭ ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن ئوغلى تۇغۇلۇپلا بىر خىل غەلىتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى. بۇنى كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇنچە تېزلا كېتىپ قېلىشىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى. ئەگەر مەن ئۆيدە بولسام، بۇ شۇم خەۋەرنى ئايالىمغا ئۇقتۇرمىغان بولاتتىم، ئىككى قات ئايالغا نىسبەتەن بۇنداق شۇم خەۋەر ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى.

— بۈگۈن ئۇلار سىزنى ئىزدەپ كەپتىكەن، بۇ كېلىشمەسلىكنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا بالىمىز ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇپ كەتتى، — دېدى ئايالىم ھەسرەت بىلەن، مەن ئايالىمنىڭ دەردىنى چۈشىنەتتىم.

— سۆيۈملۈكۈم، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ، بالىمىزغا ھېچنېمە بولمايدۇ، ئەنسىرىمەڭ.

كاترىنىنانىڭ بالىسى تۇغۇلۇشىدىنلا كېسەلچان ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ بۇنچە تېزلا كېتىپ قېلىشىنى ئويلىماپتىمەن.

— بىزنىڭ، تۇنجى بالىمىزمۇ چاچراپ كەتتىمغۇ؟ — ئايالىم شۇلارنى دەۋېتىپ يىغلاپ كەتتى.

شۇ چاغدا مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالغان بولساممۇ، لېكىن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، خوتۇنۇمنىڭ كۆڭلىنى ياسىدىم.

— سۆيۈملۈكۈم، قالايمىقان خىياللاردا بولماڭ. تۇنجى بالىمىزنىڭ چاچراپ كېتىشى خۇدانىڭ تەقدىرى، بۇنىڭغا ئامالىمىز يوق. بىز ئۈمىدۋار بولۇشىمىز كېرەك، ھەر كۈنى خۇدادىن ساغلام پەرزەنت تىلىسەك، خۇدا بىزنى نائۈمىد قويمايدۇ. ئاڭلىسام كاترىنىنا ئىككى قات چېغىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئېرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆتۈپتىكەن. شۇڭا بالىسى



ساغلام تۇغۇلمىدى، بالىمىزنى دەپ بولسىمۇ خۇشالراق يۈرۈڭ.

— بۇنى بىلىمەن، ئەمما مەن چىدىيالمىدىم، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ.

— كېلىڭ، مەن سىزگە ياردەم قىلاي، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالىمىزنىڭ تەقى-تۇرقىنى ئويلاڭ، ئۇ جەزمەن چىرايلىق تۇغۇلىدۇ. قاراڭ، مانا ماڭا ئوخشاش چوڭ-چوڭ تىنىڭ.

ئايالىم ماڭا ئەگىشىپ چوڭ تىنىشقا باشلىدى، بىر دەمدىلا ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشىلىنىپ قالدى، شۇ كۈنى كەچتە ھەممە ئىشلىرىمنى قايرىپ قويۇپ ئايالىمغا ھەمراھ بولدۇم. ئۇنىڭغا خىزمىتىم ۋە يېقىندا ئوقۇغان كىتابىم توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. ئەتىسى ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا خۇشال ھالىتىگە قايتتى.

ئايالىغا كۆيۈنۈش جەھەتتە مەن ئۆزۈمنى لاياقەتلىك ئەر دەپ سانايمەن، ئۇنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن قىلمىغانلىرىم قالمىدى، مەيلى يېمەك-ئىچمەك ياكى باشقا جەھەتتە بولسۇن، چامىمچە تىرىشتىم.

ئايالىم قىزىق ۋاننىدا يۇيۇنۇش ئارقىلىق بىر كۈنلۈك ھاردۇقىنى چىقىرىشقا بەك ئامراق ئىدى. بۇنى بىر خىل لەززەت ھېسابلايتتى. ئۇ ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويمىدىم. ئۇ راھەتلەنگەن بىلەن قىزىق سۇ ھامىلىگە زىيانلىق ئىدى.

ئۇ ئانا بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ياش، گۆدەك بولغاچقىمىكىن، بەزىدە كاجلىقى تۇتۇپ قالاتتى. ئەر بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنى بەزلەپ قوياتتىم.

بىر قېتىم ئۇ مېنىڭ يوقلۇقۇمدىن پايدىلىنىپ يەنە قىزىق سۇدا يۇيۇنۇپتۇ، مەن بۇنى سېزىپ قېلىپ نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقىنى، قىزىق سۇنىڭ بالىغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ بىر ئاز كايىدىم.



www.uyghurkitap.com

— سىز بالا، بالا دەيسىز، بويۇمدا قالغاندىن بۇيان ھەممە ئىشىڭىز بالا ئۈچۈنلا بولىۋاتىدۇ، ماڭا بۇرۇنقىدەك كۆيۈنمەيسىز، — دېدى ئايالىم ئاچچىقلانغان قىياپەتتە.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بالا ئىككىمىزنىڭ، ئۇنىڭغا كۆيۈنگەنلىك سىزگە كۆيۈنگەنلىكقۇ؟ قىززىق سۇدا يۇيۇنۇش بالىغا ھەقىقەتەن زىيانلىق، بالىنى تۇغۇپ بولۇپ قانچە يۇيۇنسىڭىزمۇ مەن بۇنىڭغا زادى ئارىلاشمايمەن.

— بىر نەچچە كۈندىن بۇيان سىرتقا چىقماي بەدىنىم سىرقىراپ خۇددى پۈتۈن بەدىنىمنى ھەرە چاققاندەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئايالىم شەيتانلىق قىلىپ، — سىز دائىم ئانا خۇشال بولمىسا بالا ساغلام تۇغۇلمايدۇ، دەيتتىڭىزغۇ. قىززىق سۇدا يۇيۇنمىسام ئۆزۈمنى خۇشال ھېس قىلمايدىكەنمەن، ئېيتىڭە زادى قانداق قىلاي؟

ئايالىم ماڭا چاقچاق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرى خېلى ئورۇنلۇق ئىدى. شۇڭا، مەن ھەر كۈنى ئۆيدىكى خىزمەتكارغا قىززىق سۇ تەييارلىتىپ ئايالىمنىڭ پۈتىنى چىلاتقۇزدۇم ھەمدە ئۆز قولۇم بىلەن قىززىق لۆڭگىدە ئۇنىڭ بەدىنىنى سۈرتۈپ قويدۇم.

ئۇ كۈنلەر ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ، مەن ئايالى ھامىلدار چاغدا ئۇنىڭغا سوغۇق پوزىتسىيىدە بولىدىغان نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ ئەكسىچە ئايالىمغا تېخىمۇ يېقىنلاشتىم. بۇمۇ ئۆزگىچە بىر خىل بەخت ئىدى. گەرچە بالىمىز تېخى تۇغۇلمىغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاللىقاچان ھېس قىلىپ بولغاندۇق.

ئايالىم ھامىلدار چېغىدا مەن دائىم ئۇنىڭغا يېڭى ئۈزۈلگەن گۈللەرنى ئەكېلىپ بەردىم ھەمدە ياخشى كىتابلارنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلدىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى.



ئايالىمنىڭ ئاۋازى بەك يېقىملىق ئىدى، توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ مۇشۇ ئېتراپتىكى خېلى داڭلىق ناخشىچى ئىدى، ھامىلدار ۋاقتىدىمۇ ئۇ دائىم بوش ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ، بۇنى بالام چوقۇم ئاڭلىيالايدۇ، دەپ يۈردى.

## ئىشنى بالىنىڭ ئانىسىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىدىم

بەزىلەر: ئۇلۇغلارنىڭ بالىسىمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ، ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇتۇق قازىنىشى مۇمكىن، دېيىشىدۇ. ئەمما، مەن بۇ قاراشقا پەقەت قوشۇلمايمەن، چۈنكى ئۇلۇغ كىشىلەر ئۆز كەسپىگە بەك بېرىلىپ كەتكەچكىمىكىن، بالىلىرىغا تازا كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىمۇ ئاشۇ ئۇلۇغ ئەرلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ بالىلىرىغا ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئانىنىڭ تەربىيىسى بالا ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم. مېنىڭ چەكلىك تەجرىبەمگە ئاساسلانغاندا، تارىختىكى ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بالا تەربىيىلەشكە ماھىر ئانىسى بولغان.

كېيىنچە مەن ئايالىمنىڭ ئوغلۇمنى تەربىيىلەشتىكى ئالغان مۇھىم رولىنى تەپسىلىي سۆزلەيمەن. مېنىڭچە ئوغلۇم كارل بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئانىسىغا رەھمەت ئېيتىشى كېرەك. چۈنكى ئايالىم ئاق كۆڭۈل، ھەم بىلىملىك ئىدى، مەيلى ئوغلىمىزنى تەربىيىلەش ياكى تۇرمۇشتا بولسۇن، ئۇ لاياقەتلىك ئانا ئىدى.

ئوغلىمىزنى تەربىيىلەشتە ئۇ ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايان قىلدى.

ئايالىم ھامىلدار ۋاقتىدا تاماقلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، ئۇ يېگەن نەرسىلىرىنىڭ بالىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ھامىلدار ۋاقتىدا ئاچچىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

نەرسىلەرنى قەتئىي يېمىدى، چىلىغان سەي، راك دېگەنلەرگىمۇ ئەسلا يولىمىدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئامراق تامىقى ياغدا پىشۇرۇلغان تۇزلۇق بېلىقنى يېيىشتىنمۇ ئۆزىنى تارتتى. ئۇنىڭچە بالا بۇنداق نەرسىلەرنى خالىمايتتى، بۇ نەرسىلەر بالىنىڭ يۇمران تېرىسىگە پايدىسىز ئىدى، بۇلارنى ئۆزىلا يېگەندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە بالىغا تەسىر قىلاتتى.

ئايالىم بەك قەيسەر ئايال ئىدى. ئۇماق بالىمىزنى قەيسەر قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزۈم قەيسەر بولۇشۇم كېرەك، دەيتتى. شۇڭا ئۇ ھامىلدار چېغىدا يىغلىمىغانىدى. بەك ئازابلىنىپ كەتكەن چاغدىمۇ ئامال بار بىردەملىك ئازابتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى. مېنىڭچە ئايالىمنىڭ بۇ قىلمىشى تولىمۇ ئاقىلانىلىك ئىدى، ھامىلدار چاغدا روھىي ھالىتىنى كۆتۈرەڭگۈ، خۇشال تۇتمىغاندا، بۇ خىل ناچار كەيپىيات ھامىلىنىڭ يېتىلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەتتى. بالىنىڭ ئىقتىدارسىز، ئاجىز بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولاتتى.

ئانا بولغۇچى بالىنى گۈزەللىكنى، ئادىللىقنى، ھەقىقەتنى سۆيىدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشى ناھايىتى مۇھىم. نۇرغۇن ئانىلار بالىنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەمما بالىنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىگە ۋە زېھنى قابىلىيىتىنىڭ ئېچىلىشىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، بۇنداق قىلىش مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر. ئايالىمنىڭ باتۇر، كۆتۈرەڭگۈ روھى ئوغلۇمغا تەسىر كۆرسەتتى، ئايالىم باتۇرلۇق، مۇھەببەت ۋە ئەقىل- پاراسەت بىلەن ئوغلۇمنىڭ روھىيىتىنى قوراللاندۇرۇپ، ئۇنى قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان، مەردانە، ئۈمىدۋار قىلىپ تەربىيىلىدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى كارلنى ئاپىسى ئۆز قولى بىلەن چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇشتا زور ئەجىر سىڭدۈردى.

نۇرغۇن ئانىلار مەخسۇس ئادەم ياللاپ بالىسىنى



تەربىيىلەيدۇ. مېنىڭچە بۇنداق ئاياللار ئانا بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئانىلىق مەجبۇرىيەتتىن قاچقانلىقتۇر. مېنىڭچە ئانىنىڭ ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدۇ. بالىنىڭ تەربىيىسىنى چوقۇم ئانا ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، ئۆزىنىڭ بالىسىنى باشقىلارغا تاشلاپ قويۇش ئاقىلانىلىك ئەمەس.

بۇ يەردە مەن بالا باققۇچى ياللاش ياخشى ئەمەس دېمەكچى ئەمەسمەن، پەقەت ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش كېرەك دېمەكچى. ھالبۇكى ئائىلىلەر بىر قىسىم ئېغىر - يېنىك ئىشلارنى ئايال خىزمەتكارغا قىلدۇرسا بولىدۇ. ئەمما بالىنىڭ تەربىيىسى ۋە كۈندىلىك ئىشلىرىغا ئانا ئۆزى مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

بىزنىڭ ئۆيدىمۇ ئەزەلدىن ئايال خىزمەتكار ئۈزۈلمىدى، ئەمما ئاساسلىق ئىشلارنى كارلنىڭ ئاپىسى ئۆزى قىلدى، بالىغا دائىم ھەمراھ بولۇپ ياخشى تەربىيىلەرنى قىلدى. ئايال خىزمەتكار ئۇ يېتىشەلمىگەندىلا ئاندىن قارىشىپ بەردى. ئايال خىزمەتكارلىرىمىز ئايالىمنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلاندى.

بىر داڭلىق ئەرباب ئىلگىرى خەلقنىڭ تەقدىرى ئانىلار قولىدا دېگەنىكەن. مەن بۇ سۆزگە بەك زوقلىنىمەن. ئەمما، بۇ سۆزنىڭ چىن مەنىسىگە يېتىدىغان ئادەم كۆپ ئەمەس. نۇرغۇن لاياقەتسىز ئانىلار بىلىپ - بىلمەيلا بالىنى تۈيۈق يولغا باشلاپ قويىدۇ. بۇ كىشىلىك ھاياتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئۇيان - بۇيان قىلىدىغىنى يەنىلا ئانا تەربىيىسى. مەن پۈتۈن مېھرىبان ئانىلارنىڭ بۇ شەرەپلىك ھوقۇقنى باتۇرلارچە ئۆز زىممىسىگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئىككىنچى باب

# يارىلىش ئوخشاش، مۇھىت ئوخشاشمايدۇ

*ئەگەر ھەممە بالىلار ئوخشاش تەربىيىگە ئىگە بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆز ئەقىل - ئىدراكى بەلگىلەيدۇ. ئەمما، ھازىر بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇكەممەل تەربىيە ئالالمىغاچقا، ئۆز ئەقىل - ئىدراكىنىڭ يېرىمىنىمۇ جارى قىلدۇرالمايدۇ. مەسىلەن، ئىدراكىنى 80 دېسەك، 40 نىلا جارى قىلدۇرۇشى؛ ئەگەر ئىدراكىنى 60 دېسەك، 30 نىلا جارى قىلدۇرۇشى مۇمكىن.*

—— ئالبۆپېسۇئې

## ئوغلۇمنىڭ تەبىئىي تالانتى ۋە كېيىنكى تەربىيىسى

ئالبۆپېسۇئې مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنىڭ يارىلىشى ئوخشاش، ئەمما ياشىغان مۇھىتىنىڭ، بولۇپمۇ بالىلىقىدا ياشىغان مۇھىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن بەزىلەر ئىستېدات ئىگىسى، بەزىلەر ئاددىي ئادەم، ھەتتا بەزىلەر گالۋاڭ بولۇپ قالىدۇ. ئادەتتىكى بالىلارمۇ مۇۋاپىق تەربىيىلەنسە، ئىستېدات ئىگىسى بولالايدۇ».

ئوغلۇم تۇغۇلماستىلا مەن بۇ قاراشقا ئىشىنەتتىم ۋە دائىم



باشقىلارغا تەشۋىق قىلىپ يۈرەتتىم. ئەلۋەتتە ئالبۆپېسۇئېنىڭ بۇ نەزەرىيىسى بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي ئەمەس. ئۇ مۇھىتنىڭ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى رولىنى تەكىتلىگەندە، بالىلاردىكى ئەسلىي تەبىئىي ئىقتىدار، يەنى تالانتىدىكى پەرققە سەل قارىغان. بۇنى مەن تولۇق چۈشىنىمەن. مەن ئالبۆپېسۇئېدەك بالىلارنىڭ تەبىئىي تالانتىدىكى پەرقنى ئىنكار قىلمايمەن. بەزىلەر مېنى بۇ پەرقنى ئىنكار قىلىدۇ، دەپ ئەيىبلىشىدۇ، بۇ ماڭا قىلىنغان تۆھمەت.

ئەمەلىيەتتە مائارىپ ساھەسىدە تالانت توغرىسىدا ئىككى خىل كۆز قاراش مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. تۆۋەندىكى ئىككى مىسال ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىنى ئېنىق چۈشەندۈرەلەيدۇ.

بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئىككى ئىت ئوخشاش مۇھىتتا تەربىيىلەنگەن، ئەمما بىرى چاققان، ئەقىللىق؛ يەنە بىرى دۆت، گومۇش بولۇپ چىققان. بۇ پەرقنى ئۇلاردىكى تۇغما پەرق كەلتۈرۈپ چىقارغان.

داڭلىق پېداگوگ پېستالوززى بۇنىڭغا قارشى مۇنداق دېگەن:

ئوخشاش ئىككى تايچاق بولۇپ، بىرىنى ئاچ كۆز دېھقان يېتىلمەستىنلا ئىشلىتىپ پۇل تاپقان. كېيىن بۇ ئات كىراكەشلىككە ئاران يارىغان؛ يەنە بىرىنى بىر كىشى كۆڭۈل قويۇپ بېقىپ ئاخىر تۇلپار قىلىپ چىققان.

يۇقىرىقى ئىككى ھېكايە تەبىئىي تالانت ۋە كېيىنكى تەربىيە توغرىسىدىكى ئىككى خىل ئوخشىمىغان قاراشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئالدىنقىسىدا تەبىئىي تالانت تەكىتلىنىپ، ئادەمنىڭ تەقدىرى تالانت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، مۇھىتنىڭ رولى ئىككىلەمچى دەپ قارالغان؛ كېيىنكىسىدە بولسا تالانت ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارالغان.

بۇرۇندىن تارتىپ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە كۆپلىگەن كىشىلەر روسسو مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى

قـۇۋۋەتـلـەيـدۇ. پېستالوززىنىڭ قارىشىغا قوشۇلىدىغانلار يوق دېگۇدەكلا. ئـالـېۋېـيـسـۇئـې شـۇبـھـىـسـىزكى پېستالوززى ئـېـقـىـمـىـدىـكـىـلـەرنىڭ ئاساس سالغۇچىسى. مەنمۇ بۇ خىل قاراشتىكىلەرگە مايىل، ئەمما پۇتۇنلەي ئۇلار تەرەپتە تۇرمايمەن، چۈنكى مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە خاس قارىشىم بار.

مېنىڭ خاس قارىشىم شۇكى: بالىلاردىكى تەبىئىي تالانت ھـەر خىل بولىدۇ. بەزى بالىلاردا كۆپرەك، بەزىسىدە ئازراق بولىدۇ، ناۋادا تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ 100% لىك بىر بالىغا ئىگە بولدۇق دەيلى، ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا دەلتە بولۇپ قېلىش نـىـسـبـىـتـى پەقەت تالانتىنىڭ 10% چىلىكلا بولىدۇ. ئەمما، ئـادەتـتىكى بالىلارنىڭ تەبىئىي تالانتى پەقەت 50% ئەتراپىدىلا بولىدۇ.

ئـەگـەر ھـەمـمـە بالىلار ئوخشاش تەربىيىگە ئىگە بولسا، ئـۇلارنىڭ تەقدىرى ئەلۋەتتە ئەسلىدىكى تۇغما تالانتىنىڭ ئاز ـ كـۆپـلـۈكـىـگـە بـاغـلـىـق بولىدۇ. ئەمما، ھازىرقى بالىلارغا بـېـرىلىۋاتقىنى پۈتۈنلەي مۇكەممەل بولمىغان تەربىيە بولۇپ، ئۇلاردىكى تالانتنىڭ يېرىمىمۇ جارى قىلدۇرۇلمايدۇ. مەسىلەن، تـالانـتـى 80% بـولـسـا 40%ى، 60% بولسا 30% ىلا جارى قىلدۇرۇلۇشى مۇمكىن.

شـۇڭا، بالىلاردىكى تالانتنىڭ 80% — 90% ىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدىغان ئۈنۈملۈك تەربىيە يولغا قويۇلسا، ئۇ ھالدا 50% لا تۇغما تالانتى بار ئادەتتىكى بالىنى 80% لىك تالانتى بار بالىدىنمۇ ئاشۇرىۋەتكىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، تالانتى 80% بولغان بـالـىـغـىمۇ شۇ خىل تەربىيىنى قوللىنىش مۇمكىن. بۇنداقتا ئـالـدىـنـقىسى كېيىنكىسىگە يېتەلمەيدۇ، ئەمما تۇغۇلۇشىدىنلا يـۇقـىـرى تالانتقا ئىگە بالىلار ئۇنچە كۆپ ئەمەس. كۆپلىگەن بـالـىلارنىڭ تالانتى پەقەت 50% ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەگەر بىز ئالدىنقى بىرىتا سۆزلەپ ئۆتكەن ئۇسۇل بويىچە بالا تەربىيىلىسەك،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تـۇغـۇلغان بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ئاجىز بولمايدۇ، ھەتتا يۇقىرى ئەقلىي ئىقتىدارلىق بالىغا ئېرىشىش پۇرسىتىمۇ چوڭ بولىدۇ.

## تالانت ئىگىلىرىنىڭ نابۇت بولۇشى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارنى زىيادە قىستىشىدىن بولىدۇ

يۇقىرىدىكى نەزەرىيە بويىچە تۇغۇلۇشىدىنلا ئالاھىدە تالانتلىق بالىغا ياخشى تەربىيە ئېلىپ بېرىلسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ يېتىلىشى مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ. ئەپسۇسكى كىشىلەرنىڭ تالانتقا قاراتقان تـەربـيـيـسى ھەمىشە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشماقتا. ئاتا ـ ئـانـىـلار بالىلارنىڭ تالانتىغىلا ئېسىلىۋېلىپ، كۆپ تەرەپلىمە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، بالىلارغا ئارتۇقچە چەك، يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، بالىلارنى ھە دېسىلا تەتۈرلۈك قىلىدىغان، جىمغۇر، دېلىغۇل، خاپىغان قىلىپ قويىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كـۈچـلـۈك بـېسىمى ئاستىدا يېرىم يولدا نابۇت بولغان تالانت ئىگىلىرى ساماندەك.

داڭـلـىـق كـىـشـىـلەرنىڭ كۆپىنچىلىرى كىچىكىدە ئاتا ـ ئـانـىـسـىنىڭ زىيادە قىستىشىدىن ئۆمۈرلۈك قەلب جاراھىتىگە دۇچـار بـولـغانلىقىنى ئېيتقان. ئەنگىلىيىلىك پەيلاسوپ جون سـتـۇارت مـىـلـنـى بـالـىـلـىق چاغلىرىدا ئاتىسى ئۆگىنىشكە رەھـىـمـسـىـزلەرچە زورلىغان، ئۇنىڭ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئادىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا كىچىككىنە ئەركىنلىكمۇ بەرمىگەن، چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئىشتا ئۇنى چىڭ

تۇتقان، ئۇنىڭ «ئەركىن» قىزىقىشى بولۇشىغا يول قويمىغان. مىل ياش ۋاقتىدا دائىم غەمكىن، دىلغۇللۇقتا يۈرگەن. ئۆمۈر بويى ئۆزىدىكى پسىخىك توسالغۇنى تۈگىتەلمىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە ئىنتايىن ئېچىنغان هالدا ئاتىسىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: خاتالىق سادىر قىلسام دەرهال تۈزىتىشىم كېرەك ئىدى. دادام كۆپىنچە ئەركىن پاراڭلىشىۋاتقاندەك تەرزدە گەپ باشلايتتى، ئەگەر ماتېماتىكىلىق خاتالىق بولىدىكەن، ئۇ ئەسلا يۈز ـ خاتىرە قىلمايتتى، بۇ چاغدا دەرهال ئۇ ياۋۇز قىساسكارغا ئايلىنىپ قالاتتى.

كارل فون لۇدۋىگ بۇنىڭ تىپىك هەم ئېچىنىشلىق مىسالىدۇر. كارل ئۆگىنىشكە هېرىسمەن بولسىمۇ، ئەمما ئاتىسى ئۇنىڭ پاتراق نام چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىپ قىستاۋەرگەچكە، يېرىم يولدىلا نابۇت بولۇپ كەتكەن. كارلنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا ئالىي ماتېماتىكىنى ئۆزى ئۆگەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن هەر بىر مىنۇتىنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەي ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلغان، ئۆگىنىشكە مۇناسىۋەتسىز بارلىق قىزىقىشى، تەنتەربىيە، ئويۇن، تەبىئەتكە بولغان هەۋەسلىرىنىڭ هەممىسىنى بىكار دەپ قاراپ يول قويمىغان. سەككىز يېشىدىلا ئالىي مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا دەرسلىكىنى ئۆگەنگەن، توققۇز يېشىدا دىففېرېنسىئال ـ ئىنتېگرالنى ئۆگەنگەن هەمدە دراما يېزىشقا چۈشكەن. ئۇ توختىماي سىنىپ ئاتلاپ ئۈچ يىل ئىچىدىلا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دەرسلىرىنى تاماملاپ 11 يېشىدا ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن. پروفېسسورلار ئۇنى دۇنياۋى ماتېماتىك بولۇپ چىقىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقان.

ئەمما ئۇ بوشاپ قالغان، ئۇ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ بىر يىلدىن كېيىن ماتېماتىكىنى تاشلاپ قانۇن ئىنستىتۇتىغا كىرگەن، قانۇننى ئازراقلا ئۆگىنىپ بېقىپ ئۇنىڭدىنمۇ بەزگەن. مەسئۇلىيەتنىمۇ ئۈستىگە ئالمايدىغان ئىش بېجىرگۈچى بولغان.



مەن ئېيتقان بۇ ئىككى مىسال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، توغرا تەربىيە ئۇسۇلى ئىنتايىن مۇهىم، ئەگەر خاتا تەربىيە ئۇسۇلى قوللىنىلسا هېلىغۇ ئەقلىي قابىلىيىتى ئالاهىدە بالا ئىكەن، هەتتا ئادەتتىكى بالىمۇ نابۇت بولىدۇ.

## ئادەم خۇددى ساپال بۇيۇمغا ئوخشايدۇ، بالىلىق ۋاقىت ئۇلارنىڭ لېيىنى ئېتىدىغان پەيت

مەن دوستلىرىمغا دائىم شۇنداق دەيمەن، قەدىمدىن بۇيانقى داڭلىق ئەربابلارغا ۋە مەشهۇر تالانت ئىگىلىرىگە قارايدىغان بولساق، هەممىسىنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق كەمچىلىكلىرى بار، ئەگەر تېخىمۇ ياخشىراق تەربىيىلەنگەن بولسا، بۇ داڭلىق ئەربابلار تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ ئاق كۆڭۈل، تېخىمۇ مەرد، تېخىمۇ ئەقىللىق، تېخىمۇ بىلىملىك، تېخىمۇ كەمتەر ۋە تېخىمۇ قەيسەر بولغان بولاتتى. قىسقىسى، تېخىمۇ مۇكەممەل كەم ـ كۈتىسىز ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى بولغان بولاتتى.

بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى تەربىيىسى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىنىڭ قانداق بولۇشى شۇ دۆلەت كىشىلىرىنىڭ ئۆسمۈر بالىلارغا بەرگەن تەربىيىسىگە باغلىق بولىدۇ. دۇنيادىكى هەر قايسى ئەللەردە كىشىلەر خىلمۇ خىل ئېتىكىغا ئىشىنىپ، ئوخشىمىغان ئەقىدىلەرگە چىنپۈتۈپ يۈرۈشىدۇ. مەيلى شەرقلىقلەرنىڭ تەقدىرچىلىك ئىدىيىسى بولسۇن، گرېكلەرنىڭ بىلىمگە، سەنئەتكە، ئەركىنلىككە چوقۇنۇشى بولسۇن، رىملىقلارنىڭ بېكىنمىچىلىكى، ئۇرۇشخۇمارلىقى، يەهۇدىيلارنىڭ دىندارلىق قىزغىنلىقى بولسۇن، هەممىسى بالىلىقتىكى تەربىيىنىڭ

مەسئۇلى.

ئەپلاتون ئۆزىنىڭ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىدە ئۆز نەزەرىدىكى غايىۋى دۆلەتنى ئىنتايىن ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەن. ئۇ سۈرەتلىگەن غايىۋى دۆلەتتە «باللارنىڭ تەربىيىسى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئاساسى» بولغان. بۇ ھەقىقىي دانا قاراشتۇر.

ئادەم خۇددى ساپال بۇيۇمغا ئوخشايدۇ، باللىق چاغدا ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتۈپ چىققان بولىدۇ. باللىق مەزگىل دەل ئادەم بولۇشنىڭ لېيىنى يۇغۇرىدىغان پەيت بولۇپ، قانداق تەربىيە ئېلىپ بېرىلسا شۇنداق شەكىل پۈتۈپ چىقىدۇ. ۋېلىيام بىزگە مۇنداق تەلىم بەرگەن: «باللىق ئادىمىيلىكنىڭ ئانىسى». بۇ قىل سىغماس ھەقىقەت. ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇكى، ئادىمىيلىكنىڭ ئاساسى باللىقتىلا شەكىللىنىپ بولىدۇ.

شۇڭا، باللارغا بولغان تەربىيىنى بالدۇرراق باشلاش زۆرۈر. تەربىيە قانچە بۇرۇن باشلانسا، ئۈنۈمى شۇنچە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، بالىنىڭ مۇكەممەل ئادەم بولۇپ چىقىش ئېھتىمالىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

## مېنىڭ تەربىيە نىشانىم باللاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش

بۇ دەل مېنىڭ باشقىلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان يېرىم. مېنىڭ تەربىيەلەش نەزەرىيەمنىڭ يادروسى باللارغا بولغان تەربىيىنى بالىنىڭ زېھنى ئېچىلغان ھامان باشلاش. ئەمما ھازىر جاھاندا ئېقىۋاتقىنى باللارغا قارىتقان تەربىيىنى ئەڭ ياخشىسى يەتتە - سەككىز يېشىدا باشلاش كېرەك دېگەن خاتا قاراشتۇر، كىشىلەر بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى ئاتا - ئانىلارنى ئەندىشىگە سالىدىغىنى بالدۇر باشلانغان تەربىيە



باللارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق، دېگەن قاراشتۇر.

بۇ خىل خاتا قاراشلار ئالدىدا مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالىمەن، بۇ قاراشلار كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا شۇنچىلىك سىڭىپ كەتكەنكى، مېنىڭ قارىشىم بۇلارنىڭ ئالدىدا بىر سەپسەتە. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا - ئانىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەربىيىلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ «ئادەتتىكى ئۇرۇق» لىرىنى تالانت ئىگىلىرىدىن قىلىپ چىقىشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

كىچىك كارل مېنىڭ تەربىيەمدە ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئىقتىدارلارنى نامايان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر بىردەك ھالدا بۇنى كارلنىڭ تەبىئىي تالانتىدىن كۆردى، بۇنىڭغا مەن بىر نېمە دېيەلمىدىم. ئەمما باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك كارل تۇغۇلغاندا تالانت ئىگىسىگە ئەمەس، ئەكسىچە ئەقلى كەمتۈك دەلتىگە بەكرەك ئوخشايتتى.

شۇ چاغدا مەن ئوغلۇمنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ، ئازاب ھەم ئەندىشىگە چۈشكەن بولسامۇ، ئەمما ئۇنى تەربىيىلەش نىيىتىمدىن يانمىدىم. ئوغلۇمنىڭ ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن كېيىن قالماسلىقى ئۈچۈن باشتىكى پىلانىم بويىچە بالىنى تەربىيىلەۋېرىش قارارىغا كەلدىم. بۇ بالىنىڭ تەبىئىي ئەقلىي ئىقتىدارى يۇقىرى بولمىغاندىكىن، چوقۇم ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ 80 — 90 پىرسەنتىنى جارى قىلدۇرۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلەشنى زېھنىنىڭ ئېچىلىشى بىلەنلا باشلاش زۆرۈر ئىدى.

ئۇنداقتا، بالدۇر باشلانغان تەربىيە قانداق قىلىپ تالانت ئىگىسىنى يارىتالايدۇ؟ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، باللاردىكى يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدارنى چۈشىنىش كېرەك. زوئولوگىيە، فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ ئاساسلانغاندا، ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا بىر خىل ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە بولىدىكەن، ئەمما بۇ خىل ئىقتىدار ئادەم تېنىگە

يوشۇرۇنغان بولۇپ، كۆرگىلى بولمايدىكەن. بىز بۇ خىل ئىقتىدارنى يوشۇرۇن ئىقتىدار دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن، بۇ يەردە بىر دەرەخ بار، ئۇ 30 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسەلەيدۇ دېسەك، ئۇنىڭ چوقۇم شۇ ئېگىزلىكتە ئۆسۈش ئېھتىماللىقى بولىدۇ. ئوخشاش قائىدە بويىچە بىر ئۆسمۈرنىڭ ئىقتىدارىنى 100% دېسەك، ئۇنداقتا بۇ ئۆسمۈرنىڭ يوشۇرۇن تالانتىمۇ 100% بولىدۇ.

مۇشۇ خىل يوشۇرۇن ئىقتىدار تالانت بولىدۇ. چۈنكى تالانت قانداقتۇر بىز ئادەتتە دەپ كېلىۋاتقان ئاز سانلىق كىشىلەردىلا بولىدىغان ئەقلىي ئىقتىدار بولماستىن، ھەممە ئادەمدە بولىدىغان يوشۇرۇن ئەقلىي كۈچتۇر.

ئەمما، بۇ جەھەتتە ئۆزىمىزنىڭ ئويلىغىنىمىزغا يېتىش ناھايىتى قىيىن. 30 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسەلەيدۇ دېگەن دەرەخنىڭ ئاشۇ ئېگىزلىكتە ئۆسەلىشى تەس. ئادەتتە 12 ياكى 15 مېتىرلا ئۆسەلىشى مۇمكىن. مۇھىت ناچار بولسا تېخى 6 — 9 مېتىرغىچىلا ئۆسۈپ توختاپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما ئوغۇتلاپ ئوبدان پەرۋىش قىلغاندا، 24 - 27 مېتىرغىچە ئۆسەلىشى مۇمكىن. 100 پىرسەنت ئەقىللىق بالىنى پەقەت تەربىيىلىمەي تاشلىۋەتكەندە، ئەقلىنىڭ پەقەت 20 — 30 پىرسەنتىلا جارى بولۇشى، ئەسلىدىكى ئىقتىدارىنىڭ ئوندىن ئىككى ياكى ئۈچ قىسمىلا جارى بولۇشى، ھەتتا 80 پىرسەنت ياكى 90 پىرسەنت جارى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ياخشى تەربىيىلىگەندە، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ 60 پىرسەنتى ياكى 70 پىرسەنتى جارى بولۇشى مۇمكىن.

تەربىيىلەشتىكى مەقسەت بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتۇر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بىز چوڭ ئىش قىلالىغان بولىمىز. ئەپسۇسكى، تەربىيىمىز جايىدا بولمىغاچقا، كىشىلەردىكى بۇ خىل يوشۇرۇن ئىقتىدار زادىلا



جارى بولمايدۇ. مانا بۇ تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئازلىقىدىكى سەۋەبتۇر. قانداق قىلىپ تېخىمۇ كۆپ تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ؟ ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنى بالدۇرراق تونۇپ يېتىشتە، بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى، جۈملىدىن تالانتنى ئىختىيارسىي ھالدا تەبىئىي جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەشتە!

## بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئېشىش - كېمىيىش قائىدىسى

ئالاھىدە دىققەت قىلىش زۆرۈركى، بالىلاردا گەرچە يوشۇرۇن ئىقتىدار بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېشىش - كېمىيىش قائىدىسى بولىدۇ. مەسىلەن، تۇغۇلغاندا 100 پىرسەنت ئەقلىي ئىقتىدارى بار بالىنى كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيىلىسەك، ئۇ ئەقلىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان ئادەم بولۇپ چىقىشى مۇمكىن، ئەگەر بەش يېشىدا تەربىيىلەشكە كىرىشسەك، ئۇنىڭغا قاراتقان تەربىيە ئىنتايىن ئىلمىي ھەم دەل جايىدا بولسا، ئۇ پەقەت 80 پىرسەنت ئەقىللىق ئادەم بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر تەربىيىنى ئون يېشىدىن باشلىساق، مىڭ كۈچىگەن بىلەنمۇ پەقەت 60 پىرسەنت ئەقىللىق ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ. دېمەك، تەربىيە قانچە بۇرۇن باشلانسا، يوشۇرۇن ئىقتىدار شۇنچە كۆپ جارى قىلدۇرۇلىدۇ. مانا بۇ بالىلارنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ئېشىش - كېمىيىش قائىدىسى.

بۇ قائىدىنى يەكۈنلەشتىكى سەۋەب مۇنداق: ھەر قانداق بىر ھايۋاننىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇش مەزگىلى بولىدۇ، بۇ مەزگىل تۇراقلىق بولۇپ، ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ. بەزى ھايۋانلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن، بەزىلىرىنىڭ ناھايىتى قىسقا

بولىدۇ، مەيلى قايسىلا بولسۇن، ئۇنى ئۆز مەزگىلىدە تەرەققىي قىلدۇرمىسا مەڭگۈ تەرەققىي قىلالمايدۇ، مەسىلەن، چۈجىنى ئالساق، ئۇنىڭ «ئانىسىغا ئەگىشىپ يۈرۈش ئىقتىدارى» تۇخۇمدىن چىقىپ تۆت كۈنگىچە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرمىغاندا، ئۇ بۇ خىل ئىقتىدارىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا تۇخۇمدىن چىققان چۈجىنى ئانىسى كەينىگە سېلىپ يۈرمىسە ئانىسىغا ئەگەشمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈجىنىڭ «ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى» سەككىز كۈن ئىچىدە بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭغا ئانا مېكىيانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتمىغاندا، چۈجە بۇ ئىقتىدارىنى مەڭگۈلۈك يوقىتىدۇ. كۈچۈكنىڭ «ئاشقان تاماقنى تۇپىغا كۆمۈپ قويۇش ئىقتىدارى» نىڭمۇ مەلۇم مەزگىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ مەزگىلدە ئۇنى نەرسە كۆمگىلى بولمايدىغان ئۆيگە سولاپ قويغاندا، ئۇمۇ بۇ ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

ئادەملەردىكى ئىقتىدارمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەڭ داڭلىق مىسال - ئەنگلىيىلىك گراف سكوتنىڭ ئوغلىدۇر. سكوت ئەر - ئايال يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئېلىپ دېڭىز سەپىرىگە چىققاندا، كۈچلۈك دېڭىز بورىنىغا دۇچ كېلىپ، كېمىسى ئۆرۈلۈپ كېتىپ كېمىدىكى ھەممە ئادەم دېڭىزغا غەرق بولىدۇ. پەقەت سكوت ئەر - ئاياللا بالىسى بىلەن قىرغاقا چىقىۋېلىپ ئامان قالىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىدىكى ھەر خىل كېسەلگە بەرداشلىق بېرەلمەي بوۋاقنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، نەچچە ئايلىق بولغان كىچىك سكوتنى مايمۇنلار بېقىۋالىدۇ. ئۇ مۇشۇ مايمۇن ئاتا - ئانىسىغا ئەگىشىپ چوڭ بولىدۇ، 20 نەچچە يىلدىن كېيىن ئەنگلىيە سودا كېمىسى تاسادىپىي ھالدا بۇ يەردە توختاپ ئۇنى بايقىغاندا، ئۇ قاۋۇل بىر ئەر بولۇپ قالغان بولۇپ، خۇددى مايمۇندەكلا دەرەخ شاخلىرىغا سەكرەپ ئېسىلىپ يۈرىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆرە



ماڭالمايتتى، ئادەمزاتنىڭ تىلىدىنمۇ بىخەۋەر ئىدى. كىشىلەر ئۇنى ئەنگلىيىگە قايتۇرۇپ ئەكەلگەندە، چوڭ غۇلغۇلا ھەم ئىلىم-پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىغانىدى. تەتقىقاتچىلار خۇددى بوۋاقتا خەت ئۆگەتكەندەك ئۇنىڭغا ئىنسانلارغا خاس ھەر خىل ئىقتىدارنى ئىگىلىتىپ، ئۇنى جەمئىيەتكە قايتا يۇغۇرۇلەندۈرمەكچى بولغان، ئەمما ئۇلار ئون نەچچە يىل سەرپ قىلىپ ئۇنىڭغا ئاران كىيىم كىيىش، ئۆرە مېڭىشنىلا ئۆگەتكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئۆملەشنى ياخشى كۆرگەن، بىر جۈملە سۆزنىمۇ راۋان سۆزلىيەلمىگەن، مەقسىتىنى مايمۇندەك چىرقىراپ ئىپادىلەشكە بەكرەك كۆنۈپ قالغان.

بۇنداق ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشى ئۇنىڭ دەل تىل ئىقتىدارى تەرەققىي قىلىدىغان مەزگىلدە ئادەمزاتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىندۇر. كىچىك سكوت شۇ چاغدا 20 نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، تىل ئۆگىنىشتىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىقتىدارىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قالغان.

يۇقىرىقى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بىز بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئېشىش - كېمىيىش قائىدىسىنى چۈشىنىۋالالايمىز. 100 پىرسەنتلىك ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە بالا تۇغۇلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، تەربىيىلىمەي تاشلىۋېتىلسە، ئۇ بەش ياشقا كىرگەندە ئەقلىنىڭ 80 پىرسەنتى قالىدۇ. ئون ياشقا كىرگەندە ئەقلىنىڭ 60 پىرسەنتى قالىدۇ. ئەگەر 15 ياشقا كىرىپ قالسا، ئۇ ھالدا ئەقلىنىڭ 40 پىرسەنتىلا قالىدۇ.

شۇڭا بالىلارنى تەربىيىلەشتە دىققەت قىلىدىغان بىرىنچى نۇقتا بالىلارنىڭ ئەقلىنىڭ كېمىيىشىنى توسۇش. يەنە كېلىپ بۇنداق كېمىيىش بالىلارنى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ شۇ خىل ئىقتىدارنى يوقاتقاچقا، بالىنى تەربىيىلەشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش



www.uyghurkitap.com

بالىغا ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بېرىش، يەنى بالىنىڭ ئىقتىدارىنى بالدۇرراق ئېچىشتۇر.

## بالا تۇغۇلغان هامان تەربىيىنى باشلاش كېرەك

ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا بالىنىڭ يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟ مېنىڭ تەجرىبەم شۇكى، بالا تۇغۇلۇشى هامان تەربىيىنى باشلاش كېرەك. بۇ گەپنى پېداگوگلار ئاڭلىسا دەرهاللا قارشى تۇرۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇلار بەك بالدۇر باشلانغان تەربىيە بالىغا زىيانلىق دەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ قارشىنىڭ هېچقانداق ئاساسى يوق.

ئەمەلىيەتتە، تۇغۇلۇپ ئۈچ ياشقا كىرگۈچە بولغان مەزگىل ئەڭ مۇهىم مەزگىل بولۇپ، بۇ ۋاقىتتىكى بالىنىڭ مېڭىسىنىڭ شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى كېيىنكى مەزگىل بىلەن زادىلا ئوخشىمايدۇ.

ئەمدىلا تۇغۇلغان بالا ئادەملەرنى پەرق ئېتەلمەيدۇ، ئەمما ئۇ ئۈچ ئاي ياكى بەش ئايدىن كېيىن ئانىسىنى باشقىلاردىن ئايرىيالايدۇ هەم ياتسىرايدىغان بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ قانداقتۇر كىشىلەرنىڭ يۈز شەكلىنى پەرقلەندۈرەلىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئانىسىنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ ئانىسىنىڭ چىراي شەكلىنى شۇ پېتىلا ئېسىدە تۇتۇۋالغانلىقىدىن بولىدۇ.

بوۋاقلاردىكى بۇ خىل ئىقتىدار ئويلىغىنىمىزدىنمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئۈچ ياشقا كىرمىگەن بالىلارغا قارىتىلغان تەربىيە «تاشقا مۆھۈر باسقاندەك» بولىدۇ. بوۋاقلار شەيئىلەرنى بىۋاسىتە سېزىپ، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن قىياپىتىنى دەل شۇ پەيتتىلا ئېسىدە تۇتۇۋالىدۇ، بۇنى چوڭلار هەرگىز قىلالمايدۇ. بوۋاقلارنىڭ مېڭىسى ئاق قەغەز هالىتىدە بولۇپ، چوڭلاردەك تەپەككۇر قىلىش



ئىقتىدارىنى هازىرلىمىغان بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ تېخى چۈشىنىش ۋە بىلىش ئېهتىياجى بولمايدىغان بىر خىل ئۆزلەشتۈرۈش هالىتىدە تۇرىدۇ، ئەگەر سىز توغرا دەپ قارىغان شەكىلنى بالىغا قايتا ـ قايتا، توختىماي، جانلىق هالدا سۈرەتلەپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتمىگەن چېغىدىلا سىڭدۈرمىسىڭىز، ئۇ بىلىپ، بىلمەيلا ئۆزى ئۇچرىغان هەممە نەرسىنى شۇ پېتىلا ئۆزلەشتۈرىۋالىدۇ. بۇ بالىنىڭ ساپاسىنى بەلگىلەپ قويىدۇ.

خۇددى كونىلار ئېيتقاندەك: «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم». بالا ئۈچ ياشقا كىرگەندىلا، چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئاساسىي پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغان بولىدۇ. ئەگەر بىز ئادەملەرنى ئىنچىكە كۆزەتسەك، هەر قانداق بىر ئادەمنىڭ هەرىكىتىدىن ئۇنىڭ ئۈچ ياشقىچە پېشىدىكى ياشىغان مۇهىتنى هەمدە بۇ خىل مۇهىتنىڭ ئۇنىڭ پسىخىكىسىغا تەسىر قىلغان ئامىللىرىنى بىلەلەيمىز. شۇڭا شەكىل باسقۇچى ئادەمنىڭ پۈتكۈل هاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۈچ ياشقا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا بالىلارغا نېمىنى سىڭدۈرۈش كېرەك؟ ئومۇمەن ئالغاندا ئىككى خىل مەزمۇننى، بىرى، تىل، مۇزىكا، خەت، شەكىل قاتارلىق ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئۇلى هېسابلىنىدىغان چوڭ مېڭە خىزمىتىنىڭ ئاساسى بولغان شەكىللەرنى؛ يەنە بىرى، ئادەم بولۇشتىكى ئاساسىي مىزانلارنى ۋە تۇرمۇش پوزىتسىيىسىنى سىڭدۈرۈش كېرەك.

ئومۇمەن، ساغلام بىر پەرزەنت كۆرۈش ئاتا ـ ئانىنىڭ باسقان تۇنجى قەدىمىلا خالاس، كېيىنكى يول تېخىمۇ ئۇزۇن هەم جاپالىق، مەسئۇلىيەت تېخىمۇ ئېغىر. چۈنكى ئاتا ـ ئانا بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپ تەربىيىلىگۈچى بولۇشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى باب

# مەن بالامنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى تازا يېتىلىدىغان پەيتنى چىڭ تۇتتۇم

*بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئېشىش - كېمىيىش قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا، بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدا، مەلۇم بىر خىل ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تازا يېتىلىدىغان مەزگىلى بولىدۇ. بۇ مەزگىل بەك مۇھىم بولۇپ، ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بۇ پەيتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. ئەڭ ياخشى پەيتنى چىڭ تۇتۇش بالىنىڭ دەسلەپكى ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى.*

## بالا نېمىگە ئامراق بولسا، شۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە

بالىدىكى ئىقتىدارنى بالدۇرراق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ناھايىتى ئاسان. بۇۋاق سىزنىڭ كۆيۈنۈشىڭىزنى ۋە مۇھەببىتىڭىزنى ھېس قىلالايدىغان بولسا، بۇ سىزنىڭ ئاللىقاچان ئۇنىڭغا تەربىيىنى باشلاپ بولغىنىڭىز بولىدۇ. بۇنداق تەربىيە ھەم ئىنچىكە، ھەم تەس بولىدۇ. بالا ئۇسسىسا سۇ بېرىسىز، قورسىقى ئاچسا ئەمدۈرىسىز، سىيىۋەتسە



زاكىسىنى ئالماشتۇرىسىز . . . ئاتا ـ ئانا ھەر ۋاقىت بالىنى خۇشال قىلىش غېمىدە بولۇپ سەزگۈرلۈك بىلەن بالىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشى كېرەك. بالىنىڭ ئېھتىياجىنى بىلىۋېلىش سىزنىڭ ئاتا - ئانىلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان تۇنجى قەدىمىڭىز ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك باغلانغان تۇنجى رىشتە. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەربىيە ۋە مەشىقلەرگە سېلىنغان ياخشى ھېسسىي ئۇل بولۇپ قالىدۇ.

مەن ئوغلۇم تۆت ئايلىق بولغاندىن باشلاپ ئانىسى ئېمىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئازراق لىمون شىرنىسى بەردىم، بانان، ئالما، سەۋزە، كەرەپشىلەرنى ئېزىپ يېگۈزدۈم، يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭغا شورپا ئىچۈرۈشكە، پىششىق تۇخۇم، تاتلىق ياڭيۇلارنى بېرىشكە باشلىدىم. بالىلار زىرائەت تېپىدىكى يېمەكلىكلەرگە ئامراق بولىدۇ. بۇ ئۇلارغا ئەڭ ياخشى ئوزۇق بولالايدۇ. بىراق، مېنىڭ ئوغلۇم بۇلارنى ئانچە خالاپ كەتمىدى، مەن بالا نېمىنى ياخشى كۆرسە، شۇ ئەڭ ياخشى يېمەكلىك دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى يېگۈزدۈم، ئىككى ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن گۆش بەرمىدىم.

گېرمانلاردا «ئادەمنىڭ خۇلقى ئۇنىڭ يېمەكلىكىگە باغلىق» دېگەن ماقال بار. قارىغاندا يېمەكلىكلەرنىڭ كىشىنىڭ خاراكتېرى بىلەن ھەقىقەتەن مۇناسىۋىتى بولسا كېرەك. ئىلگىرى بەزىلەر كۆكتات بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئوخشىمىغان يېمەكلىكلەرنىڭ تەسىرىدە بالىلاردا ئوخشىمىغان مىجەز ـ خاراكتېر يېتىلىدىكەن. مەسىلەن، بالىلارغا سەۋزىنى كۆپرەك بەرسە چىش، تېرىسى چىرايلىق بولىدىكەن، تاتلىق ياڭيۇنى كۆپ يېگۈزسە بالىنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدىكەن، يېشىل پۇرچاقنى كۆپرەك يېگەن بالا گۈزەل سەنئەتكە بەكرەك قىزىقىدىكەن،



www.uyghurkitap.com

يېسمۇلەك ۋە چېچەك سەينى كۆپ يېسە، بالىنىڭ ئىدىيىسى ئاددىي، ئادەتتىكىلا ئادەم بولىدىكەن، كۆك پۇرچاقنى كۆپ يېسە، يەڭگىل مىجەز بولۇپ قالىدىكەن. شۇڭا، ماتېماتىكىغا ئۆچ باللارغا تاتلىق ياڭيۇنى كۆپرەك بېرىش، سەنئەتكە قىزىقمايدىغان باللارغا يېسىي پۇرچاقنى كۆپرەك بېرىش، ئۆزىنى تۇتالمايدىغانراق باللارغا كۆك پۇرچاق يېگۈزمەسلىك، قوپالراق باللارغا يېسمۇلەكنى قەتئىي بەرمەسلىك كېرەك.

ئوغلۇم تۇغۇلغاندىن كېيىن يېرىم ئايغىچە بىز ۋاقتى قەرەلىدە ئۇنى ئېمىتتىپ، سۇ بېرىپ، ئۇنىڭ تاماقلىنىشىنى بىر خىل رىتىمغا چۈشۈردۇق. ئۇ تاماقنى كىرىشكەندىن كېيىن ئىككى ۋاخلىق تاماقنىڭ ئارىلىقىدا پەقەت ئۇسسۇزلۇقلا بەردۇق، ئاشقازىنىنى توختىماي ھەرىكەت قىلمىسۇن، قان ئاشقازاندىلا ئايلىنىپ مېڭىگە يېتىشمەي قالمىسۇن، دەپ باشقا قوشۇمچە نەرسىلەرنى بەرمىدۇق. ئەگەر بالىنىڭ ئېنېرگىيىسى ھەزىم قىلىشقىلا سەرپ قىلىنىپ كەتسە، مېڭىسى ياخشى تەرەققىي قىلالمايدۇ، بۇ باللارنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىگە ھەمدە سالامەتلىكىگىمۇ زىيانلىق. ئاسانلا ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىرىگە گىرىپتار بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر «ئادەمنىڭ ئۈمىدۋار، خۇشال ياكى چۈشكۈن ياشىشى ئۇنىڭ ئاشقازىنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك» دېگەن. ئاشقازان كېسىلى باللارنى خامۇش، خاپىغان، بەختسىز قىلىپ قويىدۇ. ئاشقازىنى ئاجىزلار ساغلام كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش خۇشاللىقلىرىدىن مەڭگۈ بەھرە ئالالمايدۇ. شۇڭا، مەن ئوغلۇمنىڭ خالىغانچە ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى، پېچىنىلەرنى يېيىشىنى قەتئىي چەكلىدىم. ئۇنىڭغا ئوزۇقلۇق تولۇقلايدىغان قوشۇمچە يېمەكلىكنىمۇ ۋاقىت بەلگىلەپ ئاندىن بەردىم.



# بالىنىڭ ساغلام كەيپىياتىنى دائىم ساقلاش كېرەك

كىشىلەر ئوغلۇمنى كۆرگەندە دائىم: «بۇ بالا ھېچبىر تالانت ئىگىسىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ سالامەتلىكى بەك ياخشىكەن» دېيىشەتتى. قارىغاندا ئۇلار يەنىلا «تالانتلىقلار كېسەلچان بولار» دېگەن كونا كۆز قاراشتا بولسا كېرەك. بۇنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. ئەمما «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» دېگەننىڭ ئاساسى بار.

گەرچە، بىر قىسىم تالانت ئىگىلىرى كېسەلچانراق بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا تالانت ئىگىلىرى چوقۇم كېسەلچان بولىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. بۇ خاتا قاراشتۇر. ناۋادا ئاشۇ كېسەلمەن تالانت ئىگىلىرى ساقراق بولسا ئىدى، ئۇلار تېخىمۇ داڭ قازانغان بولار ئىدى. ساغلام تالانت ئىگىلىرىمۇ خېلى نۇرغۇن، مەسىلەن، ۋېبستېر، بريانت، ھېنرى بىكا، كالفېن، جېنىني لىند، ئادرىئانا بارچ، سارا بېنخاكىن، جونى ۋېسلىي قاتارلىقلار. ئۇلار ناھايىتى ساغلام بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنتايىن كېلىشكەن، بەستلىك ھەم قاۋۇل.

ئوغلۇمنىڭ سالامەتلىكىگە كىشىلەر ھەيران قالاتتى. چۈنكى، مەن ئۇنى بوۋاق چېغىدىن باشلاپلا جىسمانىي جەھەتتە چېنىقتۇرغانىدىم.

خۇشاللىق ساغلاملىقنىڭ ئاساسى. مەن بالامنىڭ تۇرۇۋاتقان مۇھىتىنى ئىنتايىن چىرايلىق قىلىپ بېزىدىم، ناچار مۇھىتتا بالا ياخشى يېمەكلىكنى ھەزىم قىلالمايدۇ، تېنى ئاجىز بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بالا تۇرىدىغان مۇھىت بالىنى خۇشال قىلىدىغان، ئازادە بولۇشى كېرەك.

ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى مەن ئايالىم بىلەن بالىنى سىرتقا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاچىقىپ ئۇنىڭغا كەلگەن ياپپېشىل دالىنى كۆرسىتەتتىم. ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالماي، ئېغىز - بۇرۇننى شارپىدا ئورىماي تەبىئەت قوينىدا ئەركىن يايرىتاتتىم. ئاپتاپ كۆرسۇن، ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنسۇن، دەپ ئۇنى سىرتتا ئۇخلىتاتتىم. ئۆيدە ئۇخلاتقاندىمۇ ئاپئاق كىرلىك ئۈستىگە ماموق كۆرپە سېلىپلا ئەركىن ئۇخلىتاتتىم. شۇڭا، باللارنى ھەرگىز قونچاق ئورىغاندەك ئوراپ چىڭ بۆلەپ ئۇخلاتماسلىق كېرەك.

كارل ئالتە ھەپتىلىك بولغاندا تۆت ئايلىق باللاردەك يوغان چوڭ بولدى. مانا بۇ ئۇنى دائىم ھەرىكەتلەندۈرگەننىڭ، ساپ ھاۋادا نەپەسلەندۈرگەننىڭ پايدىسى ئىدى. بۇ يەردە دېيىلگەن ھەرىكەت بالىنى ئىككى، ئۈچ ھەپتىلىك بولغاندىن باشلاپ سىلىق ياغاچ كالتەككە ئېسىلدۇرۇپ مەشىق قىلدۇرۇش ئىدى. بىئولوگىيە نەزەرىيىسىدە «ئايرىم يېتىلىش ئومۇمىي يېتىلىشنىڭ قىسقا مۇددەتلىك تەكرارلىنىشى» دېيىلگەن. شۇڭا، ئادەم بوۋاق ۋاقتىدا خۇددى مايمۇنلاردەك شاخلارغا ئېسىلىپ تۇرالايدۇ.

يەنە بىر خىل مەشىق بالىنى قولۇمغا ئېسىلدۇرۇش ئىدى. بوۋاقلاردا «تۇغما نەرسە تۇتۇش ئىقتىدارى» كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خۇددى تورنىڭ تارتىپ بەدىنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنگە ئوخشاش بولىدۇ. بالا ئىككى ئايلىق بولۇپ بۇ ئىقتىدارىنى ئاستا-ئاستا يوقاتقاندا بولسا، بالىنىڭ بىلىكى كۈچكە خېلىلا تولۇپ قالغان بولىدۇ. بۇ بالىنىڭ تېزرەك ئۆمىلىشىگە پايدىلىق.

مەن بالىنى يۇيۇنۇشقا ئامراق قىلىش ئۈچۈن سۇنى بەك قىزىق ياكى بەك سوغۇق قىلىۋەتمەسلىككە، دەل جايىدا ئىلمان قىلىپ تەڭشەشكە دىققەت قىلدىم. ئايالىم ئىككىمىز ھەر كۈنى دېگۈدەك بالىنى يۇيۇندۇردۇق، ئۇنىڭ قول - پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاپ بەردۇق، بۇنداق قىلغاندا بالىنىڭ سېزىمىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى، قان ئايلىنىشنى تېزلەتكىلى ھەمدە ھەرىكىتىنى



چاققان قىلغىلى بولاتتى. ئۇ بىر ياشقا كىرگەندىلا ئۇنىڭغا يۈز يۇيۇشنى، چىش چوتكىلاشنى ئۆگەتتۇق. ئۇ بىر كۈندە نەچچە قېتىم، يەنى ئەتىگەندە، كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن، قۇرۇق بولكا يېگەندىن كېيىن چىشىنى چوتكىلايتتى. بىز يەنە ئۇنىڭغا كىچىك قولياغلىقتا بۇرنىنى ئېرتىشنى ئۆگەتتۇق.

مۇشۇنداق ئوزۇقلاندۇرۇش ھەم جىسمانىي جەھەتتىكى ئەستايىدىل تەربىيە نەتىجىسىدە كېسەلچان كىچىك كارل تىمەن ھەم شوخ بالىغا ئايلاندى.

## بالىنىڭ بەش ئەزاسىنى چېنىقتۇردۇق

بالىنىڭ بوۋاق مەزگىلىدىكى بارلىق ئىقتىدارىنى ئاچمىسا ۋە ئىشلەتمىسە، ئۇ مەڭگۈ تەرەققىي قىلالمايدۇ. شۇڭا، مەن ئىشنى ئوغلۇمنىڭ بەش ئەزاسى (قۇلاق، كۆز، ئېغىز، بۇرۇن، تېرە) نى چېنىقتۇرۇش، چوڭ مېڭىسىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىشتىن باشلىدىم. چۈنكى ئاڭلاش، كۆرۈش، تېتىش، پۇراش، تېگىش سېزىمى ئادەملەرنىڭ تاشقى دۇنيانى بىلىشىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ئاساس بولۇپ، بالىنىڭ بۇ سەزگۈ ئەزالىرىنى يېتەرلىك غىدىقلاپ بەرسە، چوڭ مېڭىسىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنى پائال ھەرىكەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك ئەزالىرى ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالىسا، بالا چوقۇم ئەقىللىق ھەم زېرەك بولۇپ چىقىدۇ.

بۇ بەش ئەزا ئىچىدە ئالدى بىلەن قۇلاقنىڭ ئاڭلاش سېزىمىنى چېنىقتۇرۇش كېرەك. چۈنكى، بوۋاقنىڭ ئاڭلاش سېزىمى كۆرۈش قۇۋۋىتىگە قارىغاندا بالدۇر تەرەققىي قىلىدۇ. ئاڭلاش سېزىمىنى چېنىقتۇرۇشتا، ئانىسىنىڭ يېقىملىق ئاۋازدا

ئېيتقان ناخشىلىرى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ جەھەتتە ئوغلۇم تولىمۇ تەلەيلىك بولۇپ، ئانىسىنىڭ يېقىملىق ناخشىسىنى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا قانغۇچە ئاڭلىغانىدى، مەن گەرچە ناخشىنى بەك ياخشى ئېيتالمىساممۇ، ئەمما ئۇنىڭغا دائىم شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتىم.

ئوغلۇم ئالتە ھەپتىلىك بولغاندا مەن ئۇنىڭغا ۋېچىرنىڭ، ۋاگېرنىڭ شېئىرلىرىنى بوش ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىۋىدىم، ئۇنۇمى بەك ياخشى بولدى. ھەر قېتىم مەن ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەندە، ئۇ ئاسانلا ئۇيقۇغا كېتەتتى، دېكلاماتسىيە ئاھاڭى ئۆزگەرسە، ئۇ دەرھال ئوخشىمىغان ئىنكاس قايتۇراتتى.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، مەن بالىغا شېئىرنى زورلاپ تاڭمىدىم، بەلكى ئۇنىڭغا تەبىئىي ھالدا ئۆگەتتىم، ئۇمۇ ئاسانلا يادقا ئېلىۋالدى.

مەن يەنە ئوغلۇمنىڭ مۇزىكا سېزىمىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەربىرى بىر خىل ئاۋاز چىقىرالايدىغان قوڭغۇراقلارنى ئېلىپ بەردىم ھەم ئۇلارنى قىزىل، قىزغۇچ سېرىق، يېشىل، كۆك، ھاۋارەڭ، بىنەپشە رەڭلىك يىپلار بىلەن چىگىپ، ئۇلارغا يىپنىڭ رەڭگى بويىچە ئىسىم قويۇپ بەردىم. ھەر قېتىم بالا ئېمىمەن دەپ ئويغانغاندا، مەن بۇ قوڭغۇراقلارنى ئۇنىڭغا چېلىپ بەردىم ھەمدە ئۇلارنى ئاستا - ئاستا ئوڭ - سولغا يۆتكەپ، بالىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدىم. بالا ئالتە ئايلىق بولا - بولمايلا مەن دېگەن رەڭ بويىچە قوڭغۇراقلارنى تاپىدىغان بولدى. مېنىڭچە بۇ ئاڭلاش ھەم رەڭ پەرق ئېتىشنى تەڭ چېنىقتۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك چارە ئىكەن.

بالىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى چېنىقتۇرۇشمۇ بالىنىڭ زېھنىنى ئېچىشتىكى مۇھىم ئامىل. ئوغلۇم تۇغۇلۇپ ئىككى- ئۈچ ھەپتە بولغاندا، ئۇنىڭغا ھەر خىل رەڭلىك پارچە رەختلەردىن



تىكىلگەن ئىت، مۈشۈك، بۇغىلارنى ئېلىپ بەردىم - دە، بۇلارنى بالىنىڭ ئەتراپىغا قويۇپ ئورنىنى ئۈزلۈكسىز ئالماشتۇرۇپ كۆرسىتىپ تۇردۇم. مەن يەنە ئۈچ قىرلىق ئەينەك سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا دائىم تامدىكى سۇنغان رەڭلەرنى، يەنى ھەسەن - ھۈسەننى كۆرسەتتىم، ئۇ بۇنىڭغا بەك ئامراق بولۇپ، يىغلىغاندا شۇنى كۆرسىلا يىغىسىنى توختىتاتتى .

تەم سېزىمىگە كەلسەك، بالىغا ھەرخىل تەملەرنى تېتىتىشتىن باشقا، ئۇنىڭ قەنت ۋە تۇزنى جىق يېسە بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ دائىم تۇزسىزراق تاماقلارنى يېگۈزدۇق. بۇنىڭ بالىنىڭ تەم تېتىش سەزگۈرلۈكىنى ساقلاش ۋە تاتلىق ھەم تۇزلۇققا ئامراق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا پايدىسى بولدى.

ئوغلۇم بىر ئايلىق بولغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرەلەيدىغان بولدى. مەن ئۇنىڭ پۇتىنى ئىتتىرىپ ئۇنىڭغا ئۆمىلەشنى ئۆگەتتىم. ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ئۆمىلەشنى بالدۇرراق ئۆگىتىشى كېرەك. دۈم تۇرۇش بوۋاقلارغا ئەڭ ماس كېلىدىغان ھەرىكەت بولۇپ، بالا ئۆمىلىسە بويۇن ئومۇرتقىسى ھەرىكەتلىنىپ تەرەققىي قىلىدۇ، ئۇ قانچە ئېگىز بويۇندىسا شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ، ئۇچرىشىدىغان نەرسىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇپ، شۇنچە ئەقىللىق بولىدۇ.

بالىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار. بىرى، ھەر خىل رەڭلەر ئارقىلىق بالىنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش. مەن بالىنىڭ ھۇجرىسىغا ھەر خىل داڭلىق رەسساملارنىڭ تەقلىدىي نۇسخىسىنى ئېسىپ ھەمدە داڭلىق ھەيكەللەرنىڭ تەقلىدىي نۇسخىسىنى تىزىپ بەردىم. ئۆيدىكى ھەر خىل نەرسىلەرنى، مەسىلەن، جوزا،

ئورۇندۇق قاتارلىقلارنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ پەرق ئەتكۈزدۈم، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تەكرار ئېيتىپ بەردىم. ئوغلۇم باشتا پەقەت رەسىملەرنىڭ رەڭگىگىلا قىزىقتى، كېيىنچە رەسىمنىڭ مەنىسىنىمۇ ئاستا - ئاستا بىلىۋالدى.

بالىنىڭ زېھنىنى ئېچىشتا رەسىم بەك مۇھىم رول ئوينايدۇ. رەسىم سىزىشقا ئۇستا ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا ئۆسكەن بالا ھەقىقەتەن تەلەيلىك ھېسابلىنىدۇ. مەن ئاز - تولا رەسىم سىزالىغاچقا، ئۇنىڭغا چىرايلىق گۈللەرنى، ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ رەسىمىنى سىزىپ بېرەتتىم. يەنە ئۇنىڭغا رەسىملىك كىتابلارنى كۆرسىتەتتىم ۋە ئوقۇپ بېرەتتىم. ئۇ ھەمىشە بېرىلىپ ئاڭلايتتى. بۇ بالىنىڭ گەرچە ھېچنېمىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئەمما مېنىڭ ئاۋازىمغا ۋە رەسىملەرنىڭ رەڭگىگە قىزىقىشقا باشلىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. مەن يەنە ئوغلۇمغا دەيدىغان گەپلەرنىڭ كۆپىنى رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەپ بالامنىڭ بىلىمىنى كۆپەيتتىم.

ئوغلۇمنىڭ رەڭلەرنى تونۇش سېزىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەن ھەر خىل رەڭلىك ياغاچ پارچىلىرى ۋە شارچىلارنى، رەڭدار قونچاقلارنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئوينىدىم. بالا كىچىكىدىنلا رەڭ پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگەنمىسە كېيىنچە رەڭنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلمەس بولۇپ قالىدۇ.

رەڭلىك قەلەممۇ بالىنىڭ ياخشى ئويۇنچۇقى. مەن دائىم مۇشۇنداق قەلەم ئارقىلىق بالام بىلەن رەڭ ئويۇنى ئوينايتتىم، مەن بىر پارچە ئاق قەغەزگە مەلۇم نۇقتىنى ئاساس قىلىپ بىر قىزىل سىزىق سىزاتتىم، ئاندىن ئوغلۇم ئۇنىڭغا پاراللېل قىلىپ بىر قىزىل سىزىق سىزاتتى، ئاندىن مەن يەنە ئۆزۈمنىڭ سىزىقىغا ئۇلاپ كۆك سىزىق سىزاتتىم، ئوغلۇممۇ ماڭا ئوخشاش ئۆزىنىڭ قىزىل سىزىقىغا ئۇلاپ يەنە بىر كۆك سىزىق سىزاتتى. ئويۇن مۇشۇنداق داۋاملىشاتتى. ئوغلۇم رەڭنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ



www.uyghurkitap.com

مەن بىلەن تەڭ سىزمىسىلا ئۆتتۈرغان بولاتتى، ئويۇنمۇ ئاخىرلىشاتتى.

كارلىنىڭ ئايىغى چىقىشى بىلەنلا ئۇنى دائىم سەيلى قىلدۇرۇپ ئۇنىڭغا ئاسماننىڭ، دەرەخلەرنىڭ، گۈللەرنىڭ، دالىلارنىڭ، ئىمارەتلەرنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ كىيىملىرىنىڭ رەڭگىنى كۆزىتىشنى ئۆگەتتىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ رەڭ سېزىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

يەنە بالىلارغا بەزى شەيئىلەرنى دىققەت بىلەن كۆزەتكۈزۈپ بالىنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇش لازىم. مەن كارل بىلەن زېھىن قويۇش ئويۇنى ئويناش ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم. مەن ھەر قېتىم ماگىزىننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئوغلۇمدىن بۇ ماگىزىننىڭ دېرىزىلىرىگە نېمىلەر تىزىلىپتۇ؟ دەپ سورىدىم ھەمدە بۇ نەرسىلەرنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىشقا ئۈندىدىم. بالام قانچە كۆپ نەرسىلەرنى ئېسىدە تۇتۇۋالسا شۇنچە ياخشى ئىدى. ئەلۋەتتە، ئەگەر ئۇنىڭ ئېسىدە قالغىنى ئېسىدە قالدۇرالايدىغىنىدىن ئاز بولسا، ئۇ تەنقىدلىنەتتى.

بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بەك ئەسقاتىدۇ، بۇ خىل ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇپ بەرگەچكە، ئوغلۇم ئىككى ياشقا كىرگەندە ئۇنى بىر ماي بوياق رەسىمخانىسىغا ئەكىرسەم، بالامنىڭ داڭلىق رەسىملەرنىڭ ئىسمىنى ئېيتالىغانلىقىغا دۇكاندار ھاڭ - تاڭ قالدى.

بوۋاقلارنىڭ دىققىتىنى يىغىش بەك تەس. مەن ھەرخىل نەرسىلەر بىلەن بالىغا سۈپەت ئۇقۇملىرىنى ئۆگەتتىم. بالام ئالتە ھەپتىلىك بولغاندا، ئۇنىڭغا قىزىل شار ئېلىپ بەردىم ۋە ئۇنى بىلىكىگە چېگىپ قويدۇم ، شار ئۇنىڭ بىلىكىنىڭ مىدىرلىشىغا ئەگىشىپ تەۋرىنەتتى ، كېيىنچە ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بىلىكىدىكى شارنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ تۇردۇم. مۇشۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭغا قىزىل، يېشىل، يېنىك، يۇمىلاق دېگەن

ئوقۇملارنى ئاسانلا ئىگىلەيتتىم. ئوغلۇم بۇ خىل ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىن بەك رازى بولدى.

بۇنداق ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قۇم قەغەز چاپلانغان ياغاچ پارچىلىرىنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا سىلىق ۋە يىرىك دېگەن سۆپەتلەرنى ئۆگەتتىم. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ناچار تەرىپىمۇ بار، ئەلۋەتتە. بۇۋاقلار ھە دېسىلا قولىدىكى نەرسىنى ئاغزىغا سېلىۋالغاچقا، ئاتا-ئانا دائىم دىققەت قىلىشى، بالىلارنىڭ بۇنداق ئادەتنى يوقىتۇرۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىمكانقەدەر بالىنىڭ نەرسە تۇتۇش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. بۇنىڭ بالىنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشتە مۇھىم ئەھمىيىتى بار. بوۋاقنىڭ ئۆزىنىڭ قولىنى تونۇشىمۇ كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ، بالىغا ئۆزىنىڭ قولىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قولى بىلەن قىلالىغۇدەك ئىش تېپىپ بېرىش كېرەك. ھەر قېتىم بالام ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىشى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە تۇتقۇزدۇق، دائىم ئۇنىڭ بارماقلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بىر نەرسىلەرنى تۇتۇشقا ۋە چاۋاك چېلىشقا ھەمدەم بولدۇق.

مەن يەنە ھەممىشە ئوغلۇمنى قولۇمغا قارىتىپ قولنىڭ باشقا ھەر خىل ئىقتىدارلىرىنى چۈشەندۈردۈم. مەسىلەن، مەن كىچىك قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتسام، بالام دەرھال قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئاۋاز چىقارماقچى بولاتتى. ئۇ 8 – 9 ئايلىق بولغاندا، ئۇنىڭغا رەڭلىك قەلەم ۋە بىر پارچە قەغەز تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزۈممۇ رەڭلىك قەلەم بىلەن قەغەزگە رەسىم سىزدىم، ئۇ ماڭا ئەگىشىپ ھە دەپ جىجىغىلى تۇردى، ئۇ ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان بىر نەرسىلەرنى سىزغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قولىنىڭ بۇ ئىقتىدارىنى چۈشىنىشكە باشلىغانىدى.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، مەن بالامنى بۇ ئىشلارنى



قىلىشقا ھەرگىز زورلىمىدىم. بالا دېگەن بىر تىرىك جان، بىز تەبىئىي ھەم ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۇنىڭ تالانتىنى قېزىشىمىز لازىم. مەن ئۇنىڭ بۇ تالانتىنى بىكار ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈنلا ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئۇنى توغرا يېتەكلەشكە ئۇرۇندۇم. مەن بۇلارنى دائىم قىلىپ بەرگەچكە، بالامنىڭ ھەر دائىم قىلىدىغان ئىشى چىقىپ تۇرغاچقا، قولىنى شۇمىدىغان، شۈمشەرەپ تۇرىدىغان، ھەتتا يىغلايدىغان بولۇپ قالمىدى، ساغلام تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلدى.

## ئوغلۇم ئون بەش كۈنلۈك بولغاندىلا سۆزلۈك ئۆگىتىشكە باشلىدىم

بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئېچىش - كېمىيىش قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ يېتىلىش جەريانىدا مەلۇم خىل ئىقتىدارىنىڭ ئەڭ ياخشى تەرەققىي قىلىش مەزگىلى بولىدۇ. بۇ ئالتۇن مەزگىل تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، بۇنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك. بالىلارنىڭ زېھنىنى بالدۇر ئېچىشتىكى مۇھىم ھالقا ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئالتۇن پەيتىنى تۇتۇشتا. بالا ئۈچ ياشقا كىرگۈچە بولغان ۋاقىت ئۇنىڭ تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئەڭ ياخشى پەيت، بالىغا بۇرۇنراق تىل ئۆگىتىش ئەڭ مۇھىم. چۈنكى تىل تەپەككۇر قورالى، شۇنداقلا بىلىم ئىگىلەش قورالى، بۇ قورالسىز بىز ھېچقانداق بىلىم ئىگىلىيەلمەيمىز. ئىنسانىيەتنىڭ ھايۋانلاردىن بەكرەك تەرەققىي قىلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى - ئۇنىڭ تىلغا ئىگە بولغانلىقىدا. شۇڭا بالىلار بالدۇرراق تىل ئىگىلىمىسە، ئۆز ئىقتىدارىنى ۋاقتىدا جارى قىلدۇرالماسلىقى مۇمكىن. ناۋادا بالا ئالتە ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا تىلنى پۇختا ئۆگىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بالىغا سۆز ئۆگىتىش جەريانىدا مەن تۆۋەندىكىدەك ناھايىتى ئۈنۈملۈك بىر قانچە تەجرىبىنى يەكۈنلەپ چىقتىم، ئەمدى بۇلارنى كۆپچىلىككە سۇنماقچىمەن:

**1. تاۋۇشلارنى ئېنىق، توغرا تەلەپپۇز قىلىش**

ئوغلۇم تۇنجى قېتىم «f» «a» نى تەلەپپۇز قىلغاندىن باشلاپ مەن زېرىكمەي ئۇنىڭغا «fa fa fa» ، «ma ma ma» دېيىشنى ئۆگەتتىم. ئەگەر ئوغلۇم «ka» دەپ قالسىلا مەنمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ «ka» دېدىم، ئوغلۇم مېنى دوراپ تاۋۇش چىقارسا، گەرچە تەلەپپۇز بەك ئېنىق بولمىسىمۇ، ئۇنى ئىلھاملاندۇردۇم، ئەمما بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا بالىنىڭ تەلەپپۇزىنى ئېنىق ئاڭلاش كېرەك. مەسىلەن، ئۇ «mo» دېگەن بولسا، سىز ئۇنى «ma» دەپ ئاڭلاپ ئىلھاملاندۇرۇپ قويسىڭىز، ۋاقىتنىڭ ئۆزۈرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تەلەپپۇزى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ.

مەن دائىم ئوغلۇم ئويغىنىپ بىر سائەت بولغاندا ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق سۆز ئويۇنى ئوينايمەن، بۇ چاغدا ئۇ بىر قەدەر سەگەك، روھىي كەيپىياتى ياخشى بولغاچقا، ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولىدۇ. شۇڭا بۇنىڭدا ۋاقىت تاللاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. تەلەپپۇز قىلغاندا بالىغا قاراپ چىراي ئىپادىسىنى، ئەڭ ياخشىسى ئېغىز ھەرىكىتىنى كۆرسىتىش كېرەك.

بالىغا تاۋۇش چىقىرىشنى ئۆگەتكەندە چوقۇم ئاددىي، ئېنىق، دەل ئۆگىتىش، ھەرگىز سوزۇپ تارتىپ ئېزىپ ئولتۇرماسلىق كېرەك. مەسىلەن، بالىغا «a» نى ئۆگەتمەكچى بولسىڭىز بىۋاسىتىلا «a» دەپ ئۆگىتىۋېرىڭ، بىر توقاي گەپ قىلىپ ئاندىن بالىغا ئۇنىڭ ئارىسىدىكى «a»نى دەپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنداق قىلسىڭىز بالا قايمۇقۇپ قالىدۇ ـ دە، خاتا بىلىپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ.



**2. ئۆگىتىشنى ئەتراپىدىكى ئەمەلىي نەرسىلەردىن باشلاش**

بىز چەت ئەل تىلى ئۆگەنگەندە سۆزلۈك ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئەمما سۆزلۈكلەرنى بەك كۆپ يادلىۋەتسەك ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز، بىر چاغلاردا مەن كېيىنچە بالىغا ئىنگلىزچىنى ياخشىراق ئۆگىتىش ئۈچۈن ۋېبستېرنىڭ كىچىك يانچۇق لۇغىتىنى كۆتۈرۈۋېلىپ باشتىن ئاخىر يادلاپ يۈرگەنىدىم، ئەمما بۇياندىن يادلىسام ئۇياندىن ئۇنتۇپ قېلىپ ياخشى ئۈنۈمى بولمىدى. كېيىن مەن ئۆگىنىش جەريانىدا كۆپرەك خام سۆز ئىگىلەش ئۈچۈن قىزىقارلىق كىتابلارنى ئوقۇش كېرەكلىكىنى، ئوقۇش جەريانىدا ئەستە قالدۇرسا ئاسان بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، ئوخشاشلا بالىغا كۆپرەك خام سۆز ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا زورلاپ ئۆگەتكەندىن كۆرە مۇشۇنداق ئۆگەتسە ياخشى بولىدىكەن.

بالىغا سۆزلەشنى ئۆگىتىشتە چوقۇم ئاز ـ تولا ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن. مەن بالام بىلەن تاماق ئۈستىلى ئۈستىدىكى نەرسىلەر توغرىسىدا، ئۆيدىكى جاھازلار توغرىسىدا، ھويلىدىكى گۈل ۋە ھاشاراتلار توغرىسىدا سۆزلىشىش ئارقىلىق يېڭى سۆزلەرنى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆگىتىپ چىقتىم.

بالام سەل چوڭ بولغاندا ئايالىم ئىككىمىز بالىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئۇنىڭغا ئۈستەلدىكى نەرسىلەر، ئادەم بەدىنىنىڭ ھەر قايسى ئەزالىرى، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ھەرقايسى قىسمى، ئۆيدىكى جاھازلىرى ۋە ھويلىدىكى گۈللەر، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشى قاتارلىق بالامنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالايدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئاتىلىشىنى ئۆگەتتىم، ئۇنىڭغا نېمىنى كۆرسەتسە شۇنى ئۆگىتىپ ماڭدىم، يەنە پېئىل ۋە سۈپەت سۆزلىرىنى ئۆگىتىپ، ئۇنىڭ سۆز بايلىقىنى ئاستا ـ ئاستا ئاشۇردۇم.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ھەر كۈنى دېگۈدەك بالىنى تالادا

سەيلە قىلدۇردۇق. مەھەللە دوقمۇشىدىن چىركاۋغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭغا ئېگىز دەرەخلەر، پاكار ئوت - چۆپلەر، ئۇچار قۇشلار، رىشاتكىلار، كوچا چىراغلىرى، ئىمارەت، پەيتۇن، ھەر خىل گۈل - گىياھ، ھەر خىل ئادەملەر، ھەتتا چۇمۇلە دېگەندەك نېمىنى ئۇچراتساق بالىغا شۇنى كۆرسەتتۇق. . . . . ئوغلۇم بۇ خۇشاللىقلاردىن خۇددى يوقىتىپ سىرتقى دۇنياغا ھەيرانلىق بىلەن قىزىقىپلا قالدى، ئىشىكتىن چىقىسىلا ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى كۆرسىتىپ ئېغىزى بېسىقمىدى . گەپنىمۇ ياخشى قىلالايدىغان بولدى.

بۇ خىل تەربىيە ئۇسۇلىدا تەرتىپلىك، ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلەشكە دىققەت قىلىش، ئاساندىن تەسكە ئۆتۈش كېرەك. دەسلەپتە ئاسانراق تاۋۇشلارنى، ئاددىي سۆزلەرنى ئۆگىتىشتىن باشلاش، ھەر كۈنى دېگۈدەك داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. توختىماي، سىجىل مەشىق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**3. ھېكايە ئارقىلىق بالىنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان يېقىنلىقىنى كۈچەيتىش**

بالا گەپنى ئاز - تولا چۈشىنىدىغان بولغاندا ئايالىم ئىككىمىز ئۇنىڭغا كۈندە دېگۈدەك ھېكايە ئېيتىپ بەردۇق. بىزنىڭچە بوۋاققا نىسبەتەن ھېكايىدىنمۇ مۇھىم نەرسە بولمىسا كېرەك. چۈنكى، بوۋاق بۇ دۇنيا توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا بۇ يات دۇنيانى بالدۇراق بىلدۈرۈش كېرەك. قانچە بالدۇر بولسا شۇنچە ياخشى، بالىنى بۇ دۇنياغا يېقىنلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئۇنىڭغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىشتۇر. ھېكايە ئارقىلىق بالىغا دۇنيانى بىلدۈرگىلى، ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش، تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى، بىلىمىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ. بالىغا تۈرلۈك بىلىملەرنى ئۆلۈك ھالدا



زورمۇزور ئۆگەتكەندىن كۆرە، ھېكايە ئارقىلىق ئۆگەتسە، بالا ھەم ئاسان ئېسىدە تۇتالايدۇ، ھەم ياقتۇرىدۇ. شۇڭا، ھېكايە ئېيتىش ئۇسۇلى بالا تەربىيىلەشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل.

ئوغلۇمغا ھېكايە ئېيتىپ بەرگەندىن سىرت، مەن يەنە ياخشى كىتابلارنى تاللاپ ئالدىرىماي ئوقۇپ بەردىم، كۆپچىلىككە كىتابلار ئىچىدىن ئىنجىلنى كۆپرەك ئوقۇپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلىمەن، چۈنكى ئىنجىل دۇنيادا تەڭداشسىز ئەسەر، بۇنداق داڭلىق ئەسەر ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ، ئۇنى ئاستا - ئاستا ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق بالىغا تىل ئۆگەتكىلى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدا ئېسىل ئەخلاق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

بالىغا ھېكايە ئېيتىپ بەرگەندە پەقەت ئېيتىپ بېرىپلا بولدى قىلماي، يەنە بالىغا تەكرارلىتىش كېرەك. بالىغا تەكرارلاتمىغاندا، ھەقىقىي پايدىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئوغلۇم سۆزلىيەلمەيدىغان چاغدىلا ئاپىسى قەدىمكى رىم، گرېتسىيە ۋە شىمالىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تۈرلۈك رىۋايەت ۋە چۆچەكلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى، ئوغلۇم سەل گەپ قىلالىغۇدەك بولغاندا ئىككىسى بۇلارنى دراما قىلىپ ئورۇندايتتى. ئوغلۇمغا ئىنجىلدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەندە، بۇ ھېكايىلەرنى ئوپېرالاشتۇرۇپ ئويناپ چىقاتتۇق.

ئاپىسى مۇشۇنداق جانلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنى سىجىل تەربىيىلىگەچكە، ئاخىر بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلدى. ئوغلۇم بەش — ئالتە ياشلارغا كىرىپلا 30 مىڭدىن ئارتۇق سۆزنى ئۆگىنىۋالدى، بۇنى 15 ياشلىق بالىمۇ ئاسانلىقچە قىلالمايتتى.

**4. ئامالىنىڭ بارىچە سۆزلۈكنى كۆپ ئۆگىتىش**

بالىغا تىل ئۆگىتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش بالىنىڭ سۆز بايلىقىنى كۆپەيتىش ۋە ئۇنى بىلدۈرۈش. بىز ئوغلۇمنىڭ سۆزلۈكنى كۆپ ئۆگىنىشىگە ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرىپ

كەلدۇق. خىزمەتكارنىڭ بالا ئۇقمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆز نامى بىلەن ئاتىشىنى تەلەپ قىلدۇق، بالىمىز پىششىق بىلىدىغان نەرسىلەرگىلا ئاندىن ئالماش سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە يول قويدۇق، بالىغا بەزى قائىدىلەرنى ئۆگەتكەندە، ئۇ بىلمەيدىغان سۆزلۈكلەر ئۇچرىسا، ئۇنىڭغا دائىم ئەستايىدىل ئۆگەتتۇق.

ئەلۋەتتە بالا بەك كىچىك بولغاچقا، بەزى قىيىن سۆزلەرنى قانداقلا چۈشەندۈرگەن بىلەنمۇ چۈشىنەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما بىزنىڭ چۈشەندۈرۈشىمىز قانداقتۇر نوقۇل هالدا ئۇنىڭغا دەرهال چۈشەندۈرۈشنى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ خام سۆزنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆگىنىشتىكى توغرا پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇلنى ئىگىلىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەگەر چوڭلار بالىلارغا بىلىم بېرىشتە قىيىن نۇقتىلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتسە، بالىلار چوڭقۇر ئىزدەنمەيلا بولدى قىلىدىغان ناچار ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ.

گېرمانىيىنىڭ بالىلار قوشاقلىرى ناهايىتى كۆپ، بىز بۇ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بالام كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇنىڭغا ئۆگەتتۇق. قوشاقلار ئاهاڭدار، قاپىيىداش بولغاچقا، تۇتۇۋېلىشقا ئاسان ئىدى، بۇ بالىنىڭ سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇشىغا، شۇنداقلا ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشىغا پايدىلىق. ئوغلۇم تۆت ياشقا كىرىپلا، شېئىر شەكلىدە يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىدى.

**5. چالا — بۇلا گەپلەر ۋە يەرلىك شېۋىلەرنى ئۆگىتىشكە قارشى تۇرۇش**

مەن بالىلارغا چالا ـ بۇلا گەپلەر ۋە يەرلىك شېۋىلەرنى ئۆگىتىشكە قارشى، مەسىلەن، بالىغا «مەممە»، «هاۋ ـ هاۋ» دېگەندەك گەپلەرنى ئۆگىتىش بالىنىڭ تىل ئۆگىنىشىگە زىيانلىق. بۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىلار دىققەت قىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بالىنىڭ چالا - بۇلا گەپنى ۋە يەرلىك شېۋىلەرنى ئۆگىنىشى ئاسانغا چۈشىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىلار تىل ئۆگىنىشنى



www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق يېرىم ـ ياتا گەپلەرنى قىلىشتىن باشلايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما مەن شۇنى هېس قىلدىمكى، ئىككى ياش ئەتراپىدىكى بالا گەپلەرنى ئاستا، ئېنىق، دەل قىلىپ دەپ بەرسە، هەر قانداق گەپنى توغرا تەلەپپۇز قىلالايدىكەن.

ئەگەر بالا ئەسلىدە ئۆگىنەلەيدىغان نەرسىلەرنى قەستەن ئۇنىڭغا ئۆگەتمىسە، بۇنداق تەربىيە بىر ئەخمىقانىلىك بولۇپ قالىدۇ، خالاس. ئەمەلىيەتتە بوۋاقلارغا نىسبەتەن «ئىت» دېيىشتىن «هاۋ ـ هاۋ» دېيىش ئاسانراق، ئەمما بۇنىمۇ ئۇلار ئوخشاشلا كۈچ سەرپ قىلىپ ئۆگىنىدۇ. بالا هامان بىر كۈنى ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلنى ئۆگىنىدۇ، چالا - پۇچۇق گەپلەرنى ئۆگەنگەن بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ. بالىغا بىر نەرسىنى ئىككى قېتىم ئۆگىتىپ، ئۇنىڭغا قاتمۇ قات يۈك پەيدا قىلىشتىنمۇ ئاۋارىچىلىق بولمىسا كېرەك. بالا ئەسلىدە ئاشۇ ئىسراپ بولغان زېهنى بىلەن باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىشى مۇمكىنغۇ؟ ئاشۇنداق خاتا تەربىيە نەتىجىسىدە بالىلار قىممەتلىك ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىدۇ، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىغا چالا ـ پۇچۇق گەپ قىلىپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماسلىقى لازىم.

بەزىلەر بەلكىم، «بالىلارنىڭ كەمتۈك گەپلىرى بەك تاتلىق، بەك قىزىقارلىق» دېيىشى مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار قانچىلىك زور بەدەل تۆلەيدۇ؟ بۇ ئەرزىمدۇ؟ بالىغا كەمتۈك سۆزلەرنى ئۆگىتىشنىڭ زىيىنى بۇلا ئەمەس. جەمئىيەتتە هەتتا 14 ــ 15 ياشلارغا كىرىپ قېلىپمۇ بەزى گەپلەرنى ئېنىق قىلالمايدىغان بالىلار خېلى بار، مانا بۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلارغا ئېنىق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشنى ئۆگەتمىگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى. هازىر مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلار تەلەپپۇز توغرىلاش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت ۋە كۈچ سەرپ قىلىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ باشقا ئەمگەككە سەرپ قىلغان ۋاقتىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ، بۇ نېمىدېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ـ هە؟ هەممىڭ ئايانكى،

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بالىلاردىكى ناچار ئىللەتلەرنى تۈزىتىشكە سەرپ قىلىدىغان ۋاقتى ئۇلارنىڭ بالىلارغا يېڭى بىلىم ئۆگەتكەن ۋاقتىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

لېكىن جەمئىيەتتە شۇنداق ئاتا - ئانىلار باركى، ئۇلار بالىلارنىڭ خاتا تەلەپپۇزىدىن، قىلغان خاتا سۆزلىرىدىن خۇشاللىنىدۇ، بالىلىرىنىڭ بۇنى تۈزىتىشكە ياردەملەشمەستىن ئەكسىچە كارى بولمايدۇ، ھەتتا بىللە ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرىدۇ. مانا بۇ خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلىش بالىلارغا ئۆز خاتالىقىنى مەڭگۈ ھېس قىلدۇرمايدۇ، بۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، بۇنداق تەبىئىيلىككە ئايلانغان ئادەتنى تۈزىتىش ئىنتايىن قىيىن.

تىلنى توغرا ئىشلىتىشنى بىلىش توغرا تەپەككۇر قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر بالىلار كىچىكىدىنلا كەمتۈك تىلغا كۆنۈپ قالسا، ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىمۇ كەمتۈك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مەن ئوغلۇم تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇنىڭغا ئەڭ توغرا، ئەڭ چىرايلىق ئەدەبىي تىلدا سۆزلەشكە تىرىشتىم. ئۇنىڭغا تىل ئۆگەتكەندە، ماقال - تەمسىللەرنىمۇ ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىدىم، چۈنكى بۇ ماقال - تەمسىللەرسىز بەزى مەنىلەر ئۆز ئىپادىسىنى ھەقىقىي تاپالمايدۇ. بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، يېڭى پىكىرلەر، قاراشلارمۇ تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ، بۇ يېڭى ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ماقال - تەمسىللەرمۇ كۆپىيىپ بارىدۇ. شۇڭا، ماقال - تەمسىللەرنى ئۆگىنىشنى چەتكە قاقساق، جەمئىيەتنىڭ كەينىدە قالىمىز.

ئۆزۈم ئېيتقاندەك، مەن ئوغلۇمغا كەمتۈك سۆزلەرنى قەتئىي ئۆگەتمىدىم، مۇكەممەل تولۇق تىل تەربىيىسى دەسلەپتىلا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى، بالام بىر ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا دوستلىرىم ئۇنىڭغا: «كارل، مەن سېنىڭ ھاۋ - ھاۋىڭنى كۆرۈپ



باقايچۇ» دېسە، ئۇ دەرھال «بۇ ھاۋ - ھاۋ ئەمەس، ئىت» دەپ ئۇلارنى ھەيران قالدۇردى.

### 6. ئېنىق سۆزلەر ئارقىلىق بالىنىڭ سەگەك مېڭىسىنى قوراللاندۇرۇش

تىل تەربىيىسىدە، مەن بالىلارغا ئىزچىل ئۆلچەملىك تىل تەربىيىسى بېرىشنى تەكىتلەيمەن. شۇ سەۋەبتىن بالامغا ئۆلچەملىك گېرمان تىلىنى ئەستايىدىل، ئېنىق تەلەپپۇز قىلىپ ئۆگەتتىم. بالام ئېنىق تەلەپپۇز قىلالىسا، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ «ياخشى دېدىڭ، بەك ياخشى سۆزلىدىڭ» دەپ ئۇنى ئىلھاملاندۇردۇم. ئېنىق تەلەپپۇز قىلالمىسا، ئايالىمغا: «قارا ئوغلۇڭ ماۋۇ گەپنى قىلالمايۋاتىدۇ» دېدىم. ئايالىم دەرھاللا: «ئۇ مۇشۇنىمۇ دېيەلمىدىمۇ؟» دەپ ئوغلۇمنىڭ بار كۈچى بىلەن ئۆلچەملىك تىلنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى، بىزنىڭ توختىماي تىرىشىشىمىز ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشىمىز بىلەن ئوغلۇمنىڭ تەلەپپۇزى كىچىكىدىنلا ناھايىتى ئۆلچەملىك چىقتى.

سۆزلۈك ئۆگىتىشتە مېنىڭ دەيدىغىنىم شۇكى: سۆزلۈكلەرنى چوقۇم ئېنىق بىلدۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئوغلۇمغا بالىلارچە كۆرسەتمە بېرىشتىلا توختاپ قالماي، يەنە ئۇنىڭغا قەدەممۇ قەدەم مۇرەككەپ سۆزلەرنى ئۆگەتتىم. بۇ سۆزلەرنىڭ جانلىق بولۇشىغا، ئۇنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىققا تىرىشتىم. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆيدىكىلەرنىڭ قەتئىي ماسلىشىشىنى قولغا كەلتۈردۈم، ئايالىم بىلەن ئۆزئارا ئۆلچەملىك سۆزلەشكە، قېلىپلاشقان تىل ئىشلىتىشكە، سۆزلەرنى تاللاپ، دەل جايىدا قوللىنىشقا تىرىشتىم.

مەن ئايالىمغا ئەمەس، ھەتتا ئۆيدىكى چاكارلارغىمۇ تىل جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويدۇم، ئۇلارنىڭ يەرلىك شېۋىدە سۆزلىشىنى چەكلىدىم، چۈنكى بالامنىڭ چاكارلار بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۆچرىشىش ۋاقتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى ئاسان ئىدى. مەن بالامنىڭ ئۆلچەملىك نېمىسچىنىلا ئۇقۇشىغا، ئاڭلىشىغا ۋە ئېسىدە تۇتۇشىغا كاپالەتلىك قىلالىسام، ئۇنىڭ زورۇقمايلا كىتاب ئوقۇش مۇمكىنچىلىكى چوڭ بولاتتى.

يەرلىك سۆز ۋە شېۋىلەر ئۆلچەملىك نېمىسچىدىن خېلى پەرقلىنەتتى، ھەتتا گىراماتىكا جەھەتتىمۇ قېلىپلاشمىغان، ئۆلچەملەشمىگەن بولغاچقا، بۇ خىل تىل مۇھىتى بالىلارنىڭ (كىچىك بالىلار ئاسانلا ناچار مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قالىدۇ) ئۆلچەملىك تىل ئىگىلىشىگە توسالغۇ بولاتتى. بۇنداق توسالغۇدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋاقىت كېرەك. ئەگەر تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ئۆتۈپ كەتسە، بەزىلەر ئۆمۈر بويى بۇ خىل ئاسارەتتىن قۇتۇلالماسلىقى مۇمكىن. ئىلگىرى ئۆيىمىزدە بىر ياشىنىپ قالغان چاكار ئىشلەيتتى. ئۇ ئۆمۈر بويى يەرلىك شېۋىدە سۆزلەپ كەلگەنىدى. ئۇ ماڭا سادىقلىق بىلەن ئون نەچچە يىل خىزمەت قىلىپ، ھۆرمىتىمگە ۋە ئىشەنچىمگە ئېرىشكەنىدى. ئوغلۇم تۇغۇلغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا ئۆلچەملىك نېمىسچە سۆزلەش تەلىپىنى قويسام، ئۇ دەماللىققا تىلىنى كەلتۈرەلمەي يەرلىك شېۋىدىنمۇ بەتتەر يوقلا بىر گەپلەرنى قىلىپ يۈردى، بۇ دەل ئوغلۇمنىڭ تىل ئۆگىنىدىغان ھالقىلىق پەيتى بولغاچقا، مەن ئۆز خاھىشىمغا قارشى بۇ چاكارنى ئىشتىن بوشاتتىم. ھەر قېتىم بۇ ئىشنى ئويلىسام كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولىدۇ، ئەمما بالامنىڭ تىل جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىغا قاراپ بەرگەن قۇربانلىرىمغا مەيلى دەيمەن.

بالىغا تىل ئۆگىتىشتە گىراماتىكا ئانچە مۇھىم ئەمەس، بالىلار بۇنىڭغا ئانچە قىزىقمايدۇ، شۇڭا بالام سەككىز ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن، مەن ئۇنىڭغا مەخسۇس گىراماتىكا ئۆگەتمىدىم، ئەمما سۆزلەش ۋە ئاڭلاشتا ئۇنى بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلدۇردۇم.



بالىلار سۆزمەن كېلىدۇ، كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزى دائىم ئۆگىنىۋالغان بىر سۆزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايدۇ، مەن بالىنىڭ مۇشۇ خاھىشىنى تۇتۇۋېلىپ، بالام چۈشىنەلەيدىغان قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى تاللاپ، مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاپ، ئۇنىڭغا يادلاتتىم. ئۇ بۇلارنى ئېسىدە تۇتۇپلا قالماي، يەنە دائىم تەكرارلايتتى، مەن يەنە بۇلارنى چەت ئەل تىللىرىغا ئۆرۈپ دەپ بەرسەم، ئۇ بۇنىمۇ تېزلا بىلىۋالاتتى. تەجرىبەمدىن قارىغاندا، ئادەمنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى ئالتۇن پەيتى دەل ئۇنىڭ بىر ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان مەزگىلى بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلار بۇ ئالتۇن پەيتنى ھەرگىز ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك.

## بالىنىڭ ئەستە تۇتۇش، تەپەككۇر قىلىش، ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنى بالدۇرراق ئاچتىم

مېنىڭ تەربىيەمنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنى بالدۇرراق ئېچىشتۇر. بالىنىڭ ئۇتۇق قازىنىش ـ قازىنالماسلىقى بۇ ئۈچ ئامىلغا زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا بالىلارغا ئۈلۈك تەكرار قىلدۇرۇشتىن قەتئىي ساقلىنىش، جانلىق، قىزىقارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك.

بىر كەشپىياتچى مۇنداق دېگەن: بارلىق ئەقلىنىڭ مەنبەسى ئەستە تۇتۇشتا. «داۋاملىق ئىلگىرىلىتىش» پرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا، بالدۇر باشلانغان تەربىيە ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئالغا سۈرىدۇ، بولۇپمۇ بوۋاق ۋاقتىدا كۆندە قايتا ـ قايتا ئاڭلىغان ئوخشاش بىر سۆز بالىنىڭ مېڭىسىگە چوڭقۇر ئورناپ بالىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

مەن بالامنىڭ رىۋايەتلەردىكى ۋە ئىنجىلدىكى ھېكايىلەرنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن دائىم ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنى قەغەزگە يېزىپ قوياتتىم. كېيىن ئۇنىڭغا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگەتكەندىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللاندىم. بۇ ئۇسۇلنى يىغىنچاقلىغاندا، دەسلەپتە ھېكايە سۆزلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۆگەتتىم، كېيىن ھېكايە مەزمۇنى يېزىلغان قەغەزلەردىن قەرت ياساپ ئويۇن ئويناش ئارقىلىق ئۆگەتتىم. بەزىدە ئىككىمىز ئوخشاش بىر كىتابنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى يېزىپ چىقتۇق.

ئوغلۇم كىچىكىدىنلا ھەر خىل سۆزلەرنى قاپىيىلەشتۈرۈۋېلىپ، ئۇنى شۇ پېتى ئېسىدە ساقلايتتى. ئۇنىڭغا قاپىيىلىك سۆزلەرنى ئەستە تۇتۇش ئاسانغا توختىسا كېرەك. ئۇ سەككىز يېشىدا مەن ئۇنىڭغا ئىسكىلىتنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا فىزىئولوگىيىدىن ساۋات بەردىم. مەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، ئۆزى ئېسىدە تۇتۇۋالغان سۆڭەك، پەي، ئىچكى ئەزالارنىڭ نامىنى قاپىيىلەشتۈرۈپ يېزىپ چىقىپتۇ، قايتىپ كېلىپ بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

تارىخىي بىلىملەرنى ئۆگەتكەندە بالام ئۇلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككىمىز قايتىدىن دراما قىلىپ ئويناپ چىقتۇق، شۇنداق قىلغاندا بۇلار ئاسانلا ئۇنىڭ ئېسىدە قالىدۇ. مەكتەپلەردە تارىخ پۈتۈنلەي يىلنامە بويىچە ئۆتۈلگەچكە، كۆڭۈلسىزلا بىر نېمە بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا بالىلارنىڭ ئۇنى ئەستە تۇتالماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئىجادچانلىقنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە، مەن ئوغلۇمنى كۆپرەك بىرەر ئىش قىلىشقا، كۆپرەك تەپەككۇر قىلىشقا، كۆپرەك سوئال سوراشقا ئىلھاملاندۇردۇم. بالام قانداق سوئال سوراشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بەردىم.



ئوغلۇم بىر ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ بىرەر ئويۇنچۇق ياكى نەرسىنى قولىغا ئېلىپ بىردەمدىلا تاشلىۋەتمەي بار زېھنى بىلەن ئويناۋاتقانلىقىنى سەزسەملا، دەرھال ئۇنى ماختاپ قويدۇم ھەم بىللە ئوينىدىم. ئەگەر ئۇ باشقىلار ئويلىمىغان يېڭىچە بىر خىل ئۇسۇلدا ئوينىغان بولسا، ئۇنى ماختاپلا قالماستىن، بەلكى باشقا ھەر خىل ئۇسۇللارنى ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇردۇم.

بالام ئىككى ياشقا تولغاندىمۇ ئاپىسى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنىڭغا ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتى. تازا ئەڭ ھالقىلىق يېرىگە كەلگەندە، قالغىنىنى ئەتە ئېيتىپ بېرەي، دەپ توختىتىپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن بالام ئۇ ھېكايىنى ئۆزىچە ئويلىنىپ كېتەتتى، ئەتىسى ئاپىسى ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ھېكايىنىڭ داۋامىنى پەرەز قىلدۇراتتى، ئەگەر ئۇنىڭ پەرىزى توغرا چىقسا، بىز خۇش بولۇپ كېتەتتۇق. پەرىزى خاتا چىقسا، «مېنىڭ بالامنىڭ توقۇغان ھېكايىسى ئەسلىي ھېكايىدىنمۇ قىزىق ئىكەن» دەپ بالىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىجادچانلىقىنى پەرۋىش قىلاتتۇق.

تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتىگە كەلسەم، بىزنىڭ بەختىمىزنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تەسەۋۋۇردىن كېلىدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىشنى بىلمەيدىغان كىشى ھەقىقىي بەختنى بىلمەيدۇ. بېللېۋتېيس مۇنداق دېگەن: «تەسەۋۋۇر ئادەمنىڭ جېنى، تەسەۋۋۇر بولمىسا ھاياتنىڭ قىلچە مەنىسى قالمايدۇ».

يۇمۇرستىك ھېسسىياتى يوق كىشى نېمە ئىش قىلسا نوقۇل ئەمەلىيەتكە ئېسىلىۋېلىپ تەسەۋۋۇرنى چەتكە قاقىدۇ. ئۇلار ھەتتا مىلاد بوۋاينى، پەرىشتىلەرنىمۇ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان بۇنداق سوغۇق پوزىتسىيىسى تەبىئىيكى بالىلارنىڭ تەربىيىسىگىمۇ سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇلار تارىخىي رىۋايەتلەر ۋە بالىلار قوشاقلىرىنىمۇ بالىلارغا زىيانلىق دەپ قارايدۇ، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ، قوشاقلارنىڭ بالىلارنىڭ ئەخلاقىنى

www.uyghurkitap.com

تاۋلايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بالىلار تۇگۇل، چوڭلارمۇ تەسەۋۋۇرسىز ياشىسا، تۇرمۇشتىن لەززەت ئالالمايدۇ. شۇڭا، ئۆيدىن پەرىشتىلەرنى، مىلاد بوۋاينى ھەيدىۋەتكەنلىك بالىلارنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھىنى ۋە ئويۇنچۇقلىرىنى تاشلىۋەتكەندەك بالىغا قىلىنغان رەھىمسىزلىك بولىدۇ. بالىلارنىڭ دەسلەپكى ئەخلاق قاراشلىرىنى تىكلىشى، قۇشلارنى، ھايۋانلارنى سۆيۈشى، كىچىكىدىنلا ئۇلۇغۋار غايە تىكلىشى دەل ئاشۇ رىۋايەتلەرنىڭ، بالىلار قوشاقلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىندۇر.

ئەگەر بىر ئادەم كىچىكىدىنلا تەسەۋۋۇرغا باي بولمىسا ئۇ شائىر، يازغۇچى، ھەيكەلتىراش، رەسسام بولالمايلا قالماستىن، ئارخىتېكتور، ئالىم، ماتېماتىك، قانۇنشۇناسمۇ بولالمايدۇ. بەزىلەر ماتېماتىك ۋە ئالىم بولۇشقا تەسەۋۋۇر كەتمەيدۇ، دەپ قارىسىمۇ، ئەمما بۇ ئەمەلىيەتتىن چەتلىگەنلىك. تەسەۋۋۇرغا ھەممە ئادەم موھتاج. شۇڭا، بالىلىقىدا تەسەۋۋۇرىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرالىغان كىشى ئوقۇشسىزلىقا ئۇچرىغاندىمۇ ئۆزىنى بەختلىك سېزەلەيدۇ، نامراتلىقتىنمۇ خۇشاللىق تاپالايدۇ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئادەم تەسەۋۋۇرغا گال ئادەمدۇر.

بەزىلەر رىۋايەت ــ چۆچەكلەرنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق دەپ ئۇنى نەزەرگە ئالمايدۇ. ئەمما مەن بۇلارغا بەك ھېرىس. مېنىڭچە ئاسماندىكى چاقناق يۇلتۇزغا قارىغاندا، رىۋايەت ئاڭلىغان بالىنىڭ تۇيغۇسى بىلەن رىۋايەت ئاڭلىمىغان بالىنىڭ ھېسسىياتى قەتئىي ئوخشىمايدۇ. بالىلارغا ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىملىرىنى، ھايات تەجرىبىلىرىنى، ياخشى ــ ياماننى پەرق ئېتىشنى ئۆگىتىشتە، چۆچەك ئېيتىش ۋە بالىلار قوشاقلىرى ئوقۇپ بېرىشتىنمۇ ياخشى ئۇسۇل بولمىسا كېرەك.

3 مەن ئۆيدە پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايمەن،



بالىغا دائىم رىۋايەتلەرنى، بالىلار قوشاقلىرىنى ئوقۇپ بېرىمەن، ئۇنىڭغا كەڭ تەبىئەتنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ ماكانى ئىكەنلىكىنى دەپ تۇرىمەن. شۇڭا، ئۇ كىچىكىدىنلا تەبىئەتنى سۆيىدىغان بولدى، ئۇ بالىلار قوشاقلىرىدىن نۇرغۇن ئېسىل ئەخلاقلارنى، يەنى دورۇسلۇق، مېھرىبانلىق، باتۇرلۇقنى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ئۆگىنىۋالدى.

بالىمنىڭ تەسەۋۋۇرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا بۇرۇن بار چۆچەك ۋە بالىلار قوشاقلىرىنى ئېيتىپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە ئۆزۈم توقۇغان ھېكايىلەرنىمۇ ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنىمۇ ھېكايە توقۇش، يېزىپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇردۇم.

ئوغلۇم ئىككىمىز يەنە بىردىن خىيالىي دوست تۇتتۇق، ئۇلارنىڭ ئىسمى نېل ۋە لۇس بولدى، ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا بىز خىيالىي دوستلىرىمىزنى تەكلىپ قىلدۇق، بۇنداق بولغاندا تۆتىمىز بىللە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينىيالايتۇق. شۇڭا، بالام ھەر ۋاقىت يالغۇزسىرىمايتتى، زېرىكمەيتتى. كۈلكىلىك يېرى شۇكى، بىر قېتىم بالا باققۇچى ماڭا: «ئەپەندىم، ئوغلىڭىز ئاجايىپلىغۇ، ئۇ ئەرۋاھلار بىلەن ئويناۋاتقاندەك غەيرىي قىلىقلارنى قىلىۋاتىدۇ» دېگەنىدى.

بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ خىيالىي دۇنياسىنى چۈشەنمەي ئۆي يۇغۇشتۇرۇشقا ئالدىراپ، بالىلىرى ياساپ ئوينىغان قەلئە ۋە شەھەرلەرنى ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز بۇزىۋېتىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى بەربات قىلىدۇ.

بۇنداق قىلمىش بالىنىڭ بەختىيارلىقىنى ۋە ئويۇندىن ئالىدىغان خۇشاللىقىنى يوق قىلىپلا قالماي، يەنە بالىنىڭ كەلگۈسىدە شائىر، ئەدىب، كەشپىياتچى بولۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ. ئاتا ـ ئانا تەربىيىسىدىكى يېنىكلىك بىلەن قىلىنغان ئىشلار بالىنىڭ تالانتىنى نابۇت قىلىدۇ.

توققۇزىنچى باب

# بالا تەربىيىلەشتىكى توغرا ئۇسۇل

*مېنىڭ بالىنى تەربىيىلەشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىم ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسەت بۇلىقىنى ئېچىش، ئۇنىڭغا جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى سەزگۈلۈك بىلەن تونۇتۇش، جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنى ۋە كەمچىلىكلەرنى كۆزەتكۈزۈش. ئىنسانىيەتنىڭ غايىسى ھەرگىزمۇ ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋا ئانىدەك ئۆزىنىڭ قىسپىلىشىغا چىلىقىنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا خۇشال - خۇرام جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرۈش ئەمەس. شۇڭا مەن بالىنى قارىغۇلارچە ھالدىكى روھىي غالىبىيەتچىلەردىن قىلىپ قويۇشقا قارشى.*

## ئويۇن ئويناش ئارقىلىق تەربىيىلەش

بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپلا تەربىيىلەشكە باشلىغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، كارلىنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئىقتىدارى تەڭتۇشلىرىدىن خېلىلا يۇقىرى ئىدى، ئەقىللىق ھەم زېرەك، ئىنكاسى تېز بولغاچقا، ئىككى ياشقا كىرگەندىلا ئۇنىڭغا خەت ئۆگىتىشكە باشلىدىم. ئەلۋەتتە «ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىماسلىق» مەن تەشەببۇس قىلغان تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ بىر چوڭ پرىنسىپى. بالىغا بىر نەرسە ئۆگىتىشتە، ئالدى بىلەن بالىنىڭ شۇنىڭغا



قارىتا قىزىقىشىنى قوزغاش كېرەك، بالا ئۆزى قىزىقسىلا ئۆگىنىشىنىڭ ئۈنۈمى تېز بولىدۇ. بالىنى قىزىقتۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى ئامال ئۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئويناش. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمىنى مەن بالامنى يېشىغا توشماستا تەربىيىلىگەندىلا كۆرگەن.

ئويۇنىش ھايۋاناتلارنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى، ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئويۇنىشقا ئامراق كېلىدۇ. ئاسلان ھە دېسە ئانا مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ھەپىلىشىدۇ، كۈچۈكمۇ ھە دېسىلا ئانا ئىت بىلەن پومىداقلىشىپ كېتىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب — ئاسلاننىڭ ئانىسىنىڭ قۇيرۇقىنى ئويۇنىشى ئۇنىڭ كېيىنچە چاشقان تۇتۇش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق ئىكەن، ئىتنىڭ ئانىسى بىلەن پومىداقلىشىپ يۈرۈشىمۇ ئۇنىڭ ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىكەن، ئېنىقكى ھايۋانلار بالىلىرىنىڭ ياشاش ماھارىتىنى ئويۇن ئويناش جەريانىدا يېتىلدۈرىدىكەن.

مەنمۇ ئوغلۇمنى ئويۇن ئارقىلىق تەربىيىلىدىم، بالام ئالتە ئايلىق بولغاندا ئۇنىڭ ھۇجرىسىنىڭ تۆت تېمىغا ئاق قەغەز چاپلاپ، ئاندىن ئۈستىگە قىزىل قەغەزدە رەقەم ۋە ھەرپلەرنى چاپلاپ بەردىم. بىر تەرىپىگە مۈشۈك، ئىت، چاشقان، توشقان، شىلەپە، ئورۇندۇق، ئۈستەل دېگەندەك ئاددىي سۆزلۈكلەرنى، يەنە بىر تەرىپىگە بىردىن ئونغىچە بولغان رەقەملەرنى، يەنە نوتا بەلگىسىنى چاپلاپ بەردىم.

بوۋاقلارنىڭ كۆرۈش سېزىمىدىن ئاڭلاش سېزىمى بەكرەك تەرەققىي قىلىدىغانلىقتىن، بىز بالىغا ABC ھەرپلىرىنى كۆرسىتىپ ئوقۇپ بەردۇق. خوتۇنۇم بۇ ھەرپلەرنى ناخشا قىلىپ ئوقۇپ بەردى. ئالتە ئايلىق كارلىغا بۇلار ئانچە تەسىر قىلمايدىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما مەن بوشاشمىدىم، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىشنى، ئوقۇپ بېرىشنى داۋاملاشتۇردۇم، ئاخىر

www.uyghurkitap.com

بالام بۇ ھەرپلەرنى پەششىق بىلىۋالدى. كېيىن يېزىق ساۋادىنى شۇنداق تېز ھەم ئاسانلا ئۆگىنىۋالدى.

باشتا ئانچە ـ مۇنچە تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئوغلۇمغا خەت ئۆگىتىشتە مەن يەنىلا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللاندىم. ئالدى بىلەن ئوغلۇمنىڭ خەت ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن كىچىك باللار بىلىپ بولالمايدىغان كىچىككىنە پىسخىك «ئويۇن» ئويلىدىم، ئاۋۋال ئىنتايىن قىزىقارلىق رەسىملىك چۆچەك كىتابلارنى ئەكېلىپ بالىغا ئىنتايىن جانلىق قىلىپ ئوقۇپ بەردىم، ئاندىن ئەگەر سەن خەت تونۇساڭ ئۆزۈڭ ئوقۇيالايتتىڭ، دەپ ئۇنىڭغا ئىلھام بەردىم. بەزىدە مەن ئۇنىڭغا چورتلا ئوقۇپ بەرمەي قەستەن: «بۇ رەسىمدىكى ھېكايە بەك قىزىقارلىق، ئەمما مەن ھازىر بەك ئالدىراش، بۇلارنى ساڭا سۆزلەپ بەرگۈدەك ۋاقتىم يوق» دەپ ئوقۇپ بەرمىدىم، بۇ ئوغلۇمنىڭ خەت ئۆگىنىش ئارزۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى، ئۇنىڭدا كۈچلۈك ھەۋەس قوزغالغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا خەت ئۆگىتىشكە تۇتۇش قىلدىم.

ئالدى بىلەن نېمىس ھەرپى، گرېك ھەرپى ۋە ئەرەب رەقەملىرىنىڭ باسما نۇسخىسىدىن ئون يۇرۇش سېتىۋېلىپ، ئون كۋادرات سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى تاختىغا چاپلىدىم، دەسلەپتە سوزۇق تاۋۇشلارنى، ئاندىن «ھەرپ قوشۇش»نى ئۆگەتتىم. بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا سۆز تۈزۈشنى ئۆگەتتىم. كونكرېت ئۇسۇلۇم مۇنداق بولدى: ئالدى بىلەن مۈشۈكنىڭ رەسىمىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ توختىماي «مۈشۈك» دەپ تەكرارلىدىم ھەم تامغا چاپلانغان مۈشۈك دېگەن سۆزنى كۆرسەتتىم. ھەرپ قۇتىسىدىن بۇ سۆزلەرنى تۈزىدىغان ھەرپنى تېپىپ چىقىپ «مۈشۈك» دېگەن خەتنى تۈزۈپ چىقتىم، ئوغلۇم بۇلارنى ئۆگەنگەندە مەن توختىماي ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ ۋە ماختاپ بەردىم، بۇلارنى ئۇنىڭغا بىر نەچچە كۈن مۇۋاپىق، تەكرار مەشىق قىلدۇردۇم.



مەن يەنە نۇرغۇن كىچىك قەغەز كارتوشكا ياساپ ئۈستىگە ئوماق ھايۋانلار، ئۆي، دەرەخلەرنى سىزدىم ھەمدە نامىنى يازدىم، بۇلارنى ئاشخانا، مېھمانخانا ۋە ئوغلۇمنىڭ ھۇجرىسىدىكى تاملارغا چاپلاپ، ئۇنىڭ دائىم كۆرۈپ تۇرۇش ئارقىلىق مېڭىسىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇۋېلىشىغا تىرىشتىم. مەن دائىم بۇ كارتوشكىلاردىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئوينىدىم ھەم ئۇنىڭغا ھېكايە ئېيتىپ بەردىم، ھەر قېتىم سىرتقا سەيلىگە چىققاندا نېمىنى كۆرسەم، شۇنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە قانداق ھەرپلەردىن تۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردىم، بۇ ئۇسۇل ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولۇپ، ئوغلۇمنىڭ تونۇيدىغان خەتلىرى ناھايىتى تېزلا كۆپىيىپ كەتتى.

مۇشۇنداق قىلىپ ئوغلۇم تېزلا ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالدى، يەنى ئوقۇش قائىدىلىرىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپلا ناھايىتى ئاسانلا ئوقۇشنى بىلىۋالدى. ئوقۇش قائىدىسىنى بىلىۋېلىپلا تېخىمۇ كۆپ سۆزلۈكلەرنى ئىگىلەپ بولدى، يەنە كېلىپ ئۆلچەملىك نېمىس تىلىنى ئۆگەنگەچكە، كىتاب ئوقۇشنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالدى.

## بالىغا چەت ئەل تىلىنى قانداق ئۆگىتىش كېرەك؟

مەن بالىغا تىل ـ يېزىق ئۆگىتىشتىكى غەلىبەمدىن قانائەتلىنىپ قالمىدىم، بالدۇرراق ئاساسلىق چەت ئەل تىلىدىن بىرنى ئۆگىتىش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى بۇ بالىنىڭ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىگىلىشىگە ۋە شۇ ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىشىغا پايدىلىق ئىدى. باشتا ئاساندىن باشلاش قائىدىسىگە ئاساسەن، مەن ئوغلۇمغا ئانا تىلىمىزنى ئۆگىتىش ئاساسىدا ئۇنىڭغا يېقىن بىر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىتىشنى قارار قىلدىم.

بالام نېمىسچىنى راۋان ئوقۇيالايدىغان بولغاندا، مەن ئۇلاپلا

فرانسۇزچىنى ئۆگەتتىم، شۇ چاغدا ئۇ تېخى ئالتە ياش ئىدى، مەن مۇۋاپىق چارە قوللانغاچقا، ئۇ پەقەت بىر يىل ئىچىدىلا فرانسۇزچە كىتاب ـ ژۇرناللارنى راۋان ئوقۇيالايدىغان بولدى. بالىنىڭ بۇنچە تېز ئۆگىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەب — ئۇنىڭ نېمىسچە تىل ئاساسىنىڭ پۇختىلىقى، موللۇقىدىن ئىدى.

ئۇ فرانسۇزچىدىن كېيىن ئۇلاپلا ئىتالىيان تىلىنى ئۆگەندى، بۇنىڭغا پەقەت ئالتە ئايلا سەرپ قىلدى. بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا لاتىنچە ئۆگەتسەم بولغۇدەك دېگەن ئويغا كەلدىم.

مەكتەپلەردە ئادەتتە چەت ئەل تىلى ئۆگىتىشنى لاتىنچىدىن باشلايدۇ، مەن بۇنى بەكلا تەس كۆردۈم. چۈنكى بۇنىڭغا قارىغاندا نېمىسچىگە يېقىنراق بولغان فرانسۇزچىنى ئۆگىتىش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. شۇڭا، مەن ئىشنى ئاسىنىدىن باشلىدىم. لاتىنچە ئۆگىنىش ئون نەچچە ياشلىق بالىغا بەك ئېغىر كېلىشى مۇمكىن. چۈنكى لاتىن تىلى ئەڭ تەس تىل دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا مەن بىر قاتار پۇختا تەييارلىقلارنى قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆگىتىشكە باشلىدىم ھەمدە ئۇنىڭغا: كۆزگە كۆرۈنگەن ھەقىقىي ئىلىم ئىگىسى بولىمەن دېسەڭ، چوقۇم لاتىنچىنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك، دېدىم، بالامنىڭ قەتئىي ئىرادىسى ئاشۇنداق تىكلەندى.

ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە مەن دائىم ئۇنى لېيپسىگ مۇزىكا كېچىلىكىگە ئاپاردىم. بىر قېتىم ئارىلىقتىكى قىسقا دەم ئېلىشتا ئۇ ئوپېرا تېكىستى بېسىلغان قوللانمىنى كۆرۈپ: «بۇ فرانسۇزچىغىمۇ، ئىتالىيانچىغىمۇ ئوخشىمايدىكەن، بۇ لاتىنچىمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ: «شۇنداق، ئۇنىڭغا نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلىپ باققىنا» دېدىم. ئوغلۇم ئۆزىنىڭ فرانسۇزچە ۋە ئىتالىيانچە تىل ئاساسىغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ھەم: «دادا، مەن لاتىنچىنىڭ بۇنچە



ئاسانلىقىنى بىلگەن بولسام، بالدۇرراق ئۆگىنەركەنمەن» دېدى.

مانا مۇشۇ چاغدا مەن پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا لاتىنچىنى ئۆگىتىشكە باشلىدىم، ئۇ توققۇز ئاي ئىچىدىلا بۇنى مۇكەممەل ئىگىلىۋالدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئىنگلىزچە، گرېكچە ئۆگەندى، ئىنگلىزچىنى ئۈچ ئايدا، گرېكچىنى ئالتە ئايدىلا ئۆگىنىپ بولدى.

ئوغلۇمنىڭ گرېكچىنى ئۆگىنىشى مەنىلىكرەك بولدى، پۈتۈن ئۆگىنىش جەريانى بىر داڭلىق ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىلا بولدى، خالاس. ئۇنىڭ گرېكچىنى ئۆگىنىشى دائىم ئۇچرايدىغان خام خەتلەرنى يادلاشتىن باشلاندى. مەن ئۇنىڭغا گرېك تىلىدىكى خام خەتلەرنى نېمىسچە تەرجىمىسى بىلەن كارتوشكىغا يېزىپ بەردىم. ئۇ مۇشۇ كارتوشكىلاردىن پايدىلىنىپ كۆپ ئۇچرايدىغان خام سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالدى.

بىر قىسىم خام خەتلەرنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇ تەرجىمە قىلىپ ئوقۇشقا كىرىشتى. دەسلەپتە «ئىزوپ مەسەللىرى»نى، ئاندىن سىنوفىننىڭ «ھەربىي يۈرۈش خاتىرىسى»نى ئوقۇدى، خۇددى باشقا تىللارنى ئۆگەنگەنگە ئوخشاش قانداقتۇر گراماتىكىلىق قائىدىلەرنى سىستېمىلىق ھالدا ئۆلۈك يادلىماي، ئالدىغا ئۇچرىغانىنىلا ئۇدۇللۇق ئۆگىنىپ ماڭدى.

مەن خىزمەت قىلىۋاتقاندا ئۇنىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىشقا دەۋەت قىلاتتىم. ئۇ چاغلاردا گېرمانىيىدە پەقەت گرېكچە ـ لاتىنچە لۇغەتلا بار ئىدى، گرېكچە نېمىسچە لۇغەت يوق ئىدى، شۇڭا ئوغلۇم گوېكچە ئۆگىنىشتە ھەر بىر سۆزنى مەندىن بىرمۇ بىر سوراشقا مەجبۇر بولاتتى، خىزمىتىم بەك ئالدىراش بولسىمۇ، مەن ھېچ زېرىكمەي ئۇنىڭ سوئالىغا بىرمۇ بىر جاۋاب بېرەتتىم.

مەن بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن سەۋرچانلىق

بىلەن ئۆگەتتىم. شۇنداق قىلىپ كارل ھېرودوتنىڭ، سىنوفىننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقتى. يەتتە ياشقا كىرگەندە، پلاتوننىڭ «سۆھبەتلەر توپلىمى» نى ئوقۇدى. ئەمما ئۇ ماڭا ئەسەرنى چۈشەنمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

بۇ تىللارنى ئۆگىتىپ بولغاندا ئۇ سەككىز ياشقا كىرگەن، گېرمانىيىلىك، فرانسىيىلىك، ئىتالىيىلىك، گرېتسىيىلىك، رىملىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان بولغانىدى.

ئادەتتىكى كىشىلەر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشتىن بەك قورقىدۇ. ئالتە خىل تىلنى ئىگىلەش ئۇلار ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك زېھنىنى سەرپ قىلىدىغان ئىش. ئۇنداقتا كارلنىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇلارنى ئىگىلىيەلىشىدە نېمە سىر بار؟ بۇنىڭدا باشقا ئالاھىدە سىر يوق، پەقەت بالامغا چەت ئەل تىلى ئۆگىتىش جەريانىدا توپلىغان بىر نەچچە تەجرىبەملا بار.

### 1. ئاڭلاپ ئۆگىنىش

لاتىنچىنى مىسالغا ئالساق، لاتىن تىلى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئاساسىي تىل بولۇپ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ. لاتىنچىنى ئۆگەنسە، ئىسپان تىلى، ئىتالىيان تىللىرىنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى لاتىن تىلىغا قىزىقمايدۇ. مېنىڭچە بۇنداق ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشى ئۇلارنىڭ لاتىن تىلىنى ئۆگىنىش ئاساسىنى تىكلىمىگەنلىكىدە، شۇڭا مەن بالىغا بالدۇرراق لاتىنچە ئۆگىتىش ئاساسىنى تىكلەش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم، بوۋاق ۋاقتىدىلا ئۇنىڭغا لاتىنچە ئۆگىتىشكە باشلىدىم.

كۆپچىلىك بەلكىم دېگەنلىرىمنى بىر - بىرىگە زىت ئىكەن دېيىشى، شۇنداقلا تېخى يۆگەكتە ياتقان، يېيىش، ئۇخلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بوۋاققا قانداقمۇ تىل ئۆگەتكىلى بولسۇن



دېيىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بۇ ناھايىتى ئاددىي، مەن پەقەت ئۇنىڭغا كۆپرەك ئاڭلاتتىم، چۈنكى بوۋاق كۆرۈشكە ئەمەس، ئاڭلاشقا ھېرىسمەن، شۇڭا مەن ئاڭلىتىشنى ئاساس قىلدىم، ئوغلۇم ئۇخلاپ ئويغانغان، كەيپىياتى ياخشى ۋاقىتتا، ئېنىق ۋە يېقىملىق ئاۋازدا ئۇنىڭغا شېئىر ئوقۇپ بەردىم. شېئىر ئوغلۇمنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئەللەي ناخشىسى بولۇپ قالدى. ئوغلۇم بارا - بارا لاتىنچىنى ناھايىتى ئاسانلا ئۆگىنىۋالدى ھەمدە بەزى شېئىرلارنى يادقا ئېلىۋالدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ لاتىنچىغا قىزىقماسلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەب مەكتەپتىكى رەسىم ۋە قائىدىلەر ئارقىلىق تىل ئۆگىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆلۈك - قاتماللىقىدا. بۇنداق ئۆلۈك ئۆگىتىش ئۇسۇلىنى قەتئىي تەنقىد قىلىش كېرەك. بىر قېتىم كارل مەلۇم لاتىن تىل ئوقۇتقۇچىسى بىلەن پاراڭلاشسا، ئۇ ئوقۇتقۇچى ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماپتۇ. كارل شۇ چاغدا سەككىز ياشتا ئىدى. مەكتەپتە لاتىن تىلى ئۆگىتىشنىڭ نۇقسانى شۇكى، ئۇلار پەقەت ئوقۇيالايدۇ، يازالايدۇ، ئەمما ئاڭلاش - سۆزلەشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

### 2. يادلىغاندىن مەشىق قىلغان ياخشى

مەن بالىغا ئەزەلدىن گىراماتىكىنى سىستېمىلىق ئۆگەتمىدىم، گىراماتىكا چوڭلارنىڭ تىل ئۆگىنىشىدە ئۈنۈمىنى كۆرسەتكەن بىلەن بالىلار ئۇنى چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا بالىغا «يادلىغاندىن مەشىق قىلغان ياخشى» دېگەننى ئاساس قىلدىم. چۈشىنىشلىك، ئاممىباب، ئاسان ئەستە قالىدىغان شېئىرلارنى تاللاپ ئۆگەتكەندە، بالىنىڭ شۇ تىلغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاتقىلى بولىدۇ. بەزى ئاساسىي بىلىملەرنى ئىگىلەتكەندىن كېيىن مەن بالامنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىشىنى تەلەپ قىلدىم، قايسى تىلنى ئۆگەتسەم، ئۇنىڭغا شۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىلدا گەپ قىلدىم. ئوغلۇم بەزى مەقسەتلىرىنى ئىپادىلىيەلمەي نېمىس تىلىدا سۆزلىسە، مەن ئاڭلىماسقا سېلىپ، ئىرەن قىلماي تۇرىۋېلىپ، ئۇنى ئامال قىلىپ ئۆز مەقسىتىنى ئىپادىلەشكە مەجبۇرلىدىم. مەن ئۇنىڭدىن ئۆزى ئۆگەنگەن تىللاردا يېزىلغان كىتابلارنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلدىم. چۈنكى، شۇ تىلدىكى كىتابلارنى كۆرۈش شۇ تىلنى ھەقىقىي ئىگىلەشتىكى ئۇسۇللارنىڭ بىرى. تىلنىڭ جەۋھىرى كىتابتا بولىدۇ. ئۇ بىلمەيدىغان خام خەتلەرگە ئۇچراپ مەندىن سورىغاندا، مەن لۇغەت ئاقتۇرۇپ تېپىشنى بۇيرۇدۇم، ئوغلۇم دەسلەپتە كۆپ ئۇچرايدىغان بىر قىسىم سۆزلەرنىلا ئۆگەنگەچكە، لۇغەتنى كۆپرەك ئاقتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. كېيىنچە لۇغەتنى ئۇنچە كۆپ كۆرمىدى، بۇ ئۇنىڭ بۇ تىلنى ئاساسەن ئىگىلەپ بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، مەن ئوغلۇمنى چەت ئەللىك بالىلار بىلەن خەت ئالاقە قىلىشقا ئۈندىدىم، ئۇ دەسلەپتە چەت ئەللىك ئاغىنىلىرىمنىڭ بالىلىرى بىلەن خەت يېزىشتى. كېيىنچە گرېكچە ئۆگىنىۋاتقاندا، ئۇ بىر گرېتسىيىلىك بالىغا خەت يازدى. ئۇزۇن ئۆتمەي جاۋاب خەت كېلىۋىدى، كارل بەك خۇشال بولۇپ كەتتى ھەمدە شۇنىڭدىن باشلاپلا گرېتسىيىگە قىزىقىپ گرېتسىيە توغرىسىدىكى كىتابلارنى خېلى كۆپ ئوقۇدى. ئۇ يەنە ئىتالىيە ۋە ئەنگلىيىلىك بالىلار بىلەنمۇ خەت ئالاقىسى قىلدى، ئۇ بۇ دۆلەتلەرگىمۇ ئىنتايىن قىزىقىپ، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ كەتتى. مۇشۇنداق خەت ئالاقىسى قىلىش جەريانىدا بالامنىڭ چەت ئەل تىلى سەۋىيىسى خېلىلا ئۆستى.

### 3. ئوخشاش ھېكايىنى ئوخشىمىغان تىللاردا ئوقۇش

كىشىلەرنىڭ بىرلا ئوقۇغان ھېكايىنى قايتا ئوقۇغۇسى كەلمەيدۇ. ئەمما ئوغلۇم بىر ھېكايىنى قايتا - قايتا ئاڭلاشنى



ياخشى كۆرىدۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ قىزىقىشىنى تۇتىۋېلىپ ئۇنىڭغا ھەر خىل تىللاردا يېزىلغان ئوخشاش ھېكايىنى ئوقۇتتۇم. ئاندرسون چۆچەكلىرىنى ئوقۇتقاندا، ئالدى بىلەن نېمىسچە، ئاندىن فرانسۇزچە، ئىتالىيانچە، لاتىنچە ۋە ئىنگلىزچە، گرېكچە ئوقۇتتۇم. بىر نەچچە تىلنى بىرلىكتە ئۆگىنىش ئۇنىڭغا قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ ئۇ تېز ھەم ئاسانلا ئۆگىنىۋالدى.

### 4. سۆز مەنبەسىنى بىلىۋېلىش

چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن سۆز مەنبەسىنى بىلىۋېلىش ئەڭ مۇھىم. شۇڭا مەن بالامغا كىچىكىدىن باشلاپلا شۇنداق قىلدۇردۇم ھەم ھەر خىل خاتىرىلەرنى يازدۇردۇم. مەلۇم بىر لاتىنچە سۆزنى ئېسىدە قالدۇرۇش ئۈچۈن مەن مۇشۇ سۆزنى يىلتىز قىلىپ پەيدا بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان سۆزلەرنى قاتار يازدۇردۇم. شۇنداق قىلىپ ئۇ لاتىنچىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە يەنە ھەر خىل يېڭى سۆزلەرنىمۇ ئېسىدە تۇتىۋالدى ھەمدە تىل تەرەققىياتىدىكى قانۇنىيەتنىمۇ بىۋاسىتە تونۇپ يەتتى، مانا بۇ بىر چالمىدا بىر نەچچە پاختەك سوققانلىق بولدى.

### 5. ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ھەرخىل ئويۇن ئويناش.

مەن بۇ يەردە ئاتا - ئانىلارغا يەنە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، بالىلارنىڭ تىل ئۆگىنىش ئىقتىدارى مۆلچەرلىگۈسىز، گەپ سىزنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىنى تاپالىغان ياكى تاپالمىغانلىقىڭىزدا. ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل يەنىلا بالىغا ھەر خىل ئويۇن ئارقىلىق ئۆگىتىشتۇر.

بالام ئەمدىلا ئىنگلىزچىنى ئۆگەنگەن چاغدا، مەن «ياخشىمۇسىز» دېگەن سۆزنى ئون ئۈچ خىل تىلدا ئۆگىتىۋىدىم، ئوغلۇم ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئاجايىپ قىزىقارلىق ئۇسۇلدىن پايدىلاندىم، بالىغا خىل تىلغا

www.uyghurkitap.com

ۋەكىللىك قىلىدىغان قونچاق ئېلىپ بەردىم ھەمدە ئۇنى ھەر كۈنى ئورنىدىن تۇرغاندا ھەر بىر تىلغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قونچاققا «ياخشىمۇسىز» دېگۈزدۈم. مەن بالىلارنىڭ ئويۇنخۇمار، جانلىق بولۇش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەر خىل تىل ئويۇنلىرى، مەسىلەن، ھېكايە، قوشاق ئېيتىشىش، تېپىشماق تېپىش، جۈملە تۈزۈش، سۆز بىرىكمىسى ۋە ماقال - تەمسىل تۈزۈش، ھېكايە توقۇش قاتارلىقلارنى ئوينىدىم. مۇشۇنداق جانلىق ئۆگىنىش مۇھىتىدا، ئۇ قانداقمۇ ياخشى ئۆگەنمىسۇن؟

## ئوغلۇم خەت يېزىشمىنى دورىغان پەيتتە خەت يېزىشنى ئۆگەتتىم

ھەرپ يېزىلغان تاختىلار ئارقىلىق بالامغا ھەرپلەرنى ئۆگەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە ئۇلارنى ئۇلاپ يېزىشنى ئۆگەتتىم. بالىلار چوڭلارنى دوراشنى ياخشى كۆرگەچكە، بالام خەت يېزىشمىنى دوراپ يۈرگەندە ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى ئۆگەتتىم، ئۇ يېڭى ئۆگەنگەندە ھە دېسە قەلەم تۇتۇشنى قامالاشتۇرالماي، سىياھ قۇتىسىنى ئۆرۈۋەتسىمۇ مەن ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن كارل قەلەم تۇتۇشنى ئۆگىنىۋالدى.

كارل تۇنجى قېتىم قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى تەلەپ قىلغاندا مەن ئۇنىڭغا بەرمىدىم. ئۇنىڭغا قېرىنداش بېرىپ: «ئىسمىڭنى چىرايلىق قىلىپ يازغىن» دېدىم، ئۇ ئىسمىنى يازغاندا ئاپىسى كۆرۈپ ھەم ھەيران قالدى، ھەم بەك خۇشال بولۇپ كەتتى، كارلغا خەت يېزىشنى بېرىلىپ مەشىق قىلدۇردى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا چىرايلىق پوچېركىدا ئۆز ئىسمىنى يازالايدىغان بولدى. بۇ چاغدا ئۇ تۆت ياش ئىدى. ئوغلۇم بەش ياشقا كىرگەندە، بىز ئائىلە بويىچە سەيلىگە چىقتۇق، مەن ئۇنى



مېھمانخانىنىڭ تىزىملاش دەپتىرىگە ئىمزا قويۇشقا بۇيرۇدۇم، بۇنى كۆرگەن مېھمانساراي خوجايىنى ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

ئوغلۇم ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆگىنىپ بولۇشىغا، مەن ئۇنى كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا بۇيرۇدۇم (بۇ چاغدا ئۇ تۆت ياش ئىدى). ھەر قېتىم يامغۇر يېغىپ، بوران چىقىپ كېتىپ، تالاغا چىقىپ ئوينىيالمىغاندا، كۈندىلىك خاتىرىلىرىنى ئوقۇپ خۇشاللىققا چۆمەتتى.

بۇ يەردە تېمىدىن چەتنەپ بىر نەچچە ئېغىز سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىلەر. ئەمەلىيەتتە بالا تەربىيىلەشتە، ئاتا - ئانا بولغۇچى كۈندىلىك خاتىرە يېزىشى، بالىنىڭ ئىلگىرىلىشى، ئۆسۈپ يېتىلىشىنى خاتىرىلەپ مېڭىشى كېرەك. بۇمۇ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇلغان مۇھىم بىر مىراس. بۇنىڭ ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيىلىشىگىمۇ پايدىسى بولىدۇ.

بۇنىڭدا بالىغا قايسى سۆزنى ئۆگەتتۇق، بالا قايسى سۆزنى ئىشلىتىشكە باشلىدى، بالا نېمىگە بەكرەك قىزىقتى، قانداق ناچار ئادەتلىرى بار، بالىنى نېمە ئۈچۈن ئەيىبلىدۇق، نېمىگە ماختىدۇق، بالا ئۆزى ئەقىل ئىشلىتىپ قانداق ئىشلارنى قىلدى، بالىغا قايسى جەھەتلەردىكى ساۋاتلارنى ئۆگەتتۇق قاتارلىقلار يېزىپ قويۇشقا تېگىشلىك ئىشلارغا كىرىدۇ. بۇ خاتىرە بولغاندىلا نېمىلەرنى ئۆگەتتۇق، نېمىلەرنى ئۆگەتمىدۇق، بالا قايسىلىرىنى چۈشىنىۋالدى، قايسىلىرىنى بىلمىدى دېگەنلەرنى بىلىۋالالايمىز. بۇنىڭ بالىنى تەربىيىلەشتە بەكرەك ئۈنۈمى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ بالىنىڭ ياخشى - يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، تەربىيىنى ئالدىن تۈزۈۋالغان پىلان بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر خاتىرىلەپ ماڭمىساق، تۈزگەن پىلان ئەمەلىيلەشمەيدۇ. قارىماققا بۇ بەك ئاۋارىچىلىقتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە قىلىپ باقساق قىلچىمۇ ئاۋارىچىلىك

ئەمەس، بەلكى بەك قىزىقارلىق بولىدۇ. كىشىلەر ئىشكى ئالدىدىكى ھەشقىپىچەكنىڭ ئۆسۈشىگە شۇنچە دىققەت قىلىدۇ يۇ، نېمىشقا بالىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بالىڭىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى خاتىرىلەپ ماڭسىڭىزمۇ بۇنىڭدىن چوقۇم ھوزۇرلىنالايسىز.

بۇنداق خاتىرە يېزىشنىڭ يەنە بىر پايدىسى شۇكى، بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە قەتئىي بوشاشماسلىق روھىنى جارى قىلدۇرىدۇ. چۈنكى ھازىر ھېچقانداق بىرەر ئورۇن ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىشىنى نازارەت قىلمايدۇ، شۇڭا ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلمىسا، پىلانلىغان ئىشنى ئەمەلىيلەشتۈرمىسە، خالىغانچە پىلانىنى ئۆزگەرتسە، ھېچكىممۇ ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايدۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىكى ئۇلارنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىگە بولغان بىخۇدلۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بالا تەربىيىلەش خاتىرىسى ئاتا - ئانىلارنى دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى پۈتۈن قىزغىنلىقى، قەتئىي بوشاشماس روھى بىلەن ئەسلىدىكى پىلان بويىچە بالىسىنى تەربىيىلەشكە دەۋەت قىلىدۇ.

## بالىنىڭ ھەر تەرەپلىمە قىزىقىشىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك

كۆپچىلىك مېنىڭ ئوغلۇمنى بۇنچە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ تەربىيىلىگىنىمگە قاراپ كارلىنىڭ تۇرمۇشىنى بۇرۇقتۇم ئىكەن دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن مول ھەم قىزىقارلىق. چۈنكى مەن ئۇنى كۆپ تەرەپلىمە قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەپ تۇردۇم.

بالىلار كىتابتىن بەكرەك خۇشاللىق تاپالايدىغانلىقى ئۈچۈن



ئۇلارغا كىتابنى ئەستايىدىللىق بىلەن تاللاپ بېرىش كېرەك. بىر ئادەمنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرۈشى دائىم ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم قانداق كىتاب ئوقۇغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بولۇپمۇ بالىلىقىدا ئوقۇغان كىتاب ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بالىنى كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلىگەندە، ئاز - تولا كاللا ئىشلىتىش كېرەك، بالىلار چوڭلارنىڭ ھېكايە ئوقۇپ بېرىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، بولۇپمۇ كىچىك بالىلار شۇنداق، مېنىڭچە ھېكايە ئوقۇپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭ بالىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى موللاشتۇرىدىغانلىقىدا بولۇپلا قالماي، بەلكى بالىنى تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئېلىشقا يېتەكلەيدىغان ۋاستە بولغانلىقىدا. مەن ھېكايىنى ئىنتايىن جانلىق ئېيتىمەن، قايناق ھېسسىيات، ئوبرازلىق تىل، ھەر خىل قول ھەرىكىتىم ئوغلۇمنى رام قىلىۋالىدۇ، بەزىدە ھەتتا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھېكايىدىكى ئوبرازلارنىڭ ھەرىكىتىنى دوراپ كېتىمەن. بالام بۇلارنى ئاڭلاپ ھەيرانۇ ھەس قېلىپ، دائىم مەن بىلەن تەڭ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ كېتىدۇ، ئەمما مەن داۋاملىق ئەڭ مۇھىم يېرىگە كەلگەندە توختىتىپ قويىمەن ۋە بۇ ھېكايىنىڭ قايسى كىتابتا ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىپ، ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىمەن.

ئۇ كىتاب ئوقۇشنىلا ئەمەس، يەنە مۇزىكا ئاڭلاشنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

شائىر گيوتې مۇنداق دېگەن: «پەرۋەردىگار بىزگە ئاتا قىلغان گۈزەللىك تۇيغۇسىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھەر كۈنى ئاز - تولا مۇزىكا ئاڭلاپ قويۇشىمىز، بىر - ئىككى شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشىمىز، داڭلىق رەسىملەردىن ھوزۇرلىنىشىمىز كېرەك». شۇڭا بالىغا مۇزىكا ئاڭلىتىش ئىنتايىن مۇھىم. بەزىلەر ناخشا ئېيتالايدىغان ئادەمنىڭ ئۆمرى ناخشا بىلمەيدىغان ئادەمگە قارىغاندا ئۇزۇن بولىدۇ، دېيىشىدۇ، بۇ ناخشىچىنىڭ كۆڭلىنىڭ دائىم خۇش تۇرىدىغانلىقىدىن بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېرەك، سەل سەپرا باللارغا ناخشا ئۆگەتسە ئۇلار شادلىنىپ قالىدۇ.

بىز ھەممە ئادەمنى مۇزىكانت قىلىپ چىقالمايمىز، بۇنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەمما كىشىلىك ھاياتتا مۇزىكىدىن ئازراقمۇ خەۋىرى بولماسلىقنىڭ ئۆزى بىر ئازاب. چېلىشنى بىلمىگەن تەقدىردىمۇ مۇزىكىدىن ئاز ـ تولا ھوزۇرلىنىشنى بىلىش كېرەك. شۇڭا، ئامال قىلىپ بالىغا مۇزىكا ئۆگىتىش كېرەك. بەزىلەر بالىنى مۇزىكانت قىلىپ چىقمىغاندىكىن ئۇنى مۇزىكا بىلەن تەربىيىلەشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى، دەيدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا قاراش. سەنئەتسىز ھايات سۇسىز قۇملۇقنىڭ ئۆزى. بالىنى بەختلىك قىلىمىز دەيدىكەنمىز، بالىنىڭ تۇرمۇشىنى مول قىلىشىمىز كېرەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىنى ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا جەھەتتە تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار.

مېنىڭچە، ھاياتتا مۇزىكىدىن بەھرىلىنىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەخت. مەن كارلىنى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا مۇزىكىدىن ھوزۇرلىنالايدىغان قىلىپ چىقىشقا تىرىشتىم. ئالدىنقى بابتا ئۇ تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭغا يەتتە خىل مۇزىكا چىقىرالايدىغان قوڭغۇراقلارنى ئېلىپ بەرگەنلىكىمنى، خوتۇنۇمنىڭ ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدىم.

بالام CBA نى ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا نوتا بەلگىسىنى ئوقۇشنى ئۆگەتتىم ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ جەھەتتىكى ئويۇنلارنى ئويناپ تۇردۇم، مەن بالام بىلەن تىقىپ قويغان نەرسىنى تېپىش ئويۇنى ئويناپ، ئەگەر ئۇ تىقىپ قويغان نەرسە بار يەرگە يېقىنلىشىپ قالسا، «چاتاق بولدى» دېگەننىڭ ئورنىغا پىئانىنودىكى تۆۋەن ئاۋازنى باستىم. ئەگەر يىراقلاپ كەتسە، دەرھال يۇقىرى ئاۋازنى باستىم، شۇنداق قىلىپ ئۇ تىقىپ قويغان نەرسىنى تاپىمەن دېسە، مەن چالغان پىئانىنوغا دىققەت قىلىدىغان بولدى، بۇ ئويۇنغا يېڭى تۇس بېرىپ بالىنى



تېخىمۇ قىزىقتۇردى. بالىنىڭ مۇزىكىنى پەرق ئېتىشىمۇ تېزلەشتى.

باللار ئۇدارغا قىزىقىدۇ، شۇڭا مەن ئىشنى بۇ نۇقتىدىن باشلىدىم. ئوغلۇمنىڭ تېخى تىلى چىقماستا ئۇنىڭغا چاۋاك چېلىپ بەردىم. ئۇزۇن ئۆتمەي دۇمباق ئېلىپ بېرىپ، دۇمباقنى چاۋاكنىڭ رىتىمى بويىچە چېلىشنى ئۆگەتتىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن كىسلوفون سېتىۋېلىپ، ئۇنى چېلىپ ئوينىغۇزدۇم. ئۇزۇنغا بارمايلا ئوغلۇم پىئانىنودا ھەر خىل ئاددىي مۇزىكىلارنى ئورۇندىيالايدىغان بولدى.

ئوغلۇم كىچىكىدىن باشلاپلا پىئانىنو قاتارلىق چالغۇلارغا ھېرىس ئىدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭ بۇ قىزىقىشىغا ئاساسەن ئۇنىمۇ مەشىق قىلدۇردۇم. ئۇ مېنىڭ ئازراقلا ياردىمىم بىلەن ھەر خىل ئاھاڭلارنى مۇستەقىل ئىجاد قىلالايدىغان بولدى. بالام ئۆزى ئىجاد قىلغان ئاھاڭلارنى خاتىرىسىگە يېزىپ قوياتتى. بۇ ئۇنىڭ بالىلىقىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئوخشاش كەلگۈسىدە ئېچىپ كۆرسە چوقۇم قىزىق تۇيۇلاتتى.

بالىغا ساز ئۆگىتىشتە مەن تېخنىكىنى بەك تەكىتلەشكە قارشى. بىر دوستۇم ئوغلىغا ئىسكىرىپكا ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ ئىسكىرىپكا ئۆگەتكەن، ئەمما بىر يىل ئىچىدە ئۇ پەقەت ئىسكىرىپكا تېخنىكىسىنىلا ئۆگىتىپتۇ، بۇ بالىنى ئىسكىرىپكا چېلىشقا قىزىقتۇرماقتا يوق، ئەكسىچە مۇزىكىغا ئۆچ قىلىۋېتىپتۇ. ئەمما كارلغا ئىسكىرىپكا ئۆگەتكەن ئوقۇتقۇچى بۇ ئۇسۇلنى قوللانمىدى. ئەكسىچە ئىسكىرىپكا ئۆگەتكەندە مەن پىئانىنو بىلەن تەڭكەش قىلىپ بەردىم. شۇڭا كارل خۇشاللىق بىلەن ئۆگىنىپ پىئانىنونىمۇ، ئىسكىرىپكىنىمۇ ناھايىتى ياخشى چالىدىغان بولدى.

# قانداق قىلغاندا بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى ۋە سوئال سوراش قىزغىنلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ

كارلنىڭ قىزىقىشى ۋە قىلىدىغان پائالىيەتلىرى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم كىشىلەر كارلنىڭ تۇرمۇشىنى كىتاب ۋە ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ھەتتا ئانچە - مۇنچە كونا بىلىملەر ۋە چەت ئەل تىلىنى بىلگەندىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، دېيىشتى.

ئەمما ئەمەلىيەت پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە. ئوغلۇمنى بىلىدىغانلار ئۇنىڭ ئۈستەل ئالدىدا سەرپ قىلىدىغان ۋاقتىنىڭ ھەر قانداق ئۆسمۈرنىڭكىدىن ئازلىقىنى بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ كۆپىنچە ۋاقتىنى ئويۇن ئويناشقا سەرپ قىلىدۇ، ئۇ ئىنتايىن ساغلام ۋە شوخ. ئۇ چەت ئەل تىلىدىن سىرت، بوتانىكا، زوئولوگىيە، فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكىلارنى ناھايىتى ئاسانلا ئۆگىنىۋالدى.

كۆپچىلىك مېنى قانداق ئالاھىدە تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بالىغا بۇنچە مول بىلىمنى ئۆگەتكەندۇ؟ دەپ قالار، بۇ ناھايىتى ئاددىي، مېنىڭ تەربىيىلەشتىكى تۈپ ئۇسۇلۇم بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش ۋە ئۇنىڭ توختىماي سوئال سورىشىغا ئىلھام بېرىش.

بالام ئۈچ - تۆت ياشقا كىرگەندە، ھەر كۈنى ناشتىدىن بۇرۇن ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ بىر - ئىككى سائەت ئايلاندۇرۇپ كېلەتتىم، مېنىڭ سەيلە قىلىشىم قانداقتۇر مۇنداقلا شامالداش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش ئىدى. مەن داۋاملىق بىر نەچچە قىزىقارلىق مەسىلىنى تېپىپ چىقىپ شۇ



توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتىم. ئۇنىڭ تەپەككۇرى جانلىق، تەسەۋۋۇرغا باي ئىدى. مېنىڭ پارىڭىمغا ئەگىشىپ تەسەۋۋۇرىدا دېڭىز سەپىرى قىلىپ ھىندىستان ۋە جۇڭگوغا بارسا، بىر دەم نىل دەرياسىدا ئۈزەتتى؛ يەنە تۇرۇپلا ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان شىمالىي قۇتۇپنى ئېكسپېدىتسىيە قىلسا، يەنە بەزىدە خۇش پۇراققا تولغان سېيلون (سىرىلانكا) ئورمانلىقىدا سەيلە قىلاتتى. بەزىدە بالام ئىككىمىز نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى سىپارتالىقلار بىلەن تروييا شەھرىگە ھۇجۇم قىلاتتۇق؛ بەزىدە ئودىسسانىڭ كېمىسىگە ئولتۇرۇپ چەكسىز دېڭىزدا يۈرەتتۇق. بەزىدە ئىسكەندەر قوشۇنى بىلەن غەربىي دېڭىز بويلىرىنى بويسۇندۇراتتۇق. ئوغلۇمنىڭ جۇغراپىيە ۋە تارىخقا ئائىت بىلىملىرىگە دەل ئاشۇنداق پاراڭلىشىش جەريانىدا ئاساس سېلىنغانىدى.

بىز كۆپ چاغلاردا بۈككىدە دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان تاغ يولىدا كېتىۋاتقاندا، ئوتلار ئارىسىدا ئىسمىنى ئۇقمايدىغان ياۋا گۈللەر ئۇچراپ قالاتتى. مەن گۈلنى ئۈزۈۋېلىپ ئوغلۇمغا: «بالام، قارا بۇ گۈلگە» دەيتتىم. بالام قىزىقسىنىپ گۈلگە قارىغان پەيتتە، مەن گۈلنىڭ ئۆسۈش ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ رولىنى چۈشەندۈرەتتىم ھەم گۈلنىڭ بەرگى، ياپرىقى، گۈلچېڭىنى كۆرسىتىپ گۈلچاڭلىرى بولمىسا ئۇلارنىڭ كۆپىيەلمەيدىغانلىقىنى، مېۋە بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتىم. بەزىدە ئوتلار ئارىسىدىن بىرەر چېكەتكە سەكرەپلا چىقىپ قالاتتى، مەن ئۇنى چاققانلىق بىلەن كاپلا قىلىپ تۇتىۋېلىپ، بالام بىلەن ئۇنى تەتقىق قىلىپ كېتەتتۇق، مەن ئالدى بىلەن چېكەتكىنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىنى، ياشاش ئالاھىدىلىكىنى، كۆپىيىش ئۇسۇلىنى دەپ بېرەتتىم. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ھەر بىر تاش، ھەر بىر گىياھقىچە ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ ماڭاتتىم. بۇ بالامغا ئۆتۈلگەن جانلىق بىئولوگىيە

www.uyghurkitap.com

دەرسى بولۇپ قالاتتى ــ دە، بۇنىڭ ئۇنۇمى مەكتەپلەردە ئۆتىلىدىغان ئۆلۈك دەرستىن مىڭ ياخشى بولاتتى.

كۆكيۇل قويغانىدىلا، تەبىئەتتىكى ھەر بىر دەل - دەرەخ، گۈل-گىياھ بىلىم ماتېرىيالى بولالايدۇ. تەبىئەتتىكى ھەر بىر يېڭىلىق بالىلارنىڭ بىلىمىنى ۋە دىققىتىنى قوزغايدىغان ئوبيېكت بولىدۇ. دۇنيادا تەبىئەتتىن ياخشى ئوقۇتقۇچى يوق، ئۇ بىزگە چەكسىز بىلىملەرنى ئۆگىتىدۇ. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار ۋە بالىلار بۇنىڭدىن يېتەرلىك پايدىلىنالمايدۇ.

ھەر بىر ھېيت - بايرامدا، مەن بالامنى دالىغا ئېلىپ چىقىپ گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپ، تاش پارچىلىرىنى كۆزەتكۈزەتتىم. بەزىدە قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىنى مارىلايتتۇق، قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ ياشاش ئەھۋالىنى كۆزىتەتتۇق. مۇشۇ تىرىك شەيئىلەردىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى، يەنى زوئولوگىيە، بوتانىكا، مىنېرالوگىيە، فىزىكا، خىمىيە، گېئولوگىيە، ئاسترونومىيىگە ئائىت بىلىملەرنى سۆزلەپ بەردىم. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلىمى موللاشتى. ئۇ ئۆسمۈرلۈكلەرگە بەك قىزىققانلىقتىن، نۇرغۇن ئەۋرىشكىلەرنى توپلىدى، ئۇ مىكروسكوپتا ھەر خىل نەرسىلەرنى كۆزىتەتتى ۋە ھەرخىل شەيئىلەر ۋە ئۇلارغا ئائىت قىزىقارلىق ئىشلارنى ماقالە قىلىپ يېزىپ چىققاتتى.

دەسلەپتە ئۇ كۆك قۇرتتىن بەك قورقاتتى، كېيىن بۇ سەت قۇرتنىڭ چىرايلىق كېپىنەككە ئايلىنالايدىغانلىقىنى بىلىپ قورقمىدى. مەن يەنە ئۇنىڭغا چۇمۇلە ۋە ھەسەل ھەرىسىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى سۆزلەپ بەردىم، ئوغلۇم ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ياشاش ئۇسۇلىغا بەك قىزىقتى ھەمدە سېرىق ھەرىنىڭ ۋە چىشى ھەرىنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزىتىپ چىقىپ ياخشى ماقالىدىن بىرنى يېزىپ چىقتى.



ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ناچار قىلىقلىرىدىن خاۋاتىرلىنىدۇ، مېنىڭچە بالىلارنىڭ ناچار قىلىقلىرى ئۇلارنىڭ زېھنىنى نېمىگە ئىشلىتىشنى بىلمەسلىك سەۋەبىدىن بولغان. بۇ ئۇلارنىڭ زېھنىنىڭ ۋە ئەقلىنىڭ ئىسراپ بولۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەن بالىلارنى كەڭ تەبىئەت قوينىغا باشلاشنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇندىلا بالىلار يامان قىلىقنى تاشلايدۇ، تەبىئەت بالىلارنى ئېسىل پەزىلەتلىك قىلىدۇ. ئەزەلدىن تارتىپ تەبىئەتنى سۆيىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆكيۇل - كۆكسى كەڭ، ئاق كۆكيۇل بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. تەبىئەت بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ياخشىلاپلا قالماي، يەنە روھىنىمۇ كۆتۈرىدۇ، شەھەردىكى بالىلار تەبىئەتتىن يىراقلاپ كەتكەچكە، ساپ ھاۋادىن بەھرىلىنەلمەيدۇ، مىجەزىمۇ ناچارلىشىپ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن مەن ئامال بار بالىنى تەبىئەت پۇرىقى بار مۇھىتتا چوڭ قىلىشقا تىرىشتىم. ئۆيدە ئۇنىڭغا گۈل، ياڭيۇ قاتارلىقلارنى تېرىتقۇزدۇم. ئوغلۇم بۇ ئىشلارنى قىلىشقا بەك ئامراق بولغاچقا، گۈللەرگە ھەر كۈنى سۇ قۇياتتى، ئوتىنى ئوتاپ ئۇلارنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆزىتەتتى، ئۇ بۇلاردىن زور خۇشاللىق ۋە لەززەت تاپاتتى. ھەر يىلى يازدا مەن ئۇنىڭ بىلەن تاغدىكى ئورمانلىققا بېرىپ، بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلەتتىم، ئۇنىڭغا شائىرلارنىڭ ئانا تەبىئەتنى كۈيلەپ يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتىم، ھاۋا ئوچۇق كۈندە تىپتىنچ دالىدا ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىپ، قەدىمي شېئىرلاردىن ھۇزۇرلىنىش ھەقىقەتەن خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى.

كارل تېخى قۇشمۇ باققانىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ سېرىق قۇشقىچىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى جۇخار گۈلى، بىرىنىڭ ئىنىدا ئىدى. كارل قۇشقاچلىرىغا ئىسكىرىپكىغا ئەگىشىپ سايراشنى ئۆگەتتى، بۇ قۇشلار تېخى ئالىقانغا قونۇۋېلىپ ئۇسسۇل

ئوينىيالايتتى. ئوغلۇم پىئانىنو چالسا، ئۇلار ئۇنىڭ مۇزىسىگە قوشۇلاتتى، كۆزۈڭنى يۇم دېسە، كۆزىنى يۇماتتى، كىتاب ئوقۇغاندا بەت ئۆرۈ دېسە، كىچىككىنە تۇمشۇقىدا كىتاب بەتلىرىنى ئۆرۈيتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە كۈچۈك ۋە ئاسلانمۇ باقتى. ئۇ ئۇلارنىڭ يېمىگە، سۇيىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇراتتى. شۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىدە كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىقنى يېتىلدۈردى.

## مەن ئۆلۈك تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى پەقەتلا قوللانمىدىم

ئوغلۇمنى تەربىيىلەشتە ئۆلۈك تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى پەقەتلا قوللانمىدىم. مەن ئۇنداق ئۇسۇلغا قارشى ھەم ئۇنداق ئۇسۇلدىن بەك بىزار. بۇ خىل قاتمال تەربىيىلەش خۇددى ئۆسۈملۈكلەرنى ياپرىقىدىن سۇغارغانغا ئوخشايدۇ، سۇ يىلتىزغا ئەمەس ياپراقلىرىغا سېپىلسە، ئۆسۈملۈك قانداقمۇ سۇغا قانسۇن؟ ئادەتتىكى قاتمال تەربىيىلەش ئۇسۇلىدا بالىلارنىڭ بىلىش ئىقتىدارى زىيانغا ئۇچراپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆگەنگىنى ئۆلۈك پرىنسىپ ۋە تېئورىيىلار بولۇپ، تېگىدىن چۈشەنمەيدۇ، بۇنداق ئوقۇتۇش ھەم بالىنى بىئارام قىلىدۇ، ھەم ئەسقاتمىدىغان ھېچقانداق نەرسە ئۆگىنەلمەيدۇ. پەقەت ئۆلۈك ھالدىكى بىلىم قوبۇللىغۇچىلا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەن بالامنى بۇنداق ماشىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى قەتئىي خالىمايمەن.

مەن قوللانغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى دەل جايىدا جارى قىلدۇرۇشتۇر. بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەن ئوغلۇمغا پەقەت سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىپ بارمىدىم، ئۇنىڭغا قايسى مەسىلىلەرنىڭ بوتانىكىغا، قايسىلىرىنىڭ زوئولوگىيىگە تەۋە



ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئولتۇرمىدىم، كىتابتىكىدەك ئالدى بىلەن ئاساسىي بىلىملەرنىمۇ تەكىتلەپ يۈرمىدىم، سەيلە قىلىش جەريانىدا بالام نېمىگە قىزىقسا، مەن شۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ ماڭدىم، شۇڭا بالام كىتابتا شۇنىڭغا ئائىت بىلىملەرنى ئۇچراتقاندا ھەرگىز يېڭىلىق ھېس قىلمىدى ھەم ئاسانلا چۈشىنىۋالدى.

مەن بۇ يەردە خەرىتە سىزىشنى قانداق ئۆگەتكەنلىكىمنى سۆزلەپ ئۆتەي. ئاز - تولا جۇغراپىيە ئاساسى بولمىغان بالىغا خەرىتە سىزىشنى ئۆگەتسە، بەش ياشلىق بالا بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ قىزىقماسلىقى مۇمكىن، كىتابتىكى جۇغراپىيىلىك بىلىملەرمۇ ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالمايدۇ، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا جانلىق، ئۇنتۇلغۇسىز نەق مەيدان دەرسى ئۆتتۈم.

ۋاقتىم بولسىلا بالامنى ئەتراپتىكى كەنتلەرگە ئاپىرىپ سەيلە قىلدۇراتتىم، بۇنداق چاغدا ئۇنى ئوخشاش بولمىغان يەر شەكلى ۋە يەر تۈزۈلۈشىنى، دەريالارنىڭ ئېقىش يۆنىلىشىنى، ئورماننىڭ جايلىشىشىنى كۆزىتىشكە يېتەكلەيتتىم. ئوبدان كۆزىتىش ئۈچۈن بىز ئەتراپتىكى نەچچە يۈز مېتىر يەرنى ئايلىنىپ چىقاتتۇق، ئوغلۇم ئوينىغاچ ئۆگىنىدىغان بۇ خىل ئۇسۇلغا بەك قىزىقتى، ھاردىم - ئالدىم دېمىدى، كەچتە ئۆيگە قايتقاندا، ئۇ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئانىسىغا بىر قۇر سۆزلەپ بېرەتتى، ئۇنىڭ يەر شەكلىنى تەسۋىرلەشلىرى دەل توغرا چىقاتتى.

بۇنداق ئەمەلىي تەكشۈرۈش بىر مەزگىل داۋاملىشىپ، ئەتراپتىكى كەنتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى بىر قۇر چۈشەنگەندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا قەلەم، قەغەز تۇتقازدىم. ئىككىمىز كەنتىمىزدىكى ئەڭ ئېگىز مۇنارغا چىقىپ يىراققا نەزەر سالدۇق. بىز ماڭغان يەرلەر كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى، مەن ئوغلۇمدىن ئەتراپتىكى يەرناملىرىنى سوراپ، بىلمەيدىغانلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم، ئوغلۇم ھەممە يەرنى ئاساسەن بىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بۇ جاينىڭ خەرىتە يەر شەكلىنىڭ ئاددىي

www.uyghurkitap.com

خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىشىنى بۇيرۇدۇم. خەرىتە كۆپ تەييارلىقلاردىن كېيىن سىزىلغاچقا، خېلى توغرا چىقتى. بىز چىققان يول بىلەن قايتىپ يول ئۈستىدىكى بارلىق كوچا، ئورمان، دەريا، تۆپىلىكلەرنى خەرىتىگە ئالدۇق، شۇنداق قىلىپ قوشنا يېزىلارنىڭ خەرىتىسى سىزىپ چىقىلدى. بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىز كىتابخانىغا بېرىپ خەرىتە سېتىۋالدۇق ۋە ئۆزىمىزنىڭ سىزغىنى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ، ئاخىرىدا ئۆزىمىز سىزغان تۇنجى خەرىتىگە ئىگە بولدۇق. بۇنىڭدىن خوتۇنۇم بەك پەخىرلەندى ۋە ئۇ خەرىتىنى ئەينەك رامكىغا ئېلىپ مېھمانخانىغا ئېسىپ قويۇپ، كەلگەن مېھمانلارغا كۆرسەتتى، ئۇلار بۇنچە تەپسىلىي سىزىلغان خەرىتىنىڭ بەش ياشلىق بالىنىڭ قولىدىن چىققىنىغا ئىشەنمەي ھەيران قالدى. شۇنداق قىلىپ مەن خەرىتە دېگەن بۇ ئۇقۇمنى بالىغا قەدەممۇ قەدەمدە ئۆگىتىپ چىقتىم ھەمدە ئۇنىڭ خەرىتە سىزىشتىن ئىبارەت ياخشى ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بەردىم، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نەگە بارسا شۇ يەرنىڭ خەرىتىسىنى ئۆز قولى بىلەن سىزىدىغان بولدى.

مەن ئوغلۇمغا زوئولوگىيە، بوتانىكا، جۇغراپىيە بىلىملىرىنى ئۆگەتكەندىن كېيىن، ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئۆگەتتىم. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ ئاسترونومىيىگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا چۆچەكلەرنى كۆپرەك ئوقۇتتۇم ھەمدە ئۇنى رەسەتخانىغا ئاپىرىپ، تېلېسكوپ بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزەتكۈزدۈم. شۇنداقلا ئۇنى بىر قىسىم ئاسترونوملار بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويدۇم، ئۇلار ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ قىزىقارلىق ۋە ھەيران قالارلىق تەرەپلىرىنى سۆزلەپ ئۇنى ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى.

گراف سىكېندروف ئىستىبداتلىق بىلىم ئىگىسى بولۇپ،



يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئانچە تونۇشمايتتىم، ئالاقىمىزمۇ يوق ئىدى، ئەمما ئۇ ئوغلۇمنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ كۆرۈشكىلى كەلگەندە، بىز تونۇشۇپ قالغانىدۇق. ئۇ ئوغلۇم بىلەن تونۇشۇپلا ئۇنىڭ كىشىلەر ئېيتقانىدىنمۇ بەك ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تولىمۇ ھەيران قالدى، ئۇنى دەررۇ ئۆيىگە ئاپىرىپ ئۆزىنىڭ تېلېسكوپى بىلەن ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى مەخسۇس ئۆگەتتى. ئۇ ئىلىمگە ھېرىس بولغاچقا، ئۆيىدە ئاسترونومىيە سايمانلىرىدىن باشقا يەنە خىمىيە، فىزىكىغا ئائىت نۇرغۇن تەجرىبە سايمانلىرى، كىتابلىرى بار ئىدى. ئۇ مەردلىك بىلەن كارلىنىڭ بۇلارنى ئىشلىتىشىگە يول قويدى، ئۇ كارلىنىڭ بۇلاردىن خالىغانچە پايدىلىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. ئوغلۇمنىڭ ھەر تەرەپلىمە، كەڭ بىلىمگە ئىگە بولۇشى مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ خالىس ياردىمىدىن بولدى.

## ھەر ۋاقىت ئوغلۇم بىلەن باراۋەر بولدۇم

بەزىلەر: باللار پەقەت ئويۇنغىلا قىزىقىدۇ، دەيدۇ، بۇ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگەنلىك. باللار ئۈچ - تۆت ياشقا كىرگەندىلا ئاق-قارىنى پەرق ئېتىشكە باشلايدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئۇلارنىڭ سوئال سوراشقا باشلىغانلىقى، سوئالىنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى ۋە ئاجايىپ - غارايىپلىقىدۇر. بۇ خۇشاللىنارلىق ئىش بولۇپ، بۇ ھال باللارنىڭ تەپەككۇر قىلىشقا باشلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما مەن كۆپىنچە ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇنىڭدىن خۇشاللانماقتا يوق، ئەكسىچە بىزار بولۇپ دادلاپ يۈرىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇلار باللىرى سوئال سورىسا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويماي، يۈزەكىلا ھە - ھۇ دەپ ئۆتكۈزىۋېتىدىكەن.

بۇ ئەڭ چوڭ خاتالىق. بۇنداق پوزىتسىيە بالىلارنىڭ تەپەككۇرچانلىقىنى چەكلەپ قويىدۇ. بالىلارنىڭ ئەقلى ئەمدى ئېچىلىۋاتقان پەيتتە، بىز ئۇلارنىڭ مەشغۇل بولۇشى ئۈچۈن مۇۋاپىق ئوبيېكتلارنى تېپىپ بەرمىسەك، ئۇلارنىڭ ئەمدىلا ئېچىلىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان تەپەككۇرلىرى نابۇت بولىدۇ، بۇنداق بولۇشنى ھەر قانداق ئاتا ـ ئانا خالىمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇلار بالىلىرى مەكتەپكە كىرگەندە ئاندىن بالىلىرىنىڭ نەتىجىسىنىڭ ناچارلىقىدىن زارلىنىشقا باشلايدۇ، ھە دېسىلا بالىلىرىنى ئەيىبلەپ كېتىشىدۇ، ئۆزلىرىدىن بىرەر قېتىممۇ سەۋەب ئىزدىمەيدۇ.

ئەڭ ياخشىسى ئاتا ـ ئانا بولغۇچى مەيلى قانچىلىك ئالدىراش بولۇشى ۋە زېرىكىشىدىن قەتئىينەزەر، بالىنىڭ سوئالىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشى لازىم. ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا «ھە، شۇنداق» دەپ قويۇپ مەسئۇلىيەتتىن قاچماسلىقى، چوقۇم راستچىللىق بىلەن توغرا جاۋاب بېرىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا بالىنى جەمئىيەتتىكى ھەر خىل زىددىيەتلەرنى چۈشىنەلەيدىغان، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئاق - قارىسىنى ئايرىيالايدىغان قىلىپ تەربىيىلىگىلى، بالىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى، تالانتىنى قېزىپ چىققىلى بولىدۇ. ئەگەر تەربىيىلەپ چىققان بالا كىشىلەر ئارىسىدىكى ياخشى ـ ياماننى ۋە ئاق - قارىنى پەرق قىلالمىسا، دۇنيادىكى ئىشلارنى تەپەككۇر قىلالمىسا ۋە بىلمىسە، مۇشۇنداقلار بارغانچە كۆپىيىۋەرسە، ئاخىر ئۇلار جەمئىيەتكە ئارتۇق يۈك بولىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ جەمئىيەتكە ھېچقانداق پايدىسىمۇ تەگمەيدۇ.

بىز مۇنداق بىر ئىشنى پەرەز قىلىپ باقايلى، ناۋادا بىر ئادەمگە ئۆگىنىش سېھرى ئىشلىتىپ، ئۇنىڭدا ئەڭ پاسسىپ روھىي ھالەت پەيدا قىلىنسا، ئۇ ھەتتا كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلمەيدۇ، بىزنىڭ بالىلارغا قوللىنىدىغىنىمىز



مۇشۇنداق ئۆگىنىش شەكلىدىكى تەربىيە بولۇپ قالسا، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ھە! بىزنىڭ تەربىيىمىز بالىلارنى پاسسىپ روھىي ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك. مېنىڭ بالامنى تەربىيىلەشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىم، ئۇنىڭغا بىلىم دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ بېرىش، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ يامان تەرەپلىرىنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆرۈۋېلىشقا، جەمئىيەتتىكى زىددىيەت ۋە كەمچىلىكلەرنى تونۇۋېلىشقا يېتەكلەشتۇر، ئىنسانىيەتنىڭ ئارزۇسى ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋا ئانىدەك قىپيالىڭاچلىقىنى سەزمىگەن ھالدا جەننەتنىڭ راھىتىنى سۈرۈش بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. شۇڭا مەن ئوغلۇمنىڭ قارىغۇلارچە ھالدىكى روھىي غالىبىيەتچىلەردىن بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن.

بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بالىنى دۇنيانى چۈشىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇنىڭ ھەر بىر سوئالىغا ياخشى جاۋاب بېرىش كېرەك. يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، ئاتا - ئانىلار ئۆز سالاھىيىتىنى پەش قىلىپ بالىنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىنى چۈشەپ قويماسلىقى كېرەك.

بالىلار ھەر خىل بىكىنمە قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك. ئاتا ـ ئانىلىق سالاھىيىتىمىزنى پەش قىلىپ بالىنى باسساق، بالىنىڭ ئاق ـ قارىنى ئايرىش ئىقتىدارى جارى بولمايدۇ. بۇ ھالدا ئۇنىڭدىكى مۇستەقىل قاراش، يېڭىلىق يارىتىش روھى دېگەنلەردىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ بۇنداق ئەھۋالدا بالا يەنە تومۇرچى بولۇپ قالىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پىسخىكىسىدا ھەر خىل نورمال بولمىغان يېتىشسىزلىكلەر يېتىلىپ قالىدۇ. بالىنىڭ ئاق ـ قارىنى ئايرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەر قاچان مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىسەن، دەپ بېسىم ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىمۇ ئادەم، ھەرگىز ئەۋلىيا ئەمەس. ئاتا ـ ئانىلار داۋاملىق كەتكۈزۈپ قويىدىغان خاتالىق شۇكى، بالىلار ئۇلار جاۋاب بېرەلمەيدىغان سوئالنى سورىغاندا، ئۇلار ئۆزىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈۋالماسلىق ئۈچۈن ھەدېسە خاتا جاۋاب بېرىدۇ ياكى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئۆزىنىڭ ئوڭايسىزلىقىنى ياپىدۇ. مەن ئەزەلدىن بۇنداق قىلىپ باقمىدىم.

ئوغلۇم سوئال سورىغاندا مەن ئۇنى ئىلھاملاندۇرىمەن ھەمدە ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بېرىمەن. ھەرگىز يالغان سۆزلەپ ئۇنى ئالدىمايمەن. بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئۇلارغا خاتا نەرسىلەرنى ئۆگىتىشتىنمۇ بەتتەر رەزىللىك بولمىسا كېرەك. چۈنكى تۇنجى تەسىرات ھامان ئەڭ چوڭقۇر بولىدۇ. بۇ، بالىنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بالىنى تەربىيىلىگەندە، مەن ئەقىلگە سىغمايدىغان ھەم مۇجمەلرەك بولغان جاۋابلارنى قەتئىي چەكلەيمەن، بالىنىڭ سوئالىغا بېرىلگەن جاۋابنىڭ ئامال بار ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان، ئۇلارنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسى دائىرىسىدە قوبۇل قىلالايدىغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىمەن. ئەگەر بالىلارنىڭ سوئالىغا چۈشىنەلمەيدىغان سىرلىق جاۋاب بېرىلسە، ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى تۈگۈن تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ، نەتىجىدە بالا تېخىمۇ كىرىشىپ سوراۋېرىدۇ ـ دە، ئاتا ـ ئانىلارنى بىزار قىلىۋېتىدۇ.

مەن ئەزەلدىن جىقراق نەرسە بىلىدىغانلىقىمنى پەش قىلىپ ئۆزۈمنى ئوغلۇمدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋالمىدىم. ئەگەر ئۇ مەنمۇ بىلمەيدىغان نەرسىنى سورىسا بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلدىم. بىر قېتىم ئوغلۇم ئاسترونومىيىگە ئائىت بىر سوئالنى سورىۋىدى، مەن بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ماتېرىيال ئاختۇرۇپ، قىرائەتخانىغا بېرىپ كىتاب كۆرۈپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدۇق، كېيىن مەن ئوغلۇمغا رەھمەت ئېيتىپ:



«ئەگەر سەن بۇ سوئالنى سورىمىغان بولساڭ، مەن تا بۈگۈنگىچە بۇنى بىلمەي يۈرەركەنمەن، شۇڭا سەن كۆپرەك سوئال سورىغىن، بىز بىرلىكتە بىلىم ئىگىلەيلى» دېدىم، شۇنداق ئىلھام بېرىشىم نەتىجىسىدە كارلنىڭ سوئالى ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

كارل سەل چوڭ بولۇپ بىلىم ئاساسى پۇختىلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا دەرھاللا جاۋاب بېرىۋەتمىدىم، ئەكسىچە ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىنى، ئامالىنىڭ بارىچە ئۆزىنىڭ جاۋاب تېپىشىنى ئېيتتىم. ئەگەر ئۇنىڭ جاۋابى مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولمىسا، بىراقلا ئىنكار قىلىۋەتمەي جاۋابنى تەھلىل قىلىپ بېرىپ، خاتالىقىنىڭ قەيەردىلىكىنى تېپىشىغا ياردەم بەردىم. بەزىدە: «سېنىڭ پىكرىڭمۇ يوللۇقتەك تۇرىدۇ، بەلكىم مەن خاتالاشقاندىمەن، قېنى كىتابقا قاراپ باقايلى» دېدىم.

مەن ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆزۈمنى ئوغلۇم بىلەن تەڭ تۇتتۇم، ئۇنىڭغا نوپۇزغا قارىغۇلارچە چوقۇنماسلىق، ھەقىقەت ئىزدەش روھىنى سىڭدۈردۈم.

## روزېنبلۇم پروفېسسورنىڭ ماتېماتىكا ئۆگىتىش ئۇسۇلى

بالامنى تەربىيىلەش جەريانىدا مەن بارلىق پەنلەر ئىچىدە ماتېماتىكىنىڭ بالىنى قىزىقتۇرالمايدىغان ئەڭ تەس پەن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. باشقا پەنلەرنى، مەسىلەن، بوتانىكا، زوئولوگىيە، جۇغراپىيە قاتارلىقلارنى تەبىئەتنى كۆرۈش جەريانىدا چۈشىنىۋالغىلى، ئويۇن ئويناش جەريانىدا ئۆگەنگىلى بولىدۇ. بالىلارنىڭ قىزىقىشى تەبىئىيلا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئەمما ماتېماتىكا ئابستراكت پەن بولۇپ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆز تەپەككۇرىغا تايىنىپلا ئۆگىنىش كېرەك. شوخراق، ئويۇنخۇمار بالىلارغا بۇ ناھايىتى مەززىسىز بىلىنىپ ئۇلارنىڭ قەتئىي

ئۆگەنگۈسى كەلمەي قالدۇ.

ئوغلۇممۇ دەسلەپتە ماتېماتىكىنى ياقتۇرمىدى، گەرچە مەن ئۇنىڭغا رەقەملەرنى، ساناق ساناشنى ئويۇن ئارقىلىق ئۆگىتىپ بولغان، سودا - سېتىق ئويۇنىدا پۇل ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ بولغان بولساممۇ، ئەمما ئۇنىڭغا كەررىنى ئۆگىتىشتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىدىم: ئۇ تۇنجى قېتىم ئۆگىنىشنى خالىمىدى، بۇنىڭدىن بەش ياشقا كىرىپ قالغان كارلنىڭ ئۆلۈك يادلاشقا ئۆچ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. كېيىن كەررىنى ئېغىزچە ناخشا قىلىپ ئوقۇپ ئالدىسامۇ، ئۇ يەنىلا ئۆگىنىشنى بەك خالاپ كەتمىدى.

بۇ چاغدا سەل ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇ بەش ياشقا كىرگەن، ئۈچ دۆلەتنىڭ تىلىدا سۆزلىشەلەيتتى. زوئولوگىيە، بوتانىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، ئەدەبىيات قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىمى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە يېتەتتى، ماتېماتىكىدا بەك ئاجىز ئىدى. ھەتتا كەررىنىمۇ يادقا بىلمەيتتى. ئەجەبا، ئۇ پەنلەرنى تاللاپ ئۆگىنەمدىغاندۇ؟ بۇنداق تاللاپ ئۆگىنىش مېنىڭ تەربىيە نىشانىمغا خىلاپ ئىدى، مېنىڭ ئارزۇيۇم بالىنى ھەر قايسى جەھەتتە تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي بەختلىك قىلىش ئىدىغۇ؟ بىر تەرەپلىمە تەربىيىلەنگەن ئادەم قانداقمۇ ھەقىقىي بەختلىك بولالايدۇ؟

شۇ چاغلاردا بالىنىڭ ماتېماتىكىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغاش ئۈچۈن تازا بېشىم قاتقان بولسىمۇ، ئۇنى ماتېماتىكا ئۆگىنىشكە پەقەت زورلىمىدىم، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بۇزۇپ قويۇشتىن قورقتۇم.

پروفېسسور روزېنبلۇم بىلەن ئۇچرىشىشىم غەم - ئەندىشەمنى تۈگەتتى. ئۇ گىرابىنىڭ دوستى، خېلى داڭلىق ماتېماتىكا پروفېسسورى ئىدى. ئۇنىڭ ماتېماتىكا ئۆگىتىشتە ئېپى بار ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپ تونۇشۇپ



قالغانىدىم.

پروفېسسور روزېنبلۇم مېنىڭ ئەندىشەمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بۇ بالىڭىزنىڭ بىر تەرەپلىمە قىزىقىشىنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ ماتېماتىكىنى ئوغلىڭىزغا مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئۆگىتەلمىگەنلىكىڭىزدىن بولغان، ئۆزىڭىز ئۇنىڭغا قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىمىسىڭىز، ئۇ بۇنىڭغا ئەلۋەتتە قىزىقمايدۇ، تىلشۇناسلىق، مۇزىكا، ئەدەبىيات، تارىخ، زوئولوگىيە، بوتانىكا، جۇغراپىيىلەرنى ياخشى كۆرسىڭىز ھەم شۇلارغا ماھىرسىز، شۇڭا بۇلارنى ئاجايىپ قىزىقارلىق قىلىپ چۈشەندۈرەلەيسىز، لېكىن ماتېماتىكىغا ئۆزىڭىزمۇ تازا قىزىقمىغان يەردە ئۇنى قانداقمۇ قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىيەلەيسىز؟ بالىمۇ ئۇنىڭغا قىزىقمايدۇ، — دېدى. بۇ ماتېماتىك ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن ماتېماتىكا ئۆگىتىشنىڭ ئەڭ ئاددىي يولىنى ماڭا كۆرسىتىپ بەردى. مەن ئاشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىۋىدىم، تېزلا ئۈنۈم بەردى.

ئۇنىڭ ماڭا ئۆگەتكەن ئۇسۇلى ئالدى بىلەن بالىنىڭ ماتېماتىكىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغاش، مەسىلەن، پۇرچاق ۋە تۈگمە قاتارلىقلارنى قەغەز كورۇپكىغا سېلىپ، ئىككىيلەن بىر سىقىمدىن ئېلىپ، كىمنىڭ قولىدىكى پۇرچاق، تۈگمىنىڭ كۆپلۈكىنى سېلىشتۇرۇش ياكى ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەرنى يېگەندە ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى ساناش، ياكى ئۆي خىزمەتكارىغا ياردەملىشىپ كۆك پۇرچاق ئاقلىشىپ بەرگەندە ئوخشىمىغان پۇرچاق ئۇرۇقىدىن قانچىسى بارلىقىنى ساناپ بېقىش ئىدى.

كارل بۇ ئويۇنلارغا بەك ئامراق بولۇپ قالدى. ئەمما بالام بۇ ئويۇنلارنىڭ خۇشاللۇقىغا چۆمگەندە مەن پروفېسسور روزېنبلۇمنىڭ تەكلىپى بويىچە پەقەت بىر چارەكلا ئويناپ بولدى قىلدىم. چۈنكى، ماتېماتىكا مەسىلىلىرى بەكلا مېڭىنى يەپ

كېتىدۇ، ۋاقىت بىر چارەكتىن ئېشىپ كەتسە، كىچىك بالىلار چارچاپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئويۇننى ئىككى - ئۈچ ھەپتە ئوينىغاندىن كېيىن مەن تۇگمە ۋە پۇرچاقلارنى ئايرىم - ئايرىم ئىككىدىن گۇرۇپپىلارغا، ئۈچتىن ۋە تۆتتىن گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ، ھەر قايسى گۇرۇپپىدا جەمئىي قانچىسى بارلىقىنى ئايرىم - ئايرىم ھېسابلاپ، ئۇلارنىڭ سانىنى قەغەزگە يېزىپ، ھېسابلىغان بۇ سانلاردىن كەررە جەدۋىلى تۈزۈپ ئۇنى تامغا ئېسىپ قويدۇم، بۇنىڭ بىلەن بالام ئىككى كەرە ئىككى تۆت، ئۈچ كەرە ئۈچ توققۇز دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ئاخىر چۈشىنىۋالدى ۋە ئۇنىڭدىن بەك خۇشاللاندى، ئەڭ تەس ئويۇنلارنىمۇ مۇشۇ خىل ئاددىي تەپەككۇر ئارقىلىقلا ھەل قىلىۋەتكىلى بولىدۇ.

ئوغلۇمنىڭ ئۆزى ئۆگەنگەن ماتېماتىكا بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىشى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ بىلەن سودا - سېتىق ئويۇنى ئوينىدىم. سېتىۋالىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە مېتىرلاپ، تارازىلاپ، مىقدارىغا قاراپ سېتىلىدىغانلىرى بولۇپ باھاسى بازار بىلەن ئوخشاش، ئىشلەتكەن پۇلمۇ ئادەتتىكى پۇللار ئىدى. خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىز دائىم بالامنىڭ «ماگىزىن» ىغا بېرىپ نەرسىلىرىنى سېتىۋالاتتۇق. ئوغلۇم سودىنى ئۆز باھاسى بىلەن يۈرگۈزۈپ بىز بەرگەن پۇللارنى بىمالال ھېسابلاپ ئارتۇقىنى قايتۇرۇپ پۇختا سودا قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ مەن ئۆگەتكەن ئۇسۇل بويىچە ئىش كۆرۈۋىدىم، ئوغلۇم ماتېماتىكىغا بەكلا قىزىقىپ كەتتى. ئۇ ماتېماتىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەپلا قالماي، ئالگېبرا، گېئومېترىيە پەنلىرىنىمۇ ناھايىتى ئاسانلا ئىگىلىدى. كېيىنچە ئۇ ماتېماتىكىغا بېشىچىلاپ كىرىشىپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com

## مېنىڭ ئىشلەتكەنلىرىم ئۈلگىلىك ئۇسۇللىرى

كونىچە مائارىپ سەپسەتىلىرىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى مېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى ياراتماي، ئۇنى بالىلارنىڭ نېرۋىسىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدۇ، دېيىشتى. مېنىڭ ئالدىنقى بىر نەچچە پاراگرافتا بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغاشنىڭ مۇھىملىقىنى قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈشۈمدىكى سەۋەب دەل كۆپلىگەن پولاتتەك پاكىتلار ئارقىلىق تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىزىقىپ ئۆگىنىشنىڭ بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى دەلىللەشتىن ئىبارەت. مېنىڭچە بالىنىڭ نېرۋىسىنى كاردىن چىقىرىدىغىنى دەل ئاشۇ كونىچە مائارىپ، كونىچە تەربىيىنىڭ ئۆزىدۇر.

كىشىلەر كاللىنى بەك ئىشلىتىۋەتسە نېرۋىغا زىيان يېتىدۇ، دەپ كۆنۈپ قالغان. بۇ خۇراپىي قاراش. كۆپ يىللىق تەجرىبەمگە ئاساسلىنىپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، پەقەتلا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بولسىلا، كاللىنى قانچە ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ نېرۋىغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ھازىرقى تەربىيىلەش ئۇسۇلى بالىلارغا نىسبەتەن مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغانلىقتىن، قىزىقىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ھازىر قوللىنىۋاتقان مۇشۇنداق مەجبۇرىي تەربىيە دەل بالىلارنىڭ نېرۋىسىغا زىيانلىقتۇر.

ھازىرقى تەربىيىنىڭ ئەھۋالى شۇكى، بالىلار تەربىيىلىنىدىغان ئەڭ ياخشى پەيتتە پۇرسەت ئۆتكۈزۈۋېتىلىپ، بالىلارنىڭ قىزىقىش ئىقتىدارى ئۆلگەندىن كېيىن، ئالدىراپ -

تېنەپ، تەرەپ - تەرەپتىن بىر بالىلار نەرسىلەر ئۇلارنىڭ كاللىسىغا قويۇپ قويۇلىدۇ. مانا بۇ دەل ئۆلۈك تەربىيە، سىڭدۈرۈش تەربىيىسىدۇر. بۇنداق نامۇۋاپىق تەربىيە ئاستىدا بالىلارنىڭ ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، دەل مۇشۇنداق تەربىيە بالىلارنىڭ نىرۋىسىنى كاردىن چىقىرىدىغان ھەقىقىي ئاپەت.

بالىلارنى ئىككى - ئۈچ يېشىدىلا تەربىيىلەشكە باشلىساق، بالىلار تەبىئىيلا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە ئادەتلىنىدۇ. ئۇ ھالدا ئۇلار بالىلىقىدىكى ياخشى تەربىيىنىڭ نەتىجىسىدە ئون ياش ئەتراپىدىلا مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن پەرقلەنمىگۈدەك بىلىم ئىگىسى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن، ئۇلار ئۆگىنىشتىلا ئىلگىرىلەپ قالماي، جىسمانىي جەھەتتىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىدۇ، روھىي ھالىتىمۇ كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئاغزىمغا كەلگەنچە جۆيلىگەنلىكىم ئەمەس، بەلكى ئۆز تەجرىبەم.

مېنىڭچە، بالىلارنى بۇنداق تەربىيىلەش ئىنتايىن ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تەربىيىلەش بولىدۇ. چۈنكى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تەربىيىلەش ئۇسۇلىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بالا تەربىيىلەشكە سەرپ قىلىدىغان زېھنى ۋە ۋاقتىنى ھېسابلاپ باقساق، بۇنىڭ ئاز ئىسراپچىلىق ئەمەسلىكىنى سېزىمىز. ئەگەر بالىلار ئون ياش ئوپچۆرىسىدىلا ئالىي مەكتەپ بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە بولسا، بۇ تولىمۇ زور ئىش بولىدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەتتە ھازىر بالىلىرىمىز باشلانغۇچتا سەككىز يىل ئوقۇپمۇ ئادەتتىكى يېزىش - ئوقۇشنىڭ ھۆددىسىدىن راۋۇرۇس چىقالمايدۇ. ئىقتىسادىي ھېساباتقۇ بەك مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەسلىي بار بولغان، ئەمما رەھىمسىزلەرچە نابۇت قىلىۋېتىلگەن ئاشۇ تالانتقا ئىچىم بەك سىيرىلىدۇ.



فرانسىس گالتون ئىقتىدار توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «يېقىنقى زامان كىشىلىرىنى يۇنانلىقلارغا سېلىشتۇرۇش ئافرىقىدىكى يەرلىك مىللەتلەرنى ئۆزىمىزگە سېلىشتۇرغانغا ئوخشاش. نورغۇنلىغان ئەدىبلەرمۇ گرېك ئىرقىدىكىلەر بىزدىن جىق ئالدىدا تۇرىدۇ، دېيىشىدۇ. ئەمما بۇ توغرا ئەمەس. بىز گرېكلاردىنمۇ ئىلغارراق ئادەملەردىن بولامدۇق ياكى ئۇلاردىن قالاق ئادەملەردىن بولامدۇق، بۇ ئۆزىمىزگە باغلىق، پەقەت مۇۋاپىق، تەربىيىنى قوللانساقلا، بىز گرېكلاردىنمۇ ئەقىللىق كىشىلەردىن بولۇپ چىقالايمىز.»

## تەربىيىلەشتە مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا

مەن ئوغلۇمغا كىتابتىكى بىلىملەرنى ئۆگىتىشتىن سىرت، يەنە پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ باشقا تەرەپتىكى نەرسىلەرنى ئۆگىتىپ بىلىم قۇرۇلمىسىنى بېيىتىشقا تىرىشتىم. مەسىلەن، بىنانى كۆرسەم، ئۇنىڭ قەيەرگە جايلاشقانلىقى، ئىچىدە نېمىلەر بارلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. قەدىمىي شەھەرلەرنى كۆرسەم، ئۇ شەھەرلەرنىڭ تارىخىنى، شۇنىڭغا ئائىت ھەرخىل قىزىقارلىق ئىشلارنى ئېيتىپ بەردىم.

كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدىغان ئادەم يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، نەزىرى تار، بىلىمى تېيىز بولۇپ قېلىپ ھەقىقىي بىلىملىك دانىشمەنلەردىن بولالمايدۇ. ئوغلۇمنى كىتاب موللىسى قىلىپ قويسام، ئۇ ھەقىقىي بەختلىك بولالمايدۇ! شۇڭا، ئوغلۇم ئىككى ياشقا كىرگەندىن باشلاپ مەيلى مېھماندارچىلىققا باراي ياكى بىر نەرسە سېتىۋالغىلى چىقاي، مەيلى مۇزىكا كېچىلىكى ۋە ئوپېرالارغا قاتنىشاي، نەگە بارسام ئۇنى ئېلىپ باردىم. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ سالاھىيىتى

ئۇچىشمايدىغان ھەر قايسى تەبىقىدىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇردى، بۇنداق قىلىش نەتىجىسىدە ئۇ ئالاقىلىشىش سەنئىتىگە ماھىر بولدى. ئەزەلدىن كۆپچىلىك بار سورۇندىن تارتىنمايدىغان، ئوڭايسىزلانمايدىغان، سورۇن قانچە چوڭ، قانچە مۇھىم بولسا، ئۇ شۇنچە ئېچىلىپ - يېيىلىپ، ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى شۇنچە جارى قىلدۇرىدىغان بولدى. ئۇ نام قازانغاندىن كېيىن بەزى رەسمىي سورۇنلاردا ئاق سۆڭەكلەر بىلەن، ۋەزىر — ۋۇزرالار بىلەن، ھەتتا پادىشاھ بىلەنمۇ كۆرۈشۈشكە توغرا كەلگەندە، ئىنتايىن ئەدەپلىكلىكى ۋە سىپايىلىقى بىلەن ئۇلاردا ياخشى تەسىرات قالدۇردى. مەن مول بىلىملىك تۇرۇپمۇ تەجرىبىسىزلىكى تۈپەيلىدىن مۇھىم سورۇنلاردا جىددىيلىشىپ، تارتىنىپ، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغان مۇنەۋۋەر ئالىملارنى كۆپ كۆرگەنىدىم.

مەن كارلنى كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرغاندىن باشقا يەنە شەھەردىكى ھەممە مۇزېيخانا، گۈزەل - سەنئەت سارىيى، ھايۋانات باغچىسى، ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى، زاۋۇت، كان، دوختۇرخانا، ساناتورىيىلەرگە ئاپىرىپ ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بىلىدىغانلىرىنى كۆپەيتتىم. ئۇ يەرلەرنى كۆرسىتىشتىن بۇرۇن شۇنىڭغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى كۆپرەك كۆرسىتىپ چۈشەندۈردۈم، ئاندىن ئۇنىڭغا نەق مەيداننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسىتىپ، ئۇنى تەسەۋۋۇرىدىكىگە ئوخشايدىغان كۆپلىگەن ئۇچۇر ۋە بىلىمگە ئىگە قىلدىم. بۇ چاغدا بالىمنىڭ تەپەككۇرى ئېچىلىپ، توختىماي سوئال سورايدىغان بولدى. ئوغلۇمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان سوئاللىرىغا ئامال بار ئەتراپلىق جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم، ھەرگىزمۇ ھە - ھۇ دەپلا ئۆتكۈزۈۋەتمىدىم. بۇنداق سىڭدۈرۈلگەن بىلىم ھەم تەبىئىي، ھەم ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

ئېكسكۇرسىيە قىلىش بۇ خىل تەربىيىنىڭ پەقەتلا بىر



قىسمى، ھەر قېتىم ئېكسكۇرسىيە قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن ئوغلۇمغا كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي ئېيتقۇزىمەن ياكى ئانىسىغا دېگۈزىمەن، ئوغلۇم مېنىڭ دائىم شۇنداق قىلىدىغانلىقىمنى بىلگەچكە، ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا ياكى مېنىڭ، ياكى چۈشەندۈرگۈچىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلايدۇ، ئەتراپلىق، ئىنچىكە كۆزىتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى ئىنتايىن ياخشى بولدى، ئوغلۇم كۆپ نەرسىلەرنى ئېسىدە تۇتىۋالدى.

بالام ئۈچ ياشقا كىرگەندىن كېيىن مەن ئۇنى خارلېبدىلا ئايلاندۇرۇپ قالماي، يەنە باشقا جايلارغا ئاپىرىپ ئايلاندۇردۇم. ئۇ بەش ياشقا كىرگەندە، مېنىڭ ھەمراھلىقىمدا گېرمانىيىدىكى بارلىق چوڭ شەھەرلەرنى ئايلىنىپ چىقتى. بىز تاغلارغا چىقتۇق، داڭلىق سەيلىگاھلارنى ئايلاندۇق، قەدىمىي ئاسار - ئەتىقىلەرنى، كونا جەڭگاھلارنى، قەدىمىي قەلئەلەرنى، ئوردا - سارايلارنى، باغچا، چېركاۋلارنى كۆردۇق. مېھمانسارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئانىسىغا ۋە تونۇش - بىلىشلىرىگە خەت ئارقىلىق دەپ بېرىشكە دەۋەت قىلدىم. ئۇ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن سەپەر تەسىراتلىرىنى تۇغقانلارغا ئۆز ئاغزى بىلەن قايتا سۆزلەپ بەردى.

ئوغلۇم ئالتە ياشقا كىرگەندە، لوختىكى كۆرگەن - بىلگەنلىرى ئەڭ كۆپ بالا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرى چوڭلاردىنمۇ كۆپ بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ جۇغراپىيە ۋە تارىختىن سورايدىغانلىرى بولسا ياكى باشقا يەرلەردىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى ئاڭلىغۇسى كېلىپ قالسا، ئۇنىڭدىن سورايدىغان بولدى، كېيىن كارل بىر ساياھەت خاتىرىسى يېزىپ چىقتى، ئۇنى كىشىلەر ھەۋەس بىلەن كۆرۈشتى.

ئەلۋەتتە، بەزىلەر مېنىڭ قىلغىنىمنى «ئەرزىمەس، زۆرۈرىيىتى يوق ئىش» دېيىشتى، ھەتتا مېنى مۇشۇنداق

بەتخەجلىك قىلمىغان بولسا، كېيىن بالىسىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتالمايدىغان ھالغا قالمايتتى، دېگەنلەرمۇ بولدى. مەن بىر باستېر بولغاچقا، كىرىمىم ئاز ئىدى، بىرەر يەرگە چىقىش ئۈچۈن تېجەپ ئىش كۆرۈشىمىزگە توغرا كېلەتتى. ئەمما مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەرزىيدۇ، دەپ قارىدىم، شۇنداقلا ھەرگىز پۇشايمان قىلمىدىم.

ئوغلۇمنىڭ بىلىم ئېلىش ئىستىكىنى ۋە ھەقىقەتكە ئىنتىلىش روھىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مەن پۇلغا ۋە جاپاغا ۋايسىمىدىم، ھەتتا ئۇنىڭغا سېھىرگەرلىكنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن پۇلغا چىداپ سېھىرگەرلەرنى تەكلىپ قىلدىم. بۇنداق ئىشلار كۆپ بولدى. ئوغلۇم ئىچكى قۇرۇقلۇقتا چوڭ بولغاچقا، كىتابتىن دېڭىز - ئوكيانلار توغرىسىدىكى تەسۋىرلەرنى كۆپ ئوقۇغان، ئەمما زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇنداق كىتابلارنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ماگېللان، كولۇمبۇ قاتارلىق دېڭىزچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە «مارك پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» نى ئوقۇغاندىن كېيىن، دېڭىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا ئېلىپ باردىم. تۇنجى قېتىم دېڭىزنى كۆرگەچكىمىكىن ئوغلۇم ھاياجاندىن سەكرەپ كەتتى. بىز دېڭىز بويىدا قۇلۇلە قېپى يىغدۇق. مەن ئۇنىڭغا دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ۋە دېڭىز ئاستى جانلىقلىرى توغرىسىدىكى بىلىملەرنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ سىرلىق دېڭىز ئاستى دۇنياسىغا ئىنتايىن قىزىقىپ قالدى. بىز يەنە دېڭىز ساھىلىدا قۇمدىن تاغ، دەريا، كۆلچەك ئارال، بوغۇز قاتارلىقلارنى ياساپ ئوينىدۇق. مېنىڭچە بالىلارغا جۇغراپىيە بىلىملىرىنى دېڭىز بويىدا ئۆگىتىش ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىكەن. مەن دېڭىز بويىدا ئۇنىڭغا گلوبوسنى كۆرسىتىپ ئوتتۇرا دېڭىزدىن ھالقىپ ئۆتسە، ئافرىقىغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئافرىقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىنچ ئوكيان ۋە ئاتلانتىك ئوكيان



بارلىقىنى، تىنچ ئوكياندىن ئۆتسە، ماركو پولودەك جۇڭگوغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئاتلانتىك ئوكياندىن ھالقىپ ئۆتسە كولۇمبۇدەك ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردىم. شۇنداق قىلىپ ئوغلۇم ئاستا - ئاستا يەر شارىنىڭ نېمىلىكىنى ۋە دۇنيا جۇغراپىيىسىنىمۇ چۈشىنىۋالدى.

ئوغلۇمنى تەربىيىلەشتە مەن ئىزچىل مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دېگەندە چىڭ تۇردۇم. مېنىڭچە مىڭلاپ كىتاب ئوقۇغاندىن كۆرە مىڭ چاقىرىملاپ يول ماڭغان ئەلا. تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ بىزگە ئۆگىتەلەيدىغانلىرى كىتابتىكىدىن مىڭ ھەسسە مول ھەم جانلىق.

## ھەر خىل ئىقتىدارنى ئويۇن ئويناش جەريانىدا يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ

ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئويۇن بالىلارنىڭ ئاددىي قىزىقىشىلا ئەمەس، بەلكى ئەقلىي ئىقتىدارنى ئاچىدىغان ئۇسۇل ئىكەن. ئوغلۇمنىڭ زېھىن قويۇش، ئەستە تۇتۇش، تەپەككۇر قىلىش، كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئويۇن ئوينىشى نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلدى، زېھىن سىناش ئويۇنلىرىمۇ ئەلۋەتتە شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى.

كارلنى تەربىيىلەشتە بىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئويۇنلىرىغا سىڭدۈرۈۋەتتىم، مۇھىم نۇقتىنى ئۇنىڭ شەيئىلەرنى تونۇشى، بىلىم ئىگىلىشى ۋە پۇختىلىشىغا قاراتتىم. بۇ ئويۇنلارنى ئويناش ئارقىلىق ئۇنىڭ شەيئىلەرنى چۈشىنىشى، بىلىشى چوڭقۇرلاشتى، شۇنداقلا ئۇ جەھەتلەردىكى بىلىملەرنى پۇختىلىدى.

ئوغلۇمغا يەنە ئويۇن ئارقىلىق توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەشىق قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا دائىم ئۇچرايدىغان قارىمۇ قارشى سۆزلەر، مەنىداش سۆزلەرنى دېگۈزدۇم، ئۇ تېزلا نۇرغۇن سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالدى. «ھايۋانات قانداق ئاۋاز چىقىرىدۇ؟»، «ئوخشاش رەڭدىكى نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىش»، «قارىمۇ قارشى سۆزنى ئېيتىپ بېقىش» قاتارلىقلار تىل بىلىمىنى پۇختىلايدىغان ئويۇنلار ئىدى. بەزىدە مەن ئۇنىڭغا ئۈستەلدىكى ياكى تەخسىدىكى نەرسىنى ئوبدان كۆرسىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويۇپ ياكى نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسە يېپىپ ئۇنى ئاستا تىسقىۋېلىپ ياكى ئالماشتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭدىن نېمە نېمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ قاپتۇ؟ نېمە نېمىگە ئۆزگىرىپ قاپتۇ؟ دەپ سوراش ئارقىلىق بالىنىڭ كۆزىتىش، ئەستە تۇتۇش، دىققىتىنى يىغىش، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇردۇم.

مەن بەزىدە يەنە بالامنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ ئۇنىڭغا چاۋاك چېلىپ ياكى ئۈستەلنى چېكىپ زادى نەچچە قېتىم چەككىنىمنى سانانقۇزۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزىتىش، ئەستە تۇتۇش، دىققىتىنى يىغىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇردۇم.

مەن ئوغلۇم بىلەن ئەقلىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغان بۇ ئويۇنلارنى ئوينىغاندا، ئۇنىڭ مەيدانىدا تۇردۇم، ھە دېسە ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ئالدىراپ كەتمىدىم. چۈنكى، ئوغلۇمنىڭ مادارى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلسام، كۈچىگەنگە لايىق نەتىجە كۆرەلمەسلىكىمنى بىلەتتىم.

ئوغلۇم ناۋادا ئويۇن جەريانىدا ئالاھىدە ئەقىللىقلىقىنى ئىپادىلىسە، مەن دەرھال ئويۇننى قىيىنلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ تېزرەك ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدۇم. ئەگەر ئۇ تازا بىلەلمىسە ئۇنىڭغا كۆپرەك ياردەم قىلىپ ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ تۇردۇم، مەقسىتىم بالىغا غەلىبە خۇشاللىقىدا ئۆز ئىشەنچىنى تىكلەتكۈزۈپ قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى توختىماي ئىلگىرىلىتىش ئىدى.



بەشىنچى باب

# مەن پەقەت ئوغلۇمنى تاكامۇللاشقان ئادەم قىلىپ تەربىيىلىمەكچى بولدۇم

*مەن ھە دېسىلا بالىنى قۇچىقىمغا ئېلىۋالماي ئۇنى ئەركىن ئۆمىلەپ يۈرسۇن، دەپ قويۇۋەتتىم، ئاتا - ئانا بالىنىڭ تۇنجى ئۇستازى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ قوغدىغۇچى پەرىشتىسى ئەمەس. ناۋادا ئوغلۇم ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشسە، مەن كۆپىنچە ئۇنى يۆلىمىدىم، مېنىڭچە ئۇ مۇشۇ كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگىنىشى، ئاتا - ئانىغا تايىنىپ ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزىگە تايىنىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشى كېرەك.*

## بالىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ياكى ئەمەسلىكى ئانچە مۇھىم ئەمەس

ئوغلۇمنى تەربىيىلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن كىشىلەر مېنىڭ بالا تەربىيىلەشتىكى مەقسىتىم ئۈستىدە بەس - بەستە غۇلغۇلا قىلىشتى، بەزىلەر: «بىر بۈيۈك ئالىم تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئىكەن» دېسە، بەزىلەر: «ئالەمگە مەشھۇر خىسلەتلىك ئۆسمۈر تەربىيىلەش ئۈچۈن ئىكەن» دېدى، ھەتتا «ئۆزىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىكەن» دېگەنلەرمۇ

بولدى.

بۇ تېتىقسىز غۇلغۇلىلارنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم سەل يېرىم بولدى. كىشىلەرنىڭ مېنى خاتا چۈشەنگىنىدىن ھەم تەربىيىلەش مەقسىتىمنى بۇرمىلىغىنىدىن رەنجىدىم.

مەن پەقەت بالامنى تاكامۇللاشقان ئىستىبدات ئىگىسى قىلماقچىدىم، شۇ سەۋەبتىن ئۆزۈمنىڭ ئاز - تولا بىلىمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا ئۇنى شوخ، ساغلام، مۇكەممەل ئادەم قىلىپ چىقىشقا بار كۈچۈمنى سەرپ قىلدىم.

مەن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە تەڭ يېتىلگەن كىشىلەرنى ياقتۇرىمەن، شۇڭا ھەر قېتىم ئوغلۇمنىڭ گرېك تىلى ياكى لاتىن تىلى، ماتېماتىكىغىلا بېرىلىپ كەتكىنىنى كۆرگىنىمدە، دەرھال ئۇنىڭ بۇ خاھىشىنى توستۇم.

بەزىلەر مېنى بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ، دېيىشتى، مېنىڭچە بۇنداق دېيىش خاتا. مېنى ئوغلۇمنىڭ زېھنىنىڭ تەرەققىياتىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ، دېگەندىن كۆرە، ئەخلاق تەربىيىسىگە تېخىمۇ بەكرەك جان كۆيدۈرىدۇ، دېگەن تۈزۈك، مەن بالىنى ئەقىللىق، ئەمما دىيانەتسىز قىلىپ قويۇشنى خالىمايمەن. ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ياكى ئەمەسلىكى ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى بالىنىڭ تاكامۇللاشقان بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىقىشى، مانا بۇ مېنىڭ ھەقىقىي ئارزۇيۇم.

مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئاتا - ئانىنىڭ ۋە باشقا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەر بىر ئىش - ھەرىكىتى بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىكەن. ئائىلە — بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى بۆشۈك بولغاچقا، بىزنىڭ پاراڭلىرىمىز، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز، پەزىلىتىمىز ئۇنىڭغا تەسىر قىلاتتى.

مەن بىر باستىر، شۇنداقلا ئىخلاسمەن خۇداگۇي. شۇنىڭ



ئۈچۈنمىكىن، كارلنىڭ خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم، ئۇنىڭ: «باستىرنىڭ بالىسىمەن، ئىنجىل ئوقۇيمەن، ئەمما قىلىدىغىنىم ياغلىمىچىلىق ۋە سۇخەنچىلىك» دەيدىغانلاردىن بولۇپ قېلىشىنى خالىمىدىم، ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئىنجىلنى پۇختا ئۆگەتتىم، خرىستىئان دىنىي ئەھكاملىرىنى يادقا ئالدۇردۇم. ھەرقانداق ئىش قىلغاندا شۇنى ئۆلچەم قىلدۇردۇم.

مەيلى دوستلىرىم ياكى قوشنىلار بولسۇن، ئۇلار مېنىڭ بالىنى سەۋەبسىز ئەركىلەتكىنىمنى بىلمەيدۇ. ئۇ خاتالىق سادىر قىلسا، مەن دەل ۋاقتىدا خاتالىقىنى بىلدۈردۈم. ئۇنى شەخسىي خاراكتېرىنى ھۆرمەتلەش ئاساسىدا باشقۇردۇم. ئۇنىڭغا قىلمىشىنىڭ قانداقتۇر چەكلىمىسىز ئەمەسلىكىنى، نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردۇم. ئوغلۇمدىن مەيلى بىزگە ياكى باشقىلارغا بولسۇن، چوقۇم ئەدەپ بىلەن سىپايە مۇئامىلە قىلىشنى، سىلىق، چىرايلىق گەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇنىڭغا غەرەز ئۇقىدىغان ئەدەپلىك بالىلارنىڭلا كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم.

ئوغلۇمنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى كىچىكىدىنلا يېتىلدۈردۈم. بالىنى ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىش ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراش بالىنىڭ مۇستەقىل خاراكتېر يېتىلدۈرۈشىگە توسالغۇ بولىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل. مەن بالىغا باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى، ئۆزىنى تىزگىنلەشنى، ئۆز قىلمىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشنى ئۆگەتتىم. ئۆزۈمنى ئالسام، ئاتىلىق سۈپىتىم بىلەن ئوغلۇمنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش يولىغا مۇستەقىل قەدەم قويالىشىغا مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك ئىدى.

بالىغا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىتىشتىكى مەقسەت، ئۇنى گومۇش، تەرى سۆرۈن، كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان قىلىپ

چىقىش ئەمەس، بەلكى چىن ئىنسان قىلىپ چىقىشتۇر. بالامغا كونا ئىلىم - قائىدىلەرنى كاللىسىغا تولدۇرۇۋالغان، بىلىمى مول، ئەمما بىلىمىنى جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتەلمەيدىغان، باشقىلارغا پايدىسى، تۆھپىسى تەگمەيدىغان غەيرىي ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ قويسام، ئەلۋەتتە مەڭگۈلۈك نادامەت ۋە ھەسرەتكە قالاتتىم.

بىز ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن بالىنى كىچىكىدىن پەرۋىش قىلدۇق، ئەمما ئۇنى زىيادە ئەركىلىتىپ كەتمىدۇق. ئۇنى بەك كۆتۈرۈۋالماي ئۆزىنىڭ خالىغانچە ئۆمىلەپ يۈرۈشىگە قويۇۋەتتۇق. ئاتا - ئانا بالىنىڭ تۇنجى ئۇستازى، ھەرگىزمۇ قوغدىغۇچى پەرىشتىسى ئەمەس. ناۋادا بالام يىقىلىپ چۈشسە، مەن ئۇنى ئالدىراپ يۆلەپ، پەپىلەپ كەتمىدىم، ئۆزىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىنى كۈتتۈم. بالىلار مۇشۇنداق كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى چېنىقتۇرۇشى، ئاتا — ئانىسىغا مەڭگۈلۈك تايانسا بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزىگە تايىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىشى كېرەك.

مېنىڭچە، بالىنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقىنى يېتىلدۈرۈشىگە ھەمدەم بولۇش بالىغا بېغىشلانغان ئەڭ چىن مۇھەببەتتۇر، بالىنى ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىپ يامان ئۆگىتىپ قويسا، كەلگۈسىدە بەختسىز بولۇپ قالىدۇ.

سەۋرچان بولماسلىق، ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەسلىك — تەربىيە كۆرمىگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداقلار ئاسانلا كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. كىچىك بالا بولغان تەقدىردىمۇ ئەگەر سەۋر- تاقەتنى ئۆگەنمىسە، كەلگۈسىدە چوڭراق ئىشنى تەۋرىتەلمەيدۇ. بالام ئازراق زەخمىلىنىپ قېلىپ، بار ئاۋازى بىلەن يىغلاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيىۋالسىمۇ مەن ئۇنى زىيادە پەپىلەپ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ كەتمىدىم، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى،



تۇرمۇشتا باشقىلارغا موھتاج بولماي ئۆزىگە تايىنىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنداق قىلىپ بارا- بارا ئوغلۇمدا قەتئىي بوشاشمايدىغان، چىدامچان روھنى يېتىلدۈرۈپ چىقتىم.

قەتئىي بوشاشماسلىق، چىدامچان بولۇش دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئەخلاق، پەرۋەردىگار مەڭگۈ يار بولىدىغان خىسلەت.

كىشىلەر مېنى بىر خىسلەتلىك ئۆسمۈرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق دۇنيانى زىلزىلىگە سالماقچى، دېيىشىدۇ، بۇ تۇتۇرۇقسىز گەپ. مەن ئەزەلدىن ئوغلۇمنى خىسلەتلىك ئۆسمۈر قىلىپ چىقىش نىيىتىدە بولمىغانمەن، ئەگەر بىرەرسى مېنى ئوغلىنى تەربىيىلەش ئارقىلىق نام شۆھرەت قازانماقچى دېسە، بۇ ماڭا قىلىنغان چوڭ ھاقارەت.

خىسلەتلىك ئۆسمۈر دېگەن نېمە؟ ئۇ ناھايىتى بىر پارنىكتىكى گۈل. ماڭا لازىمى ساغلام، ئەتراپلىق يېتىلگەن، نورمال بالا. ھەرگىزمۇ مەلۇم جەھەتتىن ۋاقىتلىقلا ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە خىسلەتلىك ئۆسمۈر ئەمەس. ئەگەر مېنى بالىسىنى خىسلەتلىك ئۆسمۈر قىلىش غەرىزىدە بولدى دېسە، ئۇ ھالدا مەن بىراۋغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان، ئۇنىڭ روھىيىتىگە چاڭ سالىدىغان رەزىل كىشى بولۇپ قالمامدىمەن؟ !

## بالىغا ھېسداشلىق قىلىشنى ئۆگىتىش لازىم

ئايالىم ئىككىمىز جان كۆيدۈرۈپ ئوغلۇمنىڭ ئاساسىي بىلىم، تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە قىزىقىش جەھەتلەردىكى قابىلىيىتىنى يېتىلدۈردۇق. مەن قىزىقىشى ۋە ئاساسىي بىلىمى يوق ئادەمنى ياقتۇرمايتتىم، شۇڭا ئوغلۇمنىڭ ھېسسىي تۇيغۇسى ۋە قىزىقىشلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، ئاق - قارىنى، ھەق - ناھەقنى،

گۈزەللىك ۋە رەزىللىكنى، ياخشى - ياماننى پەرقلەندۈرەلەيدىغان قىلىشقا تىرىشتىم.

ئۇنىڭغا باشقىلارنى قانداق سۆيۈش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، باشقىلارغا قانداق ھېسداشلىق قىلىشنى، ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەللىكىنى تونۇتتۇم. باشقىلارغا قانداق ھېسداشلىق قىلىشنى بىلمىدىغان باللار ئادەتتە يولسىزلىق قىلمايدۇ، جەمئىيەتكە تۆھپىسى تېگىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. مەسىلەن، باشقىلارغا ياردەم بېرىپ باشقىلارنىڭ ئازابلىرىغا ھەمدەرد بولالايدۇ، بۇنداق باللار جەمئىيەتنىڭ ۋە چوڭلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ، مەيلى مەكتەپتە بولسۇن ياكى كېيىن خىزمەتتە بولسۇن، ياخشى پۇرسەتلەرگە كۆپرەك ئېرىشىدۇ، دوستلىرى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەنمۇ يېقىن ئۆتەلەيدۇ. مەن دائىم كارلغا مۇھەببەتنىڭ پەرۋەردىگار ئاتا قىلغان ئەڭ زور سېھرىي كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشتىم. باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلسا، ئۇنىڭ ساۋابىنىڭ چەكسىز بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم.

بالامغا يەنە ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز - ئارا ھېسداشلىق قىلىشى كېرەكلىكىنى، بىزنىڭمۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدىغانلىقىمىزنى، شۇڭا ھەر ۋاقىت باشقىلاردىن كۆرگەن ياخشىلىقنى يەنە باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش، كۆيۈنۈش ئارقىلىق قايتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ تۇردۇم. ئۆزۈمدىكى چەكلىك بىلىملەردىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا قەدىمكى ئۇلۇغ كىشىلەر توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى، ئىنجىلدىكى مۇھەببەتكە ئائىت قىسسىلەرنىمۇ دائىم سۆزلەپ بەردىم.

كىشىگە ئارامبەخش ئېتىدىغان بىر كۈنى كەچتە، كۈندىكىدەكلا ئوغلۇم بىلەن قول تۇتۇشۇپ سەيلە قىلغاچ، ئۇنىڭ ئايىغى چىقماس سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ كېتىۋاتاتتىم. شۇ ئارىدا يېنىمىزدىن بىر سەرگەردان ئۆتۈپ كەتتى، ئوغلۇم ئۇنىڭغا دىققەت قىپتۇ. ئۇ مەندىن:



— «ئۇ نېمىشقا سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ؟ ئۇ نېمىگە موھتاجكىنە؟ — دەپ سورىدى. مەن دەماللىققا جاۋاب بەرمىدىم. چۈنكى، مەن ئوغلۇمنىڭ سوئالىغا دەرھال جاۋاب بەرمەي ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئويلىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ كەلگەنىدىم. بۇ قېتىم كارل مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتۈپ تۇرمايلا ھېلىقى سەرگەرداننىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ:

— ئەپەندىم، سىز نېمىشقا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈيسىز؟ سىزگە نېمە كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

— ماڭا بىر پارچە بولكا كېرەك، — دېدى سەرگەردان.

ئۇ: «بەش ياشلاردىكى شاكىچىك ماڭا قانچىلىك قىلالايتتى؟» دەپ ئويلىدى بولغاي، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇ شۇنداق دەپلا بېشىنى چايقاپ قويۇپ يولىنى داۋاملاشتۇردى.

— ئەپەندىم، بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ، — كارل شۇنداق دېگىنىچە ئۆيگە قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

سەرگەردان قەدىمىنى توختىتىپ مەندىن:

— ئەپەندىم، بۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم، — دېدىم مەن.

— نېمىدېگەن ياخشى بالا - ھە، سىز بەك تەلەيلىككەنسىز، — دېدى ئۇ.

بىز يول بويىدا پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئۇ ماڭا يۇرتىدىكى ئىشلارنى، كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

كارل بىردەمدىلا ھاسىراپ - ھۆمىدىگىنىچە قايتىپ كەلدى، قولىدا ئىككى بولكا تۇراتتى، ئۇ ماڭا قارىدى، مەن رازىمەنلىك بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ئەپەندىم، بۇ ئائىلىمىزنىڭ سىزگە قىلغان ياردىمى، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە بولكىنى سەرگەردانغا سۇندى. تۇرقىدىن

www.uyghurkitap.com

بۇنى سەرگەردان قوبۇل قىلسىكەن دېگەن ئۈمىد چىقىپ تۇراتتى.

كېيىن ئۇنىڭدىن نېمىشقا ئۇ سەرگەردانغا بولكا بېرىش ئويىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سورىۋىدىم، كارل:

— شۇنداق قىلسام مېنى قوللايدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، سىز ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغاندىلا ئاندىن پەرۋەردىگارغا يېقىنلىشالايسەن دېگەنىدىڭىز ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، نۇرغۇن بالىلاردا بۇ خىل ھېسداشلىق تۇيغۇسى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىدا ھامان پەيدا بولىدۇ، بۇ بىر خىل تەبىئىيلىك. تونۇشنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئازابلىق ھېسلىرىغا بولغان تونۇشى چوڭقۇرلاپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق باشقىلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان بولىدۇ.

بەزى بالىلار باشقىلارغا قىلچە ھېسداشلىق قىلمايدۇ، قىلمىشلىرى قەبىھ ۋە رەھىمسىز بولىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى بەختسىزلىك ياكى دەسلەپكى تەربىيىسىدىكى يېتەرسىزلىك سەۋەب بولىدۇ. ناۋادا بالىنى كۆيۈمچان، باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلالايدىغان قىلىپ تەربىيىلىمەن دەيدىكەنسىز، توغرا ئائىلە تەربىيىسى ۋە ئاتا - ئانىنىڭ ئەخلاق پەزىلىتىنىڭ تولىمۇ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز زۆرۈر.

بۇ جەھەتتە مەن بالامغا زۆرۈر قائىدە - يوسۇنلارنى ئۆگىتىكەندىن باشقا، يەنە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى سۆز - ھەرىكەتلىرىدىمۇ ئۇنىڭغا ھەقىقىي مۇھەببەتنى ۋە كۆيۈمچانلىقنى ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشتىم. چۈنكى قائىدە - يوسۇنلارنى قۇرۇق يادلىتىش بالىلارغا كار قىلمايدۇ.

ئوغلۇمغا چوڭ بولغاندا پەزىلەتلىك، ئېسىل ئادەم بولۇش توغرۇلۇق تەلىم بەردىم، ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەرلا



باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنى، ھېسسىياتىنى چۈشىنەلەيدۇ، ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ، باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان، ھەسرىتىگە ھەمدەرد بولالايدۇ.

كارل كىچىكىدىنلا ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەمنىڭ بىلىملىك ئادەمگە قارىغاندا كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە بەكرەك نائىل بولالايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

ئەگەر سىز بالىڭىزنىڭ چوڭ بولغاندا كۆيۈمچان، كىشىگە ھېسداشلىق قىلالايدىغان ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز، ئۇنداقتا بۇنداق تەربىيىنى ھازىردىن باشلاڭ، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغىنىڭىزنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇڭ. كارل كىچىك چېغىدىلا مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەنىدىم. مەن ئوغلۇمنىڭ ئارزۇيۇمغا قارشى تۇرۇشىدىنمۇ غەم يەپ كەتمەيتتىم. ئۆز ئارزۇلىرىمنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىشىدىن ۋايىم يەپ، ئوغلۇمغا قويغان تەلەپنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇۋەتمۇ قويمايتتىم. مەن ئوغلۇمنىڭ يارامىلىق ئەركەك بولۇپ چىقىشىغا قەتئىي ئىشىنەتتىم.

مەيلى ئوغلۇم قانچىلىك كىچىك بولسۇن، مەن ھامان ئۇنى ئۆزۈم بىلەن تەڭ - باراۋەر ئورۇنغا قويدۇم، ئەزەلدىن ئۇنى بىر كىچىك بالىغۇ دەپ قارىمىدىم، شۇنداقلا ئۇنى كىچىك دەپ ئۇنىڭغا زىيادە يول قويۇۋەتمىدىم. بىز ئائىلىدە باراۋەرلىكنى ساقلىدۇق.

كارل ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئۆز ئىشىنى ئۆزىگە قىلدۇردۇم. دېمىسىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن پۈتۈنلەي چىقالايتتى. تېخى ئاپىسىغا ياردەملىشىپ ئۈستەللەرنى سۈرتۈش، قاچا - قۇچىلارنى تىزىشتەك ئۆي ئىشلىرىنىمۇ قىلاتتى. يېشى ئارتقانسېرى ئۇنىڭ قىلالايدىغان ئىشلىرىمۇ كۆپەيدى، ئاتا - ئانىغا ياردەملىشىپ ئىش قىلىشىپ بېرىشىمۇ باشقىلارغا ياردەملەشكەنلىك بولىدۇ، بۇنىڭ بالىغا پايدىسى تېگىدۇ.

مەن بالامغا: «باشقىلارغا ياردەملىشىش — مېھرىبانلىقنىڭ،

ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ ئىپادىسى» دېدىم. ئاق كۆڭۈللۈك ئادەمدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك قورال، ئۇ پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە.

كارلنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى «پەرىشتىدەك ساپ دىل» دېيىشەتتى. ئۇ ئىنتايىن سەمىمىي، مېھرىبان، يېقىملىق بولغاچقا، باشقىلار بىلەن زادى ئۇرۇش - جېدەل قىلمايتتى. تەبىئەتنى سۆيەتتى، جانلىقلار تۇرماق، ھەتتا بىرەر تال ياۋا گۈلنى نابۇت قىلىشقىمۇ كۆزى قىيمايتتى.

مەن ئوغلۇمنىڭ پەزىلىتىدىن سۆيۈنىمەن، ئۇنى ئاشۇنداق پەزىلەتلىك قىلغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن.

## خاراكتېر ئىقتىدار دېمەكتۇر

مېنىڭچە خاراكتېر — ئىقتىدار دېمەكتۇر. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ مىجەزى ئوچۇق، خۇشخۇي بولسا، باشقىلار ئۇنى ئاسانلا ئارىغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئارىلىشىش دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، تۇرمۇشنىڭ ئوخشىمىغان ئىشىكلىرىمۇ ئۇنىڭغا چوڭ ئېچىلىپ تۇرىدۇ. مىجەزى غەلىتىرەك بولسا، خەققە ئارىلاشماي ھە دېسە بېكىنىۋېلىپ، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە باشقىلار بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىشنى خالىماي، ئىشنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇپ تۇرمۇشتا دائىم تۇيۇق يوللارغا كىرىپ قالىدۇ. مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، خاراكتېر كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىلنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

كارلنى تەربىيىلەشتە ئۇنىڭغا بىلىم ئۆگىتىشتىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرۈشىگە بەكرەك كۈچ سەرپ قىلدىم. ئوغلۇمدا ھەر خىل ئىقتىدار ۋە ئەخلاق يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ



ئاددىي، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردىن ياخشى مىجەز - خاراكتېر يېتىلدۈرۈش تەربىيىسى ئېلىپ باردىم. خاراكتېر بالىنىڭ سىرتقى مۇھىتقا ماسلىشىش جەريانىدا ئاستا - ئاستا شەكىللىنىدۇ، بالا تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭدا ئوچۇق - يورۇق مىجەزمۇ، غەلىتە، جىمغۇر مىجەزمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ، مىجەز — بالىنىڭ ياشاش ئىقتىدارىدا ئىپادىلەنگەن بىر خىل قىياپەت، خالاس.

بالىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئوچۇق - يورۇق، تۈز، بەزىلىرىنىڭ جىمغۇر، غەلىتىرەك بولۇپ قېلىشى تۇغما ياكى ئۆزىچە شەكىللىنىپ قالغان ئەمەس. بالىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى يېتەرلىك تاۋلانمىغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك، تۇرمۇشقا تازا ياخشى ماسلىشالمايۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ، بۇ بالىلارنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق، چىدامچان خاراكتېرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئەسلىي تەبىئىتىگە يات غەيرىي خاراكتېرلار شەكىللىنىپ قالىدۇ.

مىجەز - خاراكتېر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، تۇرمۇش مۇھىتى ئۆزگەرسە، ئادەمنىڭ مىجەزىمۇ ئۆزگىرىشى مۇمكىن. مىجەز - خاراكتېردىكى ئۆزگىرىشنى سىرتقى تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە كۆنەلمەسلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرى يۇقتۇرۇۋالغان يامان ئادەتلەردىن قاقشايدۇ، بالىلىرىنىڭ بۇ ئادەتلەردىن قول ئۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما بالىلارنى توغرا يولغا سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلىمىگەندە، بالىلارنىڭ يامان ئادەتلەرنى تاشلىشى قىيىنغا چۈشىدۇ.

گەرچە مىجەز - خاراكتېر ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما مېنىڭ قارىشىمچە ئادەمنىڭ مىجەزى ئەڭ دەسلەپكى تۇرمۇش مۇھىتىدا ئاساس سېلىنىپ بولغان بولىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەچچە يىلدىكى تۇرمۇش ئادىتى، ئاتا ـ ئانىنىڭ تۇرمۇش پوزىتسىيىسى، ئائىلە كەيپىياتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بالىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئاستا ـ ئاستا تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا ئەڭ ئادەتتىكى تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ بەك دىققەت قىلىش زۆرۈر.

كارل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا مەن ئىزچىل ھالدا ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئىززەت ـغۇرۇرىغا تەگمىگەن ئاساستا ئىچكى دۇنياسىنى چۈشىنىشكە تىرىشىپ كەلدىم. مەقسىتىم ئۇ بىرەر دەردكە مۇپتىلا بولغاندا، ئۇنىڭغا دەل ۋاقتىدا ياردەم قىلىش ئىدى. ئەگەر ئۇ بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە دۇچ كەلسە، مەن ئۇنى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرمەي، ئىچىنى بوشىتىۋېلىشقا ئۈندىدىم. مەن ئۇنىڭ ئوچۇق ـ يورۇق، خۇش ـ خۇي ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

بىر كۈنى سىرتتىن قايتىپ كېلىپ كارلنىڭ ھويلىدا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغىنىنى كۆردۈم، ئۇ ئادەتتە كۈلۈپلا يۈرگەچكە، ئۇنىڭ غەمكىن تۇرقى ماڭا غەلىتە بىلىنىپ، ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا باردىم ۋە ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدىم.

كارل بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۈھسىنىپ زۇۋان سۈرمىدى.

— كارل، نېمە بولدۇڭ؟ نېمە ئىش سېنى شۇنچە خاپا قىلدى؟

ئۇ يەنىلا ئۈندىمىدى.

— ئوغلۇم، سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن. داداڭدىن ھېچنېمىنى سىر تۇتماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەرقېتىم قىيىنچىلىققا يولۇققىنىڭدا، ساڭا ياردەم قىلىدىغانلىقىمنى بىلىسەنغۇ؟ — ئوغلۇمنىڭ ھالىتىدىن ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىۋاتقان ئىشنىڭ خېلىلا چوڭ ئىكەنلىكىنى پەرەز



قىلدىم.

— كارل، سېنىڭ خۇشال ـ خۇرام، بەختىيار ئادەم بولۇشۇڭ مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم. ئەمەلىيەتتە، خۇشال ـ خۇرام بولساڭلا ھەر قانداق چوڭ ئىش بولسىمۇ ھەممىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، — مەن ئۇنى گەپ ئارقىلىق ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە تىرىشتىم.

— دادا، مەن ھەقىقىي ئەركەك ئەمەسكەنمەن، — ئۇ ئاخىر ئېغىز ئاچتى.

— نېمىشقا؟

— كەنتىمىزدىكى كىنتېر مېنى قاۋۇل، ساغلام ئەمەسكەنسەن، دەپ مازاق قىلدى. تېخى چاپىنىنى سېلىپ مۇسكۇلىنى كۆز ـ كۆز قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشۇنداقلار ئەركەك سانىلىدىكەن، ئەمما مەن ئەركەك ئەمەسكەنمەن.

كارلنىڭ تېنى ساغلام، سالامەتلىكى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن بەك قاۋۇللاردىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئانچە چوڭ ئىش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ھازىر بۇنىڭدىن ئازابلىنىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەركەكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم.

— كارل، ھەقىقىي ئەركەك بولۇش ئۈچۈن ساغلام، قاۋۇل بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، مۇھىمى ئەقىل ـ پاراسەتلىك، بىلىملىك، قەيسەر، ئىرادىلىك بولۇش، تۇرمۇشتىكى بارلىق قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان باتۇرلاردىن بولۇش كېرەك. ئويلاپ باققىن، سەن تېخى كىچىك تۇرۇپلا شۇنچە كۆپ بىلىملەرنى، قائىدىلەرنى بىلىۋالدىڭ. چوڭ بولغاندا بۇ بىلىم ۋە قائىدىلەر سېنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىڭگە ئايلىنىدۇ. ئىشىنىمەنكى، سەن ئەزەلدىن باتۇر، گەرچە سەن باللار ئارىسىدا ئەڭ قاۋۇل ھېسابلانمىساڭمۇ، ئەمما ناھايىتى ساغلام. كىنتېر دېگەن دېھقاننىڭ بالىسى، ھەر كۈنى ئائىلىسىدىكىلەرگە ياردەملىشىپ نۇرغۇن ئائىلە ئىشلىرىنى،

ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سەندىن چوڭ، شۇڭا ئادەتتە سەندىن قاۋۇل، كۈندىلىك بەدەن چېنىقتۇرۇشنى قولدىن بەرمىسەڭلا ئۇنىڭدىنمۇ قاۋۇل بولۇپ كېتىسەن.

كىنتېرنىڭ ساڭا بۇنداق گەپلەرنى قىلىشى بەك ئەدەپسىزلىك بوپتۇ، سەن ئۇنىڭغا پىسەنت قىلما، شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، ھەقىقىي ئەركەك بولۇش ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشى بولۇش كېرەك. شۇ چاغدا ئاندىن باشقىلارنىڭ سۆز چۆچمىكىگە قالمايسەن.

كارل گەپلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خېلىلا ئىلھاملاندى، باشتا ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپ قالغان بولسا، ئەمدى ئىشنىڭ تېگىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ قايتىدىن ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ھالىتىگە قايتتى.

مەن باشقا ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا قانداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما مېنىڭچە بۇنداق ئەھۋالدا ئىشنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى بالىغا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بالىنىڭ ئىدىيىسىدىكى تۈگۈننى ۋاقتىدا يەشمىگەندە، بالا بۇ ئىشنى مەڭگۈ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلايدۇ، بۇ تۈگۈن ئۇنى داۋاملىق ئازابلاپ، ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە تەسىر قىلىدۇ. ئەسلىدە ئوچۇق مىجەزلىك بالا مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن غەيرىي، چۈشكۈن بولۇپ قالىدۇ.

كارلغا قىلغان تەربىيەمدە مەن يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنى دائىم ئوچۇق-يورۇق، خۇشال-خۇرام يۈرىدىغان قىلدىم. مېنىڭچە، بالىنىڭ ياخشى-يامان خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشى ئۇنىڭ تاكامۇللاشقان ئىختىساسلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ كەلگۈسىدە نەتىجە قازىنىش-قازىنالماسلىقىنىمۇ بەلگىلەيدۇ.



## بالامنى ئەزەلدىن «دانىشمەن»لەردىن قىلىپ چىقىش ئويىدا بولمىدىم

مەن ئاتالمىش «دانىشمەن»لەردىن بىزار. ئۇلار ئۆز كەسپىدىن ئازراق نەرسىنى بىلسە، ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، كىم، قەيەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىلىۋالغان تۆت تال نەرسىسىنى كۆز-كۆز قىلىدۇ، ئۇلار ئۆز كەسپىدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ ھەم باشقا نەرسىلەرگە قىلچە قىزىقمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بىمەنە قاراشلىرى دائىم كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ.

بۇنداقلا دەل ئاتالمىش «دانىشمەن»لەردۇر.

مەن ئەزەلدىن ئوغلۇمنى ئۇنداق ئادەملەردىن قىلىش نىيىتىدە بولمىغانمەن، چۈنكى ئۇنداق «دانىشمەن»لەر زېھنىنى بىرلا كەسپكە ئاتىسىمۇ، ھېچقانچە تۆھپە يارىتالمايدۇ، ئۇلارنىڭ دېيىشىدىغىنى ئادەم چۈشىدىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان كەسپىي ئاتالغۇ، يازىدىغىنى كىشىنىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋېتىدىغان ئاجايىپ چۈشىنىكسىز جۈملىلەر. ئۇلار تۇرمۇش بىلىملىرى مول، قىزىقىشى كەڭ ياشلارنى يارىماس چاغلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئالاقىگە ماھىرلىقىنى، تۇرمۇشتىكى جەزبىدارلىقىنى كەمسىتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، يازغان ماقالىلىرىدە چۈشىنىكسىز، كونا، كەسپىي سۆزلەر بىلەن گەپ ئويۇنى قىلىدىغان، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان پايتىما ماقالىلەرنى يازىدىغان ياشلارنى بولسا بىلىم ئىگىسى، ئىقتىدارلىق ياش، دېيىشىدۇ.

خۇددى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورى ئوقۇغۇچىلىرىغا: «سىلەر پەقەت گرېكچە ۋە لاتىنچىنى

www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىۋالساڭلارلا بولىدۇ، ئانا تىل ۋە ئىلىم - پەن دېگەنلەرنى چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆگىنىۋالالايسىلەر» دېگىنىگە ئوخشاش. ئۇلار بىر تەرەپلىمىلىكى زىيادە كۈچلۈك دانىشمەنلەردۇر.

ئوغلۇمنى قانداقسىگە ئۇنداق «دانىشمەن» لەردىن قىلىپ قوياي؟

ئوغلۇمنىڭ ئاق- قارىنى پەرقلەندۇرۇش ئىقتىدارىنى، بىلىم ئېلىش ئىستىكىنى، گۈزەل سەنئەت، ئەدەبىياتتىن ھوزۇرلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشۇمدىكى مەقسەت ئۇنىڭ ئاشۇنداق دانىشمەنلەردىن بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى.

مۇكەممەل ئادەم كۆڭۈل- كۆكسى كەڭ، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا باي، قەلبى ئىنسانىي مۇھەببەت بىلەن تولغان بولىدۇ. مۇكەممەل ئادەم زىددىيەتنى ۋە كەمچىلىكلەرنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ ھەمدە ئۇنى ھەل قىلىشقا بەل باغلىيالايدۇ.

مەن كارلنى كىچىكىدىن تارتىپ ياخشى - ياماننى پەرقلەندۇرەلەيدىغان قىلىپ چىقتىم. چۈنكى ئۇنداق ئىقتىدار بولمىغاندا، بىلىم ھېچنېمىگە ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ناۋادا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى ئاق-قارىنى پەرق قىلالايدىغان قىلىپ تەربىيىلىمىسە، ئۇنى «مەكتەپ» دېمەي، «نادانلارنىڭ سورۇنى» دېگەن تۈزۈك. ئۇنداق مەكتەپ پەقەتلا بىر بىلىم ساتىدىغان پارچە سېتىش دۇكىنى بولىدۇ، ئوقۇتقۇچىلىرى بولسا مال ساتقۇچىلارلا بولىدۇ، خالاس. گەرچە ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مائارىپشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، مۇزېيشۇناسلىق دېگەندەك بىلىملەرنى «سېتىشقا» سەرپ قىلسىمۇ، سىز ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىدىن قىلچىمۇ ئىجادىي روھ سېزەلمەيسىز.

كۆپلىگەن مەكتەپ باشقۇرغۇچىلار پەقەت قاتتىق قائىدە - تۈزۈملەرنى ھەمدە مۇشۇ قائىدە - تۈزۈملەرگە چۈشىدىغان بىر



تالاي قائىدە - يوسۇنلۇق ئادەملەرنى تەربىيىلەپ چىقىدۇ. ئۇلار «ئوتتۇرىچە» ئىقتىدارلىقلارنىلا يېتىشتۈرەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خاس ئىندىۋىدۇئاللىقلا ئىگە ئادەم تېپىش تولىمۇ مۇشكۈل. بۇلاردىن تەربىيىلىنىپ چىققانلار خۇددى ئاشۇ يېگىنچە پىكرى، ئىدىيىسى، كۆز قارىشىمۇ يوق قاتمال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەل ئۆزى.

كارلنى تەربىيىلەشتە، مەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنى، ئۆزگىچە خاسلىقىنى، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلاشتىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇنى خاس ئىندىۋىدۇئاللىقلا ئىگە ئادەم قىلىپ چىققىلى بولاتتى. ئۇنىڭ چوڭ بولغاندا يېگىنچە ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلارغا ئىگە ئادەم بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولاتتى، شۇنداقلا بۇ دۇنياغا ئاز - تولا تۆھپە قوشالايتتى.

مېنىڭ قىسمەن دوستلىرىم ئۆزلىرىنى دانا پېداگوگ چاغلىشىدۇ، ئۇلار بالىلىرىغا بىر قاتار قائىدە - يوسۇنلارنى تۈزۈپ بەرگەن، بۇ قائىدىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كىشى ھەيران قالىدۇ، بۇ قائىدىلەر تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان بالىلارنى چۈشەپ قويىدۇ، كۆپلىگەن بالىلار مۇشۇ قائىدە - يوسۇنلارنىڭ چەكلىمىسىدىن ئۆز ئىختىيارىچە تەرەققىي قىلالمايدۇ، يېتىلەلمەيدۇ.

مەن ئاجايىپ تالانتلىق بالىلارنىڭ ئاشۇنداق قائىدە - يوسۇنلارنىڭ چەكلىمىسىدىن نابۇت بولغانلىقىنى، باشقىلارغا «ئوخشاش» بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن چەتكە قېقىلىپ، ئەيىبلەنگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

بىز بالىلىرىمىزنى زادى قانداق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىمىز؟ ئىش يۈرۈشتۈرۈشكە ئۇستا كىچىك دۇكاندار قىلىپ چىقىمىزمۇ ياكى چاققان، لېكىن ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىدىيىسى يوق ھۈنەرۋەن كاسىپمۇ؟ ئۇنداق قىلساق،

دۇنيادا يەنە ھەقىقىي ئالىم، ئەدىب، سەنئەتكار مەۋجۇت بولارمۇ؟

شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، ئافىنا دەۋرىدىكى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى دەل ئەركىن تەربىيىنىڭ مەھسۇلىدۇر؛ ئەكسىچە ۋىزانتىيە دەۋرىدىكى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى قائىدە - يوسۇنلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقىدىندۇر.

ئوغلۇمنى كىتابباز، كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان «خىسلەتلىك ئۇسمۈر» ئەمەس، دۇنياغا تۆھپە قوشالايدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم.

مەن كارلنىڭ تاكامۇللاشقان ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، مانا بۇ ھەممىدىن مۇھىم.



ئالتىنچى باب

# بالىنى ھەرگىز كىچىك چاغلىماڭ

*ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى خاتالىق سادىر قىلىشقا، مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان قىلىپ تەربىيىلىشى لازىم. بالىلارمۇ چوڭلاردەك خاتالىق سادىر قىلىشقا، شۇنداقلا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشكە قادىر، خاتالىق سادىر قىلىشمۇ، تۈزىتىشمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىك خىسلەت.*

## گۈزەل پەزىلەتلەرنى بالىنىڭ تەبىئىتىگە، جىسمىغا سىڭدۈرۈڭ

كارل بىر ياشقا كىرگەندىن باشلاپلا ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپ قويدۇم. مەن كىچىكىدە ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ، سەل چوڭ بولغاندا چىڭ تۇتسامۇ ئۈلگۈرىمەن دېگەن كۆز قاراشلارغا ئىشەنمەيتتىم.

دادىلىق سۈپىتىم بىلەن بالىغا نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنى ئۆگىتىش مەسئۇلىيىتىم بار. سەۋەبى بالىلارغا چوڭلارنىڭ ھەممە ئىشى ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىچىك ۋاقتىدىكى كەچۈرمىشلەر بالىلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ قالسا، چوڭ بولغاندا ئۇنى ئۆزگەرتىمەن دېيىش تەسكە

www.uyghurkitap.com

چۈشىدۇ.

كارل ئالتە ياشقا كىرگەندە، ئىككىمىز باشقا بىر دىنىي رايوندىكى بىر باستېرنىڭ ئۆيىدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ كەلدۇق. بارغان كۈنىمىزنىڭ ئەتىسى ناشتىدا ئوغلۇم ئازراق سۈتنى ئۈستەلگە تۆكۈۋەتتى. ئۆيىمىزدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۇ نەرسىلەرنى تۆكۈۋەتسە جازالىناتتى. شۇڭا ئۇ پەقەت تۇزلۇق بولكىلا يېيىشى كېرەك ئىدى. كارل سۈتكە ئامراق ئىدى. ساھىبخان كارلنى بەك ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنىڭغا ئاتاپ تاتلىق پىرەنىكلەرنى ۋە ئالاھىدە تەڭشەلگەن سۈتلەرنى تەييارلىغانىدى، بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ كارلنى قانچىلىك جەلب قىلىۋاتقىنى ئېنىقلا ئىدى!

كارل سۈتنى تۆكۈۋەتكىنىگە خىجىل بولۇپ ۋىلىلدە قىزىرىپ كەتتى. ئاندىن ئىككىلەنگەندەك تۇرۇپ قېلىپ سۈتنى ئىچمەي ئاستا قويۇپ قويدى. مەن قەستەن ئېرەن قىلمىدىم. باستېرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇنى كۆرۈپ ئۇنى كۆپ قېتىم سۈت ئىچىشكە زورلىدى. كارل ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

مەن سۈتنى تۆكۈۋەتتىم، ئەمدى ئىچسەم بولمايدۇ دېدى. ساھىبخان ئۇنىڭغا: «ھېچقىسى يوق، ئىچىۋېرىڭ» دەپ تەسەللى بەرسىمۇ، ئۇ ئۇنىمىغاچقا، ئۇلار مېنى كارل سىزدىن ئەيمىنىۋاتىدۇ» دېيىشتى.

مەن بۇ ئوڭايسىز ئەھۋالنى ئوڭشاش ئۈچۈن كارلنى سىرتقا چىقىپ كىرىشكە بۇيرۇدۇم ھەمدە ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم. ئۇلار: «ئالتە ياشلىق بالا ئازراق خاتالىق سادىر قىلغىنى ئۈچۈنلا ئامراق نەرسىسىنى يېگۈزمىسىڭىز، تەربىيىڭىز سەل قاتتىق بولۇپ كەتتىمۇ قانداق؟» دەپ مېنى ئەيىبلىدى.

مەن ئۇلارغا: «ئۇنىڭ سۈت ئىچمەسلىكى مېنىڭدىن ئەيمەنگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى، ئۆزىنى سوراش كېرەكلىكىنى چىن كۆڭلىدىن چۈشىنىپ



يەتكەنلىكىدىن بولدى» دېدىم. ئەمما مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمگە ئۇلار يەنىلا قايىل بولمىدى. ئۇلارنى پاكىت ئارقىلىق قايىل قىلىش ئۈچۈن ئاخىر: «ئەمىسە مەن سىرتقا چىقىپ تۇراي، سىلەر ئۇنى چاقىرىپ كىرىپ سۈت ئىچ، دەپ بېقىڭلار. ئۇ ئىچمەيدىكەن» دېدىم ھەم سىرتقا چىقىپ تۇردۇم. ئۇلار ئۇنى چاقىرىپ كىرىپ: «ئەمدى قورقماي ئىچىۋېرىڭ، بىز دادىڭىزغا دېمەيمىز» دەپ ناشتا قىلىشقا زورلاپتۇ. ئەمما كارل سەممىيلىك بىلەن: «بۇ يەردە دادام بولمىغان بىلەن خۇدا ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنداق قىلالمايمەن» دەپ سۈتنى ئىچمەپتۇ. ئۇلار: «بىز دالىغا سەيلىگە چىقىمىز. ئازراق بىر نەرسە يېمىسىڭىز يېرىم يولدا قورسىقىڭىز ئېچىپ قالىدۇ» دېسىمۇ، ئۇ پەقەت «ھېچقىسى يوق» دەپلا قويۇپتۇ. ئۇلار ئاخىر ئىلاجسىزلىقتىن مېنى چاقىرىپ كىردى. كارل كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن: «سېنىڭ سۈتنى تۆكۈۋېتىپ تارتقان ۋىجدان ئازابىڭ يېتەرلىك بولدى. ھازىر ھەممىمىز سەيلىگە چىقىمىز. بىزنىڭ ئۈمىدىمىزنى يەردە قويماي ئازراق بىر نەرسە يەۋالغىن، بىللە يولغا چىقايلى» دېدىم.

ئوغلۇم گېپىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن سۈتنى ئېچىپ پىرەنىكلەرنى يېدى. ئالتە ياشلىق بالىنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى سوراپ، نەپسىنى يىغالىشى باستېر ئائىلىسىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

كۆپىنچە كىشىلەر مېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى بەك قاتتىق دېيىشى مۇمكىن. ئىنكار قىلمايمەنكى، كارلنىڭ ۋە باشقا بالىلارنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلىدىن قارىغاندا بۇنداق تەربىيە سەل قاتتىقتەك بىلىنىدۇ. ئەمما بۇنداق قاتتىق تەربىيە كارلغا كىچىكىدىن باشلاپلا بېرىلگەچكە، ئۇنى ئازراقمۇ ئازابلىغىنى يوق.

ئوغۇل ئاتىدىن تەلىم ئېلىشى، ئاتا ئوغۇلنىڭ تۇنجى ئۇستازى، يەنە ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇشى كېرەك. بالىغا قاتتىق تەلەپ قويۇشتىن بۇرۇن ئاتا ـ ئانا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش كېرەك. مەن بىر خۇداگۇي، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەرۋەردىگار ئالدىغا بارسامۇ شۇنداق دەيمەن.

ئوغلۇمغا قاتتىق تەلەپ قويغاچقا، ئۇمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشقا كۆندى. ئۇنىڭغا دائىم: «ئادەمنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى بىر خۇدا، ئاندىن قالسا بىر ئۆزىلا چەكلىيەلەيدۇ» دەپ تۇردۇم. ئۇ كىچىكىدىنلا نۇرغۇن ياخشى پەزىلەت، گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈردى. كارل پەقەت يالغان سۆزلىمەيتتى. بۇ ئۇنىڭ مېنىڭ تەنبىھ بېرىشىم ياكى جازالىشىمدىن قورققانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى يالغانچىلىقنىڭ ناچار ئىش ئىكەنلىكىنى چىن كۆڭلىدىن چۈشەنگەنلىكىدىن ئىدى.

كارلنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقتى. ئاتا بولۇش سۈپىتىم بىلەن مېنىڭ ئۈمىدىممۇ بارلىق ياخشى، گۈزەل، يۈكسەك خىسلەتلەرنى ئوغلۇمنىڭ تەبىئىتىگە، ئاڭلىقلىقىغا ئايلاندۇرۇش ئىدى.

بالىنى گۈزەل خۇلقلۇق قىلىش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم. مەن ئوغلۇمنىڭ گۆدەكلىكىدە نىشانىنى ئېنىق پەرق ئېتەلمەي، كېيىن يولدىن چەتنەپ قېلىشىنى خالىمايمەن.

## بالىنى كىچىك، ئىش ئۇقمايدۇ دېمەڭ

بالىنى سەمىمىي ۋە دۇرۇس ئادەم قىلىپ چىقماقچى بولسىڭىز، چوقۇم ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ قاتتىق تەربىيىلىشىڭىز كېرەك.

كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپلا يالغانچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىدۇ. بالىلاردىكى يالغانچىلىق



قەستەن بولۇشىمۇ ياكى ئاق كۆڭۈللۈكتىن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

مېنىڭچە سەبىيلەرنىڭ يالغانچىلىقى كۆپىنچە ئۇلارنىڭ ساددىلىقىدىن، گۆدەكلىكىدىن بولىدۇ. بالىلار خاتا ئىش قىلغاندا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەنبىھ قىلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدۇ. بۇنداق چاغدا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشىنىشى، ئاۋۋال يالغان ئېيتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ، ئاندىن مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنى تەربىيىلىشى كېرەك.

بالىلارنى ھەرگىزمۇ «كىچىك، تېخى ئىش ئۇقمايدۇ» دېمەڭ، ئۇلار ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

كارل ئىككى ياش ۋاقتىدا ئاپىسى ياندىكى ئۆيگە چىقىپ كىرگۈچە بىر ئىستاكان سۈتنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. ئاپىسى بۇنى كۆرۈپ: «سەن قىلدىڭمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ بېشىنى چايقاپ قەتئىي ئېتىراپ قىلماپتۇ. خوتۇنۇم كارلنىڭ شەيتانلىق چىقىپ تۇرغان ئۇماق تۇرقىغا قاراپ كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران-ئاران تۇتۇۋاپتۇ. كارلنىڭ يالغانچىلىق قىلغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلماپتۇ.

كەچتە مەن ئۆيگە كەلگەندە خوتۇنۇم بۇ ئىشنى ماڭا دېدى. مەن ئەستايىدىل ئويلانغاندىن كېيىن بۇ ئىش توغرۇلۇق كارل بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم. مەن جىددىي قىياپەتتە ئۇنىڭدىن:

— بالام، بۈگۈن سەن بىر ئىستاكان سۈتنى تۆكۈۋېتىپسەن ـ ھە؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ يەنىلا بېشىنى چايقاپ بويىنىغا ئالمىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— كارل، مەن سېنىڭ راستچىل بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن. مەيلى سۈتنى كىم ئۆرۈۋەتسۇن، راست گەپ قىلغىن. گەرچە ئاپاڭ ئىككىمىز كۆرمىگەن بولساقمۇ، ئەمما پەرۋەردىگار بۇنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئاپاڭمۇ، مەنمۇ، پەرۋەردىگارمۇ يالغانچى

www.uyghurkitap.com

بالىغا ئۆچ، — دېدىم.

كېيىن كارل سۇنى ئۆزىنىڭ تۆكۈۋەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. مەن ئۇنى ئەيىبلىمىدىم.

كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ «ئەرزىمەس يالغانچىلىقى چاغلىق ئىش» دەيدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەقىللىقلىقىغا، ئۇماقلىقىغا ئىچى كۆيۈپ كېتىدۇ. ئەمما مەن ھەرگىز بۇنداق قارىمايمەن. يالغانچىلىققا ئادەتلىنىپ قېلىش بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندا جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق مىجەز شەكىللىنىپ قالسا، كېيىن ئۇنى ئۆزگەرتىمەن دېيىش قۇرۇق ئاۋارىچىلىق بولىدۇ.

يالغانچىلىق كىشىلەر ئارىسىدىكى ئادەمگەرچىلىكنى، ئۆزئارا ئىشەنچنى يوقىتىپ، گۈزەل ئىنسانىي ئەخلاققا نۇقسان يەتكۈزىدۇ. يالغانچىلىق قىلىش قارشى تەرەپنى ھۆرمەتلىمىگەنلىك بولىدۇ. يالغانچى ئادەم بىلەن بىللە ياشاش مۇمكىن ئەمەس. كارل سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا بۇ چۈشقۇر قائىدىنى چۈشەندۈردۈم. ئۇنىڭغا كىچىكىدىنلا يالغانچىلىق قىلىشنىڭ خاتا ئىش ئىكەنلىكىنى، يالغان سۆزلىگەنلەرنىڭ جازالىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردۇم.

كارلنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى راستچىل دەپ ماختايدۇ. مېنىڭچە، كارلنىڭ بىردىنبىر يالغانچىلىقى ئاشۇ قېتىم «ئىستاكاننى ئۆرۈۋەتمىگەنلىكى»لا بولسا كېرەك.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ قانداق خاتالىق سادىر قىلىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولدى. ھازىرغا قەدەر مەن ئۇنىڭ يالغانچىلىق قىلغىنىنى باشقىلاردىن ئاڭلىمىدىم.



# ئالدى بىلەن بالىنى ھۆرمەت قىلىش كېرەك

بىر قېتىم كارل پېچىنە يېمەكچى بولمۇيدى مەن بەرمىدىم. چۈنكى، ئەمدىلا كەچلىك تاماقنى يەپ بولغانىدۇق، ئادەتتە ھەددىدىن زىيادە يەپ ـ ئىچىش سالامەتلىككە پايدىسىز ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى ياشلىق كارل ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يىغلاپ جېدەل قىلدى. بالىنىڭ يىغىسىغا چىدىمىغان ئاپىسى دەرھال پېرەنىكنى ئۇنىڭغا بەردى. كارلنىڭ يىغىسى كۈچىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا خالىغىنىنى قىلدۇردى.

بۇ چاغدا مەن ھېچنېمە دېمىدىم ، ئەمما كارلنىڭ يىغىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىمتىيازىغا ئېلان قىلىنغان جەڭ ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭ بۇ قورال ئارقىلىق غەلىبە قازانغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

كېيىن خوتۇنۇم بىلەن بۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشتىم ھەمدە ئۇنىڭغا كۆز قارىشىمنى دېدىم.

مېنىڭچە بالىلارنىڭ بۇنداق «يىغا ھۇجۇمى» غا مەيلى دېيىش تازا دۇرۇس ئەمەس. بالا كىچىك چېغىدا بۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى تازا گەۋدىلەنمەيدۇ، ئەمما بۇ يامان خاھىشنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغانلىق بولىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەنسە، بالا 15 ياشلارغا كىرگەندىمۇ تازا غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ يىغلاپلا خالىغىنىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، يەنە جار سالىدۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تاكتىكىسى «يىغلاش» بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ يولسىزلىقنى ئانىسىغىلا ئەمەس، ھەممە ئادەمگە قارىتىدۇ. ئۇ ئاشۇنداق يولسىزلىق ئارقىلىق باشقىلارنىڭ

ئۆز ئارزۇسىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاتا ــ ئانىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بولغان دەسلەپكى مۇناسىۋىتىنىڭ كېيىنچە بالىلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن.

كېيىنكى كۈنلەردە، ئۆيىمىزدە بۇنداق ئىش قايتا سادىر بولمىدى. كارل يىغلاپ ئالەمنى مالەم قىلىۋەتسىمۇ تەلەپ قىلغان نەرسىگە ئېرىشەلمىدى. مەن ئۇنىڭغا يىغلاشنىڭ ھېچنېمىگە كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردۈم.

كارلنىڭ ئەقىل ۋە ئەخلاقتا بۇ ئەتراپتا نامى چىقىپ قالغاچقا، بىر كۈنى قوشنام ئوغلىنىڭ بەڭۋاشلىقىدىن ئاغرىنىپ مەندىن بالا تەربىيىلەش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپ كەپتۇ.

ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا «كىچىكىدە بالىمىزغا ئاتا - ئانىلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا ياخشى تەربىيە قىلالماپتۇق، ئۆيىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتەتتى، ئانىسى بالىنى كىچىك، ئىش ئۇقمايدۇ، سەل چوڭ بولسا ئوڭشىلىپ قالار، دېدى. ئەمما ئۇ چوڭ بولغانچە ئەسكىرەپ كەتتى، مىجەزى ئوسال، شەخسىيەتچى، ئاچ كۆز، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدۇ. ئۇ خاتا ئىش قىلىپ قويسا بىز غىڭ قىلالمايمىز، پەيلى مەندىنمۇ يامان. ئەمدى 12 گە كىرگەن بولسىمۇ، يۈگەنسىز ياۋا ئاتنىڭ ئۆزى بولدى. ئۇنىڭدىن جاق تويدۇق. ئۇ ئائىلىسىنى، بىزنى ياراتمايدۇ، ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆيدىكى ھېچنېمە سىغمايدۇ» دېدى.

بۇنداق ئەھۋالدا مەن يەنە نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟ شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، ھۆرمەت ئۆزئارا بولىدۇ، ئاتا - ئانا بالىدىن ھۆرمەت تەلەپ قىلغاندا، ئالدى بىلەن ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى، بالىغا كىچىكىدىن باشلاپلا باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىتىش كېرەك. ھە دېسە بالىنى ئۆز مەيلىگە قويىۋېتىش بالىنى ھۆرمەتلىگەنلىك بولمايدۇ. ئاتا-ئانا بولغۇچى بالىلاردا ياخشى



پەزىلەت يېتىلدۈرمەن دەيدىكەن، ئۆزى باش بولۇپ ئۈلگە يارىتىشى، ئۆزى ئاشۇنداق ئېسىل پەزىلەتلىك بولۇشى كېرەك.

ئاتا - ئانىلار بالىلارنى تەربىيىلەشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن نېمىنىڭ توغرىلىقىنى، نېمىنىڭ خاتالىقىنى بىلىۋېلىشى، بالىنىڭ خاتالىقىغا قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشنى ئاۋۋال كۆڭلىگە پۈكۈۋېلىشى كېرەك.

ئەگەر ئوغلۇم ئۆيدە پالاكەتلىك قىلىپ ئۈستەللەرنى ئۆرۈپ سالسا، ئىستاكانلارنى چېقىۋەتسە ياكى نەرسىلىرىمنى بۇزۇپ قويسا، بۇ ئۇنىڭ قەستەنلىكىدىن بولمىغاچقا، بۇنى ماڭا قىلىنغان «جەڭ» دېمىدىم، بۇ ئىشلار پەقەت ئۇنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىنلا بولغان. بۇنداق چاغدا ئۇنى ئەيىبلىمىدىم ھەم جازالىمىدىم. پەقەت بۇنىڭدىن كېيىن سىپايىرەك بولۇشنى، قوپاللىق قىلماسلىقنى ئەسكەرتىپ قويدۇم.

ئەگەر كارل مېنىڭ دىققىتىمنى تارتىمەن دەپ ياكى مەلۇم ئىش دىتىغا ياقماي قەستەن ئىش تېرىسا، مەن مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئۇنى ئەدەپلەپ قوياتتىم.

ۋەھالەنكى، كارلنىڭ بۇنداق قىلىدىغان ۋاقتى بەك ئاز بولدى. ئۇ كىچىك چېغىدىلا مەن ئۇنى ئالدى بىلەن ھۆرمەتلىدىم. ئەزەلدىن ئۇنى سەۋەبسىز ئەيىبلىمىدىم، ئۇنىڭغا زورلۇق ئىشلەتمىدىم، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ مېنى ھۆرمەتلىشى تەبىئىي ئىدى.

## بالا چوڭ بولۇۋالسىلا سىزگە بوي بەرمەيدىغان بولۇۋالىدۇ

بالىلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۈستىدە توختالغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر: كىچىك بالىدا مەسئۇلىيەت نېمە قىلسۇن؟ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى چوڭلاردىلا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

www.uyghurkitap.com

تەكەللۇپ قىلمايلا ئېيتسام، بۇ ئۇچىغا چىققان خاتا قاراش.

ئاتا-ئانىلار بالىلىرى كىچىك چېغىدا ئۇلار بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىپ ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشكە پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇلارنى كىچىك، ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، چوڭراق بولغاندا بىر گەپ بولار، دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار شۇنى بىلمەيدۇكى، بالىلار چوڭ بولۇۋالسىلا ئاتا - ئانىسىغا بوي بەرمەيدىغان بولۇۋالىدۇ. چوڭ بولغۇچە بارلىق نۇقسانلارنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇپ، پاك ۋۇجۇدى ناچار ئىللەتلەر بىلەن بۇلغىنىپ بولىدۇ، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ.

مەسئۇلىيەت ۋە قىممەت تۇيغۇسى يوق بالا ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ۋە قىممىتىنى تاپالمىغانلىقتىن، بىخۇدلىشىپ، ئورنىغا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ - دە، ئاسانلا چاكىنىلىقلارغا مەپتۇن بولۇپ، مەنىۋى پاتقاققا پېتىپ قالىدۇ.

كارلنى تەربىيىلەشتە مەن ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى، ئۆز قىلمىشىنىڭ باشقىلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا لازىملىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشقا، شۇ ئارقىلىق ئۆزىدىكى ئىپتىخار ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى قوزغاشقا تىرىشتىم. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا، جەمئىيەتكە ئارىلىشىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭدىكى ئىپتىخارلىق ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇرلاپ، دائىرىسى كېڭىيىپ، ئائىلە بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، بۇنداق چاغدا ئائىلىدە يېتىلگەن بۇنداق تۇيغۇ دەل كەلگۈسىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ئاساسى. ئەگەر ئائىلىدە بۇنداق تۇيغۇ يېتىلمىسە، بالىلاردا جەمئىيەتكە، ئىنسانلارغا مەسئۇل بولىدىغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى ھېچنەدىن پەيدا بولمايدۇ.

ئۆيدە كارلغا داۋاملىق ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلدۇردۇم،



شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆز قىلمىشىنىڭ باشقىلارغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغىنىنى ۋە مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدا جىسمىدىكى ئاجىزلىقىنى يېڭىپ ھەر خىل ياخشى پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ئىشەنچىسىنى تىكلىدىم.

بىز دائىم كارلغا ماغدۇرى يېتىدىغان، يېشىغا ماس كېلىدىغان تازىلىق قىلىش، گۈللەرگە سۇ قۇيۇش دېگەندەك ئۆي ئىشلىرىنى قىلدۇردۇق. بىز كارل بىلەن باراۋەر پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇردۇق، بۇ ئۇنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشتىكى ياخشى چارە ئىدى، بىز ئۇنىڭ قەلب ئىزھارىنى ئاڭلاپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ خۇشاللىقلىرى، خاپىلىقلىرى توغرىسىدىمۇ سىرداشتۇق، ئەلۋەتتە، بىز ئۇ چۈشىنەلىگۈدەك دەرىجىدە سىرداشتۇق.

بەزىلەر بەلكىم «چوڭلارنىڭ ئىشىنى نېمشقا بالىغا دېگۈلۈك؟ بالىلار بىلەن بۇ توغرىسىدا سۆزلىشىشكە نەدىمۇ چولا تەگسۇن؟» دېيىشى مۇمكىن، ئەمما بالىلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى بەك يۇقىرى بولىدۇ، سىرتقى دۇنيانى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتەلەيدۇ. شۇغىنىسى، بەزىدە ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە چوڭلار پەرۋاسىز قارايدۇ.

مەن دائىم ئوغلۇمنىڭ «ئاپامغا نېمە بولدى؟ ئەجەب خاپا كۆرۈنىدىغۇ؟» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالىمەن، مانا بۇ ئۇنىڭ ئاپىسىغا كۆيۈنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇنداق چاغدا بىز بالىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك، ئەمما نۇرغۇن ئانىلار بۇنداق چاغدا «ھېچنېمە بولمىدىغۇ» ياكى «چوڭلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما» دەيدۇ. ئۆينىڭ باشقا ئىشلىرىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايدۇ، كۆن ئۇزارغانسېرى بالىدا «بۇ ئۆينىڭ ئىشلىرى مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەن، ئىش تېرىمىسامىلا، كىيىمىم تەل، تامىقىم تەييار بولسىلا كۇپايە» دېگەن ئوي تۇغۇلىدۇ.

مەن بۇنداق ئاتا ـ ئانىلارنى ياقتۇرمايمەن، ئۇلارنىڭ دەل مۇشۇنداق بىخەستەلىكى سەۋەبىدىن بالىلاردىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىتچىت بولىدۇ.

بىر قېتىم 16 ياشقا كىرگەن بىر يىگىت مېنى ئىزدەپ كېلىپ دەردىنى تۆكتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، دادىسى ھاراقكەش ئىكەن، ئاپىسىنى، سىڭىللىرىنى ئۇرۇپ قاقشىتىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ زادى چىدىيالماي دادىسىدىن نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ، دادىسى ئۇنىڭغا: «سەن نومۇس قىلماي تېخى مەندىن سەۋەبىنى سوراۋاتامسەن؟ بۇ يېشىڭدا پۇل تېپىپ ئۆزۈڭنى ۋە سىڭىللىرىڭنى بېقىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ» دەپ زەردە قىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئىنتايىن ئازابلىنىپتۇ، چۈنكى ئۇ بۇ مەسىلىنى پەقەت ئويلاپ باقمىغانىكەن، كىچىكىدە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا قانداق قىلىشنى ئۆگەتمىگەچكە، تاكى ھازىرغا قەدەر ئۇ باشقا بالىلار بىلەن سىرتلاردا ئويناپ يۈرۈشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەن، پەقەت قورسىقى ئاچقاندىلا غىزالىنىش ئۈچۈن ئۆيگە قايتىدىكەن. ئۇ ئەزەلدىن ئاتا ـ ئانىسى ۋە سىڭىللىرى توغرىسىدا ئويلىنىپ باقماپتىكەن، شۇڭا ئۇ كۈنى دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بەكلا ھەيران بوپتۇ. ئەگەر بىرەرى ئۇنىڭغا بالدۇرراق قانداق قىلىشنى ئۆگەتكەن بولسا، بۇ چاغقىچە ئانىسى ھەم سىڭىللىرىنىڭ ھۆددىسىدىن گەپ يوق چىقىپ بولار ئىكەن، ئۇ ئۆزىنى ھازىر بىر گۇناھكاردەك ھېس قىلىدىكەن.

نېمىدېگەن ياخشى بالا ـ ھە! ئۇنىڭ ئەسلىدىن تەبىئىتى سەمىمىي، ئۇ پەقەت ياخشى تەربىيە ئالالمىغاچقىلا گۇلدەك چاغلىرى بىكار ئۆتۈپ كەتكەن.

كېيىن ئۇ بالا دائىم يېنىمغا كېلىپ مەن بىلەن سىردىشىدىغان بولدى، مەنمۇ ئامال بار ئۇنىڭغا زۆرۈر بىلىملەرنى، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتتىم. ھازىر ئۇ بىر ياراملىق يىگىت بولۇپ كەتتى، تېخى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ



ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن خارابلىققا يۈزلەنگەن ئائىلىنى قۇتقۇزۇۋالدى. دادىسىغا ھاراقنى تاشلاتقۇزۇپ، ئانىسىنىمۇ بەختلىك قىلىپ ئىككى سىڭلىسىنىمۇ مەكتەپكە بەردى.

## بالىغا نىسبەتەن «ياق» ھەم «ماقۇل»نىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك

مەن بالىغا نىسبەتەن دائىم ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، باشتىن ـ ئاخىر «ياق» دەيدىغان يەردە «ياق» دېدىم، «ماقۇل» بولىدىغان يەردە «ماقۇل» دېدىم. ھەممىگە ئەستايىدىل بولۇپ بالىغا ياخشى تەسىر بېرىشكە تىرىشتىم. يول قويۇلمايدىغان ئىشلارغا باشتىلا، «ياق» دېدىم، مۇشۇنداق كۆندۈرگەندە بالا ئازابلانمايدۇ، ئەگەر ھېلى «ماقۇل» دەپ، ھېلى «ياق» دېسىڭىز، بالا ئازابلىنىشى تەبىئىي.

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى بالىلارغا تۈزۈپ بەرگەن «بەلگىلىمە»نى ھېلى ئىجرا قىلسا، ھېلى «بوپتۇ» دەپ ئۇنىڭغا بىر خىل پوزىتسىيە تۇتالمايدۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بالىدا «ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بەلگىلىمىسىنى بۇزسا بولىدىكەن» دېگەن تۇيغۇ شەكىللىنىپ قالىدۇ، ئاتا ـ ئانا ئۆز سۆزىگە ئەمەل قىلمىسا، يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئۆز «بەلگىلىمە»سىنى ئىجرا قىلمىسا، بالىدىن ئەستايىدىل بولۇشنى قانداقمۇ تەلەپ قىلالايدۇ؟

بالىنى ياخشى تەربىيىلەيمەن دەيدىكەن، ئاتا ـ ئانىلار شەيئىلەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا بىر خىل پوزىتسىيىدە بولۇشى لازىم، مەيدانى ئېنىق بولماسلىقتىن قەتئىي ھەزەر ئەيلىشى لازىم.

كارل ئىككى ياشقا كىرگەندىلا ئۇنىڭدا ئەڭ كىچىك ئىشلاردىن ياخشى تۇرمۇش ئادىتى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«قاچىدىكى تاماقنى ئاشۇرماسلىق» تەك داستىخان تۈزۈمى بەلگىلىدىم. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئۇنى چىنىقتۇرغىلى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدا ئىقتىسادچىل بولۇشتەك گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرگىلى بولاتتى.

ئەگەر ئۇنىڭ مېۋە ياكى پىرەنىك يېگۈسى كېلىپ كەتسە مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن تاماقلارنى يەپ بولۇپ ئاندىن يېيىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇنىڭغا قىلچىمۇ يۈز - خاتىرە قىلمىدىم.

بىز كارلىغا توغرا ھەرىكەت ئۆلچىمىنى بېكىتىپ بېرىپ ئۇنى قايتا - قايتا چېنىقتۇرغاچقا، ئۇ بارا - بارا بۇ ئۆلچەمگە كۆنۈپ كەتتى ھەمدە ئۆزىنى شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك، دەپ قارىدى.

مەن كارلىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىدا ھەر ئىشنىڭ مەلۇم «چېكى» بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۇنى شۇ بويىچە تەربىيىلىدىم. مەن ئۇنىڭ سەمىمىي بولۇشىنى، ۋەدىسىدە تۇرۇشىنى، ۋاقىتقا ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم. چۈنكى بۇلار ھەقىقىي ئىنسان ئۆز ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملەشكە تېگىشلىك گۈزەل پەزىلەت ئىدى.

ئاتا - ئانىلارنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولسا، جازالاش بىلەن مۇكاپاتلاشنى ئېنىق ئايرىسا، بۇلار بالىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىز بالىڭىزنىڭ سەمىمىي، راستچىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىڭىز ئەكسىچە بالىنى ئالداپ - قورقۇتۇپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر بالىڭىز بىلەن بەلگىلىمە تۈزگەن بولسىڭىز، بۇنىڭغا بەكرەك ئەمەل قىلىشىڭىز كېرەك.

بىر قېتىم مەن سەيلى قىلىۋېتىپ كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان مۇنداق بىر ئىشنى كۆردۈم. قوشنام سىمىت خانىم قىزىنىڭ كۆڭلىكىنى مەينەت قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى ئەيىبلەپ كەتتى. قىزى يىغلىغىلى تۇرغاندىن كېيىن دەرھال بىر تال پىرەنىكنى تەڭلەپ ئۇنى بېسىقتۇردى. مەن ئۇنىڭغا: «خانىم



نېمىشقا قىزىڭىزنى ئەيىبلەيسىز؟» دېسەم، ئۇ: «قارىمامسىز، قىزىم دائىم كۆڭلىكىنى مەينەت قىلىۋېتىدۇ» دېدى. مەن: «ئەمىسە يەنە نېمىشقا قىزىڭىزغا پىرەنىك بېرىسىز؟ بۇ ئۇنىڭ قىلمىشىنى تارتۇقلىغانلىقىڭىزمۇ ياكى ئۇنى ئەيىبلىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن كۆڭلىنى ياسىغىنىڭىزمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ لام - جىم دېيەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ماڭا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى ئۆزىمۇ بىلمەيۋاتاتتى.

بۇ چاغدا قىز ئانىسىنىڭ ھەرىكىتىدىن گاڭگىراپلا قالغان ئىدى، ئۇ ئانىسىدىن نېمىشقا تىل ئىشىتكىنىنىمۇ، ئانىسىنىڭ تىللاپ بولۇپ يەنە نېمىشقا پىرەنىك بەرگەنلىكىنىنىمۇ بىلمىدى. ئانىنىڭ قىلمىشى قىزىنى ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرەلمەس قىلىپ قويىدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قانداق چوڭ تەسىر كۆرسىتەر - ھە؟

مەن كارلىنى تولا جازالاپ، مۇكاپاتلاپ ئولتۇرمايمەن. ئەمما، جازالىسام ياكى مۇكاپاتلىسام، ئۇنىڭغا خېلى تەسىر قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەن ئۇنى ماددىي بۇيۇملار بىلەنلا مۇكاپاتلاپ قالماي، يەنە ئۇنىڭغا تىرىشچانلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ خۇشاللىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرىمەن.

مەن ئۇنى دائىم كىتاب ئوقۇتۇپ ئەقلىي، ئەخلاقىي جەھەتتە تەڭ تەربىيىلەيمەن. ئۇي ئىشلىرىمۇ ھەممە ئائىلە ئەزالىرى ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت. ئەگەر ئۇنىڭ ئىپادىسى ئالاھىدە بولسا، ئۇنى چوقۇم ماددىي جەھەتتە مۇكاپاتلايمەن ياكى ئۇزۇندىن بېرى بېرىشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان يەرگە ساياھەتكە ئاپىرىمەن.

ئوغلۇمنى جازالاشتا ئەزەلدىن پىرىنسىپقا قاتتىق ئەمەل قىلدىم. ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قايىل قىلىپ جازالىدىم، بولمىسا جازالاشنىڭ تەربىيىلەش رولى جارى بولمايتتى. جازالاشتىن بۇرۇن ئۇنى ئالدىن ئاگاھلاندۇردۇم، ئەگەر ئۇ يەنە

خاتالىق سادىر قىلسا، دېگىنىمگە ئەمەل قىلىپ ئۇنى جازالىدىم ھەمدە ئۇنىڭغا جازالاش سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەندۈردۈم.

مېنىڭچە بالىلارغا ئۆز قىلمىشىنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك، شۇندىلا ئۇلار ھەر قانداق ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن قىلىدىغان، قول ئۇچىدىلا پۈتتۈرۈشكە ئالدىرىمايدىغان بولىدۇ.

مەن ئىلگىرى كارلغا: «ئەتىگەندە چوقۇم دەل ۋاقتىدا ئورنۇڭدىن تۇرۇشۇڭ كېرەك. بولمىسا مەن سېنى ناشتا قىلماسلىق قارارىغا كەپتۇ دەپ چۈشىنىمەن، سەن ئۆز قىلمىشىڭغا ئۆزۈڭ ئىگە بولۇشۇڭ كېرەك» دېگەنىدىم، بىر قېتىم ئۇ ئورنىدىن ۋاقچىراق تۇردى. تاماق ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ناشتىلىق داستىخان ئاللىقاچان يىغىشتۇرۇلۇپ بولغانىدى. ئۇ ماڭا قاراپ ئۆز قىلمىشىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇۋىدى. مەن : «ئەپسۇس، مېنىڭچە بولسا ناشتىلىقىڭنى ئۈستەلگە قويۇپ قويغۇم بار ئىدى، ئەمما ئوتتۇرىمىزدا كېلىشىم بولغاچقا ئۇنى خالىغانچە بۇزالمىدىم، بۇنى ئۆزۈڭدىن كۆرسەڭ بولىدۇ» دېدىم.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشتىن ئارىمىزدىكى كېلىشىمنىڭ مۇھىملىقى گەۋدىلەندى. كارل كېلىشىمگە ئەستايىدىل ئەمەل قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئاخىر ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتتى.

## بالا ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولسۇن

بۇۋاق دۇنياغا كېلىپلا ئۆز ئاجىزلىقىغا قارىماي يەنىلا بىرەر ئىشلارنى قىلىپ بېقىشقا، ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق يات دۇنياغا ماسلىشىشقا تىرىشىدۇ.

شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بالا قانچىلىك ئاجىز بولسۇن، ئۇ



ھامان بىر كۈنى دۇنيادا پۇت تىرەپ تۇرىدىغان ئادەمگە ئايلىنىدۇ. مەن بارلىق مۇھەببىتىمنى سەرپ قىلىپ بالامنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشىگە، ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىشىگە ھەمدەم بولدۇم.

ئۇ گەرچە ئاجىز بولسىمۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭ ئىقتىدارىدىن ھەرگىز گۇمان قىلمىدىم. نۇرغۇن كىشىلەر بالىلارنى مەلۇم ياش باسقۇچىغا كەلگەندىلا بەزى ئىشلارنى قىلالايدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن مەن بۇلارغا ئەمەس، بەلكى بالىنىڭ قەلبىدە ئىشەنچ تىكلەشكە بەكرەك قىزىقىمەن، بۇ ھەممىدىن مۇھىم.

كارل ئىككى ياشقا كىرگەندە ئاپىسىغا ياردەملىشىپ تاماق ئۈستىلىنى يىغىشتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى. ھەر قېتىم ئۆيگە مېھمانلار كەلگەندە، ئۇلار ئۇنىڭ قولىدىكى تەخسىنى كۆرسە دائىم «كارل، ئېھتىيات قىلغىن، ئۇنى سۇندۇرىۋەتمىگىن يەنە» دەيتتى، مەن ئاق كۆڭۈل مېھمانلارغا «خاتىرجەم بولۇڭلار، كارل ئۇنى جايىغا قويالايدۇ» دەيتتىم.

ئاشۇ كۆڭۈلچەك مېھمانلار شۇنى بىلمەيدۇكى، ئەگەر ئۇنىڭغا تەخسىنىمۇ تۇتقۇزمىسام، بەلكىم «تەخسە» چېقىلماي مەڭگۈ ساقلىنىپ قالار. ئەمما ئاشۇ بىر ئېغىز «تەگمە» بىلەن بالىنىڭ قەلبىدىكى ئىشەنچ تۇيغۇسىغا دەز كېتىدۇ. بۇ كېيىن ئۇنىڭ مەلۇم خىل ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

كارل ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ئۆزى كىيىشكە باشلىغاندا دائىم تەتۈر كىيىۋالاتتى، ئەمما بىز ئۇنى ئەيىبلىمەي، مەسخىرە قىلماي، ماختاپ ئۇنىڭغا ئەستايىدىللىق بىلەن قانداق قىلىشنى ئۆگىتەتتۇق.

مەن يەنە ئۇنى قولى كەلمىسىمۇ ئۆز ھۇجرىسىنى جابدۇشقا ئىلھاملاندۇردۇم. كارلغا ھۇجرىسىنى پاك- پاكىز يىغىشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى شۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلىش ئەڭ مۇھىم ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كارل ئۆز قولى بىلەن بۇ ئىشلارنى قىلىش جەريانىدا چىنىقتى، ئىزدەندى، ئىشىنىمەنكى پەقەت چىنىقىش ۋە ئىزدىنىش جەريانى بولغاندىلا ئۇ يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقالايتتى.

ئەگەر بالا خاتالىق سادىر قىلسا ياكى بىرەر ئىشنى قامالاشتۇرالمىسا، ئۇنىڭغا سوغۇق گەپ قىلىپ ياكى قوپاللىق قىلىپ ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئىسپاتلاپ بەرمىسەكمۇ بولىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، بالىلارنىڭ بىرەر ئىشنى قىلالماسلىقى تەجرىبىسىنىڭ ياكى ئەپچىل تېخنىكىسىنىڭ كەملىكىنىلا بىلدۈرىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ شۇ ئىشنى قىلالمايدىغانلىقىنى ياكى ئىقتىدارسىزلىقىنى ئىسپاتلىمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن بالىلارغا قانداق قىلىشنى ئۆگىتىش مەسئۇلىيىتى بار.

ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىلارنىڭ خاتالىق سادىر قىلىشىغا ۋە مەغلۇپ بولۇشىغا يول قويۇشى كېرەك. بالىلارمۇ چوڭلاردەكلا خاتالىق سادىر قىلىش، شۇنداقلا خاتالىقىنى تۈزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. خاتالىق سادىر قىلىش، شۇنداقلا ئۇنى تۈزىتىشنىڭ ئۆزى بىر ئېسىل خىسلەت.

بالىلارنى مۇشۇنداق ئىلھاملاندۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش ئىقتىدارىنى ۋە مۇستەقىللىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. مەن ئوغلۇمنى تەربىيىلىگەندە، ئۇنى ئۆزىنىڭ چامى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئىلھاملاندۇردۇم. بىرەر مەسىلىگە يولۇقسا، دائىم ئۆزى ئامال تېپىپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئېيتتىم.

مەن كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئۇنى تەرتىپلىك تۇرمۇشقا كۆندۈردۈم. ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئەتراپلىق پىلانلاپ، ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ قىزىقىشىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولدۇم. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنى قېلىپقا چۈشۈرۈپ قويۇش ئەمەس، بەلكى تالانتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تاكامۇللاشتۇرۇشتۇر.



يەتتىنچى باب

# قانداق تەربىيە بالىغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ

*بالا گۆدەكلىكىدىن ھەر خىل خاتالىقلارنى سادىر قىلىشى مۇمكىن، بۇ چاغدا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىلارنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ئۇلارنى ئىش ئۇقمايدۇ دەپ ھۆرمەتلىمىسە بولمايدۇ. مەن كىچىك بالىلارغىمۇ چوڭلاردەك مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇلارنىمۇ چوڭلارنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەش كېرەك، دەپ قارايمەن.*

## مەن ئوغلۇمنى ئورۇنلۇق ھالدا «چىڭ» تۇتتۇم

مەن ئوغلۇمنى چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلىدىم، ئەمما ئۇنىڭغا مۇستەبىتلىك قىلمىدىم. بۇ يەردىكى مۇستەبىتلىك — بالىنى ئۆزىگە قارىغۇلارچە قەتئىي باش ئەگدۈرۈش، بويسۇندۇرۇش دېگەنلىكتۇر. مەن بولسام ئوغلۇمنى ئورۇنلۇق ھالدا «چىڭ» تۇتتۇم.

مەيلى تەربىيىلەشتە بولسۇن، ياكى باشقا جەھەتتە بولسۇن مەن مۇستەبىتلىك بىلەن باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا قەتئىي قارشى. بالىنى باشقۇرۇشتا ئۇنىڭغا قائىدە چۈشەندۈرۈش، قائىدە ئارقىلىق ئۇنى قايىل قىلىش ھەر قانداق زورلۇقتىن ئۈستۈن

تۇرىدۇ، كارلغا قارىتىلغان «چىلىڭ» تەربىيىنىڭ ئۇنى قىلچىمۇ ئازابلىماسلىقىدىكى سەۋەبمۇ دەل مۇشۇ.

ئوغلۇمنى تەربىيىلىگەندە ئالدى بىلەن ئۇنى ھۆرمەتلىدىم. ئىززەت - ھۆرمىتىگە، غۇرۇرىغا تەگمەسلىك ئاساسىدا ئۇ قوبۇل قىلالايدىغان قىسمەن قائىدىلەرنى ئۇنىڭغا چۈشەندۇردۇم.

مەن باشقىلار ئالدىدا بالىلارنى كەمسىتىدىغان قىلمىشقا قارشى. ئوغلۇم خاتالاشقان چاغلاردا ھەرگىز باشقىلارنىڭ ئالدىدىلا ئۇنى مازاق قىلمىدىم ھەم ياتلىمىدىم. ئەكسىچە ھەر دائىم ئوغلۇمغا ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆيۈنۈۋاتقىنىمنى، ئۇنىڭغا ياخشى بولسۇن دەۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدۇرۇپ كەلدىم.

ئۇنىڭغا بىرەر ئىشنى قىلدۇرۇشتىن بۇرۇن بۇ ئىشنى قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، بۇنىڭ ئۇنىڭ ئۆز دائىرىسىدىكى، ئۆزى بېجىرىشى زۆرۈر ئىش ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ ئۇنى زورلىغىنىم ئەمەسلىكىنى ئېنىق چۈشەندۇردۇم.

ئەگەر، ئوغلۇم ئويناۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن قوشنىمىزنىڭ نەرسىلىرىنى بۇزۇۋېتىپ قويسا ياكى گۈللۈكىنى دەسسەپ سالسا، قوشنىمىزنىڭ بىلگەن ياكى بىلمىگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ئاتلىقلىق بىلەن بېرىپ كەچۈرۈم سوراشقا بۇيرۇدۇم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن، كارل قەدىمكى چەۋەندازلارنى دوراپ قىن - قىنىغا پاتماي ئويناۋاتاتتى. ئۇ ئۇزۇن بادىرنى قىلىچ قىلىپ خىيالىدىكى قاراقچىلار بىلەن ھە دەپ ئېلىشىشقا چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، شۇ تاپتا ئۇ ئويۇندا ئۆزىنى ھەقىقىي قەھرىمان ھېسابلاۋاتاتتى. بالىلارنىڭ ئۇنداق ئويۇنلىرى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشكە ھەم تەن سالامەتلىكىگە پايدىلىق بولغاچقا، مەن ئوغلۇمنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرۈشكە ھېرىس ئىدىم. ئۇنىڭ گومۇش كىتاب خالتىسى بولۇپ قېلىشىنى خالىمىغاچقا، بۇنداق ئويۇنلىرىنى قوللايتتىم.



تويۇقسىز ئۇ «ئاپلا» دەپلا تۇرۇپ قالدى. ئەسلىدە «كەسكىن جەڭ»دە ئۇ قوشنىمىزنىڭ گۈللۈكىدىكى بىر تال گۈلنى سۇندۇرۇۋەتكەنىكەن. گۈلنىڭ شېخى سۇنۇپ، بەرگىلىرى ھاۋادا تۇزۇپ كەتكەنىدى. مەن سوغۇق قانلىق بىلەن ئۇنىڭ قانداق قىلىشىنى كۆزىتىپ تۇردۇم.

كارل قوشنىمىزنىڭ ئىشىكىگە قارىدى، ئىشىك يېپىقلىق بولۇپ ھېچكىم يوق ئىدى. مېنىڭ كۆزىتىپ تۇرغانلىقىمنىمۇ تېخى سەزمىگەنىدى، ئۇ ئۆرۈلۈپ «قېچىش» ئويىدا بولۇۋاتقاندا، مەن ئۇنى توختىتىۋالدىم.

— كارل!

بۇ چاغدا كارل قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى بولغاي، ئاستا ئالدىمغا كەلدى.

— خاتالىق ئۆتكۈزگىنىڭنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، — ئۇ ئاستا جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق بولسا ئەمدى قانداق قىلىشىڭ كېرەك؟

— بىلمەيمەن، — كارل بېشىنى سىلىۋالدى.

— بالام، گېپىمگە قۇلاق سال، ھازىر دەرھال قوشنىمىزنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورىغىن.

— ئەمما مەن قەستەن قىلمىدىم، — دېدى كارل ئۆزىنى ئاقلاپ، ئۇ كەچۈرۈم سوراشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلمىگەنىدى.

— كارل، ئېسىڭدە بولسۇنكى، كىشىلەر خاتالىق سادىر قىلغان چاغدا كۆپىنچە قەستەن قىلمايدۇ، لېكىن خاتالىقنى سادىر قىلغانىكەن، چوقۇم ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشى كېرەك. قوشنىمىز گەرچە سېنىڭ قىلغىنىڭنى بىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار زىيانغا ئۇچرىدى، سەن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورىشىڭ كېرەك. ئادەم باشقىلارغا زىيان سېلىپ بولۇپ قويۇرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتمەسلىكى لازىم. سەن قەدىمكى چەۋەندازلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دوراۋاتاتتىڭغۇ؟ بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقىنى، مەردانىلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟.

— دادا، چۈشەندىم، — كارل خۇددى ھەقىقىي چەۋەندازلاردەك قەددىنى تىك تۇتۇپ قوشنىمىزنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

ئەتىسى، قوشنام بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىمدا، ئۇ گۈلنىڭ سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى تىلغا ئالمىدى، پەقەت:

— باستىر ۋىتىر، ئوغلىڭىز سەمىمىي ئادەم بوپتۇ، — دېدى.

قەھرىمان چەۋەندازلار كارل چوقۇنىدىغان مەبۇد. مەن ئاشۇ چەۋەندازلاردىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ئىلھام بەردىم، كەچۈرۈم سوراشنىڭ قانداقتۇر خىجىل بولىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى، مەيلى قەستەنلىكتىن ياكى بىخەستەلىكتىن بولسۇن، خاتالىقنىڭ ھەمىشە ئۆزىنىڭ مەسئۇل بولۇش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردۈم.

مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، مەن ئوغلۇمغا ۋارقىرايدىغان، ئۆينى بېشىمغا كىيىدىغان ئۇسۇلنى قوللانمىدىم. ئۇنداق قىلساق قوشنىلارنى بىسەرەمجان قىلىپلا قالماي، يەنە بالىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ قويۇشىمىز، ئىشنى چوڭايتىۋېتىشىمىزمۇ مۇمكىن .

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى چىڭ تۇتۇش، قاتتىقراق باشقۇرۇشنى مۇتلەق يوللۇق دەپ قاراپ، ئۆزىمۇ سەزمەيلا بىر زالىمغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بالىلىرىنى بولسا نېمە دېسە ھە دەيدىغان ياۋاش بىچارىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلار بالا گېپىمنى ئاڭلىمىغاندىكىن، قوپاللىق ۋە زورلۇق قىلىشقا ھەقلىقمەن، دەپ ئويلايدۇ، بۇنداق قىلىش بالىنى ئۆزىگە توغرا قارىيالمايدىغان، ئاتا ـ ئانىسىغىلا ئەمەس، ھەممە ئادەمگە ئۆچلۈك قىلىدىغان، قورسىقىدا غۇم ساقلايدىغان قىلىپ قويىدۇ.



ئىلگىرى مەن مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىغانىدىم.

قوي بېقىشقا ئامراق بىر بالا بولغانىكەن، ئۇ قوزىسىنى ھەر كۈنى مەھەللىدىكى دۆڭلۈككە ئاپىرىپ ئوتلىتىدىكەن، قوزىچاقنىڭ يۇمران ئوتلارنى مەززە قىلىپ يېگىنىنى كۆرگەندە كۆڭلى شۇنچىلىك سۆيۈنۈپ كېتىدىكەن. ئاڭلىغان ھېكايىلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ شېرىن خىياللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ قوزىچاققىلا دەپ بېرىدىكەن. ئۇ قوزىچاق بىلەن دۆڭلۈكتە ئاپتاپقا قاقلىنىشنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئىش دەپ قارايدىكەن.

ئەمما، بىر كۈنى ئۇ دۆڭلۈكتە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ، ئويغىنىپ قارىسا قوزىچاق يوق تۇرغۇدەك. ئۇ قوزىچاق ئەزەلدىن يىراققا كېتىپ باقمايتتىكەن، بالا جىددىيلىشىپ كېتىپ ھەر يانغا چېپىپ ئۇنى ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ، ئەمدى قوزىچاقنى مەڭگۈ تاپالماسمەنمۇ دەپ ئويلاپ تىتىلداپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

قاش قارايغاندا ئۇ ئۆيىگە يىغلاپ كەپتۇ ۋە بۇ ئىشنى دادىسىغا ئېيتىپ ئۇنىڭ ئىزدىشىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن دادىسى بۇنى ئاڭلاپلا: «ئۆيدىكى بىردىنبىر مۈلۈكنى يىتتۈرىۋېتىپسەن، قوينى تاپالمىساڭ يوقال. مەڭگۈ قايتىپ كەلگۈچى بولما» دەپ ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. تاياقتىن باش كۆزى قانغا بويالغان بالىنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بوپتۇ.

ئۇ قاراڭغۇدا دۆڭلۈكتە توختىماي يىغلاپ يۈرۈپ «دادام نېمىشقا مېنى ئۇرىدۇ؟ مەن قوزىچاقنى قەستەن يوقىتىپ قويمىسام، قوزىچاقنىڭ يىتىپ كەتكىنىگە مەنمۇ ئازابلىنىۋاتىمەنغۇ، قوينى دەپ دادام مېنى ئۆيدىن مەڭگۈ قوغلىدى، ئەجەبا مەن قويچىلىك ئەمەسمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

بىر ئازدىن كېيىن، ئۇ يىراقتا بىر ئاق سايىنى كۆرۈپتۇ،

يېقىن بىرىپ قارىسا ئۇ دەل ھېلىقى قوزىچاق بولۇپ غىممىدە يوق ئوتلاۋاتقانىكەن.

بۇ چاغدا قاتتىق خورلۇققا ئۇچرىغان بالىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپتۇ. ئادەتتە قوزىچاقنى باغرىغا بېسىپ سىلاپ - سىيپايدىغان بالا قولىغا بىر پارچە تاشنى ئېلىپ «سېنى دەپ دادامدىن ئاھانەت ئىشتتىم، تاياق يېدىم. . . » دەپ زەردە بىلەن قوزىچاقنى ئۇرۇپ يەنجىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى، كىشىلەر دۆڭلۈكتىكى بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىدە قوزىچاقنىڭ ئۆلۈكىنى بايقاپتۇ. ئەمما بالىمۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىگە قايتا ئاياغ باسماپتۇ.

ئەينى چاغدا بالىنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستىنى ئۆلتۈرىۋەتكەندىكى يۈرەك ئازابىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس .

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىدە قالدۇرغان يارىسىنى ساقايتىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق قارا كۆلەڭگە پەرىشتىدەك ئاق كۆڭۈل بالىنى رەھىمسىز ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

## بالىنىڭ زېھنىنى نابۇت قىلماڭ، بالىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا زىيان يەتكۈزمەڭ

باللارنىڭ زېھنىنى نابۇت قىلماسلىق، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك — بالىلار تەربىيىسىدىكى مۇھىم ھالقا. ناۋادا بالا نورمال ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتسا، بىر ئۆمۈر ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرەلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر كارل باشقىلارغا قاملاشمايدىغان گەپلەرنى قىلىپ



سالسا، ئۇنى دەرھال ئەدەبلىمەيمەن، ئەكسىچە قارشى تەرەپتىن: «مېنىڭ بالام سەھرادا چوڭ بولغان، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ» دەپ ئەپۇ سورايمەن. بۇ چاغدا ئوغلۇم دەرھال ئۆزىنىڭ بىئەپ گەپ قىلىپ قويغىنىنى ھېس قىلىدۇ-دە، بىر ئاز تۇرۇپ ئۆزىنىڭ نېمە گەپنى خاتا قىلغانلىقىنى سورايدۇ. بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ: «بايامقى گەپلىرىڭنىڭغۇ خاتاسى يوق، مەنمۇ شۇنداق قارايمەن، ئەمما باشقىلارنىڭ ئالدىدىلا ئۇنداق دېسەڭ تازا ياخشى بولمايدۇ، ئەجەبا سەن ئۇ گەپلەرنى قىلغاندا پېتېر ئەپەندىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ باشقىلار ساڭا ئامراق بولغاچقا ھەم مېنىڭ يۈزۈمنى قىلغاچقىلا ساڭا ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئەمما ئىچىدە بەك خاپا بولدى، سېنىڭ گېپىڭدىن كېيىن پېتېر ئەپەندى ئىككىنچى ئېغىز ئاچمىدى» دەيمەن.

ئوغلۇمغا مۇشۇ ئارقىلىق ئىشنىڭ ئېپىنى ئۆگەتسەم، بۇ ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا زىيان يەتكۈزمەس، دەپ ئويلايمەن.

بۇنداق تەربىيىلەش ئۇسۇلىنىڭ ياخشىلىقىنى تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرسىتىش ئۈچۈن مەن بۇ ئىشنى باشقىچە مۇلاھىزە قىلىپ بېرەي.

ئەگەر ئوغلۇم مېنىڭ تەنقىدىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ تەن بەرمەي: «مەن راست گەپ قىلدىمغۇ» دېسە، مەن: «شۇنداق، سەن راست گەپ قىلدىڭ، ئەمما پېتېر ئەپەندى كۆڭلىدە: مېنىڭ ئۆز قارىشىم بار، سەن كىچىك تۇرۇپ نېمىنى بىلەتتىڭ، دېيىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ دېگىنىڭ راست بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى دېيىشىڭنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوققۇ؟ ئۇ ئىشنىڭ راستلىقى ھەممىگە ئايان بولغاچقا ھەممە ئادەم بىردىنلا جىمىپ قالدى، سەن ئۇنىڭ راستلىقىنى مەنلا بىلىمەن دەپ ئەخمەقلەرچە ئويلاپسەن. چوڭلار بالىلارنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە

www.uyghurkitap.com

ھوقۇقلۇق، باللار ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا خاتالىق سادىر قىلىدۇ. بۇ توغرىدا سۆزلىشىش نومۇس قىلغۇدەك ئىش ئەمەس. شۇنداقتىمۇ كىشىلەر سىنىڭ كەمچىلىكلىرىڭنى بىلمەسكە سالىدىغۇ؟ كىشىلەر مېنىڭ كەمچىلىكىمنى بىلمەيدۇغۇ دەپ ئويلىساڭ، بەك خاتالاشقان بولىسەن. ئەمەلىيەتتە كىشىلەر سىنىڭ كەمچىلىكىڭنى بىلىپ بولغان، ئەمما ھەممىسى بىلمەسكە سېلىپ ئۆندىمىدى. ئۇلار سىنىڭ يۈزۈڭنى ئايىدى، يۈزى چۈشىسۇن دەپ ئادەمگەرچىلىك قىلدى. ئەمدىغۇ ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنگەنسەن؟ بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى بايقىساڭ قانداق قىلىسەن؟ چوقۇم ئۇلاردەك قىلىشىڭ زۆرۈر. ئىنجىلدىمۇ ‹ئۆزۈڭ قىلىشنى خالىمىغان ئىشنى قوشناڭغا زورلىما›، دېيىلگەنغۇ، بۇنىڭدىكى سىر شۇنچىلىكلا. شۇڭا كىشىلەر ئالدىدا باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ۋە كەمچىلىكىنى ئېچىش ناھايىتى ناچار ئىش» دەيتتىم.

كارل تېخى گۆدەك بولغاچقا، مېنىڭ بۇنداق چۈشەندۈرۈشلىرىمدىن يەنىلا گاڭگىراپ قېلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ ئىدىيىسى تېخى چوڭلارنىڭكىدەك ئېچىلىپ كەتمىگەچكە، بۇنداق جاھاندارچىلىق قىلىشنى سەممىيەتسىزلىك دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما مېنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمنىڭ يېتەرلىك ئاساسى بار.

ئەگەر ئوغلۇم يەنىلا چۈشەنمەي: «ئەمىسە مەن يالغان سۆزلىگەن بولمامدىمەن؟» دېسە، مەن ئۇنىڭغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ: «ياق، سەن ھەرگىز يالغانچى بولۇپ قالمايسەن، ساختىپەزمۇ بولمايسەن. سىنىڭ يالغان سۆزلىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۈندىمىسەڭلا بولىدى، ئەگەر ھەممە ئادەم بىر-بىرىدىن قۇسۇر ئىزدەپ، خاتالىق تېپىپ، ئۇنى يۈزىگە سېلىپ يۈرسە، بۇ دۇنيا ئۇرۇش - جېدەلگە تولۇپ كەتمەمدۇ؟ ئۇ چاغدا بىز قانداقمۇ خاتىرجەم ئىشلىيەلەيمىز، خاتىرجەم



تۇرمۇش كەچۈرەلەيمىز؟» دېگەن بولاتتىم.

خۇشاللىنارلىقى، كارلغا بۇنچىلىك ئېغىز ئۆپرىتىشىم بىھاجەت، چۈنكى ئۇ بىر نەچچە ئېغىز گېپىمدىن دەرھال ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ھېس قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق خاتالىق سادىر قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بېرەلەيدۇ.

مەن ئوغلۇمنى ئەنە شۇنداق تەربىيىلىدىم.

مەن ئۆز تەربىيەمنىڭ ئادەمگەرچىلىككە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. كارلغا مۇستەبىتلىك يۈرگۈزمەيمەن، زېھنىنىمۇ نابۇت قىلمايمەن، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغىمۇ زىيان يەتكۈزمەيمەن.

مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا، تەربىيەمنى ئازراق «چوڭ ئادەملەشتۈرۈش» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇنداق ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىشىمدىكى سەۋەب يەنىلا كارلنىڭ تىل ئىقتىدارىنى بۇرۇنراق تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىمدىن بولدى.

كارلنىڭ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشى ياخشى بولغاچقا، گەپنىڭ ئۇچىنى ئازراقلا چىقىرىپ قويسىملا قالدىسىنى ئۆزى تېپىۋالىدۇ. ئادەتتىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ چۈشىنەلەيدىغان سۆزلۈكلىرى ئاز بولىدۇ، شۇڭا بۇنداق تەربىيە ئۆز رولىنى دېگەندەك جارى قىلدۇرالمايدۇ.

نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى ياكى سورۇندىكى قاملاشمىغان قىلىقلىرىنى شۇ مەيداندىلا سۆكۈپ كېتىدۇ، ھەتتا سىلكىپ ئۇلارنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى ئەيىبلەيدۇ. ۋەھالەنكى ئۆزىنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئويلىنىپ باقمايدۇ.

ئۆزۈمنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مەن بىر مىسال كەلتۈرەي. مېنىڭچە بىر تالاي نەزەرىيىلەردىن ئەمەلىيەتنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ئارتۇقراق.

ئاندونادېر خانىمنىڭ ئوغلى كارل ئوغلۇم بىلەن ئىسىمداش،

كارلدىن ئىككى ياش چوڭ بولۇپ، ئەقىللىق بالا ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ نورغۇن ناچار ئىللەتلىرى بار ئىدى، ئۆزىدىن كىچىكلەرنى بوزەك قىلاتتى. ھە دېسىلا باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى يۈزىگە سېلىشقا ئامراق ئىدى.

بىر كۈنى كوچىدا تۇيۇقسىز ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن ئۇلار بىلەن قىزغىن پاراڭلاشقاچ چوڭ كارلنى ئەركىلىتىپ بېشىنى سىلاپ قويدۇم.

— باستېر ۋىتىر، سىز قارىماققا بىر جانسىز جەسەتتەك كۆرۈنىدىكەنسىز، چىرايىڭىز نېمانچە تاتىراڭغۇ، — دېدى چوڭ كارل تارتىنماستىن.

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دېگىنى ھەر ھالدا راست ئىدى، بىر نەچچە كۈن شامالداپ قېلىپ ئاغرىپ ياتقاچقا چىرايىم تاتىرىپ كەتكەنىدى. ناۋادا مېنىڭ ئوغلۇم بولسا ھەرگىز ئۇنداق دېمەس ئىدى، چۈنكى بۇنداق تۈزلۈكنىڭ ئەدەپسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. چوڭ كارلنىڭ بۇ قاملاشمىغان گېپىنى كىممۇ قوبۇل قىلالىسۇن؟

مەن ئۇنىڭ گېپىگە خاپا بولمىدىمىيۇ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

ئاندونادېر خانىم ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەي دېدى ۋە مەن ئەزەلدىن قوللىنىپ باقمىغان ئۇسۇلنى قوللاندى:

— قارا ھەددىڭدىن ئاشقىنىڭغا، ۋىتىر ئەپەندىمگە نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، ھە! — دەپلا بالىنىڭ كاچىتىغا ئىككىنى سالدى.

مەن ئالدىراپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدىم. ئەمما چوڭ كارلنىڭ ئاغزى بېسىلمىدى:

— راست دېدىمغۇ، قارا ئۇنىڭ يۈزىگە . . . مەن يالغان سۆزلىمىدىم. نېمە دەپ مېنى ئۇرىسەن؟ زادى نېمىشقا ئۇرىسەن؟ — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ھە دەپ ئانىسىغا ئېتىلدى.

ئاندونادېر خانىم قورققىنىدىن بالىسىنى سۆرىگىنىچە كېتىپ



قالدى.

يىراقلاۋاتقان ئانا - بالىغا قاراپ ئېغىر ئۇھ تارتتىم، ئىچىمدە چوڭ كارل ئۆيىگە بېرىپ يەنە دۈمبا يەيدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم.

گەرچە چوڭ كارلنىڭ خەقنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان خۇيىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان بولساممۇ، ئەمما بۇ قېتىم بەلكىم ئۇ قەستەن قىلمىغاندۇ، دەپ ئويلىدىم، ئۇ پەقەت لايىقىدا قىلىدىغان گەپ تاپالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ ماڭا «ۋىتىر ئەپەندىم، چىرايىڭىزنىڭ ئەجەب ئىلگىرىكىدەك نۇرى يوققۇ؟ ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟» دېگەن بولسا، ئوخشىمىغان مەندىن ئوخشاش مەقسەتنى ئىپادىلەيتتى ئەمەسمۇ؟ ئالدىنقىسى زەھەرخەندىلەرچە قوسۇر ئىزدەش بولسا، كېيىنكىسى باشقىلارغا بولغان كۆيۈنۈش ئىدىغۇ؟

ئاندونادېر خانىمغا كەلسەك، ئۇنىڭ قىلمىشى تېخىمۇ خاتا ئىدى. ئۇ كۆپچىلىك قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسۇلدا بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش كېرەك ئىدى، بالىنى جازالاش بىلەن ئىش پۈتمەيتتى، بۇ نۇقتىدىن ئۇنىڭ ئادەتتە بالا تەربىيىلەشتە قوللانغان ئۇسۇلىنىڭ نەقەدەر خاتا ھەم يېتەرسىزلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

بۇنىڭدىن، بالىلارغا مول تىل بىلىمى ئۆگىتىش، ئۇلاردا ياخشى - ياماننى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەن ئاندونادېر خانىمنىڭ بۇ داۋلىنى چۈشىنىۋېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. بولمىسا ئوغلۇم بىلەن ئىسىمداش ئۇ بالىنىڭ ئوغلۇمدەك گۈزەل تۇرمۇشقا ئىگە بولالماسلىقى تۇرغان گەپتە!

www.uyghurkitap.com

## بالىنى خاتا ئەيىبلىمەسلىك كېرەك

بالىنى تەنقىدلىگەندە ئۇنى چىن كۆڭلىدىن قايىل قىلىپ تۇرۇپ ئاندىن تەنقىدلەش كېرەك. ئەمما بۇنى دېيىش ئاسان، قىلماق مۇشكۇل.

ئالدى بىلەن بىز بالا چۈشىنەلەيدىغان قائىدىلەر ۋە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئۇلارنى تەربىيىلىشىمىز كېرەك. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۆزى مەلۇم ئىشقا قارىتا ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ بالىنى باشقۇرىمەن دېسە، بالىنى قايىل قىلالمايدۇ؟ شۇڭا بالىغا چۈشىنىشلىك ئاددىي قائىدىلەرنى سۆزلەش ؛ ئۇلار چۈشەنمەيدىغان، ئىلمىي ھەم مۇرەككەپ قائىدىلەرنى زورلاپ تاڭماسلىق كېرەك. كىتابتىكى قائىدىلەرنى ئۇلارغا سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش، ئەمما ئۇنى شۇ پېتى دېمەسلىك كېرەك. بولمىسا ئۇلار بۇ مۇرەككەپ قائىدىلەرنى چۈشىنەلمەي قىيىنىلىپ كېتىدۇ.

شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، بالىنى تەنقىدلەش ھەرگىزمۇ بالىنى جازالاش ياكى ئۇنى ئاچچىق چىقىرىدىغان ئوبيېكت قىلىۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس. ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، گەپ ـ سۆزى بالىدا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

مەن كارلىنى تەربىيىلەشتە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشىنىشكە تىرىشتىم. مەلۇم خاتالىقنى تەنقىدلەشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئىشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ ئاندىن گەپ قىلدىم.

بەزىدە ئۇنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ تۇرۇپلا سۇسلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بايقايمەن، ئادەتتە ئۇ ئۆگىنىشكە بەك ھېرىس



بولغاچقىمىكىن، ئۇنىڭدىكى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغايدۇ. ئۇنداق چاغدا مېنىڭدىكى تۇنجى ئىنكاس «بۇ بالا نېمىشقا ئۆگەنمەيدىغاندۇ؟»، «ئۇ نېمە بولغاندۇ؟ نېمە ئىشقا يولۇققاندۇ؟ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردىمۇ يە؟» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

بۇنداق چاغدا مەن دەرھال ئۇنى ئەيىبلىمەي، ئەكسىچە مۇۋاپىق بىر پەيتنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن.

بىر قېتىم ئۇنىڭ كىتابنى ئېچىپ قويۇپ ھاڭۋېقىپ قالغىنىنى كۆردۈم، ئۇ ئۇزۇنغىچە بىرەر بەتنىمۇ ئۆرىمەي ئولتۇراتتى .

دەم ئالغاندا مەن ئۇنىڭغا ھەر قانداق ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن قېتىرقىنىپ قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى، زېھىن قويمىسا، قانچە ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلغان بىلەنمۇ ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىغانلىقىنى، زېھنىنى يىغىپ ئۆگەنمەسلىك ۋە خىزمەت قىلماسلىق ھاياتنى ئىسراپ قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم.

كارل ماڭا قاراپ بوش ئاۋازدا:

— دادا، سىزمۇ مېنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىمدا خىيال سۈرۈپ قالغىنىمغا دىققەت قىپسىز ـ دە، — دېدى.

— سەن بىر ياخشى بالا، ساڭا خەت يېزىشنى ئۆگەتكەندىن بېرى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىڭ يۇقىرى بولۇپ كەلگەن، بۈگۈن نېمە بولدى، ئەجەب ھاڭۋېقىپ قاپسەنغۇ؟ ئۆگىنىشتىن زېرىكتىڭمۇ يا؟

— ياق، دادا ئۇنداق ئەمەس. . . — ئۇ ئۇزۇنغىچە ئويلىنىپ كېتىپ ئاندىن، — مېنىڭچە ئۆگىنىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش ئىكەن، مەن ئۆگەنگەنلىرىمنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىنى ئويلىسام ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىمەن.

— ئۇنداقتا بۈگۈن نېمە بولدى؟ مەن ھېچ بىلمەيلا

قالدىم، — دېدىم.

— پەقەت . . . پەقەت. . . — ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمە پەقەت؟ ھېچقىسى يوق، ماڭا دېگىن بالام، بولامدۇ؟ — مەن كارلنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ھەل بولمايۋاتقان بىر مەسىلىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

— بۇ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشىمنىڭ زادى نېمە ئەھمىيىتى بارلىقىنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — كارل ئاخىر يۈرەك سۆزىنى ئېيتتى، — ياغاچچى ئۆي - ئىمارەتلەرنى سالالايدىكەن، تۆمۈرچى قازان، چۆمۈچ ھەم دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سوقالايدىكەن، ئەمما مەنچۇ؟ مەن بۇنچە كۆپ تىلنى ۋە شېئىرلارنى نېمىشقا ئۆگىنىمەن؟

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم، كارل ئېغىر چوڭقۇر مەسىلىلەرنى ئويلاشقا، تەپەككۇر قىلىشقا كىرىشكەنىدى.

بۇ ئۇنىڭغا ئېغىر چوڭقۇرلاپ تەلىم بېرىشىنىڭ دەل ياخشى پەيتى ئىدى.

— ئوغلۇم، سېنىڭ بۇ نۇقتىنى ئويلاپ يەتكىنىڭدىن ئاجايىپ خۇشال بولدۇم، چۈنكى سەن ھازىر تەپەككۇر قىلىۋاتىسەن، — مەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قىلمىشىنى مۇئەييەنلەشتۈردۈم، ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشنى يېشىپ بەردىم.

— بىلىم — كۈچ، ئۇ بارلىق كۈچنىڭ مەنبەسى، ماتېماتىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، بىر قۇرۇلۇشقا قانچىلىك ماتېرىيال كېتىدىغانلىقىنى قانداق ھېسابلاپ چىقالايسەن؟ ئەگەر ئېستېتىك بىلىملەردىن ئاز - تولا ساۋات بولمىسا، قانداقمۇ ئەڭ چىرايلىق قۇرۇلۇشلارنى لايىھىلىگىلى بولىدۇ؟ بىلىم ئاساسى يوق ياغاچچى مەڭگۈ ئۆي سالالمايدۇ، ئۇ پەقەت ياغاچقا قاراپ ئىشنى نەدىن باشلىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ، — مەن ئامال بار جانلىقراق، قىزىقارلىقراق قىلىپ سۆزلەشكە تىرىشتىم.



كارل گەپلىرىمنى ئاڭلاۋېتىپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئەگەر تۆمۈرچى تۆمۈرنى ئوتتا قىزىتقاندىن كېيىن ئاندىن سوغا سالسا، شەكلىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئۇقمىسا، ئۇ قانداقمۇ ھەر خىل سايمانلارنى ياساپ چىقالايدۇ دەيسەن؟ ئەگەر ئۇ فىزىكىلىق قائىدىلەرنى بىلمىسە، مۇشۇ تۆمۈر - تەسەكلەر ئۇنى ساراڭ قىلىپ قويىدۇ، كىم بىلىدۇ، تۆمۈرچى ئاچچىقىغا پايلىماي تۆمۈرلەرنى چىشلەپ كېتەمدۇ تېخى؟ — دېدىم مەن بىر نەرسە چىشلەپ يۇتۇۋاتقان ھەرىكەتنى قىلىپ، — ئويلاپ باققىنا، چىشلىسە نېمە بولار؟

— تۆمۈرچى چىشىدىن قۇرۇق قالىدۇ، — دېدى كارل قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— بالام شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، ئەدەبىيات، رەسىم، مۇزىكا، پەلسەپە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراستىنىڭ جەۋھەرلىرى، دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىلەر، تىل - يېزىقتا كەلسەك، بۇلارغا ئىنسانلارلا قادىر. نېمىشقا ساڭا ھەر خىل تىللارنى ئۆگىتىمەن؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مېنىڭ ھەرگىزمۇ سېنى دىپلومات ياكى تەرجىمان قىلىش نىيىتىم يوق. پەقەت ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىۋالسۇن دېمەكچىمەن. سەن دانتېنى ياقتۇرىمەن دەيسەن، ئۇنىڭ پاساھەتلىك شېئىرلىرىنى ئۇنىڭ ئانا تىلىدا ئوقۇساڭلا، ئاندىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ چىن گۈزەللىكىدىن ھەقىقىي ھوزۇر ئالالايسەن. ئەڭ مۇھىمى، ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك، ئۆگىنىشتىن خۇشاللىق تاپالايسەن، بەخت ھېس قىلالايسەن، ئەجەبا بۇ يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بىر ئادەم خۇشاللىق ۋە بەختكە ئېرىشكەندىن كېيىن قانائەتلەنمىسە بولامدۇ؟

بۇلارنى ئاڭلاپ ئوغلۇمنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق ، جىلۋىلەندى، كۆڭلىدىكى تۇمانمۇ تارقىدى.

مېنىڭچە، ئوغلۇمنىڭ ئۆگەنگەنسېرى ئۆگەنگۈسى كېلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشلىتەلىشى دەل ئاشۇ ئۆگىنىش جەريانىدا ھېس قىلغان بەختىيارلىق تۇيغۇسىدىن بولسا كېرەك.

ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشنى سەزگۈرلۈك بىلەن يېشىپ بېرىشى كېرەك. ھېچبىر ئويلانمايلا بالىلارنىڭ قىلمىشىنى تەنقىدلىسە، بۇنىڭ بالىغا ياردىمى تېگىش تۇگۇل ئەكسىچە تەسىرى بولىدۇ.

ئەمدى بۇ مەسىلىنى باشقىچە بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى پەرەز قىلىپ كۆرەيلى.

ئەگەر مەن كارلىنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— ھەي نان قېپى! كىتابىڭنى ئوقۇماي نېمە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىسەن؟ — دېدىم - دە، بىر كاچات سالدىم، ئۇ مەن كىتاب كۆرۈۋاتىمەنغۇ. . . . — ئۇ قوپاللىقىمدىن ئەندىكىپ كېتىپ ئارانلا شۇنداق دېدى.

— جۆيلىمە، مېنى ئالدىماقچىمۇ سەن؟ سەن ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا كۆڭۈل قويماسلىقىڭنى توغرا ئەمەسلىكىنى بىلمەمسەن — ھە؟ — دەپ ئۇنىڭغا ۋارقىراپ تەنبىھ بەردىم، ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قاراپ تۇردى.

— گاس بولۇپ قالدىڭمۇ؟ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايۋاتامسەن؟

— مەن. . . مېنىڭچە. . . — كارل دۇدۇقلاپ كۆڭلىدىكى گېپىنى دېيىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

— سېنى دەرسىڭنى ئۆگەن دېسەم، ھە دېسىلا يوق نېمىلەرنى خىيال قىلىپ ئولتۇرامسەن؟

— مەن بۇلارنى ئۆگەنگەنىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئويلاۋاتىمەن، — كارل مىڭ تەستە ئۆزىنى رۇسلاپ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى. ياغاچچىلىقنى ئۆگەنسە ئۆي سېلىشقا، تۆمۈرچىلىكنى ئۆگەنسە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساشقا



ئەسقاتىدىكەن، مەن ھەر خىل تىللارنى ۋە يېزىقلارنى ئۆگىنىپ نېمىمۇ قىلارمەن؟

— ھۇ، يارامسىز، — مەن ئۇنى يەنە بىر كاچات سالدىم، — ياخشى تەرەپنى ئويلىمايدىغان بولۇمسىز، سەن زادى ئاشۇنداق قارا كوچىگە تايىنىپ ياشايدىغان قارا تۇرۇك بولۇشقا لايىق، ئىست ساڭا بەرگەن تەربىيەم!

— لېكىن مەن . . . مەن راستىنلا نىمە ئۈچۈن ئۆگىنىدىغانلىقىمنى بىلمىسەم. . .

ئۆگەن دېگەندىكىن ئۆگەنمەمسەن! ھە دېسە بىلمىدىم دەيسەنغۇ؟ !

بالىغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلارنى دوزاخقا تاشلىسا بولىدۇ، خۇداغا مىڭ شۈكرى، مەن ئۇنداق ئاتىلاردىن ئەمەس.

بۇنداق بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى بالا تەربىيىلەشتىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپلا قويماي، يەنە بالىنىڭ غۇرۇرىنىمۇ قاتتىق يەكلەپ، بالىنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز يامان تەسىر قالدۇرىدۇ. بالا ئۆگىنىشنى يامان ئىش دەپ قاراپ، ياخشى ئۆگىنىشىم دادامنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن، دەپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق تەربىيە ئارقىلىق قانداقمۇ يارامىلىق ئادەم يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولسۇن؟ بالىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىدىكى بىلىش قىزغىنلىقىنى بوغىدىغان تەربىيىدىن نېمە نەتىجە كۈتۈش مۇمكىن؟

مېنىڭچە، بىر ئادەمنىڭ شەخسىيەتچى، رەزىل، ساختىپەز، بوشاڭلاردىن بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى دەل ئۇنىڭ ئالغان ناچار تەربىيىسىدىندۇر، بۇنداق تەربىيىنى «تەربىيە» دەپ ئاتاشقىمۇ بولمايدۇ.

# بالىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە قەتئىي تەگمەسلىك كېرەك

مەن كىچىك بالىلارغىمۇ چوڭلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەكىتلەيمەن. بالىنى تەربىيىلىگەندە، زىيادە قاتتىق قوللۇق قىلىپ، بالىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە تېگىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بالىنىڭ ئىززىتى دەخلىگە ئۇچرىسا، ئاقىۋىتى بەك قورقۇنچلۇق بولىدۇ، ئەسلى زور ئۇتۇقلارنى قازىنىش ئىمكانىيىتى بار بالا ئىززەت - غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويغانلىقى سەۋەبىدىنلا تېزلا بىر يارىماسقا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئوخشاش بالىنى ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىشىنىش لازىم، ئۇ باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەندىلا، ئاندىن ئۆزىنى - ئۆزى قەدىرلەيدىغان بولىدۇ. بالىغا ئۇنى قىلساڭ بولمايدۇ، بۇنى قىلىشقىمۇ رۇخسەت يوق، دەپ ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ قويۇش خاتا. ئەڭ ياخشىسى ئۇلارغا ئىشىنىپ، ئۇلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەربىيىلىگەن تۈزۈك. ئەگەر ئاتا - ئانا بالىغا دۈشمەنگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلسا، بالىمۇ ياخشى بالا بولۇپ چىقمايدۇ. بۇنداق بالا ئاتا - ئانىلارنىڭ بېشىمدا ئاستا - ئاستا ئادەم بولۇش ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئىشەنچىنى يوقاتقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى غۇرۇردىن ئېغىز ئېچىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ مەيلى قەستەنلىك ياكى بىخەستەلىكتىن بولسۇن، بالىنىڭ غۇرۇرىغا قەتئىي تەگمەسلىك كېرەك.

بالىنىڭ غۇرۇرى شۇنچىلىك مۇھىمكى، مەن بالامنى تەربىيىلەشتە، ھەر قانداق شارائىتتا ئۇنىڭ غۇرۇرىغا



تەگمەسلىككە ئىنتايىن دىققەت قىلدىم، مەيلى قەستەنلىكتىن ياكى بىخەستەلىكتىن بولسۇن، ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە نۇقسان يېتىدىغان كىچىككىنە ئىشنىمۇ قىلمىدىم.

كارل بىز بىلەن تاماق يېگەندە ئۇنىڭغا چوڭلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قورۇمىلارنىڭ تۈز — تەمى توغرىسىدا پاراڭلىشىمەن. پارڭىمىز ئۇ چۈشىنەلەيدىغان تېمىلار ئۈستىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر پاراڭلاشقىلى بولىدۇ. بەزى ئۆيلەردە ئاتا - ئانىلار تاماق ئۈستىدە بالىلارنى گەپ قىلدۇرمايدۇ، تەرىنى تۈرۈپ بالىدا تاماقلىنىش خۇددى جازالىنىشتەك ھېسسىياتنى پەيدا قىلىدۇ، ياكى بولسا تاماق ۋاقتىدا بالىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھە دەپ ئۇنى تەنقىدلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىدا بىرمۇ ئىشنى توغرا قىلالمىغاندەك تۇيغۇ شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئاتا - ئانىلار بالىلارنى دائىم قورۇنۇپ - تەمتىرەپ يۈرىدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەن كۆرىدىغان قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بالىلارنىڭ غۇرۇرىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ بەزى ئاتا — ئانىلار بالىلىرىنى باشقۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزىدىن قورقىدىغان قىلىپ قويىدۇ، بالىنى ھەرگىزمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرمەيدۇ، ئۆزىنى زالىم قۇلدار، بالىنى قۇل قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق تەربىيە بالىنى بوشاڭ، يارامسىز ئادەم قىلىپ چىقىدۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ رىقابەت كەسكىن دۇنيادا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ ئائىلىنى ئالساق، بىز ئائىلىدە سىرداش دوست، تەڭ باراۋەرلىكتە ئۆز ئارا ھۆرمەتلىشىپ ياشايمىز.

بالىلار سورايدىغان سوئاللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك لوگىكىغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەمما، ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقمىدىغان بولساق، چوڭلارنىڭ بەزى سوئاللارغا بەرگەن جاۋابىنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە ئاز - تولا كۈلكىلىك يېرى بولىدۇ،

شۇڭا بالا قانداق سوئال سوراشتىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى زاڭلىق قىلماسلىق، ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇلارنىڭ سورىغانلىرىغا جاۋاب بېرىش كېرەك. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىلارنىڭ سورىغان سوئالىنى زاڭلىق قىلىپ قالسىلا، بالىلار ئىزا تارتىپ قايتا سوئال سورىماس بولۇپ قالىدۇ. سوئال سوراش ئارقىلىق بالىلار بىلىم ئىگىلەيدۇ. بالىلارنىڭ مۇشۇ قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى تەربىيىلەش، بىلمەيدىغان مەسىلىلەرگە يولۇقسا باشقىلاردىن سوراپ ياكى ئاز ـ تولا ئويلىنىپ ئاندىن ئۇلارغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىش كېرەك.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ئەخمەق قىلماسلىقى لازىم، بولمىسا بالا نومۇسسىز، قوپال، ھەتتا ئادەمگە ئادەمدەك مۇئامىلە قىلالمايدىغانلاردىن بولۇپ قالىدۇ. كىچىكىدە ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنغاچقا، چوڭ بولغاندا تۈرمىگە كىرىپ قالغان جىنايەتچىلەر ساماندەك. مەن بالامنى ئەخمەق قىلىش تۇگۇل ئۇنى ئاغزىمنىڭ ئۇچىدا ئالداپمۇ باقمىدىم. بالىنىڭ ھەممە ئىشىغا ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلدىم.

كارلنى ئەزەلدىن ئالدىمىدىم، ئۇنىلا ئەمەس، ھېچكىمنى ئالداپ باقمىدىم. چۈنكى ئالدامچىلىق جىنايەتتۇر. شۇنداقلا پەرۋەردىگار ھەرگىز كەچۈرمەيدىغان قىلمىشتۇر.

ئەگەر بالا ئۆزىنى ئالداپ قويغانلىقىڭىزنى سېزىپ قالسا، ئۇ ئىككىنچىلەپ سىزگە ئىشەنمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىسىغا ئىشەنمەيدىغان بالىنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق قىيىن. سىز بالىنى ئالدىسىڭىز، بالىمۇ تەبىئىيلا باشقىلارنى ئالداشقا كۆنىدۇ.

بىر كۈنى بىر كىشى ماختىنىپ: «ئوغلۇم كەلگۈسىدە چوڭ سىياسىئون بولۇپ چىقىدۇ» دېدى. نېمىشقىلىقىنى سورىسام، ئۇ «ئالدىنقى كۈنى ئۇ ئاپىسى ئېلىپ قويغان قورۇمىنى يەپ بولۇپ، ئېشىپ قالغىنىنى مۈشۈككە يېگۈزۈۋەتتى ئەمەسمۇ» دېدى.



بۇنداق ئاتىغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئوغۇل ئالدامچىلىقتا ئېنىقكى ئاشۇ ئاتىدىن ئۆرنەك ئالغان.

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرىدۇ. بالىغا ئۇنىمۇ ـ بۇنىمۇ قىلدۇرماي ھەممىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن بالىلاردىكى ئۆز ئىقتىدارىغا ئىشىنىش تۇيغۇسى يوقاپ كېتىدۇ. كارلنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا كىچىكىدىنلا ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنىڭ تۈگمىسىنى ئۆزىگە ئەتكۈزۈپ ئۆگەتكەنىدى، بالا ئېتەلمىسىمۇ، بەك كۆچ سەرپ قىلىپ كەتسىمۇ، ئاپىسى بۇنى كارلنى تەربىيىلەشتىكى مۇھىم بىر ئىش قاتارىدا كۆردى. مانا بۇ بالىنىڭ ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇشتىكى ناھايىتى ياخشى چارە.

بالىنى كىيىمىنىڭ تۈگمىسىنى ئۆزىگە ئەتكۈزۈش بالىنىڭ قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭدا باشقىلارغا ياردەملىشىش ئىدىيىسىنى پەيدا قىلىدۇ. كارلنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭغا ئايىغىنى، كىيىمىنى ئۆزىگە كىيدۈرۈپ كۆندۈردى. بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ بالىغا كىيىم كىيىشنى ئۆگەتتى، ئۇنىڭ قارىشىچە بۇمۇ بالىنى تەربىيىلەشتىكى بىر ئۇسۇل ئىدى.

بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى بەك ئەركە باقىدۇ. بالىنى زىيادە ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرەپ ئازادە ئوينىشىنىمۇ چەكلەيدۇ، بالىنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش پۇرسىتىمۇ بولمايدۇ. ئۇلار بالىنىڭ مېڭىسىنى بەك ئىشلىتىۋېتىپ دۆت بولۇپ قېلىشىدىن ۋايىم يەپ بالىغا كىتابمۇ ئوقۇتمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەخمەقانىلىك، بۇنداق ئۇسۇللار بالىنى كېيىن ھېچنېمە قىلالمايدىغان بىر يارىماس قىلىپ قويىدۇ، خالاس.

بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا گەپ ئاڭلىتىش ئۈچۈن، قورقۇنچلۇق ھېكايىلەر ئارقىلىق ئۇلارنى قورقۇتىدۇ، بۇنداق قىلىساق بالىلارنىڭ كاللىسىغا قورقۇنچلۇق ھېكايىلەر



www.uyghurkitap.com

كىرىشىپ، نېرۋىسى ئاجىزلاپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. باللارغا دۇنيادا ئۇنداق قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنىڭ يوقلىقىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. باللار ئاتا ـ ئانىلارغا ئىشەنگەچكە، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ دېگىنىنىڭ ھەممىسىنى راست دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار باللارنى يېتەكلەشكە دىققەت قىلسىلا بالا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولىدۇ. باللارنى جىن-ئالۋاستىلار بىلەن قورقۇتۇش ئىنتايىن زىيانلىق بولۇپ، بۇنداق خاتا تەربىيىدىن نۇرغۇن ئادەملەر قورقۇنچاق، يۈرەكسىز بولۇپ قالغان.

كارلغا نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىمەن، ئەمما بۇلارنىڭ چىن ئەمەسلىكىنى، بۇلارنى كىشىلەرنىڭ ئۆزى توقۇپ چىققانلىقىنى دەپ تۇرىمەن. ھېكايىلەرنى تاللىغاندا ياخشىلىق، ھەقىقەت، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش تەسۋىرلەنگەن قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىنى تاللاپ ئېيتىپ بېرىمەن. مەقسىتىم ئۇنىڭغا ئاشۇ ھېكايىلەر ئارقىلىق ھايات قائىدىلىرىنى، باتۇر، قەتئىي بولۇشنى ئۆگىتىش ئىدى.

مېنىڭچە ئائىلە باللارنىڭ جەننىتى بولۇشى كېرەك. ئەمما بۇ ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ئائىلە ـ مۇھەببەتنىڭ، خۇشاللىقنىڭ بۆشۈكى بولۇشى، بالا ئاتا-ئانا مېھرىگە قېنىپ ساغلام چوڭ بولۇشى لازىم. ئۇلار ئائىلىسىدە ئادەم بولۇش ئىشەنچىنى تىكلىشى، ھەرگىزمۇ ناچار، خاتا تەربىيە نەتىجىسىدە ئادەم بولۇشتىكى ئەقەللىي ئىززەت ـ غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك.



سەككىزىنچى باب

# بالامغا ئويناشنى ۋە دوست تۇتۇشنى قانداق ئۆگەتتىم

*نۇرغۇن كىشىلەر مۇنداق قارايدۇ: بالا تەڭتۇشلىرى بىلەن بىللە بولمىسا، ئۇنداق بالا مەنمەنچى، ئۆز بىشىمچى بولۇپ قالىدۇ.*

*مېنىڭچە، ھەقىقىي ئەھۋال پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە: باللارنى ھېچقانداق تاللاپ ئولتۇرمايلا بىرلىكتە ئويناشقا يول قويسا، ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ، مەنپەئەتپەرەس بولۇپ قېلىشى، شۇنىڭ بىلەن مەككارلىقنى، ساختىپەزلىكنى، يالغانچىلىقنى، ئۆز بىشىمچىلىقنى، كۆرەلمەسلىكنى، ئۆچمەنلىك ۋە ھاكاۋۇرلۇقنى، سەت گەپلەرنى، ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىپ تۆھمەت چاپلاشنى، ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشنى ئۆگىنىپ، ناچار ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن.*

## ئويۇن پەقەتلا ئويۇن

ئادەمنىڭ مەككار، قۇۋ، مەۋقەسىز، مەنمەنچى، ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالمايدىغان بولۇمسىز بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ كىچىكىدە ياخشى تەربىيە ئالالمىغانلىقىدىن بولىدۇ.

باللارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كىملەر بىلەن ئوينىشىغا پەرۋا قىلمىغاندا، ئۇلار ئاسانلا ناچار ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشى، يامان ئادەتلەرگە كۆنۈپ قېلىشى مۇمكىن. مەن

دائىم ئائىلىسىدە ياخشى باشقۇرۇلمىغان باللارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ قىمار ئويناپ، ئۇرۇش - جېدەل قىلىپ، سەت تىللىشىپ يۈرگىنىنى كۆرىمەن. قانچە قېتىملاپ بۇ باللارغا تەربىيە ئىشلىگىنىم ۋە قانچە قېتىملاپ ئۇلارنىڭ جېدىلىنى ئايرىغىنىم ئۆزۈمگىمۇ نامەلۇم.

ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئىشقا يولۇققاندا يۈرىكىم سىقىلىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەسلىي ياخشى تەربىيىگە ئېرىشىشى، ئەدەپلىك، ئوقۇمۇشلۇق باللاردىن بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇغىنىسى ئۇلار مەن ئۈمىد قىلغاندەك ئەمەس ئىدى.

بۇ باللار غەرەز ئۇقمايدۇ، بىر-بىرىگە تاش ئېتىپ، بىر — بىرىنى يارىلاندۇرىدۇ، ھەتتا كۆزلىرىنى كاردىن چىقىرىشىدۇ، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق — ھە! قار توپى ئېتىشىپ ئوينىسىمۇ، بەزى باللار تاشتەك قېتىپ كەتكەن مۇزلارنى تاللاپ ئېتىپ قارشى تەرەپنى يارىلاندۇرىدۇ.

مەن قارىغۇ، بۇرنى مايماق، ئاقساق، چولاق باللارنى كۆرسەم ئۇلاردىن سەۋەبىنى سورايمەن، نەتىجىدە كۆپىنچىسى ئويناۋېتىپ يارىلانغانلىقىدىن شۇنداق بولغانلىقىنى دەيدۇ، بۇ ئادەمنى بەك شۈركەندۈرىدۇ.

كارلىنىڭمۇ ئىلگىرى بىر توپ ئاغىنىلىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن قوپاللىقىنى سەزگەندىن كېيىن بالامنى ئۇلارغا قەتئىي قوشمىدىم. مەن ئۇ باللارنى ئەسكى دېمەكچى ئەمەسمەن، ئەمما بالا ھامان بالا، جىق ئىشلارنى ئۇقمايدۇ، چوڭلار ئۇلارغا يول كۆرسەتمىسە، ئۇلار ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ سالىدۇ.

ئاندى ساغلام ھەم قاۋۇل بالا بولۇپ، ئاشۇ توپنىڭ ئاتامانى ئىدى. ئۇ ھەيۋىسى، پاراستى، تەشكىللەش تالانتى بار، كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان بالا بولغاچقا، دائىم باللارغا باش بولۇپ جەڭ ئويۇنى ئوينايتتى.

بەلكىم ئاندى تۇغۇلۇشىدىنلا مۇشۇ ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە



www.uyghurkitap.com

بولۇشى كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ «ھەربىي قوشۇن»نى قاتتىق باشقۇراتتى، ئەمما بىر كۈنى بۇ «قەھرىمان» «دۈشمەن» تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىندى.

ئۇ كۈنى ئاندى شاكىچىكلەر بىلەن قورغاننى قورشاپ ئويۇن ئويناۋاتقان بولۇپ، ئاندى باشچىلىقىدىكى بەش - ئالتە بالا قورغاننى ساقلاۋاتقان، باشقا باللار قورغانغا ھۇجۇم قىلغانىدى.

ئاندى ئۆزىنىڭ قىلىچىنى — قولىدىكى بىر تال ياغاچنى پۇلاڭلىتىپ قەھرىمانلارچە تىك تۇراتتى. ئۇ قىلىچنى يالىڭاچلاپ، ئات ھارۋىسىنىڭ ئېگىز چاقىغا دەسسەپ، ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ: «دۈشمەنلەرنى يوقىتايلى...» دەپ ۋارقىراۋاتاتتى، مانا بۇ قەھرىمانىمىزنىڭ شىجائىتى ئىدى.

شۇ چاغدا كارلمۇ قوشۇندا بولۇپ، ئاندى بىلەن مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىۋاتاتتى، «دۈشمەن» تاش، تاياقلار بىلەن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، ئاندى ئۆزىنىڭ خىسلەتلىك شەمشىرى بىلەن ئۇلارنى بىرمۇ بىر يىقىتتى.

قورغاننى قەتئىي قوغداش ئاندى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ئىدى. ئەمما دۈشمەنلەرنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئاستىدا ئۇلار بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى.

دۈشمەن تەرەپتىن بىرەيلەن — بەلكىم شۇلارنىڭ ئاتامانى بولسا كېرەك — ئۇچقاندەك كېلىپ ئات ھارۋىسىغا چىقتى ۋە ئاندىنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە زەردە بىلەن تەپتى. ئاندى «ۋايجان» دەپلا ھارۋىدىن يىقىلدى.

ئۇ چاغدا مەن ئۆيدە بىر مېھمان كۈتىۋاتاتتىم، بىز باللار تەربىيىسى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتاتتۇق. كارل ئىشىكتىن ئالاقزادە بولۇپ كىرىپلا:

— دادا، چاتاق چىقتى... چاتاق چىقتى، — دېدى.

كارلىنىڭ چىرايىدىن مەن راستتىنلا چاتاق چىققانلىقىنى

پەملىدىم.

كارلنىڭ يول باشلىشى بىلەن چاتاق چىققان يەرگە باردىم، مېھمىنىممۇ مەن بىلەن بىللە باردى. شۇ چاغدىكى ھالەت مەڭگۈ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ، بىللە بارغان مېھمانىمۇ قورقىنىدىن ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى.

ئاندى ئات ھارۋىسىدىن يىقىلغاندا، يەردىكى بىر ئورغاقنىڭ دەستىسىگە دەسسىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئورغاق قاڭقىپ چىقىپ ئاندىنىڭ يوتىسىغا سانجىلىپتۇ.

ئاندى ئاغرىق ئازابىدىن ۋايجانلاپ يەردە دومىلاپ كېتىۋاتاتتى، باللاردىن ھېچقايسىسى ئورغاقنى سۇغۇرىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. ئاندىنىڭ يوتىسى قانغا بويىلىپ كەتكەنىدى...

— ئاندى ھەقىقەتەن باتۇر قەھرىمان ئىكەن، — دېدى كارل.

— كارل، سېنىڭ نەزىرىڭدە ئاندى راستتىنلا قەھرىمانمۇ؟ — سورىدىم مەن.

— شۇنداق، ئۇ قورغاننى قوغداش ئۈچۈن يارىلاندى. ئۇ باتۇرلۇق كۆرسەتتى، — كارلنىڭ كۆزلىرىدىن قايىللىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— ياق، ئوغلۇم، ئاندىنىڭ قىلمىشى باتۇرلۇق ئەمەس، ئۇنى ھارۋىدىن ئىتتىرىۋەتكەن ھېلىقى بالىغا كەلسەك، ئۇ تېخىمۇ دىتسىزلىق قىپتۇ.

— دادا، سىز دائىم ئادەم دېگەن باتۇر بولۇشى كېرەك دەيتتىڭىزغۇ، ئاندىنىڭ قىلمىشى باتۇرلۇققۇ؟

شۇ چاغدا مەن باللارنىڭ نەقەدەر ساددىلىقىنى، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— ئوغلۇم، بۈگۈن سىلەر نېمە ئىش قىلدىڭلار؟

— بىز قورغانغا ھۇجۇم قىلىش ئويۇنى ئوينىدۇق.



— شۇنداق، بۇ پەقەت بىر ئويۇن، ھەقىقىي جەڭ مەيدانى ئەمەس، — مەن ئۇنىڭ ئويۇن دېگەن سۆزىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا نېمىنىڭ ئەمەلىيەت، نېمىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولدۇم.

— بالام، سىلەرنىڭ قەھرىمانلارغا قانچىلىك ئامراقلىقىڭلارنى مەن بىلىمەن، ئەمما قەھرىمانلىق ھەرگىزمۇ قارىملىق، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئۇرۇش - تالاش قىلىش دېگەنلىك ئەمەس.

مەن كارلنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا بۇ ئىشنىڭ توغرا - خاتالىقىنى تەھلىل قىلىپ بەردىم.

— سىلەر نېمىشقا تەڭتۇش تۇرۇپ ئويۇننى دەپلا كالتەك-تاياق كۆتۈرۈپ ئۆز - ئارا ئۇرۇشىسىلەر؟ ئۇرۇش ئويۇنى دوستلارنى ئاسانلا دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. قارا، ئەمدى ئاندى ئۆزىنى ئىتتىرىۋەتكەن بالىغا مەڭگۈ ئۆچمەنلىك ساقلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ قاتتىق يارىلاندى، ئەڭ يېقىن دوستلار دۈشمەنگە ئايلاندى. كىم بىلىدۇ، ئاندى كۆڭلىدە بىرىدە ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەمدۇ تېخى؟ مەن سېنىڭ ۋە ئاشۇ شاكىچىك ئاغىنىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنىڭ چېچىلىشىنى خالىمايمەن، ئۆچمەنلىك كىشىلەر قەلبىدە رەزىللىكنى ئۇندۇرىدۇ.

— ئاندى راستتىنلا باتۇرلۇق قىلدىغۇ، — كارل يەنىلا گېپىمنى چۈشەنمىگەندەك قىلاتتى.

— مەن ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا، ئەقىللىقلىقىغا قايىل، لېكىن كۈندە مۇشۇنداق ئۇرۇش - جېدەل قىلىپ يۈرۈشتىن نېمە نەتىجە چىقىدۇ؟ بۈگۈن پۇتىغا ئورغاق سانجىلىپ كەتسە، ئەتە كۆزىنى تاش قويۇۋەتسە، ئۆگۈنلۈككە قولى سۇنۇپ كەتسە، ئۇ ھەممە يېرى يارىدار كەمتۈك بالا بولۇپ قالامدۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ گېنېرال بولۇش ئارزۇسى بولسا، ھازىرىن باشلاپ ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاسرىشى كېرەك ئىدى. مانا ئەمدى بىر ئاقساق-چولاق ئادەم قانداقمۇ ھەربىي قوشۇنغا باش بولالىسۇن؟ سىلەر دېگەن تېخى كىچىك بالا، ئۆيۈڭنى ئۆز يولىدا، لايىقىدا ئويۇنىيالماي قېلىشىڭلار تەبىئىي، شۇڭا كالتەك-توقماق ئۇرۇشى قىلىشىڭلار بىھاجەت، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ھەقىقىي جەڭگاھقا بېرىپ قالساڭلار، دۈشمەن بىلەن قەتئىي جەڭ قىلىپ ئاخىرىغىچە ئېلىشساڭلار، ئاندىن ھەقىقىي باتۇر سانىلىسىلەر.

— دادا، مەن چۈشەندىم.

بالىلارنىڭ ئويۇن داۋامىدا يارىلىنىشى پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ گۆدەكلىكىدىن بولىدۇ. ئەگەر ئاتا- ئانىلار ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇلارنى تەربىيىلىمىسە، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

مەن دائىم كارلىنى بالىلارنىڭ توپلىشىپ ئۇرۇش- جېدەل قىلىشلىرىغا، مۇشتلاشلىرىغا ئارىلاشما دەپ ئاگاھلاندۇرىمەن. جېدەلدىكى يارىلىنىش ئويۇندا تاسادىپى يارىلانغاندىن تېخىمۇ بەتتەر بولىدۇ. ئۇ بالىلارنىڭ مەسۇم تېنىدىلا ئەمەس، بەلكى يۇمران قەلبىدىمۇ ئۆچمەس جاراھەت ئىزى قالدۇرىدۇ.

دۇنيادا بالىنىڭ قەلبىگە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى سېلىپ قويۇشتىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش بولمىسا كېرەك. ئۆچمەنلىك ئادەمنى ئاتا- ئانىسىنى، ئەتراپتىكىلەرنى ياراتماي، مەنسىتمەي يۈرۈپ ئاخىر ھەممە ئادەمدىن ئايرىلىپ يەككە- يېگانە قىلىش گىردابىغا ئىتتىرىدۇ.

بەزى بالىلار ئائىلىسىنىڭ ياخشى تەربىيىسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاق- قارىنى، ھەق- ناھەقنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئاتا- ئانىلىرى ئۇلارغا بالىلىقنى بەختىيار ئۆتكۈزۈشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتمىگەچكە، بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ، بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن گۈزەللىكلەرنى، كىتاب ئوقۇشنى، ئەدەبىيات- سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىشنى بىلمەي ئۆتىدۇ.



بۇنداق بالىلارغا ھېچكىم تەربىيە قىلمىسا، ئۇلار بەختىيار بالىلىق چېغىنى قانداق ئۆتكۈزەر- ھە؟ بەزى بالىلار كۈندە دېگۈدەك لاغايلاپ يۈرىدۇ، بەزىلىرى بىر- بىرىنى بوزەك قىلىش، ئۇرۇش — جېدەل قىلىشتىن خۇشاللانسا، بەزىلىرى قىمارغا بېشىچە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ پارلاق كەلگۈسىدىن قىلچىلىك ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

بۇ بالىلار نېمىدېگەن بەختسىز- ھە؟ ئۇلار ئۆز ئاتا- ئانىلىرىنىڭ ياخشى تەربىيىسىدىن ئائىلىنىڭ، ئۆينىڭ مېھىر- مۇھەببىتىنى ھېس قىلالمايدۇ...

بەزىلەر بالىلارنىڭ مىجەز- خاراكتېرى ۋە ئىقتىدارى تەبىئىي بولىدۇ، دەيدۇ، ئۇلار دائىم: «مېنىڭ بالام زادى ياخشى ئۆگەنمەيدۇ، ھېچ ئامال قىلالمىدىم» دەپ قاقشايدۇ. مەن ھەر قېتىم مۇشۇنداق زارلاشلارنى ئاڭلىغىنىمدا، ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرىمەن، ئېچىنىمەن، ئەپسۇسلىنىمەن. سىز ئاتا- ئانا تۇرۇپ ئۆز بالىڭىزغا ئىشەنمىسىڭىز كىچىككىنە گۆدەك بالىنىڭ كەلگۈسى قانداق بولماقچى؟

مەن ئاشۇنداق ئاتا- ئانىلارغا يۈز- خاتىرە قىلماي شۇنداق دېيمەنكى، سىلەر ئاتا- ئانا بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسسىلەر، ئىنسان تەبىئىتى ئەسلىدىن ياخشى بولىدۇ. بالىلاردىكى خاتالىقنىڭ مەنبەسى دەل ئۆزۈڭلاردا.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەن كارلىنىڭ دوست تۇتۇشىغا قاتتىق تەلەپ قويدۇم، ئامالنىڭ بارىچە ئۇنى ئارزۇسى ۋە قىزىقىشى ئوخ ئۇستىدە بىرلىكتە پىكىرلىشەتتى، ئۆز ئارا ئۆگىنەتتى.

بەزىدە ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقىنىنى، ئوپېرالاردىكى رولنى ئېلىۋاتقانلىقىنى، بەزىدە دوستلىرى بىلەن مەلۇم ئىشلار توغرىسىدا تالاش- تارتىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇلارغا ھەرگىز

كاشىلا قىلمايمەن، ئۇلاردىن پەخىرلىنىمەن.

## ئوغلۇم بىلەن دوستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت

كىشىلەر دائىم بالىلىرىنىڭ ئوينىغۇدەك ئادىشى بولمىسا، زېرىكىپ، چۈشكۈنلىشىپ، مىجەزى ئۆزگىرىپ قالىدۇ، دېيىشىدۇ.

گەرچە مەن بۇنداق قارىمىساممۇ، ئەمما كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېگەچكە، سەل ئويلىنىپ قالدىم ۋە ئايالىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىككى كىچىك قىزنى تاللاپ بالامغا ئاداش قىلىپ قويدۇم.

بۇ ئىككى قىز مۇشۇ ئەتراپتىكى ئەڭ ياخشى تەربىيىلەنگەن باللار بولۇپ، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشقا ماھىر ئىدى، كارلمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئوينىسا، ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كېتەتتى. ئەمما كېيىن پەرىزىمنىڭ ئەكسىچە، تازا ياخشى بولمىغان خاھىشلار كۆرۈلدى.

كارل ئاشۇ باللار بىلەن ئويناشقا باشلىغاندىن كېيىن مەنمەنچى بولۇپ قالدى، ئەسلىدە پەقەت يالغانچىلىق قىلمايدىغان بالا يالغان سۆزلەيدىغان، قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىدىغان، ئۆزىنى بەك چوڭ چاغلاپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەردىن تەشۋىشلىنىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا زەن سالدىم، كارلدىكى ئۆزگىرىشنى دەل قىزلارنىڭ كارل نېمە دېسە ھە دەپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىدىغان چەكسىز يول قويۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغانىكەن .

شۇنىڭ بىلەن قىزلارغا: كارل نېمە دېسە «ھە» دەپ يۈرمەڭلار، بىلەرمەنلىك قىلسا بىزگە دەڭلار، دېدىم. ئەمما بۇ كار قىلمىدى. ئاخىر بىز كارلنى ئۇ قىزلار بىلەن بىللە



ئويناشتىن توستۇق.

مەن ئولتۇرۇپ نېمىشقا بۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلدىم.

ئۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى ياخشى تەربىيىلەنگەن. بەزىلەر باللار ياخشى تەربىيىلەنگەن بولسىلا ئۆز ئارا ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېيىشىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەسكەن، ئادەملەردە ھامان رىقابەتلىشىش ئىدىيىسى بولىدىكەن، باللاردىمۇ شۇنداق ئىكەن.

ئىككى قىز ناخشا ئېيتالايدۇ، ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ، كارلمۇ شۇنداق، ئەمما بۇ يەردىكى مەسىلە كىمنىڭ ئەڭ ياخشى ئوينىشىدا بولۇپ، ئىككى قىز ئۇسسۇلغا چۈشكەندە، كارل بىر چەتتە تۇرۇپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەرىكىتىنى تۈزىتىپ، قىياپەتلىرىنى توغرىلاپ كېتىدىكەن، قىزلار كارلنىڭ ئۆلگە كۆرسىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلسا، ئۇ قىلچە تارتىنمايلا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئويناپ كېتىدىكەن. ئۇ ئوغۇل بالا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى قىزلارنىڭكىدەك نەپىس چىقماي، جانلىق ۋە ئەركىن چىققاچقا، قىزلار ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى قوپال ئىكەن، دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشىدىكەن .

شۇنداق قىلىپ زىددىيەت پەيدا بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس كۆز قاراشلىرى بولۇپ، كارل: ئۇسسۇل دېگەن جانلىق چىقىشى لازىم، دېسە قىزلار: ئۇسسۇل دېگەن چىرايلىق بولۇشى لازىم، دەپ كەسكىن تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ كېتىدىكەن.

ئۇلارنىڭ بىلىمى ۋە بىلىدىغان سۆزلىرى چەكلىك بولغانلىقتىن، تالاش ـ تارتىشنىڭ نەتىجىسى ئاغزى چاققان، ئاۋازى يۇقىرى چىقىشقا باغلىق بولۇپ قالىدىكەندە، ئۇنلۇك ئاۋاز كارلنى بۇنداق تالاش-تارتىشلاردا ئۇتۇق قازىنىشقا مۇشەررەپ قىلىدىكەن. قىزلار گەرچە كۆڭلىدە تازا قايىل بولمىسىمۇ، ئەمما

www.uyghurkitap.com

كارلنى قايىل قىلغۇدەك سەۋەب تاپالماي ئامالسىز قالىدىكەن .

كارلىنىڭ غەلىبىسى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن بولغاچقا، ئۇنىڭدا قىزلار مەندەك كۈچلۈك ئەمەسكەن دېگەن تەسىرات شەكىللىنىپ، ئەۋزەللىك تۇيغۇسى تۇغۇلىدىكەن. ئەمما ئۇ بىلمىگە ئەمەس، كۈچكە تايانغانلىقنى ھېس قىلمايدىكەن.

مۇشۇنداق خاتا تۇيغۇ داۋامىدا، ئۇ ئۆزىنىڭكىنى راست دەيدىغان، ئۆزىنى بەك بىلەرمەن چاغلايدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تالاش - تارتىشلاردا ھە دېسىلا ئۇتتۇالغاچقا، ئاستا - ئاستا ئاداشلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۇلارنى ئۆزىدىن دۆت كۆرىدىغان بولۇپ قالغانىكەن .

مەن ئوغلۇمنىڭ يەنە قىزلارنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلەشكە باشلىغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ تالاش - تارتىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى مەسىلىنىڭ ئۆز ماھىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماي ھەر خىل ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىپ، ئۇلارنى ئالداشقا باشلىغانىكەن.

قىزچاقلار كارلدەكلا گۆدەك، ئۇقىدىغانلىرى ئاز بولغاچقا، ئاسانلا ئالدىنىپ، ئىش يامانغا ئۆرۈلگەن.

بىر تەرەپتىن، ئەزەلدىن يالغان سۆزلىمەيدىغان بالا يالغانچى بولۇپ قالدى. ئۇ تالاش - تارتىشتا ئۇتۇۋېلىش ئۈچۈنلا يالغان سۆزلەيتتى، بۇ ئىش ئۇنىڭدا نېمە ئىش قىلسۇن ھەممىگە يالغانچىلىق ئارقىلىق ئاسانراق ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقتەك خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. دېمەك، بالىنىڭ پارلاق كەلگۈسى خەۋپكە ئۇچراش ئالدىدا تۇراتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىككى قىزچاق كارلغا ئالدىنىپ ئۇنىڭدىن خاتا نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ قالاتتى، بۇمۇ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە يامان تەسىر كۆرسىتەتتى.

كارل ئوقۇمۇشلۇقلىقىغا، ھەۋەسىگە ۋە يالغانچىلىقلىرىغا



تايىنىپ ئۇلارغا ھەر قانداق شارائىتتا ئۇتتۇرۇپ قويمايتتى.

مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، كارل قىزلارنى ئۆزىگە شۇنچىلىك قايىل قىلىۋاپتۇكى، قىزلار كارل نېمە دېسە «ھە، شۇ» دەيدىغان ھالغا كەپتۇ.

كارل ھەتتا ئۇلارنى خالىغانچە ئۇيان تۇر، بۇيان تۇر دەپ باشقۇرىدىغان، بەك دۆت ئىكەنسەن، ئەخمەق ئىكەنسەن، دەپ خالىغانچە سەت گەپلەر بىلەن تىللايدىكەن.

## باللار ئاداشسىزمۇ ئۆز خۇشاللىقىدىن بەھرە ئېلىۋېرىدۇ

باللارنىڭ ئادىشى بولمىسا باللارچە خۇشاللىقتىن ئايرىلىپ قالامدۇ؟

مېنىڭچە، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. باللار ئاداشسىز قالسا زېرىكىپ قالىدۇ، دېيىش خاتا. ئەلۋەتتە، باللار ئۆز ئارا بىللە ئوينىغاندا خالىغاننى قىلىپ، ئېچىلىپ، يېيىلىپ، ئەركىن — ئازادە ئوينىيالىغاچقا، كىشىلەر بۇنى باللارنىڭ خۇشاللىقى دەپ چۈشىنىدۇ. ئەمما بۇنداق خۇشلۇقنىڭ بولمىغىنى ياخشىراقمىكىن دەيمەن.

چۈنكى، مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا، بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ باللار بىلەن بىللە ئويناش مەسئۇلىيىدىن قاچقانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئاتا - ئانا بولغۇچى باللارنىڭ پسىخىكىسىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئوينىسا، باللارنى خۇشال قىلىش بىلەن تەڭ يەنە ئۇلارنىڭ ھەر خىل يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ.

بالا باشقا باللار بىلەن بىللە ئوينىسا، قارشى تەرەپ ناھايىتى ياخشى بالا بولغان ھالدىمۇ ئۇنىڭ ھامان نۇقسانى بولىدۇ، بۇنى

يۇقىرىدا دەپ ئۆتتۇم. ئەگەر يامان بالا بولسا تېخىمۇ يامان تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

ياخشى بالىدىكى ياخشى ئادەت يامان بالىغا ئۆتسىغۇ ياخشى، كۆپىنچە ھاللاردا يامان بالىلاردىكى يامان ئادەت ياخشى بالىلارغا تېزلا يۇقۇپ قالىدۇ.

نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ۋە ئۆزىنى كونترول قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەمما يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشقا ھېچقانچە تىرىشچانلىق كەتمەيدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بەزىلەرنىڭ مەكتەپ دەل بالىلارنىڭ يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشىنىڭ مەنبەسى، دېيىشىنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. بۇنداق ئەھۋال ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق سۈپىتى تۆۋەنرەك مەكتەپلەردە تېخىمۇ ئېغىر. شۇڭا، مەكتەپ بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشى، بالىلارنىڭ ئويۇن ئوينىشىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى لازىم.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلار ئاداشلىرى بىلەن ئوينىسا خۇشال بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئەمەس. بالىلار ئاتا - ئانىلىرى بىلەن بىرگە ئويناشقا تېخىمۇ ئامراق. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بۇ نۇقتىغا سەل قاراپ، ھەر خىل باھانە — سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بالىلىرى بىلەن ئويناش مەسئۇلىيىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.



توققۇزىنچى باب

# ئوغلۇمنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى دەل ۋاقتىدا ماختاپ تۇردۇم

*ئوغلۇمنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ماختاپ تۇرسام، ئۇ خۇشلۇقىدا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇراتتى. ئۇ مېنى قانداق قىلسا خۇشال قىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۆزىمۇ بۇنىڭدىن مەمنۇن بولاتتى ھەمدە خۇشاللىناتتى.*

## ئىشەنچ بۇلىقى

كارلنى تەربىيىلەش جەريانىدا «سەن ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ياخشى بالا» دېگەن گەپنى دائىم ئېغىزىمدىن چۈشۈرمىدىم. كارل ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا ياكى ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققاندا دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئاشۇ سۆزنى دېيىش ئارقىلىق ئۇنى كۆڭۈل ئازابىدىن خالاس قىلدىم.

ھەر قېتىم ئوغلۇم ئازاب ۋە گاڭگىراش ئىچىدە قالغاندا، ئۇنىڭغا «سەن چوقۇم قىلالايسەن، مەن ساڭا ئىشىنىمەن» دەپ ئىلھام بەردىم. ئۇ نېمىلا دېگەن بىلەن كىچىك ۋە ئاجىز، ئۇنىڭغا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ياردەمدە ۋە ھەمدەمدە بولۇشۇم، ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدە يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىغا يار - يۆلەكتە بولۇشۇم زۆرۈر. ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەغلۇپ بولىدىغان، ئىشەنچىنى يوقىتىدىغان چاغلىرى بولىدۇ، ئوغلۇممۇ بۇنىڭ ئىچىدە. ئوغلۇم تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ تىكلىيەلىسىلا،

هاياتتىكى رىقابەتلەرگە دادىل يۈزلىنىپ بەختكە ئېرىشەلەيدۇ.

ئىشەنچ قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئۇ دەل ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ماختىشىدىن كېلىدۇ. بالا ماختاشقا ۋە ئىلھام بېرىشكە موھتاج. «ماختاش» ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىغا بولغان ئىشەنچىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە بالىلاردا ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ. بالىدا تولۇق ئىشەنچ تىكلەنگەندىلا ئاتا ـ ئانىلار يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقالايدۇ. ناۋادا مەن باشتىلا كارلغا ئىشەنچ باغلىمىغان بولسام، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كارلنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى پەقەت تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم.

كارل دەسلەپتە يېزىقچىلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغاندا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە تازا ئىشىنەلمىگەنىدى. تۇنجى ماقالىسىنى ماڭا قورۇنۇپ ـ تارتىنىپ كۆرسەتكەندە جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم. مەن كارلنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ چىقىپ بەك ناچار يېزىلغانلىقىنى بايقىدىم، بۇ ماقالىدە بىرەر ئېنىق مەزمۇن يوق، جۈملىلىرىمۇ تولۇق ئاياغلاشمىغان، خاتا سۆزلەرمۇ كۆپ ئىدى. بۇ ماقالىگە قانداق باھا بېرىشنى ئويلىنىۋاتقان پەيتتە كارلنىڭ مەيۈسانە كۆزلىرىگە نەزىرىم چۈشتى، ئۇنىڭ ئەجرىگە «قاملاشماپتۇ» دېگەن بىر ئېغىز گەپ جاۋاب بولالمايتتى. . . مەن «خېلى ياخشى يېزىپسەن جۇمۇ! مەن تۇنجى قېتىم ماقالە يازغاندا بۇنچىلىكمۇ يازالمىغان ئىدىم» دەپ ماختىغىنىمدا كارلنىڭ كۆزلىرى هاياجاندىن چاقناپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئىككىنچى ماقالىسىنى ماڭا كۆرسەتتى، بۇ ئالدىنقىسى بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنەتتى.

«ئۆزىگە ئىشىنىش» ئىشەنچىنىڭ ئاساسى. ئۆزىگە ئىشەنچ تىكلىمەي ئىشەنچتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. دەل جايىدا ئۈنۈملۈك ماختاش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچ تىكلىشىنى تېز يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

ئۆزىگە ئىشىنىش ئۆزىگە ئۆزى ئىشىنىش دېمەكتۇر. مەيلى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چوڭ ئادەم بولسۇن، ياكى كىچىك بالا بولسۇن، نېمە ئىش قىلىشتىن قەتئىينەزەر ئۆزىگە ئىشەنچى يوق بولسا، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. ئەكسىچە، بىر ئادەم ئۆزىگە چەكسىز ئىشەنسە، خىزمىتىگە تولۇق ئىشەنچ باغلىسا مەيلى نېمە ئىش قىلسۇن، هامان بىر كۈنى چوقۇم غەلىبە قازىنالايدۇ.

ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا شۇنى چوڭقۇر هېس قىلدىمكى، ئەڭ ئاساسلىق تەربىيىلەش ئۇسۇلى بالىنى ماختاش ئارقىلىق بالىدا ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش ئىكەن.

مەن ئۆزلىرىنى بەك چوڭ تۇتۇۋالىدىغان، ئەمما بالىلىرىغا ئەڭ ئەقەللىي ئىززەتمۇ قىلالمايدىغان ئاتا ـ ئانىلارنى كۆرگەن. بوۋاقلار ۋە بالىلار گەرچە نېمىنىڭ هۆرمەت، ئىززەتلىكىنى تازا ئېنىق بىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ئىززەت ـ غۇرۇرى بار، ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئۆزىگە تۇتقان مۇئامىلىسى ۋە پوزىتسىيىسىگە بەك سەزگۈر. مۇھەببەت ۋە ماختاشقا ئېرىشسە ئۇلار كۈلۈمسىرەپ ۋە ئەركىلەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ؛ مەسخىرە قىلىشقا ياكى ئېتىبارسىز قاراشقا ئۇچرىسا، خۇيلىنىش، كاجلىق قىلىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىدۇ.

بالا ئادالەتسىزلىككە ياكى تەن جازاسىغا ئۇچرىسا، مەلۇم ۋاسىتىلەر، يەنى قارغىش قىلىش، تەتۈرلۈك قىلىش ياكى «يامان» ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىدۇ.

مەن دائىم كارلنىڭ ئىززىتىنى قىلالىدىممۇ، يوق دەپ ئويلىنىپ تۇرىمەن. كارلنى تەربىيىلەش جەريانىدا شۇنى بايقىدىمكى، بالىغا تۇتقان مۇئامىلە، قوللانغان ئۇسۇلنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تۇرغاندىلا، بالىنىڭ كاجلىقىنى ئاسان تۈزەتكىلى بولىدىكەن.

تۆۋەندە، ئالدىدىكى مىسالنى باشقىچە تەھلىل قىلىپ باقايلى: ئەگەر مەن كارلنىڭ ماقالىسىنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى كۆرۈپلا ئاچچىقلىنىپ ئۇنى دۆتتىن ـ دۆتكە سېلىپ تىللاپ

كەتسەم، ئۇنىڭ غورۇرىغا تېگىپلا قالماي، ئىشەنچىسىنىمۇ بەربات قىلىۋېتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قايتا قولىغا قەلەم ئېلىپ بىرەر نەرسە يازاي دېمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭدىكى ئاشۇ ئىقتىدار بەربات بولىدۇ.

شەيئىلەرگە هامان ئەلا، ياخشى، ئوتتۇرا هال، ناچار دەپ باها بېرىلىدۇ. كارلنى «ئەلا» باهالاش بىلەن تەڭ ئانچە - مۇنچە ماختاپ قويىمەن - دە، ئۇنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ ئاشىدۇ. «ياخشى، ئوتتۇرا هال» دەپ ماختاشمۇ مۇهىم. شۇنداق قىلغاندا كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ، ئەمما مۇهىمى يەنىلا قانداق ماختاشتا. بالىنىڭ قىلغان ئىشى ئىنتايىن ناچار بولسىمۇ، يەنىلا ماختاشقا ماهىر بولۇڭ، بالىنى هەرگىزمۇ قىيامەت قايىم بولغاندەك هېسقا كەلتۈرمەڭ. ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ، ئامال بار ئۇنىڭدىكى كۆزگە چېلىقمىدىغان ئالاهىدىلىكلىرىنى كۆپرەك تىلغا ئېلىپ ماختاڭ. بۇنداق چاغلاردا بالىنىڭ ئىشەنچىنى قەتئىي يوقاتماسلىققا دىققەت قىلىش كېرەك.

گۈزەل نەرسىلەر كىشىنى هامان سۆيۈندۈرىدۇ، رەزىللىك بولسا كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ، سەسكەندۈرىدۇ. «ماختاش» كىشىنى گۈزەل، ئىللىق كەيپىياتقا چۈمۈلدۈرۈپ بەختلىك، گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرىدۇ ۋە توختىماي ئالغا بېسىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

كارل هەر قېتىم ياخشى ئىش قىلغاندا ئۇنى تازا بىر ماختىۋېتىمەن، بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ ئۆزگە بولغان ئىشەنچى هەسسىلەپ ئېشىپ كېتىدۇ. مېنىڭچە، بالىدا ماختاشقا ئەرزىگۈدەك ئازراقلا ئارتۇقچىلىق بولىدىكەن، چوقۇم ماختىشىمىز لازىم. بالا خاتا ئىش قىلغان تەقدىردىمۇ ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىنىڭ خاتالىقىنى قايتا تىلغا ئالماسلىقى لازىم.



ئادەم غەلىبە قازىنىشىمۇ، مەغلۇپ بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئادەتتە مەغلۇبىيەت غالىبىيەتتىن كۆپرەك بولىدۇ. بالا مەغلۇبىيەتكە يولۇققاندا ئاتا - ئانا بولغۇچى «سېنىڭ قىلالماسلىقىڭنى بۇرۇنلا بىلەتتىم» دېگەندەك سوغۇق گەپلەرنى قىلماي، بالىنى مەغلۇبىيەتتىن تارتىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭغا كۆپرەك ئىلهام بېرىش كېرەك.

## بالىلاردىكى تەبىئىي تالانت هەر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ

بالىلاردىكى تەبىئىي تالانت هەر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. ئاتا-ئانىلار بۇنى بالدۇر سېزىش بىلەن بىللە ئۇلارغا ئەڭ ياخشى تەربىيىلىنىش مۇهىتىنى يارىتىپ بېرىشى لازىم. ئاتا - ئانا بولغۇچى بۇنى ۋاقتىدا سېزىپ ماختاپ تۇرالىسىلا، بالىنىڭ ئىلگىرىلىشىمۇ چوڭ بولىدۇ. بالىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە جارى بولالىشى بالىغا ئەمەس، ئەكسىچە ئاتا - ئانىغا باغلىق. ئاتا - ئانا بالىنىڭ تەبىئىي تالانتىنى ئالغا يۈكسەلدۈرەلەيدۇ. كارلنى تەربىيىلەشتە مەن بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر هېس قىلدىم.

بالا تۇغۇلۇپلا بىرەر نەرسىنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. ئاستا - ئاستا بالىدا ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەر شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، بالىنى ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكىنى تۈزىتىپ تەربىيىلەپ چىقىش بارلىق ئاتا - ئانىلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى.

بالىلار تۇغۇلۇشىدىنلا مۇزىكىغا ئامراق كېلىدۇ، مۇزىكىنىڭ چوڭ مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىسى كۆپ. ئەگەر بالىنىڭ مۇزىكا سېزىمى بەك كۈچلۈك بولسا، ئۇنداقتا بۇ بالىنىڭ مۇزىكىدا تەبىئىي تالانتى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق چاغدا ئاتا -

www.uyghurkitap.com

ئانىلار بالىغا «مۇزىكا ئىنئامى»نى كۆپرەك بېرىشى كېرەك، بالىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا ئىنكاسى سەللا كۈچلۈك بولسا، ئاتا- ئانىلار دەرھال ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بالىنى «مۇكاپات»لىشى لازىم.

بالىنىڭ رەسىم سىزىشى ئۇنىڭ ھەر خىل رەڭلەرنى پەرق ئېتىشىدىن باشلىنىدۇ. بالا رەڭلەرگە بەكرەك قىزىقسا ھەمدە دائىم يەرگە، تامغا ھەر خىل نەرسىلەرنى سىزىپ ئوينىسا، ئۇنداقتا بۇ بالىنىڭ رەسىمدە تەبىئىي تالانتى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق چاغدا ئاتا- ئانىلار بالىغا دەرھال رەسىم سىزىدىغان رەڭ ۋە قەغەزلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى رەسىم سىزىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى، ئۇنى دائىم كەڭ تەبىئەتتىن ھوزۇرلاندۇرۇپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى لازىم. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىنى ماختاش بولۇپ، بۇ خىل ماختاشنىڭ بالىنىڭ تەبىئىي تالانتىنى ئېچىشتىكى رولى بەك چوڭ.

دېكلاماتسىيە قىلىشقا، پاراڭلىشىشقا، ھېكايە ئېيتىشقا ھېرىس بالىلارنىڭ تىل تالانتى بولىدۇ. ئاتا- ئانىلار تىلى بالدۇر چىققان بالىلارغا بەكرەك دىققەت قىلىشى لازىم. چۈنكى، بالىلارنىڭ تىل ئىقتىدارى ئەسلىدىكى تۇغما ئىقتىدارىدىن بەكرەك كېيىنكى مۇھىتتىكى چېنىقىشتىن يېتىلىدۇ. بوۋاقلار بىلەن كۆپرەك «سۆزلىشىپ» بەرگەندە، ئۇلار گەرچە بۇ گەپلەرنى چۈشەنمىسىمۇ، ئەمما تىلغا بولغان قىزىقىشى قوزغىلىدۇ.

تىل قابىلىيىتى ئىنسانلاردىكى ئەڭ ئاساسىي ئىقتىدار. شۇڭا، ئاتا- ئانىلار بالىلارنىڭ گەپ قىلىشىنى كۆپرەك «ماختاش»ى لازىم. كىچىكىدە جىق گەپ قىلىدىغان بالىلار چوڭ بولسا چوقۇم سۆزمەن ئادەم بولىدۇ. ئاتا- ئانىلار بالىلارنىڭ تەلەپپۇزىدىكى خاتالىق ۋە سۆزلەرنى خاتا ئىشلىتىشىنى مەسخىرە قىلماستىن، بەلكى چاندۇرماي يېتەكلىشى، يېتەرلىك ئىلھاملاندۇرۇشى لازىم.



شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىش كېرەككى، بالىنىڭ خاتا گەپ قىلىپ سېلىشى بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، خاتا گەپ قىلماسلىقنىڭ ئۆزى غەلىتە ئىش. شۇڭا، بالا گەپ قىلسىلا ئۇنىڭغا مەدەت بېرىش لازىم.

كارل توققۇز يېشىدىلا فرانسۇزچە، ئىتالىيانچە، لاتىنچە، ئىنگلىزچە ۋە گرېكچىنى بىمالال سۆزلىيەلەيدىغان ۋە تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. بۇ ئۇنى كىچىكىدىلا توختىماي ماختاپ، ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرغىنىمىنىڭ نەتىجىسى.

بالىنى تەربىيىلەشتە مەن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويدۇم، بۇنى بەزى بىلىملەرنى ئىگىلىتىشتىنمۇ مۇھىم دەپ بىلدىم. كۆپىنچە كىشىلەر بالىسىنى تەربىيىلىگەندە بالىنىڭ كاللىسىغا ھەر خىل بىلىمنى قۇيۇپ قويۇشنىلا ئويلايدۇ، بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىغا سەل قارايدۇ. مەن بالىغا بىلىم ئىگىلىتىشنىلا مەقسەت قىلىدىغان ئۇنداق تەربىيىنى ئانچە قوللىمايمەن. مېنىڭ قوللايدىغىنىم ئۆگىنىشنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ھەر خىل بىلىملەرنى ئىگىلىتىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ھەر خىل ئىقتىدارىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتۇر.

تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كونكرېت نىشانى بولمايدۇ، كونكرېت ھەرىكەت جەريانىدىلا ئۇنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بالا قانچە كىچىك بولسا بۇ نۇقتا تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

ھەر قېتىم ئوغلۇم قەدىمكى چەۋەندازلارنى، قۇشلارنى دورىسا، بۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى سېزىمەن. مەن دەرھاللا ئۇنى ياخشى دورىدىڭ دەپ ماختايمەن، نەتىجىدە ماختىشىمنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ. بۇنداقتا بالىلار چوڭ بولغانسېرى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىمۇ بېيىپ، شۇنچە خاسلىققا ئىگە بولىدۇ.

بالىلارنىڭ ھېكايە ئاڭلاشقا ئامراق بولۇشى بالىلاردىكى تۇغما ئىقتىدار، ئۇلار زېرىكمەستىن ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بىر ھېكايىنى قايتا - قايتا ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەدېسىلا ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئاغزىغا يامىشىپ چۈشۈپ قالغان يەرلىرىنى ئۈلەپ تۇرىدۇ. بۇ ئەڭ ياخشى ئىپادە بولۇپ، ئاتا- ئانا بولغۇچى بۇنداق ۋاقىتتا بالىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ماختىشى كېرەك. بالىنىڭ تولۇقلىغىنى گەرچە خاتا، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ داۋاملىق تەسەۋۋۇر قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم.

ئوغلۇم بەزىدە بىر ئىشلارنى قىياس قىلىدۇ، گەرچە قىياسى تاقا - تۇقا، باش - ئاخىرى زىددىيەتلىك بولسىمۇ، ئەمما مەن ئۇنى يالغان سۆزلەۋاتىدۇ دەپ ئويلىمىدىم. ئەكسىچە چامىمنىڭ يېتىشىچە كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، زىددىيەتلىك جايلارنى ھەل قىلىپ بەردىم. بالىنى ماختاش ۋە يېتەكلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بارغانسېرى تاكامۇللىشىۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

بالىلارنىڭ دادىل تەسەۋۋۇر قىلىشىنى كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاتا- ئانىلارنىڭ كۆڭلىدە ھەر خىل قائىدە - پرىنسىپلار بولغاچقا، ئۇلار دائىم بالىلىرىنى مۇشۇ قائىدە - پرىنسىپلارغا سېلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى بەربات قىلىدۇ.

مېنىڭچە، بالىلاردىكى ئىجادچانلىقنىڭ شۇنچە مول ۋە دادىل بولۇشى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھېچقانداق قائىدە- پرىنسىپ يوقلۇقى ۋە ئۇ قائىدە - پرىنسىپلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغانلىقىدىن بولغان.

بىر كۈنى، بىر ئاغىنەم ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەلدى. ئۇ كارلنىڭ كۆك رەڭدە يوغان چەمبىرەكلەرنى سىزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:



— بالام، نېمە سىزىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.
— يوغان ئالما سىزىۋاتىمەن، — دېدى كارل.
— ئۇنداقتا نېمىشقا كۆك رەڭدە سىزىسەن؟
— مېنىڭچە ئالمىنى چوقۇم كۆك رەڭدە سىزىش كېرەك.
— ئاغىنە، بالاڭغا ئاز - تولا ساۋاق بەرسەڭ بولغۇدەك، قارا، ئۇ ئالمىنى كۆك رەڭدە سىزىپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭغا خاتا سىزغىنىنى ئۇقتۇرۇپ قوي، — دېدى ئاغىنەم ماڭا.

مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا:

— نېمىشقا ئەمدى؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا ئالما چوقۇم قىزىل بولىدۇ دەپ مەجبۇرلايمەن، مەن شۇ تاپتا ئۇنى ناھايىتى ياخشى سىزدى دەپ قارايمەن. كىم بىلىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كۆك رەڭلىك ئالمىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقامدۇ، تېخى! ھازىرقى ئالمىلارنىڭ رەڭگىگە كەلسەك ئۇ ئالما يېيىش جەريانىدا ئۇنى ئۆزلۈكىدىن بىلىپ قالىدۇ، — دېدىم.

بالىلاردىكى ئىجادچانلىق توختىماي ئىلھام بېرىش، ماختاش جەريانىدا يېتىلىدۇ، بالىلارغا دېگىنىمىز بويىچە قىلىشنى تەلەپ قىلساق، ئۇلار ئاشۇ قائىدە - يوسۇنلاردىن چىقىپ بولالمايدۇ. ئەگەر بالىلارنىڭ ئاشۇ «قائىدە»گە مۇۋاپىق بولمىغان ئىشلىرىنى بىرمۇ بىر تۈزىتىپ ماڭساق، بالىنىڭ ئىجادچانلىقىمۇ تەڭ يوقايدۇ.

كارل كىچىكىدە دائىم دۈم يېتىۋېلىپ چۈمۈلىلەرنىڭ دان يۆتكىگىنىنى سائەتلەپ كۆزىتەتتى، ئۇ بۇنىڭغا بەك قىزىقاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا ھەرگىز دەخلى قىلمايتتىم، بەزىدە كارل ئۆزىنىڭ كۆزەتكەنلىرىنى ماڭا دەپ بېرەتتى، ئۇ «ھېلىقى چۈمۈلە مۇنداق بولدى، يەنە بىرى ئۇنداق بولدى» دەپ سۆزلەپلا كېتەتتى. بۇ چاغدا مەن ئۇنى ئەستايىدىل كۆزىتىپسەن دەپ ماختاپ كېتەتتىم.

بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى ماختاپ بېرىش ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىجادچانلىقىنىڭ يېتىلىشىدە بەك مۇھىم رول ئوينايدۇ، ماختاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغىلى ۋە كۈچەيتكىلى بولىدۇ، مەن دائىم كارلىغا كەڭ تەبىئەتنى، قۇرت-قوڭغۇزلارنى، يۇلتۇزلۇق ئاسماننى، چاقماق چاققان يامغۇرلۇق كېچىلەرنى كۆزەتكۈزەتتىم. ئۇ بۇلارغا بەك قىزىقاتتى. قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، ئاي غايىب بولغاندا، كېچە بىلەن كۈندۈز ئالماشقاندا، بۇلار توغرۇلۇق توختىماي سوئال سورايتتى.

ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ قىزىقىشلىرىدىن ھەر قانداق شارائىتتا زېرىكمەسلىكى، قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلىشى، شۇنداقلا قىزىقىشىنى ئۆز لايىقىدا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلىشى لازىم. ماختاش، ئىلھام بېرىشلەر بالىلارنى بىلىم قەسرىگە يېتەكلەيدۇ، كىتاب ئوقۇش، قول ئىشى قىلىش، تەجرىبىلەرنى ئىشلەش بالىلارغا غايەت زور خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.

## بالىغا مەغلۇبىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىش كېرەك

ھايات مۇساپىسى بەك ئۇزۇن، تۇنجى قەدەم ئۇنتۇلغۇسىز بولىدۇ، مېنىڭچە بالىنىڭ بەش ياش ۋاقتى مۇشۇ ھايات مۇساپىسىنىڭ ئىچىدىكى تۇنجى قەدەم. بالام بەش ياشقا كىرگەندىن تارتىپلا، ئۇنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە باشلىغانىدىم. ئەمما، مېنىڭ ئەڭ ئەھمىيەت بەرگىنىم يەنىلا ئۇنىڭ خۇشخۇي مىجەزىنى يېتىلدۈرۈش بولدى.

ئادەم ھاياتتا نۇرغۇن قېتىملاپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. بالىغا مەغلۇبىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇنىڭدىن قورقماسلىقنى ئۆگىتىش مۇھىم. ئادەم كۆپىنچە ۋاقىتتا مەغلۇپ بولۇشتىن قورقۇپلا مەغلۇپ بولسا، يەنە كۆپىنچە ۋاقىتتا مەغلۇپ بولۇشتىن قورقمىغانلىقى ئۈچۈنلا غالىب كېلىدۇ.



مەغلۇبىيەتتىن قورقىدىغان بالىلار ئادەتتە ئۆزى قىلالايدىغان، ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان ئىشلاردىمۇ روھىي بېسىم تۈپەيلى مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن. مەغلۇبىيەتتىن قورقىدىغان بالىلاردا قىلمىسام خاتالاشمايدىكەنمەن، قىلسام خاتالىشىدىكەنمەن دېگەندەك ئويلار تۇغۇلۇپ، سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ئۆزىنى ئىقتىدارسىز چاغلايدىغان پسىخىك كەيپىيات پەيدا بولىدۇ.

بۇ جەھەتتە مەن ئوغلۇمغا بەك كەڭ قورساق بولدۇم، بىرەر ئىشتا مەغلۇپ بولسا، ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم قىلىشىغا رۇخسەت قىلدىم. ھەممىمىزگە ئايان، بالا ئېمىشنى، سۆزلەشنى، مېڭىشنى ئۆگەنگۈچە نەچچە قېتىملاپ مەغلۇپ بولىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئاخىر يەنىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ئاتا-ئانىلارغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى كۆرسەتمە!

مەغلۇپ بولۇشتىن قورقۇش پسىخىكىسى بالىنى يۈرەكسالدى قىلىپ، ئۇنى بارا-بارا شەيئىلەرگە قىزىقمايدىغان، سوغۇق پوزىتسىيە تۇتىدىغان، ھەر قانداق پائالىيەتكە قاتنىشىشنى خالىمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىيانلىق. بۇنداق پسىخىكا بالىلارنى بىكىنمە، چۈشكۈن، پەرىشان، دىلغۇل قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق بالا قانداقمۇ گۈزەل ھاياتقا ئېرىشەلىسۇن؟

بالام نېمە ئىش قىلىشتىن قەتئىينەزەر، پرىنسىپقا خىلاپ بولمىسىلا، باشقىلارغا ۋە ئۆزىگە زىيانلىق بولمىسىلا، مەن ئۇنى قىلىپ بېقىشقا، ئەمەلىيەتتە سىناپ كۆرۈشكە دەۋەت قىلىمەن. مېنىڭچە بالىدا مەغلۇپ بولۇشتىن قورقمايدىغان جاسارەت بولسا، مۇۋاپىق يېتەكلەنسىلا ھەممىدە غەلىبە قازىنالايدۇ.

مەن ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلار قىلالايدىغان ئىشلارنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىۋېلىشىغا قارشى. بۇنداق بولۇۋەرسە بالا مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشتىن قالىدۇ-دە، ھەممە ئىشتا ئاتا-

ئانىسىغا تايىنىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مەن كارلىنىڭ چامى يېتىدىغان ئىشلارنى ئىزچىل ئۆزىگە قىلدۇردۇم. ئۇ بىرەر ئىشنى قىلالمايمەن دېسە، مەن ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىتىپ قوياي دېدىم. ھەرگىزمۇ ئۆزۈم قىلىپ بەرمىدىم.

ئوغلۇم ھەرقايسى جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەنلىكتىن ھەر قېتىم قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇغا دۇچ كەلسە، دائىم ئائىلىمىزنىڭ مەدىتىمىز ۋە ياردىمىمىزگە ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىمۇ ئاستا ـ ئاستا تىكلىنىپ باردى. ھازىرغا قەدەر ئوچۇق ـ يورۇق ۋە شۇنچە ساغلام چوڭ بولۇپ كەلمەكتە.

## ماختاشتىكى سىر

بالىنى تەربىيىلەش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئەگەر بالىنىڭ ياخشى ئىشىنى توختىماي ماختاپ بەرسە، بالا بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ شۇ ئىشنى قايتا ـ قايتا قىلىدىكەن ـ دە، بۇ بارا ـ بارا بالىغا ئادەت بولۇپ قالىدىكەن. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بۇ نۇقتىغا تازا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئۇلار بالىلاردا ياخشى خۇلق ئەزەلدىنلا بولىدۇ، ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك، دەپ قارىغاچقا ئۇلارنى ۋاقتى ــ ۋاقتىدا ماختاپ تۇرمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بالىلارنىڭ بۇنداق ياخشى خىسلەتلىرىنى ۋاقتى ۋاقتىدا ماختاپ بەرمىسە، ئۇلارنىڭ قەلبىدە بۇ ياخشى ئىشلاردىن چوڭقۇر تەسىر قالمايدۇ ـ دە، بۇ ياخشى ئىشلارنى ئاستا ـ ئاستا تاشلاپ قويىدۇ.

مەن بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئېنىق ئۆزىمۇ سەزمەيلا بالىلىرىنىڭ بەزى يامان خۇيلىرىنى ماختاپ قويىدىغانلىقىنى سەزدىم. ئاتا ـ ئانىلار بۇنداق قىلسا ئۆز بالىسىنىڭ يامان قىلىقلىرىغا يانتاياق



بولۇپ قالىدۇ.

تۇرمۇشتا مۇنداق ئىشلار كۆپ: بالىلار ئۇرۇشسا، ئىسراپخورلۇق قىلسا، ئوغرىلىق قىلسا، يالغانچىلىق قىلسا. . . ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنى تىللاپ، ھەتتا ئۇرۇپ كېتىدۇ. بۇنداق قىلىش بىلەن مەسىلە ھەل بولماي قالماي، بەلكى ئەكسىچە ئۈنۈم كۆرۈلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ناچار قىلىقلىرىنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا تۈزىتىشى قەلبىنى جاراھەتلەندۈرمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، يامان قىلمىش بالىلارنىڭ قەلبىدە بەكرەك ئىز قالدۇرىدۇ. بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىشنى تاللاپ قىلىشقا ئامراقكى، ھەرگىزمۇ ئاتا ـ ئانىلىرى پەرۋا قىلمايدىغان، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايدۇ.

بەزى ئاتا ـ ئانىلار خاتا ھالدا بالىلارنىڭ يامان ئىشلىرىنى جازالىغاندا ئاندىن ئۇلار قايتا يامان ئىش قىلمايدىغان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقاچقا جازا خۇددى مۇكاپاتتەك بىلىنىدۇ، مانا بۇ دەل بەزى بالىلارنىڭ ھە دېسىلا ئىش تېرىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى.

ئاتا ـ ئانىلار بىر ئىشقا بەكرەك كۆڭۈل بۆلسە ۋە ئەھمىيەت بەرسە شۇ قىلمىش دەل بالىلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ قىلمىشلىرىغا دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى دەل ۋاقتىدا، مۇۋاپىق ماختاپ بېرىشى، يامان ئىشلىرىنى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق بۇ يامان ئىشنىڭ بالىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

بالىنى ماختاش ئارقىلىق ياخشى قىلىقلارغا كۆندۈرۈش قانچە بۇرۇن باشلانسا، ئۈنۈمىمۇ ئاسان كۆرۈلىدۇ. مەن بەزى بالىلارنى كۆزىتىپ باقتىم. بالا ئۆسمۈرلۈككە قەدەم قويغاندا بۇنداق

www.uyghurkitap.com

ماختاشلارمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىكەن، چۈنكى ئۆسمۈرلۈك باسقۇچىدا بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا قارشى تۇرۇش پسىخىكىسى كۈچىيىپ قالىدىكەن. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتى بىلەن ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئېنىق ئايرىشى لازىمكەن. بالىنىڭ ئىچكى دۇنياسى، مەسىلەن، ئامراقلىق، خۇشاللىق، ئاچچىقلىنىشلىرى بالىلارنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بۇلارنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ. بالىلار خۇش بولۇشىنىمۇ، خاپا بولۇپ ئاچچىقلىنىشىنىمۇ تازا كونترول قىلالمايدۇ. ئەمما ھەرىكىتى ئېنىق، ئاشكارا بولۇپ، كۆرگىلى ۋە ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇنى بالىنىڭ ئۆزىمۇ كونترول قىلالايدۇ. بالىلار ئۇششاق ئىشلاردا ئۆزىنى كونترول قىلالمىغىنى بىلەن، چوڭ ئىشلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ھېسسىياتىنى كونترول قىلالمىسىمۇ بالىلارنىڭ ھەرىكىتىگە زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

مېنىڭچە، بالىنى ماختىغاندا ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى ئەمەس، ھەرىكىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ماختاش كېرەك. بالىلارنىڭ ئابستراكت ھەرىكەتلىرىگە ئەمەس، بەلكى كونكرېت قىلغان ئىشلىرىغا دىققەت قىلىشى كېرەك. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئابستراكت ھەرىكەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلىشى، ئۇنى كونترول قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش بەك مۇھىم.

ئۇنداقتا قانداق ھەرىكەتلەر ئابستراكت ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ؟ «بۇ بالا ساپلا كىشىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ئىشلارنى تاللاپ قىلىدۇ، بۇ بالا باشقىلارنى بوزەك قىلىشقا ئامراق»، «بۇ بالا بەك مەسئۇلىيەتسىز» دېگەندەكلەر ئابستراكت ھەرىكەت بولىدۇ.

ئۇنداقتا قانداق ھەرىكەتلەر كونكرېت ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ؟



«بۇ بالا باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئۇرۇپتۇ»، «بۇ بالا تامغا رەسىم سىزىپ قويۇپتۇ» دېگەندەكلەر كونكرېت ھەرىكەت بولىدۇ.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ ماختىغىنىمىز چوقۇم بالىنىڭ كونكرېت ھەرىكىتى بولسۇن. ھەرگىزمۇ بالىنىڭ ھېسسىياتى ياكى ئابستراكت ھەرىكىتى بولمىسۇن، ئاتا ـ ئانىلار ئەڭ مۇھىمى بالىلارنىڭ ياخشى قىلىقلىرىنى دەل ۋاقتىدا ماختىشى لازىم. ئەگەر بالىلار ئۇنى داۋاملاشتۇرالمىسا ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىك لازىم. بالىلارنىڭ ناگان ـ ناگاندا ياخشى ئىش قىلىشىنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەش. بالا ياخشى تەرەپلىرىنى ئىپادىلىگەن ھامان ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۇنى ۋاقتىدا ماختاپ، مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنى ئاشۇ ياخشى قىلىقلىرىنى تېخىمۇ ياخشى داۋاملاشتۇرۇشقا دەۋەت قىلىشى لازىم.

مەن كارلنى ئادەتتە مەنىۋى، ماددىي جەھەتلەردىن ماختايمەن. شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، مەنىۋى جەھەتتىن ماختاش ماددىي جەھەتتىكى ماختاشتىنمۇ بەكرەك ئۈنۈم بېرىدۇ.

مەنىۋى جەھەتتە ماختاش دېگىنىمىز، تەقدىرلەش، سۆيۈش، قۇچاقلاش قاتارلىق تىل ياكى بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ھەرىكەتلەردۇر.

كارلنى بۇنداق تەربىيىلەش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلدىمكى، بالىنى كىچىك ۋاقتىدا ئالاھىدە ئىش بولمىسىلا ئادەتتىكى ئەھۋالدا مەنىۋى جەھەتتىكى ماختاشلا كۇپايە قىلىدىكەن.

بالىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا ماختىساق بۇنى بالا توختىماي داۋاملاشتۇرىدىكەن ـ دە، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بالىدا تەبىئىي ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك ياخشى ئادەت شەكىللىنىدىكەن.

مەن كارلنى ماختىغاندا ئاغزىمنىڭ ئۇچىدىلا ماختاپ قويۇشتىن ساقلاندىم. بولمىسا كارل زادى نېمە قىلغىنى ئۈچۈن ماختاشقا سازاۋەر بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالاتتى. شۇڭا، مەن

ئۇنىڭغا زادى نېمە ئىش ئۈچۈن ماختىغىنىمنى ئېنىق دەپ بەردىم.

ھەر قېتىم كارل كىشىنىڭ مەمنۇنلۇقىنى قوزغايدىغان ئىش قىلسا، مەن ئۇنىڭغا ۋاقتىدا مەدەت بېرىپ ئۇنى ماختاپ تۇرىمەن. مېنىڭچە بۇ بالىنىڭ ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشىدە بەك مۇھىم. ئەمما، كارل باشقا بىر ياخشى ئىشنى قىلىشقا باشلىسا، مەن ئۇنى يەنە ماختاۋەرمەيمەن، بەلكى ھەر قېتىملىق ماختاش ۋاقتىنى سوزىمەن. بۇ چاغدا ئارىلاپ ياكى مۇنداقلا ماختاپ قويۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىمەن. ئاندا - ساندا مۇۋاپىق ماختاپ قويۇشقا كۆندۈرسەم، ئۇ بۇ ياخشى قىلمىقلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ، قانداق قىلسا مېنىمۇ، ئۆزىنىمۇ خۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىكەن- دە، ئۆزىنىڭ بۇ ياخشى قىلمىقلىرىدىن مەمنۇن بولىدىكەن.

بۇ يەردە مەن ئاتا - ئانىلارنىڭ سەمىگە شۇنى سالىمەنكى، ھەرگىزمۇ بالىنىڭ يامان قىلمىقلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىللاپ ئۇرماڭلار، ياخشى تەرەپلىرىنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇڭلار، بولۇپمۇ خاراكتېرى كۈچلۈك، شوخ، قىلىغا پاتمايدىغان، باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايدىغان بالىلارغا تېخىمۇ دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىرەر ئارتۇقچىلىقىنى سەزگەن ھامان دەرھال ماختاڭلار. بالا ئاتا- ئانىسىنىڭ ماختىشىنى ئاڭلىغان شۇ مىنۇتتىن باشلاپ دەرھال گەپ ئاڭلايدىغان ئوبدان بالىغا ئايلىنىدۇ.



ئونىنچى باب

# بالىدا ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈردۈم

*مېنىڭچە مۇكەممەل ئادەم ئەخلاق - پەزىلەت، جىسمانىي ساغلاملىق ۋە ئەقلىي ئىقتىداردا تەڭ يېتىلگەن بولۇشى كېرەك. ئەگەر بالىنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغىلا ئەھمىيەت بەرسەك، ئۇ جىسمانىي جەھەتتىلا يېتىلگەن نادان بولۇپ چىقىشى؛ ئەقلىي ئىقتىدارىغىلا كۈچەسەك كېسەل كۆرپىسى بولۇپ چىقىش؛ ئەخلاق- پەزىلىتىگىلا كۈچەسەك، كېسەل كۆرپىسى ھەم بىلىمسىز بولۇپ چىقىشى مۇمكىن.*

*شۇڭا، بالا تەربىيىسىدە چوقۇم بۇ ئۈچ تەرەپنى چىڭ تۇتۇش لازىم.*

## بالامغا «ھەرىكەت خاتىرىسى» تۈزۈپ بەردىم

بالامدا ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ياخشى خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلدىم. كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۇنىڭغا ياخشىلىق، ساۋابلىق تەكىتلەنگەن ھېكايىلەرنى كۆپ ئېيتىپ بەردىم. ئوغلۇم ياخشى ئىش قىلسىلا، ئۇنى دەرھال «ياخشى، ئوبدان قىلدىڭ» دەپ ماختىدىم. بەزىدە خوتۇنۇم ۋە دوستلىرىمنىڭ ئالدىدا ئۇنى ماختاپ: «كارلنىڭ بۈگۈن قىلغان

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىشى بەك ياخشى بولدى» دېدىم. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدا تەكەببۇرلۇق خاھىشى پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ماختاشنى بەك ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمىدىم. بۇ ئىشلارنى ھەممە يەردە كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ يۈرمىدىم، بىزنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان بىر نەچچەيلەن ئالدىدىلا ماختىدىم.

كارل سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا ئەخلاق - پەزىلەت مەدھىيىلەنگەن شېئىرلارنى يادلاتتىم. نېمىسلاردا ئىنسانپەرۋەرلىك، رەھىم - شەپقەت، دوستلۇق، كەڭ قورساقلىق، باتۇرلۇق ۋە قۇربان بېرىش تەسۋىرلەنگەن شېئىرلار بەك كۆپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلارنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىدە رول ئوينايدۇ. مەن ئۇنى بۇ گۈزەل پەزىلەتلەر بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇپ كەلدىم، كارل بىر نەچچە ياشقا كىرگەندىلا بۇ شېئىرلارنى يادقا ئالالايدىغان بولدى.

ئوغلۇمنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر ھەرىكەت خاتىرىسى تۈزۈپ بەردىم. ئۇ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا يېزىپ قوياتتى. ئۇنىڭ يۇمران قەلبىدە بىر ئۆمۈر ياخشى ئىش قىلىش ئىرادىسى تىكلەندى. كارل بالىلىق چاغلىرىدا ھەر قېتىم قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ ھەرىكەت خاتىرىسىگە پۈتۈلگەنلىكىگە ئالاھىدە خۇشاللىنىپ كېتەتتى. ئۇ خاتىرىنى دائىم كۆرۈپ تۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ چىرايىدا بەختىيارلىق كۈلكىسى جىلۋىلەنگەنلىكىنى كۆرەتتىم.

بالامنى ياخشى ئادەتلەرگە كۆندۈرگەندەكلا ياخشى ئىش قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈشتىمۇ پەقەت مەجبۇرلىمىدىم. ئۇنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىپ ساۋاب ئىش قىلغاندىن كېيىنكى كۆڭۈل خۇشاللىقىنى ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكىنى كۆپرەك ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشتىم. بالىغا بۇنداق خۇشاللىقنى چۈشەندۈرۈش ۋە ھېس قىلدۇرۇش بىرقەدەر قىيىن. ئەمما، بۇنى تامامەن قىلىش مۇمكىن. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، پەقەت



سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيىلىگەندىلا بالىلار ياخشى ئىش قىلىشنىڭ ۋە ئۆزىنى تۈتۈۋېلىشنىڭ خۇشلۇقىنى سېزەلەيدۇ.

مېنىڭ كارلنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا يېتەكلىشىم ئۇنىڭ كېيىنچە ئەخلاق - پەزىلەتلىك ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا يامان ئىش قىلغان ئادەملەرنىڭ ئاخىرى يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردىم ھەمدە مۇشۇنداق سەلبىي ئوبرازلار ئارقىلىق يامان ئىشلارنى قاتتىق سۆكۈپ بالىغا ياخشى، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشنى تەۋسىيە قىلدىم.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار مۇنداق مەسىلىلەرگە ئۇچرايدۇ: «بالام نېمىشقا يالغان سۆزلەيدۇ؟ بالام نېمانداق جاھىل؟»، «بالام نېمىشقا مۇشتۇمدەك تورۇپ كىچىك ھايۋانلارنى رەھىمسىزلەرچە ئازابلايدۇ؟» مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئۇلار دائىم «ھەي، بۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنراق بىلسەم، ئۇنى تۇغماسكەنمەن» دەيدۇ. بۇ باش ئاغرىتىدىغان مەسىلىلەر ئۇلارنى بىئارام قىلىپ گاڭگىرىتىپ قويىدۇ، ئۇلار بۇ كىچىك «ھەييار» لارنى ياخشى تەربىيىلىيەلىشىگە كۆزى يەتمەيۋاتقاندا، بۇ يامان قىلىقلارنى ئۆزگەرتىشنى تېخىمۇ بىلمەي قالىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار «ئۇنى تەربىيىلەشكە بار كۈچۈمنى سەرپ قىلدىم. ئەمما، ئۇنىڭ يامان قىلىقلىرىنى زادى ئۆزگەرتەلمىدىم، ئۇنىڭدا ئاق كۆڭۈللۈكتىن ئەسەر يوق، ئۇ بىركىمگە كۆيۈنمەيدۇ، يا گەپ ئاڭلىمايدۇ، يا خاتالىقىنى تۈزەتمەيدۇ» دەپ زارلايدۇ. ئەمما، توغرا ئۇسۇل قوللانسىلا بالىنى پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولىدۇ.

مېنىڭچە، ھەممە ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئىجتىمائىي قائىدىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىجتىمائىي قائىدىلەر قانداقتۇر ئاجايىپ قاراشلار ياكى قۇرۇق سەپسەتە ئەمەس، بەلكى بىر خىل ھەرىكەت قائىدىسى، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەمنىڭ

ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ۋە ھەرىكەتلىرى سىڭگەن، بالىغا نىسبەتەن ئالغاندا دەسلەپكى چەكلىمە ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ ئەڭ يېقىن ئادەملىرى ئاق كۆڭۈل، ھەققانىي، مەسئۇلىيەتچان بولسا، ئۇ بۇ گۈزەل ئەخلاقلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ھەدېسە راھەت ماددىي تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىشنىلا ئۆگىتىپ قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، ئىچ - تېشى بىردەك ھەقىقىي ئادەم بولۇپ چىقىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

ئاق كۆڭۈل، مەسئۇلىيەتچان بالىلارنى تەربىيىلەپ چىقىش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەڭ تۈپ تەلىپى ۋە ئارزۇسى، گۈزەللىك، ياخشىلىق ۋە ھەققانىيەت توغرىسىدىكى شەخسىي ئۆلچەم بالىلارنىڭ كەلگۈسى ھايات سەپىرىدە ھەقىقىي ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇش - بولالماسلىقىدا ئىنتايىن مۇھىم. بىز بۇ جەھەتتە سەللا بوشاپ قالساق يامان ئادەتلەر بالىغا ئاسانلا يۇقۇپ قالىدۇ. دىيانەتسىز، ۋىجدانسىز بالا چوڭ بولسا جەمئىيەتكە زىيانلىق ئىشلارنى قىلىدىغان، ھېچقانداق ھېسداشلىق تۇيغۇسى يوق ئادەم بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار قىلچە ئەيمەنمەستىن باشقىلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدۇ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزىدۇ. ئۇلارنىڭ جىنايىتى ئاشكارىلىنىش بىلەن تەڭ كىشىلەر ئەسلىدە يارىملىق ئادەم بولۇپ چىقالايدىغان بۇ بالىلارنىڭ ناچار ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. بۇنداق بالىلارنى كۆرگەندە نۇرغۇن كىشىلەر بىر تەرەپتىن ئازابلىنىپ ئۆكۈنسە، ئاتا - ئانىلار بىر تەرەپتىن «نېمىشقا مېنىڭ بالام مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ؟» دەپ ئۆزلىرىگە سوئال قويۇشىدۇ.

مېنىڭچە، بالىنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشقا تايىنىپلا ئۇنىڭغا ئاق - قارىنى ئايرىشنى ئۆگىتىپ بولغىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن ئاتا - ئانا بالىلىرى بەزى ئىشلارنى ياخشى قىلالىسىلا مۇكاپاتلايدۇ، ئەگەر ياخشى قىلالمىسا قاتتىق جازالايدۇ. بۇنداق



ئاددىي ئۇسۇل ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەشكە ئەزەلدىن زېھنى كۈچى ۋە ۋاقتىنى سەرپ قىلمايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن قاچقانلىقىدۇر. ئەگەر بالا بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپلا قالسا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۆلچىمىنى بىلىۋالىدۇ - دە، ئۇلارغا قانداق قارشى تۇرۇشنىڭ ئامالىرىنى ئىزدەش كويىغا چۈشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىنچىكە، ئەستايىدىل تەھلىل قىلماي، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشەنمەي قوللانغان تەربىيىلەش ئۇسۇللىرى بالىلارنىڭ ئاق — قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرەلمەيدۇ.

مېنىڭچە جازالاش ۋاقىتلىقلا، يۈزەكىلا رول ئوينايدۇ، جازالاشنىڭ بالىنى تەربىيىلەشتە ھېچقانچە رولى يوق. جازالاش ئارقىلىق بالىلارغا ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈزۈش بالىلارنى مۇنداق قىلسام مۇكاپاتلىنىدىكەنمەن، ئۇنداق قىلسام جازالىنىدىكەنمەن، دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، مەن بالىنى تەربىيىلەشتە دائىم ئۈنۈملۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئاق - قارىنىڭ نېمىلىكىنى، ياخشىلىق ۋە ساۋاب ئىش قىلغاندىكى خۇشاللىقنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشتىم، ئۇنى ئاددىيلا جازالاش، مۇكاپاتلاش بىلەنلا توختاپ قالدىم.

مېنىڭچە ئادەم ئەخلاق - پەزىلەت، جىسمانىي ساغلاملىق، ئىقتىداردا تەڭ تەرەققىياتقا ئېرىشسىلا ئاندىن مۇكەممەل يېتىلگەن بولىدۇ. يالغۇز ساغلاملىقىغىلا كۆڭۈل بۆلسەك، بالا جىسمانىي جەھەتتىلا يېتىلگەن نادان بولۇپ چىقىشى؛ ئەقلىي ئىقتىدارىغىلا كۆچسەك كېسەل كۆرپىسى ياكى جەمئىيەتكە يۈك بولۇپ قېلىشى؛ ئەخلاق - پەزىلىتىگىلا كۆچسەك كېسەل كۆرپىسى ھەم بىلىمسىز بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. بۇنداق ئادەمنىڭ جەمئىيەتكىمۇ، ئىنسانىيەتكىمۇ ھېچقانداق پايدىسى تەگمەيدۇ،

شۇڭا بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئۈچ تەرەپكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بالىنى تەربىيىلەشتە ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئېچىپلا قالماي، يەنە ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە ياخشىلىق قىلىش، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشنىمۇ ئۆگىتىش كېرەك. مېنىڭچە ئەقلىي ئىقتىدار تەربىيىسىنى بالا تۇغۇلغاندىلا باشلىغاندەك ئەخلاق تەربىيىسىنىمۇ دەل بۆشۈكتىكى چېغىدىن تارتىپ باشلاش كېرەك، قانچە بالدۇر بولسا شۇنچە ياخشى.

بالىلارنىڭ قەلبى خۇددى تۇپراققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا قانداق ئىدىيىنىڭ ئۇرۇقىنى سالسا شۇنداق مېۋە بېرىدۇ؛ بالىنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىدە ئاتا ـ ئانىلار بەك مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ئەڭ يېقىن، شۇنداقلا بىللە تۇرىدىغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن كىشىلەردۇر. ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتى بالىنىڭ دوراش ئوبيېكتى بولىدۇ.

مەن ئىزچىل تۈردە جەمئىيەتتە بالىلارغا ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسى بېرىدىغان مەخسۇس ئورگان بولمىغاچقا بۇ ۋەزىپە دەل ئاتا ـ ئانىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدىكەن، ئۆز بالىلىرىنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئاتا ـ ئانىلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ، دەپ قاراپ كەلدىم. ئانا شۆھرەتپەرەس بولسا قىزىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئاتا ھاراقكەش بولسا ئوغۇلمۇ ئاتىدىن قېلىشمايدۇ. ئاتا بولغۇچى ئاغزىنى باشقۇرالمىسا، بالىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئاتا ـ ئانا بولغان ئادەم ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويسا، بالىلىرىغا ئوبدان ئۈلگە بولسا، ئۇلاردا ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەت يېتىلدۈرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ گۈزەل كەلگۈسىگىمۇ ياخشى شارائىت ھازىرلىيالايدۇ. بۇنداق ئاتا ـ ئانىلار كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ئۆرنىكى. مەن كارلغا نېمە ئۆگىتىشتىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ئۆزۈم ئۈلگە بولاتتىم. بالىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك قىلىپ چىقىش ئۈچۈن ھەممە ئىش ـ ھەرىكىتىمدە ئېھتىياتچان بولۇپ ئۈلگە بولۇشقا تىرىشاتتىم.

كارلنى تەربىيىلەشتە، ئۇنىڭدا تىرىشچانلىق روھىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. مېنىڭچە تىرىشچانلىق بىر ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەخلاق پەزىلىتى، ئۇ بەخت بۇلىقى. ھۇرۇنلۇق بولسا بارلىق بالا ـ قازانىڭ مەنبەسى، بىر بالا زېھنىنى ئەھمىيەتلىك يەرگە ئىشلەتمىسە، ئۇ بۇزغۇنچى بولۇپ قالىدۇ.

مەن كارلغا دائىم ئەپلاتوننىڭ «ھەرقانداق ئەسكى ئادەم ئۆزى خالاپ ئەسكى ئادەم بولغان ئەمەس» دېگەن سۆزىنى دەپ تۇرىمەن. ئۇنىڭغا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، بارلىق ھەرىكەتلىرىدە ياخشىلىق ۋە ساۋابلىقنى چىقىش قىلىشنى ئېيتىمەن. كىشىلەرنىڭ ئەسكى بولۇپ قېلىشى دەل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلىمىگەنلىكىدىن بولىدۇ.

مەن ئاتا ـ ئانىلارغا شۇنى ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بالىلارنى كىچىكىدىن تىرىشچان بولۇشقا ئۆگىتىش، شۇ ئارقىلىق رەزىللىكنى ئۇلارغا يېقىنلاشتۇرماسلىق لازىم. ئۇلارنى ئەمگەكنى سۆيىدىغان، تەپەككۇر قىلىدىغان، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھېسداشلىق قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن بالىلارنى ھەقىقىي بەختلىك قىلغىلى بولىدۇ.

مەن دائىم ئوغلۇمنى باتۇر قىلىپ چىقىشقا تىرىشتىم، چۈنكى باتۇرلۇقمۇ گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ بىرى. بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ كىچىككىنە ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغىنىنى كۆرسىلا ئۇلارنى پەپىلەپ كېتىدۇ. بۇ ئەكسىچە بالىلارنىڭ ئازابىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. بۇنداق قىلىش خاتا. ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىش توغرىسىدا ئارتۇقچە سۆزلىمەسلىك، بالىنىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپكە بۇراش ئارقىلىق بالىغا ئازابىنى ئۇنتۇلدۇرۇش كېرەك. بەزى ئادەملەر كىشىلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتىشى ۋە ھېسداشلىقىغىلا تايىنىپ ياشايدۇ. بۇنداق غۇرۇرسىز ياشاشتىنمۇ

ئارتۇق ئېچىنىشلىق ئىش يوق. ئەمما، باتۇرلۇق رەھىمسىزلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. مەن دائىم ئوغلۇمغا ھەم باتۇر، ھەم مېھرىبان بولۇشنى تەكىتلەيمەن.

مەن كارلغا دائىم ھەركىمنىڭ ئۆزى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە يارىشا كۆن كۆرىدىغانلىقىنى دەپ تۇرىمەن. بالىغا بۇ قائىدىنى بىلدۈرۈش، مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە بالا تەربىيىلەش بەك مۇھىم.

بالىنى ساۋابلىق ئىش قىلىشقا دەۋەت قىلىشتىكى مەقسەت بىلەن بالىدا ساۋابلىق ئىش قىلىشنى يېتىلدۈرۈشتىكى مەقسەتتە سەل پەرق بار. مەن ئالدىنقىسىدا بالىنى پۇل بىلەن مۇكاپاتلىسام، كېيىنكىسىدە قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرىنى «ھەرىكەت خاتىرىسى»گە يېزىشنى ئاساس قىلدىم.

مەن ئوغلۇمغا بۈگۈنكى بەختىمىز ئۆگىنىشتىن كېلىدۇ. قىلغان ياخشىلىق ۋە ساۋابلىقلىرىمىزغا پەرۋەردىگار لايىق جاۋاب بېرىدۇ، دەپ تۇردۇم.

## ئوغلۇمنى نېمىشقا پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدىم؟

مەن ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا ئۇنى پۇل ئارقىلىق مۇكاپاتلاش بىلەن قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى «ھەرىكەت خاتىرىسى»گە يېزىشنى تەڭ ئېلىپ باردىم.

ئەگەر، ئوغلۇمنىڭ ئۆگىنىشى كۆتۈرۈلدىكەندەك بولسا ئۇنىڭغا كۈندە بىر كوپېيكا مۇكاپات بەردىم، ئۆگىنىشى كۆتۈرۈلدىكەندەك بولۇپ، ھەرىكىتىدە كەمچىللىك بولسا مۇكاپات پۇلى بەرمىدىم.

ئوغلۇم خاتالىق سادىر قىلسا دائىم ئۆزلۈكىدىنلا: «دادا، بۈگۈن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، ماڭا پۇل بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ» دەيتتى، بۇنداق چاغلاردا ھاياجانلانغىنىمدىن ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ پۇل بېرىۋېتىشنى ئويلىساممۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ياخشى بولسۇن،



دەپ ئۆز ھاياجىنىمنى بېسىۋېلىپ: «ھە، شۇنداق ئىش بولدىمۇ؟ ئۇنداقتا ئەتە ياخشى ئىش قىلغىن» دەيتتىم. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق چاغلاردا مەن بەك بىئارام بولۇپ كېتەتتىم. ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۇنى سۆيۈپ قوياتتىم.

كارل پۇل خەجلەشنى بىلمەيدىغان چاغلاردا ئەگەر ئۇ ياخشى ئىش قىلغان بولسا ياستۇقىنىڭ بېشىغا ئۇ ئامراق پىرەنىكلەرنى قويۇپ قويدۇم ۋە بۇلارنى تۈنۈگۈن قىلغان ياخشى ئىشىڭ ئۈچۈن پەرىشتىلەر تارتۇقلاپ ئەكەپتۇ، دېدىم. خاتا ئىش قىلغان بولسا پىرەنىكلەرنى قويۇپ قويماي، ئۇنىڭغا تۈنۈگۈن قىلغان يامانلىقىڭ ئۈچۈن پەرىشتىلەر كەلمەپتۇ، دېدىم.

ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ سېلىۋەتكەن كىيىمىنى رەتلىمىسە، بىز ئۇنى يىغىشتۇرمىدۇق، ئەتىسىمۇ كىيىدىغانغا يېڭى كىيىم بەرمىدۇق.

مانا بۇ ئارقىلىق كارل كىچىكىدىنلا ياخشى ئىشنىڭ ياخشى نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

كۆپلىگەن كىشىلەر مەندىن، بالىڭىزنىڭ ئۆگىنىشىنى نېمىشقا پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدىڭىز، دەپ سورايدۇ. بۇ مېنىڭ كارلغا «دۇنيادىكى بەختنىڭ ئۆگىنىشتىن كېلىدىغانلىقى»نى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن قوللانغان كونكرېت ئۇسۇلۇم ئىدى. ئوغلۇم ئۆگىنىشتە ياخشى بولسىلا مەن ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بىر كوپېيكا بېرىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردۇم، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم بالامغا ئازراق ھەققە ئېرىشىشنىڭ قانچىلىك تەس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

بالىغا بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈش بەك مۇھىم.

مەن بالىلارغا كۆپ پۇل بېرىشكە قارشى، بالىلارغا دېگىنىنى بېرىش، بولۇپمۇ پۇلنى كۆپ بېرىش ئۇلاردا باشقىلارغا تايىنىۋالىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر، باللار ئاتا ـ ئانىسىدىن ئاسانلا پۇل ئالالىسا بۇنىڭ ئاقىۋىتى بەك يامان بولىدۇ. بىر تەرەپتىن، قولىغا كەلگەن بۇ پۇللارنى قەدىرلىمەيدۇ، ئەرزىمەس يەرلەرگە خەجلىۋېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەممە نەرسىگە ئاسانلا ئىگە بولىدىكەنمەن، دېگەن ئوي پەيدا بولىدۇ ـ دە، چوڭ بولغاندا ھايات ئۈچۈن، تۇرمۇش ئۈچۈن تىرىشمايدىغان، بولۇمسىز، چۈشكۈن ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

مېنىڭ بىر باي دوستۇم بار، ئۇ ئوغلىنى بەك ئارزۇلايتتى، ھەدېسىلا ئۇنىڭغا كۆپ پۇل بېرەتتى. ئۇنىڭچە ئۆزى باي بولغاندىكىن بالىسىمۇ ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك ئىكەن. بالىسىنىڭ ئىسمى ئېرنىست ئىدى، ئۇنىڭ پارچە ـ پۇرات خەجلىگەن پۇللىرى كارلىنىڭكىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق ئىدى.

ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا كۆپ پۇل بەرگەچكە ھەمدە پۇلنى قانداق خەجلەش توغرىسىدا ئۇنى توغرا يېتەكلىمىگەچكە ئېرنىست پۇل خەجلەشكە كەلگەندە بەك «مەرد» ئىدى، تەڭتۇشلىرى ئالدىدا ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلايتتى. ئۇ بۇ پۇللارغا ئۆزى ئېھتىياجلىق، ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالمايتتى ياكى ئۇنى پۇلغا بەك ئېھتىياجلىقلارغا بەرمەيتتى.

«باي» ئېرنىست تېزلا ئەسكى باللارنىڭ قوغلىشىش نىشانىغا ئايلاندى. ئۇ باللار ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولۇپ خۇشامەت قىلىپ شېرىن ـ شېكەر سۆزلەر بىلەن ئۇنى ئەتىۋارلايتتى. بۇنداق ياخشى مۇئامىلىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ئېرنىست دادىسى بەرگەن پۇللارنى ئۇلارنىڭ يەپ ـ ئىچىشىگە مەردلىك بىلەن خەجلىدى، ھەتتا بەزىدە ئۇلارغا پۇل بەردى. ئۇ باللار بۇ پۇللار بىلەن بىرەر ياخشى ئىش قىلىشنىمۇ مەيلىتتى، ئەپسۇس ئۇلار ھەرگىز ئۇنداق قىلمىدى.

ئېرنىست «مەردلىكى» بىلەن بۇ بىر توپ باللارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى، ھەش ـ پەش دېگۈچىلا باللارنىڭ ئاتامانىغا



ئايلاندى. ئۇ باللار ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققاننى ئورۇنداپ ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقمىدى. بۇنىڭدىن ئېرنىست ئۆزىنى مەن ئالاھىدە جەلپكار ئىكەنمەن، شۇڭا ئۇلار ماڭا ئامراق ئىكەن دەپ يۈردى. لېكىن، ئۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي «ئامراق» نەرسىنىڭ پۇل ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ ئېرنىست پۇلنىڭ كۈچىنى ئاستا ـ ئاستا بىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى باللار بۇيرۇقىنى ئاڭلىمىسا ياكى ئۆزى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالسا باشقا باللارنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىپ ئاشۇ باللارنى ئۇرغۇزدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇ يولسىز، قارا كۆڭۈل بولۇپ، رەھىمسىزلىشىپ كەتتى. بىر قېتىم بىر دېھقان يولدا كېتىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كەتكەنگە قول ئاستىدىكىلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دېھقاندىن قاتتىق ئۆچ ئالدى. ھېلىقى باللار دېھقاننى تاش بىلەن ئۇرۇپ باش ـ كۆزىنى يېرىۋەتتى ھەمدە بۇ ئىش توغرىسىدا باشقىلارغا ئېغىز ئاچمايسەن دەپ تەھدىت سالدى.

ئېرنىست ھېلىقى باللارنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە ئارقىسىدىن چۆرگىلەپ يۈرۈپ ياخشىچاق بولۇشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنىڭ ئۆزىدىن ئازراق بىر نەرسە ئۈندۈرۈۋېلىش ئىكەنلىكىنى سەزمەيۋاتاتتى. ئۇلار ئېرنىستنى قىمارغا كۆندۈردى، ئالدىن قىلتاققا چۈشۈرۈپ ئۇنى ئۇتتۇرغۇزدى. ھەر خىل پەسكەش ئۇسۇللار بىلەن ئېرنىستنىڭ پۇلىنى ئالدىۋالدى. ئېرنىست بۇلارنى سەزمەكتە يوق، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى يېڭى «ئەمەك» بىلەن تەمىنلىگەنلىكىدىن خۇشاللىنىپ يۈردى. ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇللارنىڭ كارى چاغلىق ئىدى، بەرىبىر دادىسى ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ تۇراتتى.

ئېرنىست باللىقىنى مۇشۇنداق «يايراپ» يۈرۈپ ئۆتكۈزگەن تۇرسا، ئۇنىڭ بىرەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشىدىن قانداقمۇ

ئېغىز ئاچقىلى بولىدۇ دەيسىز؟ ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى يېيىش، ئويناش، ئۇرۇشۇش ۋە قىمار بولدى. ئۆگىنىش پەقەت دادىسىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىش ئۈچۈنلا ئىدى. ئۇ ئۆگىنىشنىڭ خۇشاللىقىدىن، ئۆگەنگەن بىلىملەرنىڭ كىشىگە ئېلىپ كېلىدىغان لەززىتىدىن پەھرىلىنەلمىدى. ئۇنىڭچە ئۆگىنىش قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىش ئىدى. كىتابنى كۆرسىلا بېشى ئاغرىيتتى. ئەمما ھېلىقى باللار بىلەن ئويناپ يۈرسە جېنى يايراپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ باشباشتاقلىقى ئاخىر ئۆزىگە ياندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ بەتقىلىقلىقى دادىسىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. ھېلىقى تاياق يېگەن دېھقان ئۇنىڭ دادىسىغا بولغان ئىشلارنى چېقىپ قويىدى. بۇنى ئاڭلاپ دادا ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەي دېدى ۋە ئۇنىڭغا بېرىدىغان پارچە پۇلنى چورتلا توختاتتى.

ئېرنىست بىردەمدىلا «نامرات»قا ئايلىنىپ قالدى.

بىر قېتىملىق قىماردا ئېرنىست پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتتى، باشقا باللاردىن پۇل سورىۋىدى ھېچكىم ئۇنىڭغا پۇل قەرز بەرمىدى، ئۇلار «سېنىڭ ھازىر پۇلۇڭ قالمىدى، بولدى ئەمدى ئوينىما، ئاڭلىساق بۇندىن كېيىن دادىڭ ساڭا پۇل بەرمىگۈدەك، قەرز ئالساڭ ئۇنى قانداق قايتۇرىسەن؟» دېيىشىپ يۈز ئۆرىدى.

ئېرنىست ئىنتايىن غەزەپلەندى، ئۇ ئاشۇ قەدىناس ئاغىنىلىرىنىڭ بىردەمدىلا ئۆزگىرىپ كېتىشىنى ئويلىمىغان ئىدى. ئۇ ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۇلار بىلەن جېدەللىشىپ مۇشلىشىپ كەتتى، باللار ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ مۇشتىنىڭ تەمىنى راسا تېتىتىپ قويىدى. بىر بالا قولىدىكى تاش بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتى، ئۇ دەل ھېلىقى تاياق يېگەن دېھقاننىڭ ئوغلى ئىدى.

بۇ ئىشتىن باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىلار



بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىك زور ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئېرنىست ئەسلىدە ئۆگىنىشنى ياقتۇرىدىغان ياخشى، دورۇس بالا بولالايتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۆگىنىش شارائىتىمۇ ئەۋزەل ئىدى. ئەمما، ئۇ ياخشى تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلالمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بەتقىلىقلىقى ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىدى. مېنىڭچە بۇنىڭدىكى خاتالىقنىڭ ھەممىسى دەل ئاشۇ ئەخمەق دادىدا.

مەن بۇ ئىشنى كارلغا دەپ بەردىم. كارل ئاچچىقتىن سەكرەپ كەتتى ھەم ئۇنداق بالا ۋە ئۇنداق دادا ئالۋاستىنىڭ پۇشتى ئىكەن دېدى ، ئۆزىنىڭ پۇلنى بەتخەجلىك قىلماي، زۆرۈر يەرگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى، مەندىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى، مېنىڭ بالام بولۇپ قالغانلىقىدىن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

## بالىغا ئازغىنە ھەققە ئېرىشىشنىڭ قانچىلىك تەسلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك

ئوغلۇمغا ئازغىنە ھەققە ئېرىشىشنىڭ قانچىلىك تەسلىكىنى بىلدۈردۈم ۋە پۇللىرىنى ئامال بار پايدىلىق، زۆرۈر يەرگە ئىشلىتىشنى ئۆگەتتىم. ئۇنىڭغا پۇللارغا پەقەت پىچىنە ـ كەمپۈتلەرنى ئالسا ئانچە زور ئەھمىيىتى بولمايدىغانلىقىنى، ئەگەر كىتاب سېتىۋالسا پۇلنىڭ رولىنى مەڭگۈ جارى قىلدۇرۇلايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. يەنە ئەگەر مىلاد بايرىمىدا دوستلىرى ۋە نامرات باللارغا ئاز تولا سوۋغات بەرسە ئەھمىيىتىنىڭ تېخىمۇ زور بولىدىغانلىقىنى ئېسىگە سېلىپ تۇردۇم.

ئەتراپىتىكى قوشنا ـ قولۇملارنىڭ ئۆيىدە بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، مەيلى سالاھىيىتىمىزنىڭ ماس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىش ـ كەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، كارلنى ئېلىپ ئۇلاردىن ھال سورىدىم، ھەر قېتىم شۇنداق يەرلەرگە بارغاندا كارل ئۆزىنىڭ پۇللىرىنى ئۇلارغا ئىئانە قىلدى. مەن دەرھال ئۇنىڭ بۇ ياخشى ئىشىنى ماختاپ «كارل، بەك توغرا قىلدىڭ، گەرچە سېنىڭ بەرگىنىڭ ئازغىنە پۇل بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خاسىيىتى تولىمۇ چوڭ» دېدىم.

ئىنجىلدىكى ھېكايىلاردىن، قەدىمكى داستان، قىسسەلەردىن ۋە شېئىرلاردىن ئۆرنەك ئېلىپ كارلغا ياخشى ئىش قىلىشنى ئۆگىتىش مېنىڭ ئادىتىم ئىدى. مەن كارلغا بۇلارنى كىچىكىدىن تارتىپ سىڭدۈرۈۋەتكەچكە بەزىدە ئۇنىڭغا «كارل پالانى كىشى مۇشۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلغان ئىدى؟» دېسەملا، كارل دەررۇ مەقسىتىمنى چۈشىنەتتى ۋە قىلىۋاتقان ياخشى ئىشىنى تېخىمۇ ياخشى قىلىشقا تىرىشاتتى ياكى بولمىسا قىلىۋاتقان يامان ئىشنى دەررۇ توختىتاتتى.

باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ۋە كۆيۈنۈشنى بىلىشمۇ بەك مۇھىم، بۇ بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە باشقىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش ياكى ئېرىشەلمەسلىكىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە. بالىنى ئاشۇنداق مېھرىبان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن كىچىكىدىن باشلاپ ھەسسىلەپ تەربىيە قىلىش زۆرۈر.

مەنلا ئەمەس، كارلنىڭ ئاپىسىمۇ ئۇنى تەربىيىلەشكە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇنىڭ شەخسىيەتچى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاپىسى ئۇنى ئىككى ياشقا كىرگەندىلا تەربىيىلەشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئاپىسى ئاچچىقلىنىپ قالسا ئاچچىقىنى ياندۇراتتى، ئاغرىپ قالسا كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيتتى، ئاپىسىغا ئۆزى قىلالىغىنىچە ئىش قىلىشىپ بېرەتتى.

مۇشۇنداق چېنىقتۇرۇپ يۈرۈپ كارلنى مېھرىبان، ھېسداشلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك قىلىپ تەربىيىلەپ چىقتۇق. ئۇ باشقىلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھېسسىياتىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس



قىلالايتتى. باشقىلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى سېزەتتى ۋە ئۇنىڭ ساپ ھېسسىياتىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالاتتى.

بىر قېتىم مەن كارلنىڭ پۇللىرىنىڭ كەملەپ قالغانلىقىنى سەزدىم. چۈنكى، كارل ئەزەلدىن مەن بەرگەن پۇللارنى چىڭ ساقلايتتى. مەيلى كىتاب ياكى ئوقۇش قوراللىرى ئالسۇن، دائىم پىكرىمنى ئېلىپ ئاندىن خەجلەيتتى.

مەن ئۇنىڭ «كەملەپ» كەتكەن پۇلىنى سورىسام، ئۇ بىر تەسىرلىك ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى.

كارل خوۋس ئىسىملىك بىر دېھقاننىڭ ئوغلى بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ.

خوۋس ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بالا ئىكەن، بەك نامرات بولغاچقا ئوقۇيالمىغانىكەن، ئەمما كىتاب ئوقۇشقا بەك ئامراق ئىكەن.

بىر كۈنى، كارل ئېتىز بېشىدىكى تاشتا ئامراق كىتابىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، كەينىدە بىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى سېزىپتۇ، قارىسا خوۋس ئىكەن.

خوۋس ئۇنىڭغا بۇ كىتابنى بەك كۆرگۈسى بارلىقىنى، ئەمما كىتاب سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا كىتابتىكى ھېكايىلارنى ئوقۇپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. كارلنىڭ تەخىتۇشلىرى ئاز بولغاچقا، ئۇ خۇددى سىرداش تېپىۋالغاندەكلا ئۇنىڭغا كىتابتىكى بىلىملەر توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ. خوۋسمۇ ئۆزى ۋە ئائىلىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ.

خوۋسىنىڭ دادىسى ئىشچان بىر دېھقان ئىكەن. ھاردىم ـ تالدىم دېمەي، ئەمگەك قىلىپ ئائىلىسىنى بېقىش ئۈچۈن تىرىشىدىكەن. ئانىسى ئاق كۆڭۈل ئەمگەكچان ئايال ئىكەن، ئۆزى ئوقۇمىغان بولسىمۇ خوۋسىنىڭ تەربىيىلىنىشىنى، ئوقۇپ

بىلىملىك، يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىرىشچان، ئاق كۆڭۈل بولۇشىنى تەكىتلەيدىكەن. ئەمما ئۇنى ئوقۇتۇشقا قۇربى يەتمىگەچكە، دائىم ياش تۆكىدىكەن.

خوۋس ئۆزىنىڭ كارلغا ۋە ئۇنىڭ ئۆگىنىش قوراللىرىغا بەك زوقلىنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدەك شارائىتى بولسا ئۆزىنىڭمۇ ئىرىشىپ ئوقۇپ چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

كارل بەك تەسىرلىنىپ كېتىپتۇ، دەرھال ئۆيگە كېلىپ قەغەز، قەلەم ھەم يىغقان پۇلىدىن 20 كوپپېيك ئېلىپ خوۋسقا بېرىپتۇ. ئۇ: «خوۋس، مېنىڭ ئەرزىمەس ياردىمىمنى قوبۇل قىلغىن، بۇ ئاز بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم. مەن سېنىڭ ھازىردىن باشلاپ ياخشى ئۆگىنىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، پەرۋەردىگار سېنىڭ ئۈمىدىڭنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ» دەپتۇ.

كېيىن خوۋس دادىسى بىلەن بىللە ئۆيگە كېلىپ بىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ئۇنىڭ دادىسى: «باستېر ۋىتىر، سىزنىڭ مۇشۇنداق ئوبدان ئوغلىڭىز بارلىقىغا زوقىم كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بىر پەرىشتىكەن، ئوغلۇمغا مۇھەببىتىنى ئاتا قىلدى، پەرۋەردىگار ئۇنى بەختلىك قىلغاي» دېدى.

ئوغلۇمغا پۇل بېرىشىم ئۇنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئاق كۆڭۈللۈكنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بولدى، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆز ياردىمى ئارقىلىق باشقىلارغا ھەمدەم بولۇشنى ئۆگەندى. مانا بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئىنئامى ئەمەسمۇ؟

مەن كارلنىڭ ئۆگىنىشىگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن تېخى مۇنداق ئىشنىمۇ قىلغان: ھەر قېتىم كارل بىرەر كىتابنى ئوقۇپ بولسا ياكى تەرجىمە قىلىپ بولسا ئىككىمىز خۇددى زېمىممىزدىكى ئېغىر ۋەزىپە ئادا بولغاندەك يەڭگىللەپ، «ياشىسۇن ھومېر»



دەپ بىرلىكتە ئاپتورلارنىڭ ئىسمىنى توۋلايتتۇق، بۇ چاغدا ئايالىممۇ بىللە تەبرىكلەيتتى.

ئاندىن بىز بازارغا چىقىپ، ھەر خىل لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىپ، كارل ئامراق تاماقنى ئېتىپ، ئىككى - ئۈچ يېقىنلىرىمىزنى، تەكلىپ قىلىپ كەچلىك تاماق زىياپىتى ئۆتكۈزەتتۇق. مەن سۆز باشلاپ «بۇ ئەسەر چۈشىنىش بەك قىيىن ئەسەر ئىدى. ئەمما كارل زور شىجائەت ۋە غەيرەت بىلەن ئۇنى ئاخىر تۈگەتتى، ئۆگىنىشىدىمۇ زور بۆسۈش بولدى» دەيتتىم.

سۆزۈم تۈگىشى بىلەن باشقىلار كارلنى «مۇبارەك بولسۇن» دەپ تەبرىكلەيتتى. ئۇ كىتابقا ئائىت سوئاللارنى سورايتتى، كارل كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە مەلۇم بۆلەكلىرى توغرىسىدا ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەتتى.

ئاخىرىدا كارل «پەرۋەردىگار، سىزگە مىڭ تەشەككۈر، سىزنىڭ ماڭا مۇشۇنداق ياخشى دادا ئىلتىپات قىلغىنىڭىزغا تەشەككۈر، ماڭا ساغلاملىق ۋە ھەر خىل ئىقتىدارلارنى ئاتا قىلغىنىڭىزغا، مېنى توختىماي ئالغا باستۇرغىنىڭىزغا مىڭ تەشەككۈر» دەپ دۇئا قىلىپ، زىياپەتنى ئاخىرلاشتۇراتتى.

## ئوغلۇمغا پۇلنى قانداق خەجلەشنى ئۆگەتتىم

كارل بەش ياشقا كىرگەندە خېلىلا كۆپ پۇل يىغدى، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇنىڭغا بۇ پۇللارنى قانداق خەجلەشنى ئۆگەتتىم.

بۇ جەھەتتە بالىنى قاتتىق تەربىيىلەش بىلەن بىللە يەنە پۇلنى زادى قانداق يەرگە خەجلەشنى ئۆگىتىش زۆرۈر ئىدى. بۇ بىر ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىش ساپاسىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى تەرەققىياتقا ۋە بەختىگە بېرىپ

تاقىلاتتى.

كارلغا ئىقتىسادنى باشقۇرۇش تەربىيىسى بېرىش ئۇنى تەربىيىلەشتىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى ئىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ساپا تەربىيىسىدىكى مۇھىم مەزمۇن ئىدى.

مېنىڭچە، ئىقتىسادنى باشقۇرۇش قابىلىيىتى بالىلارنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇش ۋە ئىشلىرىدا چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىقتىدارىنىڭ بىرى، ئۇلار بالىلىقىدىن باشلاپلا مۇشۇ جەھەتتە تەربىيىلىنىشى لازىم. بۇنداق تەربىيە قانچە بالدۇر، قانچە مۇكەممەل بولسا شۇنچە ياخشى، ئەكسىچە بولسا بالىلار بەكلا پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

بالىلار ئاسان خاتالىشىدۇ، ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈۋېتىشنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ. كىچىك بالىلاردا مۇقىم كىرىمۇ، پۇلغا بولغان يېتەرلىك تونۇشمۇ بولمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۇلىنى قانداق باشقۇرۇشنىمۇ بىلمەيدۇ، ئەمما پۇل خەجلەش ئېھتىياجى بەك كۈچلۈك بولىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ پۇل خەجلەش جەريانىدا ئاسانلا خىلمۇخىل خاتالىقلارنى سادىر قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خاتالىقلار ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، كەلگۈسى تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇڭا، مەن كارلغا بۇ جەھەتتىكى تەربىيىنى باشقا جەھەتتىكى تەربىيىگە ئوخشاشلا كىچىكىدىن باشلىدىم.

بەزى بالىلارنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنداق خاتالىقلارنى بايقىدىم: ئاتا- ئانىلىرىنىڭ پۇلىنى بەتخەجلىك قىلىپ سورۇپ - چېچىش؛ نىسىگە نەرسە ئېلىپ ھۇزۇرلىنىش؛ پۇلنى نەرسە سېتىۋالىدىغان قورال قاتارىدا كۆرۈش؛ پۇل يىغىش ئادىتىنى يېتىلدۈرمەسلىك؛ خەجلىگىنى يىغقىنىدىن كۆپ بولۇش؛ قولىغا تەگكەن شۇ پۇلنى خەجلىۋېتىشكە ئالدىراپ كېتىش؛ نەرسە - كېرەك سېتىۋالغاندا يېنىدا بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى پاك - پاكىز خەجلىۋېتىش؛ پۇل خەجلىگەن چاغدا



مەمنۇنلۇق ھېس قىلىش؛ ئاسانلا باشقىلارنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ كېتىش؛ پۇلنى پىلانسىز خەجلەش.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلار پۇل خەجلىگەندە ئاسانلا سادىر قىلىدىغان خاتالىقلار. ئۇلارغا ياردەملىشىپ بۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىش ۋە ئۇلاردا پۇلغا قارىتا ئەڭ ئەقەللى، ئەڭ توغرا قاراشنى تىكلەش، ئۇلاردا كەلگۈسىدە زۆرۈر بولىدىغان ئىقتىدار ھازىرلاش ھەر بىر ئاتا- ئانىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى.

ئاتا - ئانىلار تېخى چوڭ بولمىغان بالىلىرىغا پۇل بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ پۇل خەجلەش تەلىپىنى شەرتسىز قاندۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچە ماددىي ئېھتىياجىنى مەيلىگە قويۇۋېتىدۇ. بۇنداق قىلىش بالىلارنىڭ يامان ئادىتىگە يانتاياق بولغانلىق بولىدۇ، ئۇلار چوڭ بولۇپ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرمەكچى بولغاندا، ئۆز ئىقتىسادىغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ھۆكۈمنى چىقارماقچى بولغاندا نېمە قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالىدۇ، ئۇلاردا بۇنى ھەل قىلغۇدەك ئىقتىدارمۇ، پىسخىك ماسلىششمۇ بولمايدۇ.

كارلغا پۇل بېرىشىمدىكى سەۋەب ئۇنىڭغا ئۆز پۇلىنى پىلانلىق خەجلىتىش، ئەمگەك بىلەن ھەق ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك باغلىنىشنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكۈزۈش، ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. مەن ھەدېسىلا بالىغا پۇل بەرمەيمەن، ئۇ ياخشى ئىش قىلسا ئاندىن پۇل بېرىمەن.

بالىلاردا ئۈچ ياش ئۆپچۆرىسىدە ئۆزلۈك تۇيغۇسى شەكىللىنىشكە ۋە بىخلىنىشقا باشلايدىغانلىقىنى بايقىدىم، ئۇلاردا «ئۆزۈم قىلىمەن»، «ئۆزۈم بىلىمەن» دېگەندەك ئۆزلۈكنى ئىپادىلەش ئارزۇسى بولىدۇ، شۇڭا ئوغلۇم ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭغا بۇ جەھەتتىكى تەربىيىنى باشلىدىم. بۇ تەربىيە بالىلارغا ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. بۇ خىل تەربىيە بالىلارنى مول بىلىم بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ كۆپىنچە ئاتا- ئانىلارنىڭ

«بالىلارنى كىچىكىدە پۇل بىلەن كۆپ ئۇچراشتۇرماسلىق لازىم» دېگىنىدەك ئەمەس.

مېنىڭچە، بالىغا پۇل خەجلەشنى ئۆگىتىشتە ئۇنى بىر خىل قورال ياكى ئۇسۇل دەپ قاراش كېرەك. بالىنى تەربىيىلەشتىكى مەقسەت بالىلارغا پۇل تېپىشنى ئۆگىتىش ياكى ئۇلارنى سودىگەرچىلىككە سېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى قولىدىن ئىش كېلىدىغان، مۇكەممەل، ھەقىقىي ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئەڭ دەسلەپكى تەربىيە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئالدى بىلەن بالىغا سەمىمىيلىكنى ئۆگىتىش لازىم. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ قانداق پوزىتسىيىدە ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغانلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ، ئاممىنىڭ ئۇنىڭغا بېرىدىغان باھاسىغا تاقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جەھەتتە مەسىلە كۆرۈلۈپ قالسا ئۇنىڭغا ئاۋارىگەرچىلىك، ھەتتا يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

كارلىنى بۇ جەھەتتە تەربىيىلەشتە مۇنداق ئۇسۇللارنى قوللاندىم:

مەن ئوغلۇمغا سەمىمىيلىكنىڭ مۇھىملىقى سۆزلەنگەن بەزى ئىشلارنى ۋە ھېكايىلارنى سۆزلەپ بەردىم. شۇ ئارقىلىق بالامنىڭ قەلبىگە سەمىمىيلىكنىڭ مۇھىملىقى، سەمىمىيەتسىزلىكنىڭ يامان ئاقىۋىتىگە دائىر ئۇقۇمنى سىڭدۈردۈم.

مەن دائىم مېنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىم بالىدا قانداق تەسىر قالدۇردى؟ مەن ئوغلۇمنىڭ ئالدىدا يالغانچىلىق قىلىپ سالدىممۇ يوق؟ دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ، ئۆزۈمنىڭ سەمىمىيلىكىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆلچەپ تۇردۇم.

كۈندىلىك تەربىيىلەش ئارقىلىق مەن كارلغا سەمىمىيلىكنى ئادەت قىلىپ سىڭدۈردۈم، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ئاق ـ قارىسىنى ئۆز قەلبىدىكى



ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت ئۆلچىمى ئارقىلىق ئايرىشىغا مەدەت بەردىم. مەن ئۇنى تۇرمۇشتا كەسكىن تاللاشقا دۇچ كەلگەندە سەمىمىي، سادىق، ئاكتىپ بولۇشقا ئىلھاملاندۇردۇم.

مەن كارلىنى ھەر دائىم پۇل ئالدىدا ئۆز غۇرۇرىنى، ئىززىتىنى ساقلاش توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردۇم.

مېنىڭچە رېئال تۇرمۇشتا پۇل ئاسانلا ئادەمنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرىنى يوقىتىپ، ئادەمنى ئۆز مەۋقەسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلدۇرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم پۇل ئالدىدا ئۆز غۇرۇرىنى، ئۆز پرىنسىپىنى ساقلاپ قالالىسا، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ، شۇنداق قىلسىلا پۇلمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇ ئادەم كەسپىتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ تېخىمۇ چوڭ غەلىبىگە ۋە پايدىغا ئېرىشىدۇ.

ئۆزۈمنى ئالسام، پۇل ئالدىدا ئۆز ئىززەت ـ غۇرۇرۇمنى ساقلاشقا قاتتىق دىققەت قىلىپ ئوغلۇمغا ئۈلگە تىكلەشكە تىرىشتىم. كارل بالىلىقىدىكى ھەر خىل ئىشلار ۋە مېنىڭ ئۈلگە بولۇشۇم بىلەن ئۆزىدە ئىززەت ـ غۇرۇر تىكلىدى.

مېنىڭچە بالىلارغا ئائىلىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى ھېس قىلدۇرۇش، بالىلار بىلەن سىرداشىشقا ماھىر بولۇش، ھەر خىل شارائىتتىكى ئوخشاشمىغان مەسىلىلەرگە يولۇققاندا بالىلارنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى پىكرىنى ئېلىش كېرەك.

بالىلارغا مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇرۇشمۇ بەك مۇھىم. بالىلار مەلۇم ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلايدۇ، بالىلارنى ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدىغان پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلەش، ئۇلارنىڭ غەلىبە ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان ساھەلەرنى تاللىشىغا يول قويۇش، ھەدېسە بالىنىڭ ئورنىدا ھەممىگە قارار چىقىرىشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم.

ئوغلۇمغا ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى ھېس قىلىشنىڭ خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈشكە بەك ئەھمىيەت بەردىم. چۈنكى،

كىچىك بالا ئۆز قىممىتىنى تونۇپ يەتكەندە شۇنچىلىك خوشال بولىدۇكى، ئىچ - ئىچىدىن بەختىيارلىق ھېس قىلىدۇ.

كارلغا ئىقتىسادنى بىر تەرەپ قىلىش تەربىيىسى بېرىشتە مەن ئىقتىسادچىللىقنى، ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىگە لايىق قىممىتى بارلىقىنى ئۇنىڭغا تونۇتتۇم. ئۇنىڭ خالىغانچە بەتخەجلىك قىلىشىغا ۋە قىممەتلىك نەرسىلەرنى بۇزۇپ - چېچىشىغا يول قويمىدىم. ھەرقانداق ئائىلە ئۈچۈن ئۆينى قانداق تۇتۇش مۇھىم مەسىلە، بىز بالىلارغا ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز قىممىتىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەككى، ئورۇنسىز ئىسراپخورلۇق قىلىدىغان ۋە قىممەتلىك نەرسىلەرنى بۇزۇپ ـ چاچىدىغان قىلماسلىقىمىز لازىم، بالىلارغا ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىممىتىنى تونۇتۇشىمىز، ئۇلارغا ئۇنى ئاسراقوزۇشىمىز لازىم.

مەن دائىم كارلنىڭ ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىشىغا ياردەملىشىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇ ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىمەن؛ ئۇنىڭ بىلەن يەر شارىنىڭ تەبىئىي بايلىقى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى قىلىشىپ ئۇنىڭغا مىتال، ياغاچ ۋە قەغەزلەرنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىمەن. ئەگەر كارل ئۇلارنى قالايمىقان ئىشلىتىپ ياكى بىخەستىلىكتىن بۇزۇپ قويسا، مەن كارلنى ئۇنى ئوڭشاشقا بۇيرۇيمەن.

مەن كارلغا گەرچە ئادەم مال - دۇنياغا ئامراق بولسىمۇ، ئەمما پۇلپەرەسلىك قىلسا بولمايدىغانلىقى، مال - دۇنيانىڭ تۇرمۇشقا ئاز - تولا يۆلەك بولغىنى بىلەن ھەقىقىي مەنىدىكى تۇرمۇشنى يارىتالمايدىغانلىقىنى سەمىگە سېلىپ تۇردۇم. مەن ئاددىي- ساددا ھەم تېجەشلىك ئادەم، بالامغىمۇ مۇشۇ پەزىلەتنى مىراس قالدۇرسام دەيمەن. بالىلار دۆلەتنىڭ كەلگۈسى، ئەگەر دۆلەت بىر ئوچۇم راھەتپەرەس، ئىسراپخور چىرىكلەرنىڭ قولىغا قالسا بۇ دۆلەتنىڭ كەلگۈسىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟



قانائەتچانلىق ئاددىي - ساددىلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى. «قانائەت قىلسىڭىز يېتىدۇ» دېگەن بۇ پوزىتسىيە ئاددىي - ساددا پەزىلەتنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەن مۇشۇ سۆز بىلەن ئوغلۇمنى بەك نەپسانىيەتچىلەردىن بولۇپ قالماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرىمەن. كارل بىلەن ئاددىي ساددىلىقنىڭ كىشىگە ھۇزۇر ئاتا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىشىمەن، مەن ئاساسىي ۋاقىتنى گۈزەللىك ۋە دوستلۇققا يۆتكەپ ئادەمنىڭ قىممىتىنى ماددىنىڭ قىممىتىدىن ئۈستۈن قويىمەن.

ئاددىي - ساددا بولۇش پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈش گەرچە بەك تەس بولىسىمۇ، بالىغا دائىم «ھەممىدە ئاددى - ساددىي بولۇش» نى تەكىتلەپ تۇرساقلا بالىنىڭ ئاددىي ـ ساددا بولۇش ئادىتىنى چوقۇم ئاستا ـ ئاستا يېتىلدۈرەلەيمىز.

## ئاپىسى ئوغلۇمنىڭ دىپلوماتى

كارل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئاپىسىنىڭ كۆيۈنۈشىگە، جان كۆيدۈرۈپ پەرۋىش قىلىشىغا ئېرىشتى، خوتۇنۇمنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرى مېنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىمدىنمۇ كۆپ بولدى. كارلنىڭ ئېسىل پەزىلىتى، ئوچۇق - يورۇق مىجەزى ۋە باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىشى ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەن ئەخلاق تەربىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئوغلۇمنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ دىپلوماتى. ئۇ كارلغا باشقىلار بىلەن قانداق پاراڭلىشىش، قانداق چىقىشىپ ئۆتۈش، قانداق كىيىنسە بەكرەك يارىشىملىق بولىدىغانلىقىدىن تارتىپ ھەممىنى بىر قوللۇق ئۆگىتىپ چىققان. مەيلى چوڭ ئادەم ياكى كىچىك بالا بولسۇن، باشقىلار ھەدېسىلا ئۇنى قىلما، بۇنى قىل دەپ بۇيرۇقۋازلىق قىلسا ئاسانلا بىزار بولىدۇ. بۇ جەھەتتە كارلنىڭ

ئاپىسىنىڭ ئېپى بار، ئۇ كارلنى كونكرېت بىرەر ئىشقا جورىماي تۇرۇپلا، ئۆزى قىلدۇرماقچى بولغان ئىشنى قىلدۇرالايتتى؛ كارلىمۇ ئاپىسى نېمىنى قىلما دېسە شۇنى قەتئىي قىلمايتتى؛ كارلنىڭ ئاپىسى ماڭا بالىنى ئۆگىنىشكە زورلىغانىنىڭ، بۇيرۇقۋازلىق قىلغانىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، بالىنى زورلىغاندىن كۆرە ئۇنىڭغا ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى توغرا يوسۇندا كۆرسىتىپ قويغان ياخشى دېگەنىدى. گەرچە كارلنىڭ ئۆگىنىشىگە مەن مەسئۇل بولسامۇ، ئەمما كارلنىڭ ئاپىسى ماڭا كۆپ جەھەتلەردە ئەقىل كۆرسەتكەن.

مېنىڭچە ئاتا - ئانا بولغان ئادەم بالىلىرىنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىنى ساقلاپ قېلىشى لازىم. بەزى ئانىلار يېڭىچە، غەيرىي پاسوندا، ئالا - چىپار كىيىنىۋالىدۇ - دە، كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. بالىلار ئۆز ئانىلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغىنىنى كۆرسە بەك ئوڭايسىزلىنىپ كېتىدۇ. بۇ بالىلارغا روھىي ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا ئانا بولغۇچى ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىشى، تەمكىنرەك بولۇشى، ئۆزىنى بولۇشىچە تاشلىۋەتمەسلىكى، شۇنداقلا قورچاقتەك ياسىنىۋالماسلىقى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن ئانىلىق ئوبرازىغا نۇقسان يېتىدۇ. بۇنداق نۇقسان دەل بالا تەربىيىسىدىكى مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمما، نۇرغۇن ئانىلار بۇ نۇقتىغا تازا دىققەت قىلالمايدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى بالىلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ ئويلايدۇ. ئەمما، ئانىلاردىكى دەل مۇشۇنداق بېپەرۋالىق تۈپەيلىدىن نۇرغۇن بالىلار تەربىيىلىنىشتىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.

كارلنىڭ ئاپىسى ماڭا مۇنداق ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

بىر ئانا قىزىنى قىزلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئۇ تېجەپ - تۇشەپ يۈرۈپ قىزىغا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە تازا ماس كەلمەيدىغان قىممەت باھالىق كىيىملەرنى



كىيدۈرۈپتۇ، ئەمما شۇنچە قىلغان بولسىمۇ، قىزى ئاپىسىغا قىلچىمۇ ئامراق ئەمەس ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ قىز ئوغلۇمنىڭ ئاپىسىغا: «ئاپام ئۇنداق كىيىملەرنى كىيىپ مەكتەپكە كەلسە مەن بەك ئوڭايسىزلىنىپ كېتىمدىكەنمەن. مەن تۆت يېشىمدىن باشلاپ ئاپامنىڭ بۇنداق قىلغىنىدىن نارازى بولۇپ كېلىۋاتىمەن» دەپتۇ.

مېنىڭچە ئانىلار بۇنداق قىلماسلىقى كېرەك. ئۇ ئانا قىزىغا ياخشى بولسۇن دەپ شۇنچە كۈچىگەن بولسىمۇ، قىزىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىيالمىغان. بەزىلەر بۇ قىزنى ۋاپاسىزكەن دەپ ئەيىبلىشى مۇمكىن، ئەمما مەن ئۇ قىزغا بەك ھېسداشلىق قىلىمەن. گەرچە ئۇ ئانا قىزىنىڭ تاشقى گۈزەللىكىگە زور كۈچ سەرپ قىلغان، قىزىنى داڭلىق قىزلار مەكتىپىگە ئاپىرىپ بەرگەن بولسىمۇ، مېنىڭچە ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمىغان.

ئاتا - ئانا دېگەن بالىلارنىڭ ئۆرنىكى. ئانىنىڭ كىيىمى رەتسىز، قالايمىقان بولسا بالىمۇ شۇنىڭغا لايىق بولىدۇ. بوشاڭلىق، چېچىلاڭغۇلۇق ئادىتى كۆپ ھاللاردا ئادەمنى بىر ئۆمۈر چىرمىۋالىدۇ، بۇ شەخسكە نىسبەتەن تولىمۇ پايدىسىز. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەر كىيىنىشىنىڭ رەتسىزلىكىدىن نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. شۇڭا، ئادەمنىڭ قانداق كىيىنىپ يۈرۈشى ھەرگىزمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس.

كارلنىڭ ئاپىسى بۇنىڭغا بەك دىققەت قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىلا رەتلىك كىيىنىپ قالماي، كارلنىمۇ رەتلىك، راۋۇرۇس كىيىندۈرىدۇ.

ئۇ ماڭا: «كىيىنىشى رەتسىز بولسا، روھىي جەھەتتىمۇ بوشاڭلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، كىيىمنى رەتلىك كىيىپ، روھلۇق يۈرۈش كېرەك» دەيتتى. شۇڭا، ئۇ كارلغا ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ رەتلىك كىيىنىشىگە ئەھمىيەت بېرەتتى.

مېنىڭچە رەتلىك كىيىنىش ئارقىلىقمۇ كىشى ئۆزىدە ئاز - تولا غۇرۇر پەيدا قىلالايدۇ. ئادەملا ئەمەس، ئات جېنىدىمۇ يېڭى ئېگەر ئالماشتۇرسا تېتىكلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا يەنە كونا ئېگەرلىرىنى ئارتىپ قويسىڭىز دەرھال شۇمشىيىپ قالىدۇ. كىچىك بالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، كىيىنىشى رەتسىز، قالايمىقان بالىدىن قانچىلىك ياراملىق ئادەم چىقماقچى؟

كارلىنىڭ ئاپىسى كارلىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ پاكىزلىقىغا دىققەت قىلىش بىلەن تەڭ يەنە ئۇنىڭ شەخسىي تازىلىقىغىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ كارلنى كىچىكىدىلا ئەتىگەن تۇرۇپ يۈز - قوللىرىنى يۇيۇش، چىشىنى چوتكىلاپ، چېچىنى تاراشقا كۆندۈرگەن. شەخسىي تازىلىقمۇ بالىلارنىڭ ئۆز غۇرۇرىنى تىكلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. كارلىنىڭ ئاپىسى ھەممىنى دەل جايىدا كونترول قىلغاچقا كارلدا ياسانچۇقلۇق قىلىدىغان، بەك چىرايلىق بولۇشنى قوغلىشىدىغان يامان ئادەت شەكىللەنمىدى. بالىنىڭ بۇنداق يامان ئادەتلەرگە كۆنۈكۈپ قېلىشى كۆپ ھاللاردا ئانىنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ، شۇڭا ئانىلار بۇ جەھەتتە دىققەت قىلىشى لازىم.

ئادەم ياشىغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئاز - تولا قەدىر - قىممىتى بولۇشى كېرەك. بەزى ئاياللار ئۆزىنىڭ ساپا تەربىيىسىگە ۋە بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە زادى كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ھەدېسىلا مودا كىيىنىپ يۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ، بۇنداق خاھىشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم.

كارلىنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ كىيىنىشىگە، شەخسىي تازىلىقىغا، تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلگەندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ ئويۇنلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. كۆپلىگەن ئانىلار بالىلىرىنىڭ نېمە ئويناۋاتقانلىقىغا زادى كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئۇلار ئائىلە ئىشلىرىنىڭ بېسىقچىلىقىدا بالىلىرى بىرەر ئىشنى قىلىپ بولۇپ قاراپ باققىن دېسە بۇرۇلۇپ قاراشقىمۇ ئېرىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن



بالىلار بەك زېرىكىشلىك ھېس قىلىدۇ - دە، غەمگە پېتىپ قالىدۇ، بەزىدە شۇ قىلىقى ئۈچۈن تىل - تاياققىمۇ قالىدۇ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئانىلارنىڭ خاتالىقى، خالاس.

كارلدا ياخشى ئەخلاق - پەزىلەت تىكلەش ئۈچۈن ئانىسى ئۇنىڭغا بىر ئەخلاق - پەزىلەت جەدۋىلى تۈزۈپ بەردى. ئۇ يەتتە تۈرلۈك بولۇپ، مەزمۇنى گەپ ئاڭلاش، ئەدەپ - قائىدە، كەڭ قورساقلىق، مېھرىبانلىق، باتۇرلۇق، چىدامچانلىق، سەمىمىلىك، خۇشال - خۇراملىق، پاكىزلىق، تىرىشچانلىق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئۆگىنىشكە ئىنتىلىش، ئاق كۆڭۈللۈك، ساۋاب ئىش قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەگەر كارل قايسى كۈنى مۇشۇ مەزمۇنلارغا ماس ياخشى ئىش قىلسا، شۇ كۈنى شۇ كاتەكچىگە بىر سېرىق يۇلتۇز چاپلىناتتى، ئەكسىچە بولسا بىر قارا يۇلتۇز چاپلىناتتى، ھەر شەنبە كۈنى سانىغاندا سېرىق يۇلتۇز قانچە بولسا ئۇ كېيىنكى ھەپتىدە شۇنچە پارچە كىتابقا، مېۋە - چېۋىگە، پىرەنىككە ئېرىشەتتى. ئەگەر قارا يۇلتۇز كۆپ بولسا بۇ مۇكاپاتلارغا ئېرىشەلمەيتتى.

بۇ ئەخلاق - پەزىلەت جەدۋىلىنى ھەر شەنبىدە بىر سانايمىز، ئەمما كارلنىڭ ئۇلارنى تاشلىۋېتىشىگە يول قويمايمىز. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت كارلنىڭ غەيرەتكە كېلىپ ئاشۇ قارا يۇلتۇزلارنى ئېلىپ تاشلىشى ئۈچۈن ئىدى. بۇنداق قىلغاندا كارلنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى بولاتتى. ئەگەر قارا يۇلتۇز داۋاملىق تۇرۇۋەرسە كارل ئۈمىدسىزلىنىپ قالاتتى.

بىر كۈنى كارل ئۆيدە يالغۇز قالغانىدى، ئۇ ھويلىغا باغلاپ قويغان ئىتنى يامغۇر يېغىپ كەتسىمۇ ئۆيگە ئەكىرىپ قويماپتۇ. ئىت يامغۇردا توڭۇپ قاۋاپ كېتىپتۇ.

كارلنىڭ ئاپىسى سىرتتىن قايتىپ كېلىپ بۇ ھالنى كۆرۈپ دەرھال ئىتنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كىرىپتۇ ۋە كارلدىن:

— كارل، نېمىشقا ئىتنى يامغۇردا قويدۇڭ؟ — دەپ

سوراپتۇ.

— مەن... مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— ئىتنىڭ قاۋىغىنىنىمۇ ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

ئاپىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بەك ئاچچىقلىنىپتۇ، ئۇ كارلنىڭ يالغان سۆزلىگىنىنى بىلگەنىدى.

— مەن تېخى ئۇنى تالادا قالسا ھېچنېمە بولمايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، — دەپتۇ كارل ئۆزىنى ئاقلاپ.

— ھېچنېمە بولمايدۇ؟! ئۇنداقتا سەن يامغۇردا بىردەم تۇرۇپ باققىنا، قانداق بولىدىكەنسەن؟

— ياق.

— كارل، ئۆزۈڭمۇ ئۇنىمايدىكەنسەن، ئىتنى نېمىشقا يامغۇردا قويىسەن؟ بۇ سوغۇقتا ئىتنى تالادا تۇڭدۇرۇپ قويساڭ ئۇ ئاغرىپ قالامدۇ؟ سوغۇقتا ئىتنى توڭدۇرۇپ ئاغرىتىپ قويۇش نېمىدېگەن رەھىمسىزلىك - ھە؟ ئەگەر بىراۋ سېنى يامغۇرغا قويۇپ ئاغرىتىپ قويسا مېنىڭ ئىچىم قانچە ئېچىشار؟

ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كارلنىڭ بېشى چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى، بۇندىن كېيىن قەتئىي ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى، كىچىك ھايۋانلارنى ئاسرايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

كارلنىڭ ئاپىسى مۇشۇنداق ئەڭ كىچىك، ئەڭ ئاددىي ئىشلاردىن باشلاپ كارلغا ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ياخشى ئىش قىلىشنى ئۆگىتىپ ماڭغانىدى.

## قانداق قىلغاندا بالىنى يامان ئۆگىتىپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

كارلنى تەربىيىلەشتە ئەزەلدىن تەنقىدلىمەيمەن، ئەستايىدىللىق بىلەن قائىدە سۆزلەپ قايىل قىلىمەن، مېنىڭچە



بۇ ئەڭ ياخشى تەربىيىلەش ئۇسۇلى.

چۈنكى، بالا خاتا ئىش قىلسا ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاتا - ئانىدا بولىدۇ. بالىنىڭ خاتالىق سادىر قىلىشى ئاتا - ئانىنىڭ ئۇنى ياخشى تەرەپكە قاراپ يېتەكلىمىگەنلىكىدە، ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىكىدە. بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئەمگەك قىزغىنلىقىنى بالدۇراق يېتىلدۈرۈش، بالىلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە قىزىقىشىنى قوزغاش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا بالىلاردا ساغلام پىسخىك ھالەتنى ئاستا - ئاستا شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

بەزى ئانىلار بالىلارنى دۇمبالاش ئارقىلىق تەربىيىلىگىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ ئىنتايىن خاتا قاراش.

بۇ قاراش بەزى ياش ئاتا - ئانىلارنى خاتا يېتەكلەپلا قالماي، يەنە بالىلارغىمۇ كۆپ زىيان - زەخمەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلارنى يامان ئۆگىنىپ قالمىسۇن دەپ دائىم ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە بالا بىزەڭلىشىۋالىدۇ، رەھىمسىز باغرى تاش بولۇپ قالىدۇ.

بىر قېتىم مەن بىر شاكىچىكنىڭ بىر ئىتنى ھەدەپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى توستۇم:

— بالام، نېمىشقا ئۇنى بۇنچە ئازابلايسەن؟ ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟

— دادام مېنى دائىم مۇشۇنداق ئۇرىدۇ، ماڭا ھېچكىمنىڭ ئىچى ئاغرىمايدىغۇ، بۇ ئىتقا كىم ئىچ ئاغرىتسۇن؟

ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن ئائىلىلەردىكى بالىلارنىڭ دادىسىدىن تاياق يەپ تۇرىدىغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ قۇلاق پەردىسىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەنلىكى، يەنە بەزىلىرىنىڭ يۈزىدە بەش قولنىڭ ئىزى قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇلارغا قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتىدۇ، بۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق - ھە؟ پەرۋەردىگار ئۆزى ئارا ياخشى كۆرۈشۈش ۋە كۆيۈنۈشنى تەكىتلەيدۇ، ئاشۇنداق زورلۇق - زومبۇلۇق ۋە تاياق - توقماقتا

ئۆسۈپ چوڭ بولغان بالىلار كۆيۈنۈشىنىڭ نېمىلىكىنى، قانداق كۆيۈشنى بىلەرمۇ؟

مەن كۆپ قېتىم ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، غۇرۇر بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ ئاساسى. غۇرۇرنى يوقاتقان ئادەمنىڭ ئەخلاق قورغىنى ئاسانلا يىمىرىلىپ كېتىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئوغرى، قاراقچى، هاراقكەش، قىمارۋاز ۋە دىۋانە بولۇپ كېتىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى دەل ئۇلارنىڭ ئۆز غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويغانلىقىدا. بالىلارنى دائىم تىللاش - ئۇرۇشنىڭ ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا توختىماي زەربە بېرىشتىن باشقا هېچقانداق پايدىسى يوق! بالىلارنىڭ خاتالىقىنى توختىماي يۈزىگە سېلىپ كايىشىنىڭمۇ ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى كەمسىندۈرۈشتىن باشقا رولى يوق.

مەن ئەزەلدىن تەن جازاسىغا قارشى، كارلىنىمۇ ئەزەلدىن ئۇرمايمەن. بەزى ئاتا - ئانىلار سەللا ئاچچىقى كەلسە بالىلىرىنى ئۇرۇپ كېتىدۇ. ئاچچىقى بېسىلغاندىن كېيىن بالىلىرىنى ئالداپ سۆيۈپ، ئۇرغان يەرلىرىنى سىلاپ، پېچىنە - پىرەنىك، كەمپۈتلەر بىلەن ئۇلارنى ئالدايدۇ.

بۇنداق تەربىيىدە هەرگىزمۇ يارامىلىق بالا يېتىشىپ چىقمايدۇ، پەقەت هارامزادە، بولۇمسىزدىن يەنە بىرى كۆپىيىدۇ. بالا تەربىيىسى ئاتا - ئانا تەربىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىلىرىنى باشقۇرۇشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى باشقۇرۇشى لازىم.

بالىلىرىنى تەربىيە كۆرگەن ياخشى بالا قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئاتا - ئانا ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى سورىشى لازىم، بولمىسا ئۇنداق تەربىيىنىڭ هېچقانداق ئەهمىيىتى بولمايدۇ.

ئۆيدىكى گەپ - سۆزلەردە «ئۆز ئۆيۈمغۇ» دەپ ئاغزىغا كەلگەننى دەۋەرمەسلىك، قىلغۇم كەلدى دەپ نېمە ئىش قىلغۇسى



كەلسە شۇنى قىلماسلىق لازىم. چۈنكى ئاتا - ئانىلارنىڭ گەپ سۆزى ۋە قىلىقلىرى بالىلارغا هەر مىنۇت، هەر سېكۇنت تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بالىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۆزىنىڭ هەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىشى، ناچار، يامان ئىللەتلەرنى بالىلارغا يۇقتۇرماسلىقى لازىم.

ئاتا - ئانىلار بالىلارنى گەپ - سۆزدە ئەدەپلىك قىلىمەن دەيدىكەن، ئۆزى ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئىززەتلىشى، ئۇلارنى ئىشقا بۇيرۇغاندا «خاپا بولماي قىلىۋەتكىن، رەخمەت بالام» دېگەندەك ئەدەپ سۆزلىرىنى ئىشلىتىشى لازىم. چۈنكى، بالا هەممە ئىشتا ئاتا - ئانىلارنى دورايدۇ.

هېساب، جۇغراپىيە قاتارلىق بىلىملەرنى بالا چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆگىنىۋالالايدۇ، ئەمما ياخشى تەربىيە كىچىك ۋاقتىدىن باشلىنىپلا شەكىللەنمىسە كېيىنچە ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش قىيىن. بالىغا ياخشى ئادەتنى كىچىك ۋاقتىدا يېتىلدۈرۈش ئاسان، ئەمما چوڭ بولۇپ قالغاندا بۇنى قايتا ئۆگىتىش بەك تەس. ئەكسىچە كىچىكلىكىدە ئادەتلىنىپ قالغان ناچار ئادەتنى چوڭ بولغاندا ئۆزگەرتىش ئىنتايىن قىيىن.

ئەتراپىمىزدا جۇغراپىيە، تارىخ بىلىملىرىگە پىششىق ئادەملەر شۇنداق كۆپ، ئەمما گەپ - سۆزى جايىدا ياخشى تەربىيە كۆرگەنلەر ئاز. مانا بۇ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كىچىكىدە ئالغان تەربىيىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن بولغان.

توغرا ئىشلاردا ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشى، ئەگەر بالا توغرا ئىشنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىسا ئاتا - ئانا بالىنى چوقۇم قايىل قىلىشى لازىم. بالىلار تۇغۇلۇشىدىنلا شەخسىيەتچى بولىدۇ، بۇ ئادەم تەبىئىتى. ئۇلار باشقىلاردىن كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، باشقىلارنى ئاز، ئۆزىنى كۆپ ئويلايدۇ. بۇنداق تەبىئەتنى تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى، ئۇلارنى باشقىلارنىمۇ ئويلايدىغان، باشقىلارغا هېسداشلىق قىلىدىغان قىلىپ چىققىلى



www.uyghurkitap.com

بولىدۇ، بۇ جەھەتتە كىچىكىدىن ياخشى تەربىيە ئالغان بالىلار ھەرگىز شەخسىيەتچى بولۇپ چىقمايدۇ.

بۇرۇن، فرانسىيە پادىشاھى بىر گېنېرالنىڭ ئانىسىدىن: «قانداق قىلىپ ئوغلىڭىزنى مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىنسان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقتىڭىز» دەپ سورىغاندا، ئۇ ئانا: «مەن بالامغا قەتئىي بويسۇنۇشنىلا ئۆگەتكەن» دېگەنىكەن.

مېنىڭچە بويسۇنۇشمۇ بالىلاردىكى ياخشى ئەخلاقنىڭ بىرى. ئاتا ـ ئانىلار بالىلاردا بۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلاردا توغرا كۆز قاراش تىكلىشى، ئۇلارغا ئۆزى نېمە قىلىشنى بۇيرۇسا شۇنى قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، نېمىنى قىلما دېسە شۇنى قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ئۆگىتىشى لازىم. ھەممە ئىشتا قائىدە ئارقىلىق بالىنى قايىل قىلىشى، بىكاردىن ـ بىكار بالىنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا زورلىماسلىقى لازىم. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا بۇنداق قىلىشنىڭ پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈنلىكىنى ئۇقتۇرۇشى لازىم.

كىچىك بالىلارنىڭ ھەممىسى ئاچ كۆز كېلىدۇ. بۇ بالىلاردىكى تۇغما خاراكتېر، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ھە دېسە ئەيىبلىمەي، ئۇلارنى ياخشى تەرەپكە توغرا يېتەكلەش لازىم، شۇندىلا بالىلار شەخسىيەتچىلىكنى تاشلايدۇ.

كارلىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا ھەر خىل كىچىك ئويۇنچۇقلارنى، ئوقۇش بۇيۇملىرىنى باشقا نامرات دوستلىرىغا سوۋغا قىلىشقا مەدەت بېرىپ كەلدىم. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم ئۇنىڭ ساۋابلىق ئىش قىلىش روھىنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ باشقىلارغا ياردەملىشىپ ئىش قىلىشىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئانىسىنىڭ ۋە ئۆي خىزمەتكارىنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولدى.

بەزى يالغانچىلىقتا ئامراق بالىلارنىمۇ ھە دېسىلا ئۇرماي، ئۇنىڭ يالغان سۆزلىشىدىكى سەۋەبىنى تەھلىل قىلىش لازىم.



بالىلار تەجرىبىسىز ھەم خىيالچان بولغاچقا بەزىدە يالغان سۆزلىشى مۇمكىن، شۇنداقلا بۇنداق قىلىشنىڭ يامان ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىشى مۇمكىن. ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار ئۇلارنى ئەيىبلەۋەرمەي، ئۇلارنىڭ بۇ يامان ئادىتىنى تاشلىشى ئۈچۈن ياخشى ھەمدەم بولۇشى لازىم. چۈنكى گۆدەكلەرچە قىلىنغان يالغانچىلىق بىلەن ئادەم ئالداش ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلىق پەقەتلا بىر قەدەمدۇر. ئەمما، بۇنىڭدا چوقۇم ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىش لازىمكى، ئۇرۇش ـ تىللاش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنماسلىق لازىم.

مېنىڭچە بالىلاردىكى نۇرغۇن ناچار ئادەتلەرنى كىتاب ئوقۇتۇش ۋە ئەمگەك قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، كىتابتىكى بىلىملەر ئۇلارغا ياخشى يېتەكچى بولىدۇ. ئەمگەك ئۇلارغا ھەممە نەرسىنىڭ ئاسانلا قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بالىلار بىلىم ئېلىش ۋە ئەمگەك قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرسىلا ئاندىن ياخشى تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ ھەمدە ياخشى تەربىيىلەنگەن ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

مەلۇم بىر خۇمپەر سوتتا ھاكاۋۇرلارچە: «مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بىرەر ۋاراق كىتاب ئوقۇمىغان، بىرەر كۈن ئەمگەك قىلغان ئەمەسمەن» دېگەن. دېمەك، جىنايەتچىلەر ھورۇنلۇقنىڭ، نادانلىقنىڭ ۋە ئەمگەكنى سۆيمەسلىكنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى.

بىر دوستۇمنىڭ بالىسى بەك بەڭۋاش ئىدى، ھەدېسىلا گۈللۈكلەرنى، چۆپلۈكلەرنى دەسسەپ ـ چەيلەپ، ئۇنىڭغا باش ئاغرىقى تېپىپ بېرەتتى. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەيلا قاپتۇ. مەن ئۇنىڭغا: «ئوغلۇڭغا بىر ئورغاق، جوتۇ ئېلىپ بېرىپ، گۈللەرنى ئۇنىڭغا تېرىتقۇزغىن» دەپ مەسلىھەت بەردىم.

دوستۇم دېگىنىمدەك قىپتىكەن، دېگەندەك ئۈنۈمى بوپتۇ، بۇنىڭ سەۋەبى دەل بالىنىڭ پۈتۈن زېھنىنى گۈل تېرىشقا قاراتقانلىقىدا ئىدى.

كېيىن بۇ بالا گۈل تېرىپلا قالماي، ئۇلارنى بەك ئاسرايدىغان بوپتۇ. كېيىنچە كىشىلەر ئۇنىڭ ئالتۇپىلاڭ قىلىپ يۈرگىنىنى ئەمەس، ئەكسىچە ھەدېسىلا گۈللەرنى سۇغىرىپ، ئوت - چۆپلەرنى پەرۋىش قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

دېمەك، توغرا تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ.

كېيىنكى بىر كۈنلەردە، مەن نامراتلار مەھەللىسىدە كېتىۋېتىپ ئانىلارنىڭ بالىلارنى تىللاۋاتقان، دادىلارنىڭ بالىلارنى ئۇرۇۋاتقان، بالىلارنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقانلىقلىرىنى كۆردۈم، ئۇ يەرلەردە بىرەر ئېغىز ياخشى گەپنى ئاڭلاش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

مەن بۇنى ئۇلارنىڭ بىر كۈن كەچكىچە ئىشلەپ ھېرىپ چارچىغانلىقىدىن دەردىنى بالىلاردىن ئالغانلىقى دەپ ئويلىدىم، بۇ بالىلار نېمە دېگەن بىچارە - ھە! ئەمما، يەنە بىر قىسىم ئاتا - ئانىلارمۇ باركى، ئۇلار ئەتىدىن - كەچكىچە توقچىلىقتىن قىلىدىغان ئىشى يوق زېرىكىپ، بىئاراملىقنىڭ دەردىنى بالىلىرىدىن چىقىرىدۇ.

بۇنىڭدىن مەن بەكمۇ ئېچىنىمەن.

دائىم تىل - ئاھانەت ۋە تاياقتا قالىدىغان بالىلار بۇنداق ئىشلارغا كۆنەك. ئۇلار ئاتا - ئانىسىدىنمۇ تەپ تارتمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاتا - ئانا بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالا تەربىيىسى پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

بالىلارنى تەربىيىلەشتە ھەم ئەركە نايناق قىلىپ قويماسلىق، ھەم ھەدېسە تىللاپ، دۈشكەللەپ يۈرمەسلىك لازىم. ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك ئۇسۇل قوللانغاندىلا، ئاندىن بالىنى ئاق كۆڭۈللۈككە ۋە ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.



## ئون بىرىنچى باب

# بالامنىڭ ياخشى ئادەتلىرىنى قانداق يېتىلدۈردۈم

*بەزى بالىلار تۇغۇلۇشىدىنلا چېچەن، ئەقىللىق، زېرەك، ئەمما ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يىن ھەممىگە قىزىقىدىغان، ھەممىنى ئۆگەنسەم دەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇ ئەقىللىق بالىلاردىكى خاراكتېر.*

*بىلىشكە ئىنتىلىش، ھەر خىل نەرسىلەرگە قىزىقىش ياخشى ئىش، ئەمما بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۇلارنى قانداق يېتەكلىشىگە باغلىق. ئەگەر توغرا يېتەكلىمىسە ئەقىللىق بالىلار ھەممىنى ئۆگىنىشى، لېكىن بىرەرسىنىمۇ باشقا چىقالماسلىقى مۇمكىن.*

## كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشكە ئادەتلەندۈرۈش

بەزى ئاتا - ئانىلار مەندىن پەرزەنتلىرىنىڭ كۈن بويى باش چۆكۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئۆگەنسىمۇ ئۈنۈمىنىڭ ئۇنچە چوڭ بولمايدىغانلىقىنى، ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ كارلىنىڭكىدەك ياخشى ئەمەسلىكىنى، بالىلىرىنىڭ شۇنچىلىك ئۆگەنگەن تۇرۇقلۇق يەنىلا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيۋاتقانلىقىدىن ھەيران قېلىپ، بالىلىرىمىز دۆتمۇ ياكى كارل بەك ئەقىللىقمۇ، دەپ سورىشىدۇ.

كارل ئۆگىنىش جەھەتتە ئاز - تولا نەتىجە قازانغاندا، مەن ئاق كۆڭۈل ئاتا - ئانىلارنىڭ كېلىشىۋالغاندەكلا سورايدىغان

مۇشۇنداق سوئابۇنداق سوئاللارغا مەن بەزىدە زادى نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي قالىمەن. چۈنكى، بىر بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھەر خىل ئامىللار تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئەڭ مۇھىمى، بەزى بالىلارنىڭ ئۆگىنىشتە كىشى رازى بولغۇدەك نەتىجە قازىنالماسلىقى كىچىكىدە ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرمىگەنلىكىدىن بولغان. مەن ئوغلۇمدا ئاجايىپ زور تالانتنىڭ بارلىقىغا، شۇنداقلا باشقا بالىلارنىڭ تۇغما ئاجىزلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

مېنىڭچە، بۇ پۈتۈنلەي ئاتا ـ ئانىغا باغلىق، ئاتا ـ ئانىنىڭ قانداق تەربىيىلىشى، قانداق يېتەكلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بەزى بالىلار كىچىكىدىن چىچەن، چاققان، زېرەك بولسىمۇ، ئەمما ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يېتەكلىشى توغرا بولمىغانلىقتىن، ھەدېگەندىلا ھەممە نەرسىگە قىزىقىدۇ، ھەممە نەرسىنى ئۆگەنگۈسى كېلىدۇ، ئەقىللىق بالىلار ئاسانلا مۇشۇنداق بولىدۇ.

بىلىمگە قىزىقىش ۋە ھەۋىسى كۆپ بولۇش ياخشى ئىش، ئەمما بۇنىڭدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارنى قانداق يېتەكلىشى بەك مۇھىم. ئەگەر توغرا يېتەكلىمىگەندە، بالا ھەممىنى ئۆگىنىپ باقىدىغان، ئەمما ھېچنېمىنى باشقا ئەچىقاكارلىمۇ ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن، كۆپ نەرسىگە قىزىقىدىغان بالا، ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق كۆپ خىل قىزىقىشلىرى ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە تەسىر يەتكۈزمىدى، ئەڭ مۇھىمى بىز ئۇنىڭغا كىچىكىدىن تارتىپلا ئىشنى پىلانلىق ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆگەتكەنىدۇق.

مەيلى ئۇ نېمە ئۆگەنسۇن، مەن ئۇنىڭ زېھنىنى يىغىشنى، تىل ئۆگەنگەندە زېھنىنى تىلغىلا قويۇش، ماتېماتىكا ئۆگەنگەندە ماتېماتىكىغىلا قويۇشنى تەلەپ قىلدىم. ئۆگىنىش ۋاقتىدا ئويۇننى خىيال قىلىشقا، ئويناۋاتقاندا ئۆگىنىشنى ئويلىشىغا قەتئىي قارشى تۇردۇم. چۈنكى زېھىن چېچىلسا ھېچنېمە ئۆگەنگىلى



بولمايدۇ، كۆڭۈل قويمىسا، بالا ئۆگىنىش ئۈستىلىدىن ئايرىلمىغاندەك قىلغان بىلەن، ۋاقىتنى قاراپ تۇرۇپ ئىسراپ قىلغانلىق، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنىمۇ ئالدىغانلىق بولىدۇ، خالاس.

كۆپىلىگەن بالىلار ئۆگىنىش ئۈستىلىدىن ئايرىلمىغاندەك قىلغىنى بىلەن نەتىجىسى ياخشى بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ كۆڭۈل قويمىغانلىقىدىن بولىدۇ، ئۇلار كىتابنى ئېچىپ ئولتۇرغىنى بىلەن ئەس ـ خىيالى باشقا يەردە پالاز قېقىپ يۈرىدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ ياخشى ئۆگەنگىلى بولسۇن؟ بۇنىڭدىن كۆرە بالىلارنى تازا پۇخادىن چىققۇچە ئويناتقان تۈزۈك.

دوستۇمنىڭ ئوغلى خارتۋېر بەك ئەقىللىق بالا ، كارلدىن 10 ياش چوڭ. خارتۋېر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا چوڭ بولغان. ئۇمۇ كىچىكىدە كارلدەكلا ھەممىگە قىزىقاتتى. ھەممە نەرسىنى ئۆگەنسەم دەپ تۇراتتى.

ھەر قېتىم ئۇلارنى يوقلاپ بارسام خارتۋېل مەندىن ئۇنى ـ بۇنى سوراپ تۇرۇۋالاتتى. زىيادە سەۋرچانلىقىمدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئەستايىدىل جاۋاب بەرگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالغان ئىدىم.

ئەپسۇسكى، بۇ بالا مۇنتىزىم تەربىيىلىنىشنى ئەمدىلا باشلىغان چاغدا ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، دەسلەپتە بەك ھەيران قالدىم، بۇ بالا شۇنچە ئەقىللىق تۇرۇپ، ئاتا ـ ئانىسىمۇ شۇنچە بىلىملىك تۇرۇپ نىمىشقا بۇنداق بولىدىغاندۇ؟

بۇ سىرنى يېشىش ئۈچۈن مەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن ئۇنىڭ ئۆگىنىشىنى ئاستىرتىن كۆزەتتىم. ئۆگىنىش ۋاقتىدا خارتۋېل كۈندىكىدەك ئۈستەل ئالدىغا كېلىپ ھومېرنىڭ داستانلىرىنى يادلاشقا چۈشتى، دەسلەپتە بوش ئاۋازدا ئوقۇدى، مەن ئۇنىڭ ئوقۇغىنىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. ئەمما، بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئاۋازى يوقاپ كەتتى. قارىسام ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ كىتابقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمەس، دەرىزە سىرتىغا قادىلىپ قالغانلىقىنى بايقىدىم.

بالىنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىدا پىكرىنى يىغالماسلىقى زېھنىنى ئۆگىنىشكە قاراتمىغانلىقىدىن بولىدۇ. مەن خارتۋېلنىڭ ئۆگىنىش دادىسىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئوغلىنىڭ قانداق ئۆگىنىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتىم. ئۇ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاچچىقلىنىپ دەرھال ئۇنى ئەدەپلەپ قويماقچى بولدى.

مەن دەررۇ ئۇنى توسۇپ:

— ئالدىرىماڭ، مەن سۆزلىشىپ باقاي، — دېدىم.

مەن ئاستا خارتۋېلنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم، ئۇ كەينىمدە قاراپ تۇرسامۇ سەزمىدى، ئۇ خىيال دېڭىزىغا غەرىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ دولىسىغا ئاستا ئۇرۇۋېدىم، ئۇ چۆچۈپ كەتتى.

— خارتۋېل، نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ — سورىدىم مەن.

— ھە، ۋىتىر ئەپەندى...

— نېمە ئويلاۋاتىسەن، ئۆگىنىش ۋاقتىدا زېھنىنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرگۈلۈك جۇمۇ.

— مەن... ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم.

— ئۇنداقتا مەن سەن يادقا ئالغان شېئىرنى سوراپ باقاي،

— مەن ئۇنىڭ قولىدىن كىتابنى ئېلىپ ۋاراقلىغاچ ئۇنىڭغا قارىدىم.

ئۇ خىلىغىچە شېئىرنى يادلاپ بېرەلمىدى. خىجىل بولغىنىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— بالام، كۆڭۈل قويغان بولساڭ بىرەر مىسرانىمۇ يادلىيالمىدىڭغۇ؟

ئۇ ئۆزىنىڭ بايا راستىنلا زېھنىنى بىر يەرگە يىغالمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

— نېمىشقىلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، دائىم كىتاب كۆرسەملا خىيالىمغا باشقا ئىشلار كىرىۋالىدۇ.

— ئۇنداقتا ھازىر نېمە ئويلىدىڭ؟



— مەن تۇنۇگۇنكى ئىشنى ئويلىدىم، بىر بالا ئۆزىنىڭ كۈچتۈڭگۈرلىكىگە تايىنىپ كىچىك بالىلارنى بوزەك قىلدى، مېنىڭ بۇنىڭغا بەك ئاچچىقىم كەلدى. مەن تەڭداشسىز ماھارەتكە ئىگە بىر چەۋەنداز بولسامكەن دەپ ئويلىدىم، شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرەتتىم، ئاق ئاتقا مىنىپ، شەمشىرىمنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ ھېلىقى كىچىك بالىلارغا ھامىي بولاتتىم، ئەسكى بالىلارغا بوزەك بولۇشنىڭ تەمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېتىتىپ قوياتتىم... — ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپلا كەتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزىدە ئاجايىپ نۇر چاقناۋاتقانلىقىنى، كەلگۈسىدە قەھرىمان بولۇشقا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

— گېپىڭنى ئاڭلا، بالام، — مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم ۋە ئۇنىڭغا ئاستا- ئاستا تەربىيە ئىشلەشكە كىرىشتىم،

— بىلەمسەن، باشقىلارغا ياردەم بېرىش ياخشى ئىش، ئەمما مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپلا ئويلىساڭ بولمايدۇ- دە، سەن ھومېرنىڭ كىتابىنى كۆرۈۋېتىپسەن، ئۇنىڭدا نۇرغۇن قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر بار. سەن بۇ كىتابتىن قەھرىمانلارنىڭ ئىش- ھەرىكەتلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ قەھرىمان بولغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىشىڭ لازىم. باشقىلارغا ياردەم بېرىمەن دەيدىكەنسەن ئالدى بىلەن كىتابتىكى ئاشۇ قەھرىمانلارنىڭ ئەقىل- پاراسىتىنى ئۆگىنىشىڭ لازىم، بۇ يەردە قۇرۇق خىيال قىلغان بىلەن قەھرىمان بولۇپ چىقالمايسەن. قانداق، توغرا دېدىممۇ؟

— چۈشەندىم، — ئۇ تۇساتتىن بىر نەرسىنى چۈشىنىۋالغاندەك سۆزلەپلا كەتتى، — مەن ھازىر كىتابتىن قەھرىمانلارنىڭ ئەقىل- پاراسىتىنى ئۆگىنىمەن، ئاندىن سىرتقا چىقىپ چېنىقىمەن، ئۆزۈمنى كۈچلۈك، باتۇر قىلىپ چىقسام، ئاندىن چوڭ بولغاندا ئاشۇ ئاجىز كىشىلەرگە ياردەمدە بولالايمەن، توغرا دېدىممۇ، ۋىتىر ئەپەندى؟

— شۇنداق، قائىدە مانا مۇشۇنچىلىك ئاددىي، — ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈننىڭ يېشىلگەنلىكىدىن بەك خۇشال بولدۇم، — ئۇنداقتا ھازىر قانداق قىلىشنى بىلىۋالغانسەن؟
— بىلدىم، — ئۇ شۇنداق دەپلا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى.
كېيىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ماڭا: «باستېر ۋىتىر، سىزنىڭ تەربىيىڭىزنىڭ ئاجايىپ ئۈنۈمى بولدى، ھازىر ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ» دېدى.
خارتۆپلىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ كۆتىرىلمەسلىكى دەل ئۇنىڭ كۆڭۈل قويمىغانلىقىدا ئىدى، مەن بۇ نۇقتىنى سېزىپلا ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنىنى ئۆگىنىشكە قاراتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نەتىجىسىمۇ تەبىئىيلا كۆتۈرۈلدى.

## سەزگۈر، چاققان بولۇشقا ئادەتلەندۈرۈش

كارل ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئويناش ۋاقتىنى قاتتىق بەلگىلەپ بېرەتتىم، بۇ ئۇنىڭدا كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش روھىنى تىكلەشكە پايدىلىق ئىدى.
كارل دەسلەپتە ئۆگىنىش قىلىشقا كىرىشكەندە، ئۇنىڭغا ھەر كۈنى تەخمىنەن 45 مىنۇت ئۆگىنىش قىلىش ۋاقتى بەردىم. بۇ چاغدا ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگەنمىسە تەنقىدكە ئۇچرايتتى.
بالا ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا خوتۇنۇم ياكى ئايال خىزمەتكارلارنىڭ سوئاللىرىنىمۇ جاۋابسىز قالدۇراتتىم ھەم ئۇلارغا: «كارل ئۆگىنىش قىلىۋاتىدۇ، ھازىر باشقا ئىش قىلىشقا بولمايدۇ» دەيتتىم.
بەزىدە ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالغان چاغدىمۇ مەن ئۇلارنى دەپ كارلنىڭ ئۆگىنىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويمايتتىم، ئۆيدىكىلەرگە ئۇلارنىڭ بىردەم ساقلاپ تۇرۇشىنى تاپىلاپ قوياتتىم، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئوغلۇمدا ئۆگىنىشكە نىسبەتەن بىر



خىل ئەستايىدىل ۋە قەتئىي پوزىتسىيە يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.
مۇشۇنداق قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئوغلۇمدا چاققان، چېۋەر بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە دائىم ئەھمىيەت بېرەتتىم. بالام بىرەر ئىشنى ياخشى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما سۆرەلمىلىك بىلەن قىلسا ئۇنىڭدىن ئانچە رازى بولمايتتىم، بالىلارنى چېۋەر، چاققان قىلىش بەك مۇھىم. ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن ئادەملەر بار، ئۇلار ئۆزىنى رۇسلاپ بىرەر ئىش قىلىشقا تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن شۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ، مانا بۇ دەل ئۇلارنىڭ شۇنداق ئادەتلەنگەنلىكىدە!
ئۇلار ئاشۇنداق سۆرىلىپ يۈرۈپ قانچىلىك ۋاقىتنى بىكاردىن-بىكار زايا قىلىدۇ ـ ھە؟
كارلنى تەربىيىلەشتە، ئۇنى ئوينايدىغان ۋاقتىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئۆگىنىش قىلدۇرمىدىم، بۇنداق قىلغاندا ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. كۈندە بىر ـ ئىككى سائەتلا ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگەنسە، ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمى بولسىلا كۇپايە، مانا بۇ ئۇنىڭغا چاققانلىقنى، چېۋەرلىكنى ئادەت قىلىپ سىڭدۈرگەنلىكىمنىڭ نەتىجىسى ئىدى.
كارل باشقىلار ئويلىغاندەك ئۆگىنىش قىلىش ئۈچۈنلا ئۆزىنىڭ ئويناش ۋاقىتلىرىنى قۇربان قىلمىدى، ئەكسىچە ئۆگەنگەندە زېھىن قويۇپ، ئۈنۈملۈك ئۆگەندى، شۇنىڭ بىلەن ئويناشقا ۋە باشقا ئىشلارنى قىلىشقا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالىدى.
ئىشنى ئەستايىدىل، ئۈنۈملۈك قىلىمەن دەيدىكەنسىز چوقۇم كىچىككىنىڭىزدىن چېۋەر، چاققان بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىڭىز لازىم. چۈنكى، ھايات چەكلىك، ئادەم ھاياتىدا نۇرغۇن ۋاقىتنى ئۇخلاشقا، دەم ئېلىشقا سەرپ قىلىدۇ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسا ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ، ئۆمۈرمۇ خۇددى ئاسماندىكى ئاقار يۇلتۇزدەكلا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۈگەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەن دائىم بالامغا مۇكەممەل ئادەم كەسكىن، چاققان بولۇشى لازىم. شۇندىلا چەكلىك ھاياتتا ئاز ـ تولا ئىش قىلالايدۇ، دەپ تۇرىمەن.

بىر قېتىم، كارل ماتېماتىكا مەشىقى ئىشلەمەكچى بولۇپ تۇراتتى، مەن ئۇنىڭغا سوئالنى دەپ بېرىپلا سىرتقا ماڭدىم. ھەر قېتىم كارلغا ۋاقىت بەلگىلەپ بېرەتتىم، شۇ مۆھلەت توشمىغۇچە مەن ئۇنى ئاۋارە قىلمايتتىم، مەقسىتىم ئۇنى مۇستەقىل ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈپ مەسىلىنى ھەل قىلدۇرۇش ئىدى.

ئەمما كىتاب ئېلىش ئۈچۈن كىرسەم، ئۇ بۇرۇنقىدەك مەشىقنى ئىشلىمەي ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ ئويناپ يۈرۈپتۇ.

— كارل نېمە قىلىۋاتىسەن؟ نېمىشقا مەن تاپشۇرغان مەشىقنى ئىشلىمەيسەن؟ — دەپ سورىدىم دەرھاللا.

— بۇ مەسىلە بەك ئاسان ئىكەن، ۋاقىت تېخى بالدۇرغۇ؟ مۆھلەت توشۇشتىن بۇرۇن ئىشلەپ بولىمەن، — كارل بۇ ئىشنى پەقەتلا نەزىرىگە ئىلمايۋاتاتتى.

— شۇنداقمۇ، بۇ بەك ئاسانكەن ـ دە، ئۇنداقتا مەن ساڭا يەنە ئىككى ھېسابنى يېزىپ بېرىمەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— سەن ۋاقىتنى يېتەرلىك دېدىڭغۇ، شۇڭا كۆپرەك ئىشلە.

مەن كارلغا سەل تەس ھېسابتىن ئىككىنى يېزىپ بېرىپ چىقىپ كەتتىم.

ۋاقىت توشقاندا تاپشۇرۇقنى كۆرگىلى كىرسەم، ئۇ ئالدىنقى ئىككىسىنى ئىشلەپ تۈگىتىپتۇ، ئەمما كېيىنكى بىرسى بەك تەس بولغاچقا تېخى ئىشلەپ بولالماپتۇ.

— بولدى، ئەمدى توختا.

— مەن تېخى ئىشلەپ بولالمىغان تۇرسام.

— مەن ساڭا پەقەت ئىككى ھېساب قوشۇپ بەردىم، ۋاقىت قوشمىدىم، — دېدىم كەسكىن ھالدا.



— لېكىن دادا، بۇ ئادىل بولمىدى، — دېدى ئۇ ئازار يېگەندەك.

— ئادىل بولمىدى؟ سەن ۋاقىت بەك ئۇزۇن دېگەچكە ئىككى ھېساب يېزىپ بەردىمغۇ.

ئوغلۇم بۇ قىلمىشىمنى يەنىلا چۈشەنمىدى، ئۇ مېنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىمنىڭ ئۇنىڭدا ئۆگىنىشتە سۆرەلمىلىك قىلىش ئادىتىنى يوقىتىۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈنلىكىنى چۈشەنمىگەنىدى.

— باشتا سۆرەلمىلىك قىلىپ ۋاقىت ئىسراپ قىلمىغان بولساڭ، قالغان ئىككى ھېسابنىمۇ ئىشلەپ بولاتتىڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا.

بۇ چاغدا ئۇ چۈشەنگەندەك قىلدى.

— ئويلاپ باققىنا، ئەگەر باشتا ۋاقىتنى زايا قىلمىغان بولساڭ، بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىت ھېسابنى ئىشلەپ بولۇشۇڭغا بەھۇزۇر يېتەتتى. قالغان ۋاقىتتا ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنى ئوقۇغان، خالىغان ئىشنى قىلغان بولاتتىڭ. سەن سۆرەلمىلىك قىلىپ يۈرۈپ ھېچنېمىنى قىلمىدىڭ، خۇددى سۈتنى يەرگە تۆككەندىلا ئىسراپچىلىق قىلدىڭ. بۈگۈن سەن ۋاقىتىڭنى زايا قىلغاچقا، مەنمۇ سېنىڭ سۈتۈڭنى زايا قىلىمەن، ئەلۋەتتە، ئۇنى تۆكمەيمەن، ئەمما خىزمەتكارغا بېرىمەن، مەن سەندەك ياخشى نەرسىلەرنى زايا قىلىۋېتىدىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەسمەن، مەن ھەممە نەرسىنىڭ دەل جايىنى تېپىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۇ كۈنى، مەن كارلنىڭ سۈتىنى چاكارغا بەردىم.

شۇندىن تارتىپ كارل ئۇنداق ئىشنى قايتا سادىر قىلمىدى، ئۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنگەنىدى.

# ئىشنى تېخىمۇ ياخشى، ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش

ئوغلۇمغا تىل ۋە ماتېماتىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىش جەريانىدا مەن ئۆگىنىشنى قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىدىغان خاھىشىغا قەتئىي يول قويماي، ئامال بار ئۇنىڭدا نېمە ئىش قىلسا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردۈم.

مېنىڭچە بالىغا دەرس ئۆگىتىش خۇددى تام قوپۇرغانغا ئوخشايدۇ، ئەگەر قاتتىق تەلەپ قويمىساق ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. ئىشنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ قىلىش ياخشى پەزىلەت، مەن كالامپاي ئادەملەرنى ياقتۇرمايمەن، ئۇلار ھەرقانداق ئىشنى چوڭقۇر ئىزدىنىپ، قېتىرقىنىپ قىلمايدۇ، قىلغان ئىشىدىن چوڭ نەتىجە قازانغان تەقدىردىمۇ كېيىنكىلەر ئەسلىگۈدەك ئىز نا قالدۇرالمايدۇ، ھەتتا نۇرغۇن كەچۈرگۈسىز خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ.

جاھاندىكى كۆپىنچە بىلىملىك سانالغانلار ھەدېسىلا بەھەيۋەت سۆز ـ جۈملىلەرنى ئۆز ماقالىلىرى ۋە گەپ سۆزلىرىگە بېزەك قىلىپ، ئۆز بىلىمىنى كۆز ـ كۆز قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇنۇم بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. مەن بۇنداق ئادەملەرنىڭ كەمچىلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالىمەن، ئۇلار چوڭقۇر ئىزدىنىشنى خالىمايدۇ، سۆزلەرنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ، تېگى تەكتىنى بىلىپ يەتمەيدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇنداق ئادەملەر بىر توپ يارىماسلاردۇر.

مەن كارلغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئىش قىلىشتا ئەستايىدىل بولۇشنى، ئامالنىڭ بېرىچە ئىشنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ قىلىشنى ئۆگەتتىم. مەيلى ئۆگىنىشتە ياكى باشقا قىزىقىش جەھەتتە بولسۇن «ۋاقتىدا يەتكۈزۈش»نى تەلەپ قىلدىم. ئۇنىڭغا مەيلى



قانداق ئىش قىل چوقۇم «كەم ـ كۈتىسىز» بوپتۇ دېگەن تۇيغۇنى بېرىپ كەلدىم.

كارل رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ۋاقتىدا يېتىشىنى تەلەپ قىلدىم. چۈنكى، سەنئەتتىكى ئىجادچانلىق كىشىدىن قەتئىي ۋاقتىدا يېتىشنى تەلەپ قىلاتتى.

مەن ئوغلۇمغا داڭلىق رەسىملەرنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئېلىپ بەردىم، ئۇنىڭغا سەنئەتكارلارنىڭ قانداق قىلىپ مۇكەممەللىك ۋە ۋاقتىدا يەتكەن گۈزەللىكنى ئىجاد قىلىشقا تىرىشقانلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردىم.

ئوغلۇم كۆۋرۈك سىزىشقا، بولۇپمۇ كۆز ئاپتىپىدا تاۋلىنىپ تۇرغان كۆۋرۈكلەرنى سىزىشقا بەك ئامراق ئىدى. ئۇ ماڭا بۇ مەنزىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى: كىچىك كۆۋرۈككە چۈشكەن قۇياش نۇرى كۆۋرۈك ئەگمىسىگە چۈشۈپ قايتقان پەيتتە، كۆۋرۈك ئالتۇن نۇرغا پۈركىنىدۇ؛ كۆۋرۈك ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتكەن سۈزۈك سۇ خۇددى يېشىل مەرۋايىتتەك كۆزنى چاقنىتىدۇ، سايە چۈشكەن يەرلىرى قېنىق زەيتۇن رەڭدە چايقىلىپ كىشىگە سىرلىق ۋە ئۆزگىرىشچان تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ.

بىر كۈنى كارل بوياقلىرىنى كۆتۈرۈپ كەنتنىڭ تېشىدىكى دەريا بويىغا رەسىم سىزغىلى چىقتى. ئۇ ئالاھىدە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كۆۋرۈكنى سىزغىلى چىققانىدى. ئۇ دەريا بويىدا تۇرۇپ ئەستايىدىللىق بىلەن رەسىم سىزىشقا باشلىدى، مەن بىر دەرەخنىڭ سايىسىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇردۇم.

مەن كىتابنى پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئوقۇۋاتاتتىم، پات ـ پاتلا كارل تەرەپكە قاراپ قوياتتىم. كەيپىم چاغ ئىدى، بۇنىڭغا ھاۋانىڭ ياخشىلىقى، شۇنداقلا ئوغلۇمنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان تىنچلىقى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك.

بىر چاغدا كارل ئورنىدىن تۇردى، ئۇ رەسىمنى سىزىپ بولغاندەك قىلاتتى، ئۇ رەسىم تاختىسىنى ماڭا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەكەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەسىم ياخشى سىزىلغانىدى، قىياپەت تەسۋىرلىرى جايىدا، قۇرۇلمىسىمۇ مۇۋاپىق، كىچىك كۆۋرۈك ۋە ئېقىن شۇنچىلىك ماسلاشقان، ئاجايىپ گۈزەللىك يارىتىلغانىدى.

مەن ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىپ، رەسىمدە يەنە نېمىنىڭدۇر كەملىكىنى ھېس قىلدىم، باشقا ئاتا - ئانىلار بولسا بالىلىرىنى بىر ھازا ماختاپ كېتەتتى بولار ئىدى، ئەمما مەن ئۇنداق قىلمىدىم، مېنىڭچە خاتالىقنى سەزگەن ئىكەنمەن، چوقۇم ئوغلۇمغا كۆرسىتىپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى.

— كارل، سەن ماڭا تەسۋىرلەپ بەرگەن ھېلىقى تۈيغۇ بۇ رەسىمدە ئىپادىلەنمەپتۇغۇ؟

— لېكىن، مېنىڭچە ئۇنى ئىپادىلەپ چىقتىم، — كارل تەن بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— سەن سايىدىكى سۇنىڭ رەڭگى كىشىگە سىرلىق ۋە ئاجايىپ تۈيغۇ بېرىدۇ دېگەنىدىڭ، قېنى، سىزماپسەنغۇ؟

كارل بېشىنى قاشلىغىنىچە رەسىمگە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى ۋە كۆۋرۈك تەرەپكە قايتا قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— ھە راست، مەن قېنىقراق كۆك رەڭدە ئۇنى سىزىپ چىقىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى.

ئۇ جايىغا بېرىپ قايتا قولىغا قەلەم ئالدى.

— دادا، ئەمدى بوپتىمۇ؟ — ئۇ بىردەمدىن كېيىن رەسىمنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— بولۇشىغۇ بوپتۇ، ئەمما سايىدىكى سۇنىڭ مەرۋايىتتەك سۈزۈكلۈكى ئىپادىلەنمەپتۇ، سىرلىقلىقىنىمۇ ئەسەر يوق، — دېدىم. ئەمەلىيەتتە ئوغلۇمنىڭ خېلى ياخشى سىزغىنى ماڭا ئېنىق ئىدى، ئۇ ھەتتا قۇياش نۇرى ئاستىدىكى سۇ بىلەن سايىدىكى سۇنى پەرقلەندۈرەلىگەن ئىدى. كەسپىي رەسساملاردىن باشقا رەسساملارنىڭ بۇنى ئېنىق سىزالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەسلىدە مەن ئوغلۇمغا ئازراق پىكىر بەرسەم چالىسىنى كېيىنچە ئاستا - ئاستا تولۇقلىۋالار دەپتىكەنمەن. ئەمما، كارل



قايتىدىن ھېلىقى تاشتا ئولتۇرۇپ سىزىشقا كىرىشتى.

مەن ئۇنىڭ ھېلى رەسىمنى، ھېلى كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ دەريا سۈيىنى كۆزىتىشىگە، قەلىمىنى چىشلەپ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرۈشلىرىگە قاراپ تۇردۇم.

بۇ قېتىم ئۇ بەك ئۇزۇن ئولتۇردى، ھەتتا مەنمۇ سەل تاقەت قىلالماي قالدىم، لېكىن ئۇ مىت قىلماي ئولتۇراتتى.

— كارل، ماڭىدىغان چاغ بولدى، — دېدىم ئۇنى ئالدىرىتىپ.

— ئاز قالدى، ھازىرلا پۈتىدۇ.

مەن ئۇنىڭ باش چۆكۈرۈپ ھەدەپ بىر نەرسىلەرنى بوياپ، تېخى ئۆزىگە بىرنېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئەمما نېمىلەرنى دېگىنىنى ئاڭلىيالمىدىم.

ئۇ ئۈچىنچى قېتىم سىزغىنىنى ماڭا سۇنغاندا ھەيرانلىقتىن تۇرۇپ قالدىم، كۆۋرۈكنىڭ تېگىدىكى سايىدا ئېقىۋاتقان سۇ مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇراتتى. سىرلىق، ئۆگىرىشچانلىقى كىشىنىڭ زوقىنى تارتاتتى.

— ئوغلۇم، قالتىسكەنسەن، قانداق قىلىپ بۇنداق سىزالىدىڭ؟

— مەن سايىدىكى سۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالدىم، ئۇ پەقەت قېنىق كۆك رەڭدىلا ئەمەس، بەلكى ھەر خىل كۆك رەڭلەرنىڭ بىرىكمىسى ئىكەن، ئۇنىڭدا قېنىق كۆك، كۆك، زەڭگەر كۆك، ھەتتا قىزغۇچ كۆك رەڭلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇ دەل قىرغاقتىكى گۈللەرنىڭ سۇدىكى سايىسى ئىكەن.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئاجايىپ ھاياجانلاندىم، ئۇنىڭ دېگەنلىرى ساپلا رەسساملىقتىكى كەسپىي بىلىملەر ئىدى، ھېچكىم ئۆگەتمىسىمۇ بۇلارنى ئۆزى سېزىۋاپتۇ، ئۇنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا بىلدىم.

— ئۇنداقتا باياتىن بىر نېمىلەرنى داۋاتاتتىڭ، زادى نېمە دېدىڭ؟ — سورىدىم مەن.

— مەن توختىماي «كۆك مەرۋايىت، سىرلىق تۈيغۇ» دېدىم، مېنىڭچە كۆڭۈللا قويسام ئۇنداق تۈيغۇنى چوقۇم تاپالايمەن ۋە ئىپادىلىيەلەيمەن.

ئوغلۇمنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ مەن يەنە نېمە دەي؟ مەن قەلبىمدىكى ھاياجاننى ئاران بېسىپ ئۇنى يېتىلەپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.

يولدا ئۇنىڭدىن ئىككىنچى قېتىملا يامان ئەمەس سىزغان تۇرۇپ نېمىشقا ئۈچىنچى قېتىم يەنە زور ئىجتىھات بىلەن سىزىپ كەتكەنلىكىنى سورىسام، ئۇ: «سىز ماڭا ھەرقانداق ئىشنى قىلساڭ پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىل، دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟» دېدى. مەن ئۇنىڭ سەبىيلىك ھەم بەختىيارلىق چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، ئامراقلىق بىلەن قولىنى چىڭ سىقتىم.

## قەتئىي بوشاشماسلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش

ئادەم كىشىلىك ھاياتتا نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ، مەيلى تۇرمۇشتا، ئۆگىنىشتە بولسۇن، ھامان ئويلاپ باقمىغان مەسىلىلەرگە ئۇچرايدۇ. مەن كارلغا بىر نۇقتىنى ئېنىقلىۋالغان ھامان ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىشنى، توختىماي تىرىشقاندىلا ئاندىن ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قازانغىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرىمەن.

كارل تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن گەرچە ئۇنىڭ زادى قايسى ساھەدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، ئەمما ئۇنى چوقۇم بىر يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىمىز دېگەنىدۇق.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا چوقۇم قەتئىي چىدام بىلەن بەلگىلەنگەن نىشان ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەكلىكىنى ئېنىق بىلەتتۇق. شۇڭا كارل تېخى ئۆمىلەيدىغان



ۋاقىتىدىلا ئايپىسى ئۇنى ھەر خىل ئويۇنلار بىلەن قەتئىي بوشاشماسلىققا ئىلھاملاندۇردى، بالام سەل قىينالسىلا خۇتۇنۇم چىدا، چىداپ ئازراق كۆچە، ئازراق چىدا، دەپ ئۇنىڭ غەلىبىسىنى كۈتەتتى.

كارل كىچىك ۋاقتىدىلا ئايپىسى ئۇنىڭ چىدامچانلىقىنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دىققىتىنى يىغىش تەربىيىسىنى ئىشلىدى. ئۇزۇن ۋاقىت دىققىتىنى يىغىش ئۈزۈنغىچە ھەرىكەت قىلالىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. كارلنىڭ ئايپىسى كارل قىزىقىدىغان بىرەر ئويۇنچۇقنى ئۇنىڭغا بېرەتتى، ئالدى بىلەن قونچاق مۈشۈكنى ئالدى- ئارقىسى، يانلىرىغا قويۇپ كارلنىڭ دىققىتىنى تارتقاندىن كېيىن، ئۇنى يىراقراق يەرگە قويۇپ ئۇنى ئېلىشقا ئۈندەيتتى، ھەر قېتىم بالا ئۇنى ئالالماي بولدى قىلاي دېگەندە دەرھال كۈچە، كۈچەپ ئال، دەپ ئىلھاملاندۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن كارل كۈچەپ قونچاق مۈشۈكنى تۇتىۋالاتتى، بۇ چاغدا ئايپىسى ئۇنى سۆيۈپ ياكى ئالقىشلاپ مۇبارەكلەيتتى، كارلغا كۆرەش قىلىشنى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلدۇراتتى. كارل ئۆمىلىگەندە ئانىسى ئۇنىڭغا يەنە قىيىنلىقى يۇقىرى مەشقلەرنى ئىشلەتكۈزدى. ئۇ ئالماقچى بولغان نەرسىنى ئالاي دېگەندىلا ئۇنىڭ ئويۇنچۇقىنى تېخىمۇ نېرىغا سۈرۈپ قويۇپ ئۇنى ئېلىشقا، ئۆمىلەشكە ئۈندەيتتى. ئايپىسى ئۇنىڭ ئۆمىلىشىنى ۋە چىدامچانلىقىنى تەڭلا چېنىقتۇرۇپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوققانىدى.

كارل سەل چوڭ بولۇپ ئۆگىنىشكە كىرىشكەندە ئايپىسى يەنە مۇشۇنداق ئويۇنلار ئارقىلىق ئۇنىڭ قەتئىي بوشاشماس ئىقتىدارىنى يېتىلدۈردى. بۇنىڭدا ئويۇنچۇقنىڭ ئورنىغا كىتاب ئالماشتى. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇنىڭدا چىدامچانلىق ئادىتى يېتىلدى.

كارلنىڭ ئۆگىنىشىدىكى ھەر قېتىملىق ماھىيەتلىك بۆسۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتتە قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئوغلۇم ماتېماتىكا مەسىلىلىرىنىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا ئىگىلىۋالاتتى، ئۇنىڭ يەنىمۇ ئۈستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆز ئىقتىدارىنىڭ سەۋىيىسىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىر مەسىلىنى ئىشلەشكە بەردىم.

بۇ ئىش ئېسىمدىن پەقەت چىقمايدۇ، چۈنكى كارل ئاشۇ ھېسابنى ئىشلەيمەن دەپ بەك كۈچەپ كەتتى، شۇنداقلا ئادەم ھەيران قالغۇدەك چىدامچانلىقنى ئىپادىلىدى.

مەن كارلغا مەسىلىنى بەرگەندىن كېيىن ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتىم، مەن ھەر قېتىم شۇنداق قىلاتتىم.

شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، كارل چىقمىدى. گەرچە مەسىلە قىيىن بولسىمۇ كارل ئەزەلدىن بۇنداق ئۇزۇنغىچە ھېساب ئىشلەپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىتمۇ مەن بەلگىلەپ بەرگەن مۆھلەتتىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

مەن كارلنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ تېخىچە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئەمما ھېسابنىڭ تېخى ئىشلەنمىگەنلىكىنى كۆردۈم:

— نېمە بولدى؟ بەك تەسمىكەن، — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ قويۇپ زۇۋان سۈرمىدى.

كارلنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، باش - كۆزى تەرگە چۆمۈلگەنىدى، ھاۋا ئىسسىق ئەمەس ئىدى، ئۇنى ئاغرىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.

— كارل، بىرەر يېرىڭ بىئارام بولۇۋاتامدۇ؟ ھازىر ۋاقىت توشتى، ئەگەر بەك تەسكەن دەپ قارىساڭ دەم ئېلىپ، ئەتە ئىشلىگىن، — دېدىم مەن.

— ياق، دادا، سەل ساقلاڭ، مەن جاۋابىنى ھازىرلا چىقىرىمەن، بىرئاز كۈتۈڭ، — كارل شۇنداق دەپلا يەنە تەپەككۇر قاينىمىغا چۆكتى.



مەن كارلنىڭ مەسىلىنىڭ ئاچقۇچلىق يېرىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى سەزدىم - دە، ئۇنىڭغا دەخلى قىلغۇم كەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن چىقىپ ئاپىسى بىلەن بۇ ئىش ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇم.

كەچلىك تاماققا ئاز قالغاندا كارلنىڭ ئاپىسى سەل بىتاقەت بولدى ۋە ماڭا كارلنى دەم ئال دېسىڭىز بولاتتى، ئۇ مەسىلە بەك قىيىن بولسا، ئۇنى ئىشلىيەلمەي خىجىل بولۇپ يۈرمىگىيتتى، بولدى، سىز كىرىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىڭ، ئۇ ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويمىسۇن يەنە، دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن يەنە كارلنىڭ ئىشكىنى چەكتىم:

— كارل، بولدى، سەن تىرىشتىڭ، ئۇنى يېشەلمىسەڭ ھېچقىسى يوق، بۇ مەسىلە بەك تەس ئىكەن، — دېدىم.

— ياق، دادا مەن ئىشلەپ بولاي دەپ قالدىم، ماڭا ئىزچىل كۈچىسەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسەن دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟ مەن ئۇنى يېشىشنىڭ ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتىم، ئازلا قالدى، ھازىرلا جاۋابىنى تاپالايمەن، — دېدى كارل.

ئوغلۇمنىڭ بۇنداق پوزىتسىيىسى ئالدىدا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟ خوتۇنۇم بىلەن سىرتتا ساقلىدىم. كارلنىڭ بۇ مەسىلىنى ئىشلىيەلمەيدىغانلىقى كۆڭلىمىزگە ئايان ئىدى، پەقەت كارلنىڭ ئاشۇ چىدامچانلىقنى دەپلا ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىۋاتاتتۇق.

— دادا! دادا! — بىر هازادىن كېيىن كارلنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ سېكۇنتتا شۇنچىلىك ھاياجانلاندىم، ئوغلۇمنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئاخىرى مەسىلىنى ئىشلىيەلىگەنلىكىنى بىلگەنىدىم.

خۇددى پەرەز قىلغىنىمدەك، ئوغلۇم مەسىلىنىڭ جاۋابىنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

مەن ئۇنىڭ جاۋابىنى كۆرۈپ چىقتىم، ئۇ توغرا ئىشلىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ مەسىلىنى يېشىشتىكى ئۇسۇلى ئەسلىدىكى ئۆلچەملىك جاۋابنىڭ ئۆزىدىن مىڭ ھەسسە جانلىق

ئىدى.

شۇ كۈنى كەچلىك تاماق ئۈستىدە كارل ئۆزىنىڭ قانداق تەپەككۇر قىلغانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى. مەن ئۇ مەسىلىنىڭ بەك تەسلىكىنى ئېتىراپ قىلدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق قىيىن مەسىلىگە ئەزەلدىن دۇچ كېلىپ باقمىغانلىقى، ئەمما مەسىلىنى ئىشلىيەلىگىنىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن ئۇنىڭدىن بۇ مەسىلىنى ئىشلەش جەريانىدا بولدى قىلىش ئويىدا بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سورىسام، ئۇ: «شۇنداق ئويىمۇ بولدۇم. چۈنكى، بۇ مەسىلە راستىنىلا بەك تەس ئىكەن، ئۇزۇن ۋاقىتقىچە بېشىم ئاغرىپ، كاللام ئېتىلىپ كېتەي دېدى، يۈگۈرۈپ چىقىپ بولدى ئىشلىيەلمىدىم دېگۈم كېلىپ كەتتى. ئەمما، ھەر قېتىم مۇشۇنداق ۋاقىتتا بىر غايىۋى كۈچ، سەل چىدا، ئازراق تىرىشقىن، دەپ ئىلھاملاندۇرغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قەتئىي ئىشلەش نىيىتىگە كەلدىم ۋە ئاخىرى يېشىپ چىقتىم.»

ئۇ كۈنى كارل كۆپ نەرسە يېدى، بەك قاتتىق ئۇخلىدى. ئۇ ھەقىقەتەن بەك چارچاپ كەتكەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ مەسىلە ھەل قىلىشىدا زور بۆسۈش بولدى، كېيىنچە ئۇ ئۆلچەملىك جاۋابقىلا ئېرىشىلمۋالماي، ئەڭ تەس مەسىلىلەرنىمۇ ئىككى ـ ئۈچ خىل يېشىش ئۇسۇللىرى بىلەن ئىشلەيدىغان بولدى.

كارل بۇ قېتىمقى مەشىقتىن پەقەت چىدامچانلىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرالىسىلا ھامان غالىبلاردىن بولالايدىغانلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋالدى.



ئون ئىككىنچى باب

# ئوغلۇمدىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىشنىڭ قانداق ئالدىنى ئالدىم

*مەن ئوغلۇمغا مۇنداق تەربىيە قىلدىم: بىلىملىك كىشى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ؛ ساۋابلىق ئىش قىلغۇچى پەرۋەردىگارنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىدۇ. دۇنيادا بىلىمسىز كىشىلەر بەك كۆپ، ئۇلار بىلىمسىز بولغاچقا بىلىملىكلەرگە ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدۇ. دەرۋەقە، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىشى قانچە ئاسان بولسا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشىمۇ شۇنچە ئاسان بولىدۇ. ئەمما، پەرۋەردىگارنىڭ ھىممىتىگە ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇ مەڭگۈلۈك بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىنى بەك كۆڭلۈڭگە سېلىۋالما.*

*باشقىلارنىڭ ماختىشىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئادەم جەزمەن باشقىلارنىڭ زەربىسىگىمۇ بەرداشلىق بېرىشى كېرەك. باشقىلارنىڭ باھاسى ئارقىلىقلا ئۆزى خۇشاللىق تاپىدىغان ئادەم ئەڭ ئەخمەق ئادەمدۇر. باشقىلارنىڭ زەربىسى بىلەنلا مەيۈسلىنىپ كېتىدىغان، سەل ـ پەل ماختاشلارنى ئاڭلىسىلا ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدىغان ئادەممۇ ئۇچىغا چىققان ئەخمەق.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بالىنى سەۋەبسىز ماختىماسلىق كېرەك

مەن بالامنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى ماختاپ تۇرىمەن، ئاق كۆڭۈل ئاتا - ئانىلارغا شۇنى تەكىتلەيمەنكى: بالىنى سەۋەبسىز ماختاۋەرمەڭ، سەۋەبسىز ماختاۋەرسىڭىز بۇنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ.

كارل شۇنچە ياخشى ئۆگەنگەن بولسىمۇ مەن پەقەتلا «ھە، ياخشى» دەپلا قويىمەن. ئەگەر بىرەر ياخشى ئىش قىلغان بولسا، ئۇنى ماختاپ «ياخشى ئىش قىلىپسەن، پەرۋەردىگار چوقۇم خۇش بولىدۇ» دەپ قويىمەنۇ، ھەددىدىن ئارتۇق ماختاپ كەتمەيمەن.

پەقەت ئۇ ئالاھىدە ياخشى ئىشلارنى قىلغاندىلا ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويىمەن، ئەمما بۇنداق ئىش دائىم بولىۋەرمەيدۇ.

بۇنىڭدىكى مەقسىتىم ئۇنىڭغا مېنىڭ سۆيۈشۈمنىڭ ئىنتايىن قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش. مەن مۇشۇنداق ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ماختاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ياخشى ئىش قىلغاندا ئېرىشىدىغان جاۋابنىڭ دەل ياخشى ئىشنىڭ ئۆزىدىكى خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ھىممىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۈم.

مېنىڭ ئۇنى زىيادە ماختىماسلىقتا بەك دىققەت قىلىشىم ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن بەك مەغرۇرلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بالا مەغرۇرلىنىپلا كەتسە كېيىن ئۇنى ئۆزگەرتىش تولىمۇ تەسكە چۈشىدۇ.

مەن كارلغا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەتتىم. لېكىن بۇ بىلىملەرنىڭ قايسىلىرىنىڭ خىمىيە ياكى فىزىكىغا ئائىت ئىكەنلىكىنى دەپ يۈرمىدىم. بۇنىڭدىكى مەقسەت پەقەتلا ئۇنىڭدىكى كۆرەڭلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى.

بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ قارشى مېنىڭگە ئوخشىمىسا



كېرەك. ئۇلار ھە دېسىلا ئۆز بالىلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىكى «ئالاھىدىلىكلىرى» نى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا كۆز - كۆز قىلىشقا ئامراق، بۇنداق بولغاندا بالىلار ئاسانلا ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ قالىدۇ. مەن بۇنداق ئۇسۇلنىڭ كەلگۈسىدە ئىستىقبالى بار بەزى بالىلارنى نابۇت قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن.

مېنىڭچە، بالىلارنىڭ كىچىكىدىن مەخسۇس تەربىيىلەنمەيلا تەبىئىي تالانتىغا تايىنىپ خىسلەتلىك ئۆسمۈر بولۇشى بىر خىل ۋاقىتلىقلا ئەھۋال. بۇنداق خىسلەتلىك ئۆسمۈرلەر ئاسانلا نابۇت بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار «ئون ياشتا خىسلەتلىك ئۆسمۈر، ئون بەش ياشتا ئىستېداتلىق ياش، يىگىرمە يېشىدا ئادەتتىكى ئادەم» بولۇپ قالىدۇ. بەزى يوشۇرۇن تالانتى بار بالىلارنىڭ يارىمىلىق بولۇپ چىقالماسلىقى ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ۋە مەغرۇرلىنىش، ئۆزىنى بەك چوڭ بىلىپ كېتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

دۇنيادا ئۆز - ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىشتىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش يوق، مەغرۇرلۇق بارلىق تالانت ئىگىلىرى ۋە ئىستېدات ئىگىلىرىنى نابۇت قىلىدۇ.

لاين كىچىكىدىلا تەبىئىي تالانتىنى نامايان قىلغان بالا ئىدى. ئۇ تۇغۇلۇپلا كىشىلەرگە زېرەك، چېچەن، ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغانىدى. كىشىلەر بۇ بالا كېيىنچە ئالاھىدە تالانتىنى نامايان قىلىدۇ، چوقۇم ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ كەلگۈسى چوقۇم پارلاق، دەپ قارايتتى.

بۇنداق گەپلەرنىڭغۇ خاتاسى يوق، ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنداق بولۇپ چىقمىدى. ئۇ ئىككى يېشىدىلا ئالاھىدە تالانتىنى، بولۇپمۇ مۇزىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى، لاينىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا ئالاھىدە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ ئۇنى مۇزىكىدا تەربىيىلىمەكچى بولدى، ئۇ بەك ئەقىللىق بولغاچقا مۇئەللىم نېمىنى ئۆگەتسە دەررۇ

ئۆگىنىۋالاتتى. تۆت ـ بەش ياشقا كىرگەندە ئاساسىي مۇزىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەپلا قالماي، يەنە ھەر خىل چالغۇلارنى چالالايدىغان بولدى، بولۇپمۇ پىئانىنونى ۋە ئىسكىرىپكىنى بەك ياخشى چالاتتى. ئۇ تېزلا ئۆزىنىڭ مۇزىكا كېچىلىكىنى ئۆتكۈزدى.

كىشىلەر خۇددى تارىختىكى ئۇلۇغ مۇزىكانتلارغا باھا بەرگەندەك ئۇنىڭغا مۇزىكا ساھەسىدىكى خىسلەتلىك ئۆسمۈر، ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى دەپ باھا بېرىشتى.

لايىننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى بەك ئەتىۋارلايتتى، ئۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مەركىزى ئىدى، ئۇلار كىم ئۇدۇل كەلسە شۇنىڭغا بالىسىنى ماختايتتى. ھەتتا كىشىلەر ئالدىدىلا ئۇنىڭ سەۋىيىسى ئوقۇتقۇچىسىدىن ھەم ئۆز دەۋرىدىكى مۇزىكانتلاردىن كۆپ ئېشىپ كەتتى، ئۇ چوقۇم باختەك مۇزىكا پېشۋاسى بولۇپ چىقىدۇ، دەيتتى. ئەمما، لايىن بۇ ماختاشلار ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. كېيىن مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا مۇزىكا ئىپادىلەش جەھەتتىكى نۇرغۇن كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇنىڭغا مۇزىكىنىڭ جەلپكارلىقى چېلىش ماھارىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى گۈزەللىكتە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

لايىن بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىسىغا:

— سىزنىڭچە مەن مۇزىكا ماھارىتىمنىلا ئۇقىدىكەنمەندە؟ سىز دېگەن ئۇ مۇزىكىنىڭ ئىچكى گۈزەللىكىنى ئاللىقاچان ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولغانمەن، — دېدى زەھەرخەندىلەرچە.

— ئەمما، مەن سىزدە مۇشۇ مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېنىق سەزدىم.

— ئۇ مەسىلە ئەمەس، مەن قەستەن شۇنداق چېلىۋاتىمەن، مەن بۇ مۇزىكىنى شۇنداق چۈشەندىم، — دېدى لايىن.

مۇئەللىم ئۇنىڭغا مۇزىكا ئىپادىلەش جەھەتتىكى نەرسىلەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇلگە كۆرسىتىپ بەرگەندە ئويلىمىغان يەردىن كىچىككىنە خاتالىق سادىر قىلىپ قويدى.



لايىن ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بۇ خاتالىقىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى مەسخىرە قىلدى.

بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولغان مۇئەللىم گەرچە لايىننىڭ تالانتلىقلىقىغا قايىل بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا مۇزىكا ئۆگىتىشتىن سوۋۇدى. لايىننىڭ ئاتا ـ ئانىسى بالىنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈشىنى ئۆتۈنۈپ مۇئەللىمنى تۇتۇپ قالماقچى بولغان بولسىمۇ، مۇئەللىم كېتىپ قالدى.

كېيىن، مەن لايىننىڭ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، لايىن توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا لايىندىن ئايرىلىدىغان شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئۆزى بۇرۇن ئويلىغاندەك داڭلىق مۇزىكانت بولۇپ چىقالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى دېدى. ئەمەلىيەت بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىنى ئىسپاتلىدى.

مۇئەللىم كەتكەندىن كېيىن، لايىن بارغانچە كۆرەڭلەپ ئۆزىنى تالانت ئىگىسى چاغلاپ، ئۆزىچە مۇزىكا پېشۋالىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزگەرتىپ يۈردى، ھەتتا بۇ مۇزىكىلارنى چاغلىقلا كەنغۇ دەپ جۆيلۈدى.

ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىشىغا ئۇنىمىدى، ئۇ ئوقۇتقۇچىلارنى كارغا كەلمەسلەر دەپ ئەيىبلەپ، ئۇلارنى ئۆزىدەك يۈز يىلدا بىر چىقىدىغان تالانت ئىگىسىنى تەربىيىلەشكە لايىق ئەمەس، دەپ قارىدى. نەتىجىدە، كۆپ يىللاردىن كېيىن ئۇ بىر ھاراقكەشكە ئايلىنىپ قالدى، ئاڭلىسام ئۇ دۇنيانىڭ چاكىنىلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىدەك تالانت ئىگىسىنى تونىمىغانلىقىنى ئەيىبلەپ يۈرىدىكەن.

مەن نۇرغۇن داڭلىق سەنئەتكارلارنىڭ داڭق قازانغاندىن كېيىنمۇ كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمەي كەلگەنلىكىنى كۆپ ئاڭلىغان ھەم بىلىمەن، ئەمما لايىن ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئۇ ئۆز ھاياتىدا بىرمۇ ياخشى مۇزىكا ئىجاد قىلىپ باقمىغان، ھەتتا ئادەتتىكى بىر ئەر ئىجادىيىتىمۇ يوق. ھەددىدىن ئارتۇق ھاراق ئىچكەنلىكتىن ئۇنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسى

ۋە چېۋەر بارماقلىرى كاردىن چىقىپ گۈزەل ئاماللار ئويناقتا تۇرسۇن، ئەڭ ئاددىي مۇزىكىلارنىمۇ ئورۇنلىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

كارلنى تەربىيىلەشتە مەن مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ئۇنىڭدىكى كۆرەڭلىكنىڭ ئالدىنى ئالدىم. مەن لايىنىنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردىم. ئۇنىڭغا ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ۋە كۆرەڭلىك قىلىشنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم.

## ئوغلۇمنى ئارتۇقچە ماختاشتىن قەتئىي ساقلاندىم

بالامنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا مەن ئۇنى ئارتۇقچە ماختىمايلا قالماي، يەنە باشقىلارنىڭمۇ ئۇنى ماختىشىغا قەتئىي يول قويمىدىم. ھەر قېتىم كىشىلەر كارلنى ماختىماقچى بولغاندا مەن كارلنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتتىم ۋە ماختاشلارنى ئۇنىڭغا ئاڭلاتمىدىم. مېنىڭ تەۋسىيەمنى قوبۇل قىلماي ھە دېسىلا كارلنى كۆز ئالدىمدا ماختايدىغانلارنىڭ ئۆيۈمگە كېلىشىنى قەتئىي رەت قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر مېنى قائىدە ئۇقمايدىغان قېرى قاقۋاش دەپمۇ يۇرۇشتى. ئەمما، مەن ئوغلۇمنىڭ يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىگە پەقەت ئېرەن قىلمىدىم.

مەن ئوغلۇمغا مۇنداق تەربىيە قىلدىم: بىلىملىك كىشى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ؛ ساۋابلىق ئىش پەرۋەردىگارنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىدۇ. دۇنيادا بىلىمسىز كىشىلەر بەك كۆپ، ئۇلار بىلىمسىز بولغاچقا بىلىملىكلەرگە ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدۇ. دەرۋەقە، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشمەك ئاسان بولغىنىدەك، ماختىشىدىن ئايرىلىپ قېلىشمۇ شۇنچە ئاسان بولىدۇ. ئەمما، پەرۋەردىگارنىڭ ھىممىتىگە ئاسان



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ مەڭگۈلۈك بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ماختىشىنى بەك كۆڭلۈڭگە سېلىۋالما.

باشقىلارنىڭ ماختىشىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئادەم جەزمەن باشقىلارنىڭ زەربىسىگىمۇ بەرداشلىق بېرىشى كېرەك. پەقەت باشقىلارنىڭ باھاسى ئارقىلىقلا ئۆزىگە خۇشاللىق تاپىدىغان ئادەم ئەڭ ئەخمەق ئادەمدۇر. باشقىلارنىڭ زەربىسى بىلەنلا مەيۈسلىنىپ كېتىدىغان، سەل - پەل ماختاشلارنى ئاڭلىسىلا ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدىغان ئادەممۇ ئۇچىغا چىققان ئەخمەق.

مەن ھەر خىل تەربىيىلەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ مەغرۇرلىنىشىدىن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىشىدىن ساقلاندىم. ئۇنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ مەنمەنچى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن جىق ئەجىر قىلدىم.

دۇنيادا ئوغلۇمدەك جىق ماختاشقا ئېرىشكەن بالا بولمىسا كېرەك، ئەمما مېنىڭ تىرىشچانلىقىم بولغاچقىلا ئۇ بۇ ماختاشلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتمىدى.

بىر كۈنى خارلىپ دىن ئىشلىرى ھەيئىتى سىپس دوكتور مەندىن:

— ئوغلىڭىز مەغرۇرلىنامدۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— ياق، ئۇ ئازراقمۇ مەغرۇرلانمايدۇ، — دېدىم.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭدەك تالانتلىق بالا ئازراقمۇ مەغرۇرلانمىسا، بالىڭىز ھەقىقەتەن ئالاھىدە ئىكەن. ئۇ چوقۇم مەغرۇرلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەغرۇرلىنىشى تەبىئىي. ئۇ كارلنىڭ مەغرۇرلانماسلىقىغا ئىشەنمىدى.

كېيىن مەن ئۇنىڭغا كارل بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشنى دېدىم. ئۇ كارل بىلەن بەك ئۇزۇن مۇڭداشتى، كۆپ قېتىم سىردىشىش ئارقىلىق ئۇ ئاخىرى ئوغلۇمنى تولۇق چۈشەندى. كېيىن دوكتور سىپس كارلنىڭ ئازراقمۇ مەغرۇرلانمايدىغانلىقىنى، ئۇنى تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى سورىدى. مېنى كارلنى تەربىيىلەش ئۇسۇلىمنى سۆزلەپ بېرىشكە ئۈندىدى.

ئۇ مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «دەرۋەقە بۇنداق تەربىيىلەنسە بالا ھەقىقەتەن مەغرۇرلانمايدىكەن، مەن ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم» دېدى.

يەنە بىر قېتىم باشقا يەردىكى بىر مائارىپ مۇپەتتىشى كلور ئەپەندى گوتتىنگىندىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كەپتۇ. ئۇ بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇنلا گېزىتتىن ۋە كىشىلەردىن كارلنى ئاڭلىغانىكەن. ئۇ تۇغقىنىدىن كارلنىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ تەپسىلىي ئاڭلاپتۇ. ئۇنىڭ تۇغقىنى بىز بىلەن بەك يېقىن ئۆتەتتى، شۇڭا كارلنى خېلى ئوبدان چۈشىنەتتى. كلور ئەپەندىنىڭ كارلنى بىر سىناپ باققۇسى كېلىپ تۇغقىنى ئارقىلىق بىزنى چاقىرتىپتۇ.

مەن ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدىم ۋە كارل بىلەن ئۇلارنىڭكىگە باردىم.

ئۇ ئوغلۇمنى سىناپ بېقىشنى ئېيتتى. مەن قائىدە بويىچە ئۇنىڭغا مەيلى سىناقنىڭ نەتىجىسى قانداق بولسۇن، ئۇنى ھەرگىز ماختىماسلىق توغرىسىدا شەرت قويدۇم.

كلور ئەپەندى ماتېماتىكىغا بەك ماھىر ئىكەن. ئۇ كارلنى ماتېماتىكىدا سىنىماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا: «ماختىماسلىققا كۆنسىڭىزلا نېمىدىن سىنىسىڭىز سىناۋېرىڭ» دېدىم. مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن كارلنى چاقىرىپ كىردۇق. سىناق باشلاندى.

ئۇ ئادەتتىكى سوئاللارنى سوراپ كېلىپ ئىلىم ساھەسىگە ئۆتتى. كارلنىڭ ھەر بىر جاۋابى ئۇنى مەمنۇن قىلدى. ئاخىر ئۇ ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ماتېماتىكىدىن سىناق ئالدى.

ماتېماتىكىغا كارلمۇ ماھىر ئىدى. ئۇ كلور ئەپەندىنىڭ سوئاللىرىنى ئىككى ياكى ئۈچ خىل ئۇسۇل بىلەن يېشىپ چىقتى. ئۇ تەلەپ قىلغان ئۇسۇللار بىلەنمۇ يېشىپ چىقتى. سىناق بۇ باسقۇچقا كەلگەندە كلور ئەپەندىم ئۆزىنى بېسىۋالالماي ماختاشقا چۈشتى.

مەن دەرھال ئۇنىڭغا كۆز قىسىپ قويۇۋېدىم، ئۇ ئۆزىنى



ئاران بېسىۋالدى.

سىناق تېخى ئاياغلاشمىغانىدى. ئۇلار ماتېماتىكا ئىلمىدىكى نازۇك مەسىلىلەرگە، جۈملىدىن ئاخىرى كلور ئەپەندىمۇ ھەل قىلالمايدىغان مەسىلىلەرگە بېرىپ توختىدى. بۇ چاغدا، كلور ئەپەندىم ئۆزىمۇ سەزمەيلا: «پەرۋەردىگار، ئۇ مەندىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ» دەپ سالدى.

مەن دەرھال ئىشنىڭ چاتاق بولغانلىقىنى سەزدىم ۋە: «نەدىكىنى، كارل يېرىم يىلدىن بېرى مەكتەپتە ماتېماتىكا دەرسى ئاڭلاۋاتقان، تېخى ئۇنتۇپ قالماپتۇ شۇ» دېدىم.

مەن كلور ئەپەندىنىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىپ تېخىمۇ قىيىن سوئالنى سوراپ كارلنى داۋاملىق سىنىشىنى نەدىن بىلەي، ئۇ: «بۇ مەسىلىنى يېشىپ باق، بۇ مىسالنى ئوۋرا ئەپەندى ئۈچ كۈن سەرپ قىلىپ ئاران ئىشلىگەنىدى، ئەگەر سەن بۇنىمۇ ئىشلىۋەتسەڭ ھەقىقەتەن ئاجايىپ قالتىس ئىش بولىدۇ» دەپ قالدى.

بۇنى ئاڭلاپ ساراسىمىگە چۈشتۈم.

مەن كارلنىڭ ئىشلىيەلمەسلىكىدىن ئەمەس، ئەكسىچە بۇ مەسىلىنى يېشىپ چىقىپ مەغرۇرلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتىم.

شۇنداقتىمۇ ئۇنى بولدى قىل، ئىشلىمە دەپ توسالمايتتىم. چۈنكى، كلور ئەپەندىم بىزنى تېخى چۈشەنمىگەچكە مېنى «ئوغلىنىڭ بۇ مىسالنى ئىشلىيەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىدى» دەپ خاتا چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئامالسىز تاقەت بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

بۇ مەسىلە مۇنداق ئىدى: بىر دېھقاننىڭ بىر پارچە يېرى بولۇپ، بۇنى ئۈچ ئوغلىغا تەپمۇ تەڭ قىلىپ بۆلۈپ بەرمەكچى ئىكەن، شەرتى بۆلۈنگەن ھەربىر پارچە يەر ئەسلىي شەكلىدىكىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك ئىكەن.

كلور ئەپەندى بۇ سوئالنى قويۇپ بولۇپلا كارلدىن: «بۇنى

باشقا كىتابلاردا ئۇچراتقانمۇ ياكى بۇرۇن ئاڭلاپ باققانمۇ؟» دەپ سورىدى. كارل: «ياق» دېگەندىن كېيىن، ئۇ: «قېنى ئەمدى ئىشلەپ باققىن، مەن ساڭا يېتەرلىك ۋاقىت بېرەي» دېدى. ئاندىن مېنى ئۆينىڭ ئىچكىرىسىگىرەك تارتىپ، قوللىرىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئەپەندىم، سىزنىڭ ئوغلىڭىز ھەر قانچە ئەقىللىق بولسىمۇ بۇ مىسالنى يېشەلمەيدۇ، مەن ئۇ ھەر قانچە زېرەك بولسىمۇ دۇنيادا تېخى ئۆزى ئىشلىيەلمەيدىغان مەسىلىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇشۇ قىيىن سوئالنى قويدۇم» دېدى.

ئەمما، تولىمۇ ئەپسۇس، كلور ئەپەندىنىڭ گېپى ئاياغلاشماستىنلا كارلنىڭ «ئىشلەپ بولدۇم» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مۇمكىن ئەمەس! — كلور ئەپەندى شۇنداق دېگەچ كارلنىڭ قېشىغا ماڭدى.

كارل ئۇنىڭغا:

— ئۈچ بۆلەكنىڭ ھەممىسى تەڭ، شۇنداقلا ھەممىسى ئەسلى شەكىلدىكىگە ئوخشاش بولۇش كېرەك، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

بۇ چاغدا، كلور ئەپەندى شۈبھىلىنىپ تۇرۇپ:

— سەن بۇنىڭ جاۋابىنى ئالدىن بىلىدىكەنسەندە؟ — دېدى.

ئۆۋاللىق تارتىۋاتقان كارل كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

— مەن ئالدىن بىلمەيتتىم، — دېدى. بۇنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىدىم ۋە:

— مەن ئوغلۇمنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بەش قولدەك بىلىمەن، ئۇ بۇ مەسىلىنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەزەلدىن يالغان سۆزلىمەيدۇ، — دېدىم.

كلور ئەپەندى ئۆزىنى تۇتالماستىن:

— ئۇنداق بولسا سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئۇۋرادەك مەشھۇر ماتېماتىكتىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ، — دەپ ماختاپ كەتتى.

مەن دەرھال ئۇنىڭ قولىنى چىمداپ قويۇپ:



www.uyghurkitap.com

— قارىغۇ مۇشۇكىنىڭمۇ چاشقان تۇتۇۋالىدىغان پەيتلىرى بولىدىغۇ، بۇ پۇتۇنلەي بىر تاسادىپىلىق، — دېدىم. ئۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنگىنىدەك قىلىپ: «ھە، شۇنداق، شۇنداق، — دېدى ۋە قۇلىقىمغا شىۋىرلاپ:

— «مەن سىزنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىڭىزغا ھەقىقەتەن بەك قايىل بولدۇم. مۇشۇنداق تەربىيىلىسىڭىز ئوغلىڭىز قانچىلىك بىلىملىك بولۇپ كەتسىمۇ ھەرگىز مەغرۇرلانمايدۇ، — دېدى.

كارل باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ كەتتى، بۇنىڭدىن كلور ئەپەندىم بەك سۆيۈندى. كارل بۇنداق ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ئازراقمۇ مەغرۇرلانماسلىقىقا كۆنۈپ كەتكەنىدى.

مەن ئوغلۇمنى مۇشۇنداق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالىغىنىمغا بەك خۇشالمەن. چۈنكى، مەن كارلغا مەيلى قانچىلىك ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بولۇپ كەتكىن، بىلگەنلىرىڭ ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگارغا سېلىشتۇرغاندا پەقەت ئوكياندىكى بىر تامچە سۇ خالاس. زەررىچىلىك بىلىمىدىن پەخىرلىنىپ مەغرۇرلانغان ئادەم تولىمۇ بىچارە ئادەمدۇر، خۇشامەت سۆزلىرىنىڭ توققۇزى رەڭ، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مۇشۇ يالغان سۆزلەر جاھاندارچىلىق ئادەتلىرىگە ئايلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا، كىمكى مۇشۇ يالغان سۆزلەرگە چىن پۈتىدىكەن، ئۇ ئەڭ چوڭ ئەخمەق، دەپ كۆپ قېتىم ئېيتقان ئىدىم.

ئون ئۈچىنچى باب

# بالامنىڭ ناچار ئادەت يۇقتۇرۇۋېلىشىغا يول قويىمەن

*مەن كارلىنىڭ نۇرغۇن تەكشۈرۈشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ باقتىم. بۇ بالىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە دېگۈدەك ناچار خاھىشلار بار ئىكەن، ئۇلار ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئۆزلىرى «مۇكاپات» دەپ قارىغان مەلۇم نەرسىگە ئېرىشىدىكەن. مېنىڭچە، ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بۇ خىل «مۇكاپات»نى بايقاش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشتۇر.*

## ئوغلۇمنىڭ ناچار ئادەت يۇقتۇرۇۋېلىشىنى قانداق توسىمەن؟

ئوغلۇمنى تەربىيىلەشتە ئاز-تولا نەتىجىگە ئېرىشكەچكە، نۇرغۇن تونۇش - بىلىشلەر، ھەتتا تونۇشمايدىغان ئاتا - ئانىلار مەندىن بالا گەپ ئاڭلىمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟ بالىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟ بالىنىڭ ناچار ئادەتلىرىنى قانداق تۈزىتىش كېرەك؟ دېگەندەك نۇرغۇن سوئاللارنى سورايتتى.

بۇ مەسىلىلەر ئاتا - ئانىلارنى ھەقىقەتەن ساراسىمىگە سالىدۇ. ئەمما، مېنىڭچە ئاتا - ئانىلار پەقەت ئۆز بالىلىرىنى ئەستايىدىل كۆزەتسىلا، ئۇلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ مەسىلىلەرنى



بىر تەرەپ قىلسىلا چوقۇم مەسىلىنىڭ تېگىنى تېپىپ ھەل قىلالايدۇ.

بىر مېھرىبان ئانا ماڭا ئوغلىنىڭ بەك قوپال، ھە دېسىلا ئاچچىقلىنىدىغانلىقىنى، ئۇنى قانداق ئادەم قىلىشنى زادى بىلەلمىگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئەمەلىيەتتە بالىنى تەربىيە كۆرگەن، مۇلايىم قىلىپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم.

ئۇنداقتا ئۇ نېمىشقا ھەدېسىلا ئاچچىقلىنىدۇ؟

بۇ بالىنىڭ ئاسانلا ئاچچىقلىنىشى ئۇنىڭ ھېسسىياتىنىڭ بەك ئاجىز، قەلبىدە كونترول قىلالمايدىغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىدا، بۇ دەل ئوڭۇشسىزلىق شەكىللەندۈرگەن بېسىمدۇر. بالا بەك كىچىك بولغاچقا قانداق قىلىشنى بىلمەي، ھە دېسە ئاچچىقلىنىش ئارقىلىق ئاچچىقىنى چىقارغان.

بالىلار ئاچچىقلانغاندا، ئەتراپتىكى ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ. قەلبىنى ئاچچىقلىنىش چىرمىۋالىدۇ، قورقىدۇ، ئازابلىنىدۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدۇ، تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئاچچىقلىنىشىغا ئۇلۇق دىققەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ ئاچچىقلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇشى، شۇنداقلا ئۇنۇملۇك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاچچىقلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

مېنىڭچە، ئاتا - ئانىلار ئامالىنىڭ بارىچە بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇلارنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتماسلىقى لازىم. بالىنى بىرەر ئىشقا زىيادە زورلىماسلىقى، ئۇنىڭ بەزى ئىشلارنى قىلىشنى بەك چەكلىمەسلىكى لازىم. بالىنى قاتتىق تەربىيىلەش كېرەك، ئەمما ھەر نەرسىنىڭ مەلۇم چېكى بولىدۇ، چەكتىن ئېشىپ كېتىدىغان، قوبۇل قىلالمايدىغان ئىشلار بىلەن بالىلارنى قىيىنىغاندا ئەكسىچە نەتىجە بېرىپ قويۇشى، بالا تۈپتۈز يولغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، مىجەزى چۈسلىشىپ، تەبىئىي ھالدا ئاچچىقلىنىدۇ. كىچىك بالىلار ئەمەس، ھەتتا چوڭ ئادەملەرمۇ بۇنداق بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس ۋاقىتتا، ھە دېسە ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماسلىق، ئۇ قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندە سوغۇق گەپلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش، ئۇ سەل ئارامىغا چۈشكەندىن كېيىن ئاندىن ئاستا - ئاستا تەربىيە ئىشلەش كېرەك.

ناۋادا، بالا ئاچچىقلانسا مۇناسىپ ئۇسۇللار بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىش، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

مەن كارلىنى تەربىيىلەش ۋە باشقا بالىلارنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا مۇنداق بىر تەجرىبىنى يەكۈنلەپ چىقتىم: بالا مەلۇم ئىش تۇغرۇلۇق ئاچچىقلىناي دەپ تۇرغاندا، چوقۇم ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇرىۋېتىش، بىردەملىككە بولسىمۇ كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتۇلدۇرۇش، ئاستا - ئاستا ئۇنى تىنچلاندۇرۇش لازىم ئىكەن.

ئاتا - ئانىلار بۇنداق چاغدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچماسلىقى، يەڭگىللىك بىلەن ئىشنى ھەل قىلىشقا ئورۇنماسلىقى زۆرۈركەن.

بالا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تىنچلانغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىلار ئۇلارغا ھەسسىلەپ كۆيۈنۈپ ياخشى سۆزلەر بىلەن تەسەللى بېرىشى كېرەك. بەزى بالىلار ئاچچىقلىنىۋاتقاندا باشقىلارنىڭ قۇچاقلىشىنى پەقەت خالىمايدۇ. ئەگەر قۇچاقلاشقا ئورۇنسىڭىز ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بولىسىز، بۇنداق چاغلاردا ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى قۇچاقلىماسلىقى، ئەتراپتىكى ئاسان سۇنىدىغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشى، ئۇنىڭ يارىلىنىپ قېلىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىشى لازىم. قالغان گەپنى ئىش بېسىققاندا دېسىمۇ ئۈلگۈرىدۇ.

بالا تازا ئاچچىقلىنىۋاتقاندا ئۇنىڭغا قائىدە سۆزلەپ



ئولتۇرماسلىق لازىم. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچنېمە كىرمەيدۇ، قائىدىنىمۇ ئۇقمايدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىغا قەتئىي ئاچچىقلانماسلىقى لازىم. چۈنكى، ئاچچىقلىنىش يۇقۇملۇق كېسەللىككە ئوخشايدۇ، ئاچچىقلىنىش ئارقىلىق ئاچچىقلىنىۋاتقان بالىنى توسۇش ئاقىلانىلىك ئەمەس، بۇ پەقەت ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەكلا ئىش، خالاس.

ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ چۈس مىجەزىنى ماختىماسلىقى ياكى سۆكمەسلىكى لازىم، ئۇلارغا ئاچچىقلىنىش ئارقىلىق ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ھېچنېمىدىن قورۇق قالمايدىغانلىقىنى، يەنى ئاچچىقلىنىشنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك. مەسىلەن، بالا تاماق يېمەيمەن دەپ ئاچچىقلانسا، بىر ئازدىن كېيىن بەربىر تاماق يەيدۇ. ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۇنىڭغا بۇ قائىدىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ئاچچىقلىنىپ بولۇپ تاماق يېسىمۇ يەنە داۋاملىق ماختاش لازىم.

بالا ئادەم كۆپ يەردە ئاچچىقلانسا ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۇنىڭغا قەتئىي بويسۇنماسلىقى لازىم، كۆپىنچە ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئادەم بار يەردە ئاچچىقلىنىشىدىن ئەنسىرەپلا بالا نېمە دېسە ھە دەيدۇ، بۇنداق قىلىش پايدىسىز. چۈنكى، بالىلار كىچىك بولغان بىلەن بەك تومۇرچى كېلىدۇ، ئۇلار دائىم ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاتا - ئانا جەزمەن ئامال قىلىپ بالىغا بۇنى سەزدۈرمەسلىكى لازىم. بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئانچە تەس ئەمەس. ئەگەر بالا ئادەم بار يەردە بىرەر نەرسە تەلەپ قىلسا ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى، تەلىپىنى قاندۇرۇشى لازىم. ئاچچىقلىنىپ بولغاندىن كېيىن تەلىپىنى قاندۇرسا بۇنىڭدىن ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ تەلىپىنى مۇۋاپىق يوسۇندا تاللاپ قاندۇرۇشى لازىم، يولسىز تەلەپلىرىنى ۋاستىلىك ھالدا قاندۇرۇشى، يەنى ئۆيگە بارغاندا ئاندىن قىلىپ بېرەي، مېھمان كەتكەندىن كېيىن

ئاندىن قىلايلى، دېيىشى لازىم.

بالىنىڭ ئاچچىقلىنىشى دەل ئۇنىڭ كىچىكلىكىدىن، مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالغانلىقىدىن بولىدۇ. بالىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىمۇ كۈنسېرى ئېشىپ بارىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان ئوڭۇشسىزلىقمۇ بارغانسېرى ئازىيىدۇ. نەتىجىدە، ئاستا - ئاستا ئېغىر - بېسىق، قۇلىقى يۇمشاق بولۇپ قالىدۇ.

بەزى بالىلار بەك جاھىل، ھە دېسىلا يىغلاپ قەغىش قىلىدۇ، خۇيلىنىپ ئاتا - ئانىسىنى قىينايدۇ. كۆپ ھاللاردا ئاتا - ئانا بولغۇچى بوپتۇ دەپ يول قويىدۇ، بۇنداق قىلغاندا بالىلار غېرىچقا ئېرىشىپ غۇلاچنى تەمە قىلىدۇ - دە، تېخىمۇ جاھىللىشىپ كېتىدۇ.

كۆپچىلىككە مەلۇم، بالىنى ئاتا - ئانا ئەڭ چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ قانداق ئەھۋالدا كاجلىق قىلىدىغانلىقى ئاتا - ئانىغا ئەڭ ئايان. كاجلىق قىلماقچى بولغان شۇ پەيتتە ئاتا - ئانىلار بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، بالىنىڭ ئاچچىقلىنىشىدىن ساقلىنىشى لازىم. مەسىلەن، بالا ئويۇنچۇق ئالىمەن دەپ تۇرغاندا، ئاتا - ئانا بولغۇچى ئالمىساقمۇ بولىدۇ دەپ قارىسا، «سەنچىلىك بالىلار بۇنى ئوينىسا بولامدۇ - يوق، مەن ھاماڭدىن سوراپ باقاي، ئەگەر بولىدۇ دېسە ئاندىن ئېلىپ بېرەي، ئەگەر بولمايدۇ دېسە ئالمايلى» دېيىش ئارقىلىق بالىغا ئېلىش - ئالماسلىقنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدا ئىدىيىۋى تەييارلىق شەكىللەندۈرۈشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا، بالىنىڭ جاھىللىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

مەن كارلنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلدىم. مەقسىتىم ئۇنى ياخشى مىجەزلىك قىلىپ چىقىش ئىدى. دەسلەپتە، مەن ھەر خىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى



يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلدىم. بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقى بىلىمى ۋە ئىقتىدارىغا باغلىق بولۇپلا قالماي، كۆپ ھاللاردا يەنىلا مىجەزىگە باغلىق بولىدۇ.

كارل ئۈچ ياشقا كىرگەندە، بىزنىڭ بىر تونۇشىمىز ئۆيىمىزگە مېھمانغا كەلدى. ئۇ كىچىك قىزىنى ئالغاچ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ يېشى ئانچە پەرقلەنمىگەچكە ھەمدە بىر - بىرىنى بىلگەچكە دەسلەپتە بەك چىقىشىپ قالدى. ئەمما، ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتە ئۆتمەيلا زىددىيەت كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

بىر كۈنى كارل ھېلىقى ياغاچ - تاشلىرىدا ئۆي ياساۋاتقانىكەن، قىزچاقمۇ ئۇنىڭغا بار كۈچى بىلەن ياردەملىشىپتۇ.

كارل خۇددى كىچىك ئېنژېنېردەك ئۇنىڭغا قانداق قىلىشى توغرىسىدا ھە دەپ بۇيرۇق سوقۇپتۇ. دەسلەپتە ئۇلار خېلى ماسلىشىپتۇ. ئەمما، بىر دەمدىن كېيىنلا ھېلىقى قىزچاق ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماپتۇ، ئۇ بىر يۇمىلاق ياغاچنى ئۆزى بىلگەن يەرگە قويىمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار خېلى تالاشقاندىن كېيىن، قىزچاق ئۇنى دېگەن يېرىگە قويۇۋاپتۇ، كارل ئۇنى ئېلىۋېتىپ، يەنە ئۆزى دېگەن يەرگە قويۇپتۇ. بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇرۇشۇپ قاپتۇ.

بىز ئۇلارنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ دەرھال يۈگۈرۈپ چىقتۇق.

كارل ئاچچىقتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ يەردە ئولتۇراتتى. قىزچاق بولسا ئېسەدەپ يىغلاپ كەتكەنىدى.

— كارل، نېمە بولدى؟ — سورىدىم ئاچچىقلىنىپ.

— ئۇ گەپ ئاڭلىمايۋاتىدۇ، — دېدى كارل.

مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىن كېيىن كارلغا:

— كارل، سەن سىڭلىڭدىن چوڭ بولغاندىكىن ئۇنىڭغا يول

www.uyghurkitap.com

قويۇشۇڭ كېرەك. ئۇ يۇمىلاق ياغاچنى ئۇ يەرگە قويسا شۇنداق ياخشى تۇرۇۋېتەمدۇ؟ — دېدىم.

— ياق، ئۇ يەرگە قويسا پەقەت ياراشمايدۇ، — دېدى كارل ئۆز گېپىدە تۇرۇپ، ئۇ شۇنداق دەپلا تېخى ياسىلىپ بولمىغان ئۆينى بىر تېپىپ ئۆرۈۋەتتى ـ دە، قاراپمۇ قويماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئوغلۇمنىڭ قىلىقىدىن قاتتىق ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ بۇنچە جاھىللىق قىلغىنىنى، بۇنچىلىك ئاچچىقلانغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.

ئۇنىڭ قىلىقىغا ئاچچىقلانمىدىم ھەم كارىممۇ بولمىدى، يىغلاۋاتقان قىزنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا مەن قەستەن كارلنى قىزچاق بىلەن بىر يەرگە ئولتۇرغۇزدۇم.

— كارل، بۈگۈن سىڭلىڭغا نېمىشقا ئۇنداق مۇئامىلە قىلىسەن، — سورىدىم كارلدىن.

— مەن ئۇنىڭغا ھېچنېمە قىلمىدىم، گېپىمنى ئاڭلىمىغاندىكىن ئاچچىقلاندىم شۇ.

— ئۇ نېمىشقا چوقۇم گېپىڭنى ئاڭلىشى كېرەك؟

— ئۇ بىلمەيدىغان تۇرسا، مەن قانداق ئۆي سېلىشنى ئۇنىڭدىن ياخشى بىلىمەن.

— سىڭلىڭ سېنىڭ ئۆي سېلىشىڭغا كاشىلا قىلدىمۇ؟

— ياق، لېكىن مېنىڭچە ئۇ يۇمىلاق ياغاچنى ئۇ يەردە قويسا تازا ياراشمايتتى.

— ئەمما، سەن سىڭلىڭنىڭ نېمىشقا ئۇ يەرگە قويىدىغانلىقىنى ئويلىنىپ باقتىڭمۇ؟

— ياق.

— سىڭلىڭنىڭ ياغاچنى ئۇ يەرگە قويۇشى دەل ئۇنى شۇ يەردە قويسا چىرايلىق تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىدا.



— ئەمما. . . .

— كارل، سەن ئادەتتە ئۆي ياسىغاندا بىزنىڭ كارىمىز بولمايدۇ. بىز سېنى مۇستەقىل، ئۆزى خالىغىنىدەك قىلسۇن دەيمىز. ئەمما، بۈگۈن بۇنىڭغا سىڭلىڭمۇ قاتناشقانىكەن سىڭلىڭغىمۇ ئۆزى خالىغىنىدەك قىلىش پۇرسىتى بېرىشىڭ كېرەك ئىدى.

— مەن. . .

— بۈگۈن سىڭلىڭ بىلەن ياخشى ئوينىشىڭ، ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ چىرايلىق ئۆي ياساپ چىقىشىڭ كېرەك ئىدى. ئېسىڭدە بولسۇنكى بىر ئادەمنىڭ كۈچى ھامان چەكلىك بولىدۇ، بىر ئىشنى مۇكەممەل قىلىمەن دەيدىكەنسەن، چوقۇم كۆپ ئادەمنىڭ كۈچىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. سىڭلىڭنىڭ بىلمىگەن يەرلىرىنى سەن سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگىتىشىڭ، ھەرگىزمۇ جاھىللىق قىلماسلىقىڭ لازىم. ئويلاپ باققىنا، ئەگەر سەن بىر نەرسىنى بىلمىسەڭ مەن سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتمەي ۋارقىراپ ئاچچىقلانسام، سەن قانداق بولۇپ كېتەرسەن؟

مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ كارل گەپ قىلمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى، ئەتىسى كارل نەۋرە سىڭلىسى بىلەن بەك ياخشى ئوينىدى، ئۇلار بىرلىكتە تېخىمۇ چىرايلىق «ئوردا» دىن بىرنى سالدى.

كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە چوڭىيىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا كۈندىن ـ كۈنگە شوخلىشىپ بارغانسېرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ دەل بالىلارنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئەگەر باشقۇرۇش دەل جايىدا بولمىسا، بالىلار ھەر كۈنى دېگۈدەك يامان ئادەتلەرنى، ھەتتا «ناچار» خۇيلارنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالىدۇ.

## بالا «ناچار» ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالغاندا . . .

بالا هامان بالا، ئۇلار ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. ئۇلار تېخى كىچىك بولغاچقا ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈش، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى هامان چەكلىك بولىدۇ. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بۇلارغا دىققەت قىلىپ تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ «ناچار» ئادەتلىرىگە چوڭلارنىڭ «ناچار» ئادەتلىرىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى، بالىلاردىكى «ناچار» خاھىش تېخى چوڭلارنىڭكىدەك رەزىل ماهىيەتنى ۋە خەۋپنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرمىگەن. مەسىلەن، بالىلارنىڭ «مەن سىزگە ئۆچ بولدۇم» دېگىنى بىلەن چوڭلارنىڭ «مەن سىزگە ئۆچ بولدۇم » دېگىنى بىر گەپ ئەمەس. ئاتا ـ ئانىلار مۇشۇنداق مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، بالىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلىنىشى، ئۇلارنىڭ گەپ قىلىش ۋە ئىش قىلىشتىكى مەقسىتى ۋە چىقىش نۇقتىسىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىشى، تۈگمىدەك ئىشنى تۆگىدەك قىلىپ ئىشنى چوڭايتماسلىقى لازىم.

بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئادەم بار يەردە، جامائەت سورۇنلىرىدا بالىلارنى باشقۇرسا ئاتا ـ ئانىلىق نوپۇزىنى هەقىقىي تىكلىگىلى بولىدۇ، بالىنى قايىل قىلغىلى، ئۆزىگە بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە بۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك. چۈنكى، بۇنداق ئۇسۇل بالىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدۇ.

كارلىنى تەربىيىلەشتە ئۇنى ئەزەلدىن ئادەم بار يەردە ئەيىبلەپ باقمىدىم. چۈنكى، تەربىيىلەش ئالدى بىلەن غۇرۇرىغا تەگمەسلىك ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن بالىغا مەلۇم مەسىلىنى هەل قىلىشىپ بېرىش تۇگۇل، ئىشنى بۇزۇپ قويۇش مۇمكىن.

ئىززەت ـ غۇرۇر بىر ئادەمدىكى ئەڭ ئەقەللىي ئېهتىياج.



ئىززەت ـ غۇرۇرى خورلانغانلىقتىن پەيدا بولىدىغان جىسمانىي ۋە روهىي زىياننى مۆلچەرلەش قىيىن، كىچىك بالىلار ئىش ئۇقمىغان بىلەن ئىززەت ـ غۇرۇرى دەخلىگە ئۇچراۋەرسە، مىجەزى هەتتا پۈتكۈل پىسخىك ساغلاملىقىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر يېتىشى مۇمكىن. بالىنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرى خۇددى بىر يۇمران گۈلگە ئوخشايدۇ، ئازراقلا دىققەت قىلمىسا زەخىملىنىشى ۋە ئويلىمىغان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا، كارلىنى تەربىيىلەشتە بولسۇن ياكى باشقا ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلارنى تەربىيىلەش توغرۇلۇق سۆزلەشكەندە بولسۇن مەن ئامال بار بالىنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرىنى قوغداشنى تەكىتلەپ كەلدىم.

مېنىڭچە، ئادەم هامان باشقىلارنىڭ ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ماختىشىغا موهتاج بولىدۇ. بۇ ئادەم تەبىئىتى. بالىلارنىڭ بۇ جەهەتتىكى تەلىپى چوڭلارنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك. بالىلارغا نىسبەتەن باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىش ئۇلارنىڭ پىسخىك ساغلاملىقىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرىنى ۋە شان ـ شەرەپ تۇيغۇسىنى يوقاتقان بالا قورقۇنچلۇق، شۇنداقلا ئۇنداق بالىنى تەربىيىلەشمۇ قىيىن. ئەگەر كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا، بولۇپمۇ تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدىدا بالىلارنى ئەيىبلىگەندە، بالىلار قاتتىق ئىزا تارتىدۇ ۋە يۈزى چۈشۈپ كەتكەندەك، پۈتۈنلەي تۈگەشكەندەك هېس قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئاسانلا تەڭتۇشلىرى ئالدىدا سۇنۇپ قالىدۇ ـ دە، داۋاملىق ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن چاغلايدۇ، باشقا بالىلارنىڭمۇ مەسخىرە قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق بولۇۋەرسە بالىدا ناچار پىسخىك كەيپىيات شەكىللىنىپ قالىدۇ ـ دە، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، مەن بالىلارنىڭ كەمچىلىكلىرىگە قارىتا مۇۋاپىق ئۇسۇل قوللىنىپ تۈزىتىپ، ئۇلارنى ئەستايىدىللىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن تەربىيىلەش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇۋاپىق پەيتنى تاللاش، قوپاللىق قىلماسلىق، بىر تەرەپلىمىلىك بىلەنلا ئىشلارنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنماسلىق، بالىلارنىڭ تەپەككۇرىنىمۇ ئويلىشىشنى تەكىتلەيمەن.

كارلىنى تەربىيىلەش جەريانىدا، مەيلى ئۇ يامان ئىش قىلسۇن، ياكى ياخشى ئىش قىلسۇن مەن دائىم ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدىم. چۈنكى، بالا تەربىيىلەش كىشىدىن ئاجايىپ سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، مەن ئاتا — ئانىلارنىڭ ھە دېسىلا ئاچچىقلىنىپ بالىنى ئۇرۇپ - تىللايدىغان ناچار قىلمىشلىرىغا قارشى. بۇنداق قىلىق بالىلارنى قورقۇتۇپ جىنىنى ئالىدۇ، بالىلار گەرچە كۆرۈنۈشتە بويسۇنىدىغاندەك قىلغان بىلەن بۇ ھېچقانداق ماھىيەتلىك مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. بالىنىڭ مەسىلىسىنى سوغۇققانلىق بىلەن ھەل قىلىش بەك مۇھىم، بۇنداق قىلغاندا ئاتا - ئانا بالىنىڭ ئالدىدا ھەم نوپۇزلۇق بولىدۇ، ھەم مۇلايىم كۆرۈنىدۇ، ئۆز ئابرۇيىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

كارلمۇ خاتا ئىش قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن باشقا ئاتا - ئانىلاردەك بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، دەيدىغان پاسسىپ، ئىنكار خاراكتېرلىك گەپ - سۆزلەرنى كۆپ قىلمايتتىم. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا بالىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي قالىدىغان پاسسىپ ھالەت شەكىللىنىپ قالىدۇ. مەن دائىم ئىجابىي، مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاراكتېرلىك سۆزلەرنى قىلىپ، بالىغا ئېنىق ھەرىكەت نىشانىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا تىرىشاتتىم. مېنىڭ تەجرىبەمگە قارىغاندا، بۇنداق قىلغاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولاتتى. ئوغلۇمغا ئەڭ كۆپ دەيدىغان گېپىم «مۇنداق قىلغىن» ، «تىرىشقىن» دېگەندەك ئۇنىڭغا مەدەت بېرىدىغان، ئۇنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغايدىغان سۆزلەر ئىدى.

كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ يامان ئادەتلىرىنى



يېتىلدۈرۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى چوقۇم بەش قولدەك چۈشىنىش لازىم، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنى پۈتۈنلەي توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، مەيلى چوڭ - كىچىك بولسۇن ھەممە بالىنىڭ ئۆز مەخپىيىتى بولىدۇ، ئاتا - ئانىلار بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمايدۇ. ئۇلار بالىنىڭ نېمە مەخپىيىتى بولسۇن دەپ قاراپ، ئۇلارغا پەقەتلا ئېرەن قىلمايدۇ ياكى بار ئامال بىلەن بالىلارنىڭ مەخپىيىتىنى كوچىلاپ سۈرۈشتۈرۈپ كېتىدۇ. بۇنداق ئۇسۇل خاتا، بالىلارنىڭ مەخپىيىتى چوڭ ئادەملەرگە نىسبەتەن مەخپىيەت ھېسابلانمايدۇ، ئەمما ئۆزىگە نىسبەتەن مەخپىيەت ھېسابلىنىدۇ. بالىلار بەك گۆدەك بولغاچقا قەلبىدىكى ئاشۇ كىشىگە دېگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىر دەپ قارايدۇ. ئاتا - ئانىلار بۇلارنى يوشۇرۇنچە تىڭ - تىڭلىماسلىقى، بەك ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەسلىكى، بۇنىڭغا قەتئىي ئارىلاشماسلىقى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، مەيلى ئىككى - ئۈچ ياشلىق كىچىك بالا بولسۇن ئۇ ئاتا - ئانىسىغا ئىشىنىدىغان بولىدۇ، ئاتا - ئانىسى بىلەن تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. بۇ خىل ئىشەنچ ۋە يېقىنچىلىق بولسىلا، بالىلار ئۆزلىرىنىڭ مەخپىيىتىنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتىشى مۇمكىن.

ئەگەر ئاتا - ئانا ھە دېسە ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇۋالسا، ئاتا - ئانىنىڭ بالىلار قەلبىدىكى ھۆرمىتى، ئىشەنچى، ئورنى يوقىلىپ، بالىلارنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ قالىدۇ ۋە ئاستا - ئاستا ئاكتىپلىقتىن قېلىپ، ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئىچكى دۇنياسىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋالىدىغان ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بالىلارنىڭ مەخپىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن قەتئىي كارى بولماسلىق دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى دائىم يېقىندىن كۆزىتىپ، ھۆرمەتلەش ۋە چۈشىنىش ئاساسىدا ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە يېتەكلەشنى كۆرسىتىدۇ.

كارل خاتالىق سادىر قىلغاندا دائىم ئۇنىڭغا ئاسان ئۇسۇللار ئارقىلىق قائىدە چۈشەندۈردۈم، ھەرگىزمۇ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان چوڭ قائىدىلەرنى ئەزۋەلەپ يۈرمىدىم. ئۇنى تەربىيىلەش جەريانىدا ئۇزۇن گەپنى قىسقا قىلىپ، مەقسەتنى ئېنىق دەپ، كەڭ قورساقلىق ۋە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن دېگەن مەقسىتىمگە يەتتىم.

مەن ئەزەلدىن ئۇنى ئۇرۇپ باقمىدىم. چۈنكى، ئۇرۇش بىر خىل زوراۋانلىق بولۇپ، مەن بۇنداق قىلىقتىن قاتتىق يىرگىنىمەن. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار تەن جازاسى ئارقىلىق بالا باشقۇرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ھامان ۋاقىتلىقلا بولىدۇ. ئۇلار بالىنى ئۇرۇپلا بولدى قىلماي، تېخى بالىنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان، ئۇلارغا ئازار بېرىدىغان «سېنى باقمايمەن»، «ئۆيدىن چىق»، «سەن تۇگىشىپسەن» دېگەندەك ئاھانەتلەرنى قىلىپ، ئۇلارغا ناھايىتى يامان تەسىر بېرىدۇ.

## قانداق تەربىيە ئەڭ ئۈنۈملۈك؟

بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتا - ئانىنىڭ ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشى ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە تولىمۇ پايدىلىق. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى تەربىيىلەشتە دائىم بالىنى باشقۇرۇشقىلا ئېتىبار بېرىپ، بالىلىرىنى سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان، ئىجادچانلىقى كەم قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا تەربىيىلەنگەن بالىلار ھەرگىزمۇ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلەلمەيدۇ. مېنىڭچە بۇنداق باشقۇرغاندىن باشقۇرمىغان ياخشى. يەنە بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئىززەت - غۇرۇرىنى قوغدايمەن، دەپ بالىلىرى بىلەن زادى كارى بولمايدۇ، بۇمۇ ئىنتايىن خاتا.

كارلنى تەربىيىلەشتە ۋە باشقۇرۇشتا مەن ئۇنىڭ يامان



قىلىقلىرىنى ئامالىنىڭ بېرىچە ئۈنۈملۈك ھالدا تۈستۈم، باشقۇرۇشۇمنىڭ ئەكس تەسىر بېرىش نىسبىتىنى ئامالىنىڭ بېرىچە تۆۋەنلەتتىم، مېنىڭچە بۇ بالا باشقۇرۇشتا ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغان ئەڭ ئاساسىي پرىنسىپ.

مەن كارلنىڭ نۇرغۇن تەڭتۇشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ باقتىم. بۇ بالىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە دېگۈدەك ناچار خاھىشلار بار ئىكەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئۆزلىرى «مۇكاپات» دەپ قارىغان نەرسىگە ئېرىشىدىكەن. مېنىڭچە، بۇ خىل «مۇكاپات»نى بايقاش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى .

بىر دوستۇمنىڭ ئىككى بالىسى بولۇپ، ئوغلى بەك كەپسىز ئىدى، ھەممە جەھەتتە باشقا بالىلاردىن پەرقلىق ئىدى. ئۇ ھەدېسىلا كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئىشلارنى قىلاتتى. سىڭلىسىنى ۋە ئاداشلىرىنى بوزەك قىلىشقا ئاران تۇراتتى. بىر كۈنى دوستۇم مېنىڭدىن بالا باشقۇرۇشقا ئائىت ساۋاتلاردىن تەلىم ئالغىلى كەپتۇ. ئۇ ماڭا: «ئوغلۇم مېنى بەك تويغۇزۇۋەتتى، ئۇ باشقىلارنى مەسخىرە قىلىشقا ھېرىس، ئۇنىڭ بولكا يېيىشلىرىمۇ باشقا بالىلاردىن پەرقلىنىدۇ. بەزى قىلىقلىرىغا ئۆچلۈكۈمنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق قىلىقنى قىلىپ، مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرىدۇ» دېدى.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ سەل ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ بولكا يېيىشىمۇ دادىسىنىڭ ئاچچىقىنى قوزغىسا، بۇ بەك غەلىتىلىكقۇ؟ مەن ئۇ بالا بىلەن كۆرۈشۈپ باقماقچى بولدۇم.

بىر كۈنى بىز چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولدۇق. داستىخاندا مەن ئۇ بالىنىڭ كەپسىزلىكىگە بەكرەك زەن سالدىم. شۇنى سەزدىمكى، بۇ بالا بولكىنى ئەستايىدىللىق بىلەن شىلىپ ئاندىن ئۇنى كىچىك كاللەك قىلىپ يەيدىكەن، قالغان قىسمىنى تەخسىگە تاشلاپ قويىدىكەن. يەنە تېخى مەغرۇرلىنىپ تۇرۇپ ئانىسىغا: «ئانا قاراڭ» مەن بولكىنىڭ پوستىنى سويىۋەتتىم» دەيدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئانىسى: «نېمىدەپ دائىم شۇنداق قىلىسەن، مېھمان بار يەردىمۇ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى قارا! » دەپ ۋايساپ كېتىدىكەن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئاچچىقلانماقچى بولۇۋېدى، مەن شەرەت قىلىپ ئۇنى توسۇپ قويدۇم. تاماقلىنىپ بولۇپ ئۇنىڭغا بالىغا «تاقابىل تۇرۇش» توغرىسىدا بىر ئەقىل كۆرسەتتىم.

ئەتىسى بالا يەنە شۇنداق قىلىپتۇ ۋە ئاپىسىغا:

— قارا ئاپا، مەن بولكىنىڭ پوستىنى سويىۋەتتىم، — دەپتۇ.

— ھە، بىلدىم، — دەپتۇ ئاپىسى.

— بۈگۈن ئەجەب مېنى تىللىمايسەنغۇ؟

— ئەمدى تىللىمايمەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي دوستۇم مېنى ئىزدەپ كېلىپ بالىسىنىڭ ئىككىنچىلەپ بولكىنى سويمىغانلىقىنى، بولكىنى ئادەتتىكىدەكلا يەيدىغان بولغانلىقىنى، بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ قاتتىق ھەيران قالغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ نېمىلىكىنى زادى بىلمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

مەن بۇنىڭدىكى سەۋەبنىڭ ئاددىيلىقىنى ئېيتتىم. بالا ئاشۇنداق بەتقىلىقلار ئارقىلىق باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقچى بولىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى تىللىغان تەقدىردىمۇ ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن نەزەرگە ئېلىندىم دەپ قارايدۇ ـ دە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىل ـ دەشنامىلىرىمۇ خۇددى مۇكاپاتتەك بىلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىغا پەرۋامۇ قىلمىسا، ئۇنىڭغا قەتئىي كۆڭۈل بۆلمىسە، بۇ ئۇنىڭغا قىزىق تۇيۇلمايدۇ ـ دە، ئۆزىمۇ بىلمەيلا بۇ يامان ئادىتىدىن قالىدۇ.

يەنە بىر كىچىك بالا بولۇپ، ئۇ سەت گەپلەرنى قىلىشقا ئادەتلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بىر دوستى «قوڭ» دېگەن گەپنى قىلىشقا بەك ئامراق بولغاچقا، ئۇمۇ بۇ گەپنى ئۆگىنىپ كېلىپ ئۆيىدە دەپتۇ. بۇ گەپ بەك سەت بولغاچقا، ئانىسى بۇنىڭدىن بەك



بىزار بولۇپ ھەدېسىلا ئۇنىڭغا بۇ گەپنى قىلدۇرماپتۇ. ئەمما، بالا بۇ گەپنى قىلماسلىق تۈگۈل ھەدېسىلا «ئاسماندا بىر قوڭ بار ئىكەن» ، «قوڭ پىرەنىكى» ، «تاتلىق قوڭ» دېگەندەك «قوڭ» غا ئائىت ھەر خىل گەپلەرنى توقۇپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسى ئاچچىقتىن ئاخىرى ئۇنىڭغا قارىمايدىغانلا بوپتۇ. ھېلىقى بالا ئەمدى ئاپىسىنىڭ دىققىتىنى تارتالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇ گەپنى قىلىشتىن ئاستا ـ ئاستا قاپتۇ.

مانا بۇ بالىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە دېگەن سەت گەپلىرى باشقىلارنىڭ «مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى قايتا ـ قايتا دېگەنلىكىنى، كېيىن باشقىلار پەرۋا قىلماي مۇكاپاتتىن مەھرۇم قالغاندىن كېيىن، دەسلەپتە ئۆزىنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەن ئاشۇ سەت گەپلەرنى ئۇنتۇپ قايتا تىلغا ئالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بالىلار ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانىدا جاھىللىق، مەنمەنچىلىك، ئۆزىنى كۆرسىتىش، باشقىلارنى ئەخمەق قىلىش، باشقىلارغا زىيان سېلىش، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قاتارلىق ھەرخىل يامان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈۋېلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئوخشىمىغان ئۇسۇل ـ چارىلەر ئارقىلىق ھەل قىلىشى، ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

كارل كىچىكىدە دائىم تامغا قالايمىقان رەسىم سىزىشقا خۇشتار ئىدى، رەسىم سىزىدىغان قەغەز ئېلىپ بەرگەن بولساممۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئادىتىنى زادى كونترول قىلالمىدى، مەن دىققەت قىلمىغان پەيتلەرنى تېپىپلا تامنى قالايمىقان بوياۋېتەتتى.

بىر قېتىم ئۇ ھە دەپ تامنى بوياش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقاندا، مەن ئۇنى ئۈستىدىنلا تۇتۇۋالدىم:

— كارل نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

كارل ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلۈپلا قولىدىكى قەلەمنى كەينىگە

يوشۇرۇپ، سىزغان نەرسىلىرىنى توسۇۋالدى.
مەن ئۇنىڭغا قائىدە سۆزلەپ ئولتۇرمىدىم. ئەيىبلەپمۇ يۇرمىدىم، ئۇنى قايتا شۇنداق قىلىشتىن توسۇپ قويدۇم ۋە ئۆز ھۇجرىسىدا بىر دەم يالغۇز تۇرۇشنى بۇيرۇدۇم.
بىردەمدىن كېيىن ئۇنى چاقىرتىپ چىقىپ ئۇنىڭ نېمىشقا تامغا رەسىم سىزىدىغانلىقىنى سورىدىم.
— دادا مەن خاتالىقىمنى بىلدىم، مەن ھۇجرامدا خېلى ئويلاندىم، مەن تامنىڭ ئاپئاقلىقىنى بۇلغاپتىمەن، مېنىڭ رەسىم سىزىدىغان قەغىزىم بولغاندىكىن شۇنىڭغا سىزسام بولاتتى. سىز ماڭا باشقا نەرسىلەرنى خالىغانچە مەينەت قىلماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن ئىدىڭىز، شۇڭا مەن خاتالىقىمنى تونۇدۇم، ئەمدى سىز مېنى جازالىسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.
مەن كارلنى جازالىمىدىم. ئۇنى ئۆز ھۇجرىسىدا يالغۇز قويۇشۇمدىكى سەۋەب دەل ئۇنى ئويلاندۇرۇش ئىدى. چۈنكى، بەزىدە بالىلار ۋاقىتلىق ھاياجان بىلەنلا ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق قىلماسلىق لازىملىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى باشقۇرالمايدۇ. ئەگەر كارلنى شۇ يەردىلا تىللاپ كەتسەم ياكى ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم دېگەن قائىدىلەرنى يەنە قايتىلاپ دېسەم، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىكىم مۇمكىن ئىدى. بالا ئۆز خاتالىقىنى چىن كۆڭلىدىن تونىغانىكەن، ئۇنى جازالاشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئۇنىڭ قەلبىدە بۇ ئىشنىڭ ئىزناسى چوڭقۇر قالغانىكەن، ئۇ چوقۇم قايتا بۇنداق خاتالىق سادىر قىلمايدۇ.
مەن ئۇنى بۇرقتۇملۇقتا يالغۇز قويدۇم، بۇ ئۇنى جازالىغانلىق ئەمەس، ئۇ يالغۇز قالغاندا نېمە قىلسۇن، تامنى بوياۋاتقاندىكى قىزغىنلىقى سوۋۇسىلا بولدى، ئۇ ئۆز ھۇجرىسىدا ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشى توغرىسىدا ئاز - تولا ئويلانسىلا مانا بۇ ئۇنىڭدىكى ئەڭ زور ئىلگىرىلەش بولىدۇ.
مېنىڭچە، بۇنداق ئۇسۇل ھەر خىل ئەھۋاللارغا ماس كېلىدۇ. مەسىلەن، ئىككى بالا جېدەللىشىپ ئۇرۇشۇپ قالغاندا،



ئادەتتە چوڭلارغا بىر - بىرىنى چېقىشتۇرۇپ، توختىماي تالىشىپ كېتىدۇ. ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۇلارنى توختىتىپ بىردەم يالغۇز قويۇپ قويسا، ئۇرۇشنى بېسىقتۇرۇش ئاسانراق بولىدۇ. چۈنكى، ئىككى بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قانچىلىك چوڭقۇر بولىدۇ دەيسىز؟ ئۇلار بىردەملىك ئاچچىقىغا پايلىمايلا ئۇرۇشۇپ قالىدۇ، ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى ئايرىۋەتمەيلا سوراق سوراپ، ئاق قارىسىنى ئايرىمەن دەپ قائىدە سۆزلىسە، ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ چوڭايتىۋېتىدۇ.
بالا ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشنى رەت قىلسا ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇيرۇقىغا مەنسىتمىگەندەك پوزىتسىيىدە بولۇپ ئىجرا قىلمىسا، ئاتا - ئانا ئۇنى دېگەن يەرگە كىرگۈزۈشى، بالا يىغلاپ، قاقشاپ قەغىش قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ قارشىلىقىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى، چوقۇم گېپىگە كىرىشى لازىملىقىنى، ئۆز قىلمىشىغا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشى لازىم. خۇشاللىنارلىقى شۇكى، كارل كىچىكىدىن بەك گەپ ئاڭلايتتى، مەنمۇ ئەزەلدىن بۇنداق قوپاللىقنى ئۇنىڭغا قىلمىغان ئىدىم.

## بالىلار نېمىشقا ئاچ كۆز بولىدۇ؟

ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىنى بەك ئەركىلىتىۋەتسە، مەيلىگە بەك قويىۋەتسە، نەپسىنى بەك زىيادە قىلىۋەتسە، بالىنىڭ پۈتۈن خىيالى يېمەك - ئىچمەكتىلا بولۇپ كاللىسىنى تازا ئىشلەتمەيدۇ.
بۇنداق ۋەزىيەتتە بالىغا دەسلەپكى تەربىيىنى باشلاشتىن ياكى ئۇنى قانداق تەربىيىلەشتىن قەتئىينەزەر ھەممىسى بىكارغا كېتىدۇ. كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا مۇشۇنداق «كۆيۈنۈپ» كېتىدۇ، مېنىڭچە بۇ ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق. ئۇلارنىڭ «كۆيۈمى» ئاخىرقى ھېسابتا بالىغا قىلىنغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زىيانكەشلىك بولىدۇ.

مېنىڭچە، قالايمىقان ئوزۇقلىنىش بالىغا يامان تەسىر بېرىدۇ. ئەمما، بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىزدىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرى. مەن نۇرغۇن بالىلارنى كۆرگەن، ئۇلار قورسىقىنىڭ تويغىنىنى بىلمەي كۆپ يېۋېلىپ ئاغرىپ قالىدۇ.

ئاچ كۆزلۈك ئادىتى بالىلاردىكى تەبىئىي خۇلق ئەمەس، ئۇنى ئاتا ـ ئانىنىڭ نادانلىقى ۋە مەيلىگە قويۇۋېتىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ تېزرەك چوڭ بولۇشى، ساغلام قاۋۇل بولۇشى ئۈچۈنلا نېمىنى پايدىلىقكەن دەپ ئاڭلىسا، شۇ ھامان ئۇنى بالىغا يېگۈزۈپ، بالىنى زىيادە ئوزۇقلاندۇرۇۋېتىدۇ.

ئايالىم بىلەن ئىككىمىز بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كەلدۇق، كارلنىڭ خالىغانچە ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىكلەرنى يېيىشىگە قەتئىي يول قويمىدۇق. بالىنىڭ ئوزۇقلۇقىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى يېيىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردۇق.

بالامنىڭ سالامەتلىكى، شۇنداقلا ئۇنى ئاچ كۆز قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بەك كۆپ تاماق يېيىشنىڭ زىيىنىنى دائىم ئېيتىپ تۇردۇق.

مەن كارلغا: «بەك جىق نەرسە يېگەن ئادەمنىڭ كاللىسى ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، بەزىدە ئاغرىپ قالىدۇ. ئاغرىپ قالسا ئازابلىنىدىغان ھەم قىيىنىلىدىغان گەپ، ئۆگىنىش قىلالمايلا قالماستىن تېخى ئوينىغىلىمۇ بولمايدۇ. سەن ئاغرىپ قالساڭلا، سېنى باقىمىز دەپ ئاناڭ بىلەن ئىككىمىز ئىشىمىزدىن قالىمىز، بىر ئادەم ئاغرىسا ھەممە ئادەم تەڭ ئاۋارە بولىدىغان ئىش» دەپ تۇرىمەن.

مەن كارلغا ساغلاملىق ۋە مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، دوستلىرىمىزنىڭ بالىلىرى



ئاغرىپ قالسا، ئۇنى بىرگە ئېلىپ باردىم، قالايمىقان ئوزۇقلىنىشنىڭ زىيانلىقلىقىنى ئۇنىڭغا ھېس قىلدۇردۇم. بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق بالىلارنى ئەمەلىي تەربىيىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

بىر كۈنى ئوغلۇم بىلەن ئايلىنىپ كېتىۋاتساق، بىر دوستۇمنىڭ ئوغلى ئۇچراپ قالدى.

— ئۆيدىكىلەر تىنچ ـ ئامانمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ھەئە، ھەممەيلەن تىنچلىق، — دېدى ئۇ.

— بىراق ئىنىڭ ئاغرىپ قاپتۇغۇ؟ — دېدىم مەن.

— شۇنداق، سىز قانداق بىلدىڭىز؟ — دېدى ئۇ ھەيران قېلىپ.

— مىلاد بايرىمى ئەمدى ئاياغلاشتى ئەمەسمۇ؟

مەن قارىسىغىلا پەرەز قىلمىغانىدىم. مەن ئىنتايىن ئاچ كۆزلۈكىنى بىلگەچكە، مىلاد بايرىمىدىن كېيىن ئۇنىڭ چوقۇم ئاغرىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدىم.

ئوغلۇمنى ئېلىپ ئۇنى يوقلىغىلى باردىم. ئويلىغىنىمدەك ئۇ بالا بىردەم ۋاي قورسىقىم دېسە، بىر دەم ۋاي بېشىم دەپ، توختىماي ۋايساپ يېتىپتۇ.

ئۇ بالىنىڭ ئاغرىش سەۋەبىنى سورىدىم، دېگەندەك ئۇ ئاچ كۆزلۈك قىلىپ كۆپ نەرسە يېۋېلىپ ئاغرىپ قاپتۇ.

بۇنداق ئەھۋالدا، مەن باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا ئامال بار كارل چۈشىنەلىگۈدەك قىلىپ پاراڭلىشىمەن.

كارلنىڭ ئىشتىھاسىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭدا ياخشى تاماقلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشتىم. تاماق ۋاقتىدا ئۇنى ئامال بار خۇشال ـ خۇرام كەيپىياتتا غىزالاندۇردۇم.

مېنىڭچە بالىنى خۇش كەيپىياتتا تاماقلاندۇرۇش ئۇنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا پايدىلىق.

بالىغا نىسبەتەن تاماق ئۇنىڭ مۇكاپاتى ھەم مەجبۇرىيىتى

بولۇپ قالماسلىقى لازىم. شۇنداقلا ئۇنى تاماق بەرمەسلىكتەك ئۇسۇل بىلەنمۇ جازالىماسلىق لازىم. ئاتا - ئانىلارنىڭ ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ بالىنى تاماق ئارقىلىق مۇكاپاتلاش ۋە تاماق بەرمەي جازالاشقا باش قاتۇرۇشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. مۇھىمى بالىنى تەربىيىلەش بىلەن غىزالاندۇرۇشنى ئايرىپ قاراش، بالىغا بىر خىل ئازادە، خۇش كەيپىياتتا تاماقلىنىش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىپ، بالىنى مۇستەقىل، ئازادە، خۇش كەيپىياتتا غىزالاندۇرۇش لازىم.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ بەك ئاز يېگىنىگە ئىچى تىت - تىت بولىدۇ ياكى يېمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ پۈتۈن زېھنىنى بالىنىڭ تاماقلىنىشىغا قارىتىدۇ. بۇنداق قىلىش خاتا. چۈنكى «ئۇنداق قىل»، «بۇنى ئال»، «ئۇنى ئالما» دېسە بالىغا بېسىم شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ - دە، بالا تاماق يېيىشنى بىر خىل مەجبۇرىيەت ھېس قىلىشۋالىدۇ. بۇ بالىنىڭ ئىشتىھاسىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، يەنە ئاتا - ئانىلارغا ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدۇ.

ئاتا - ئانىلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، بالىغا يېتەرلىك تاماق بەرسىلا ھەرگىز ئاچ قالمايدۇ. بالا بەك ئاچ كۆز بولمىسىلا ئۇنىڭغا تاماقلىنىشنىڭ بىر خىل مۇھىم، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان، ئۆزى خالايدىغان ھەم قىلالايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇش كېرەك. ئەمما، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، تاماقلىنىشنى بىردىنبىر خۇشاللىق دەپ، ئۇنىڭدا ئاچ كۆزلۈك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ قويماسلىق لازىم.

بالىلارنىڭ «ئالدىغا كەلگەننى يېيىش» پسىخىكىسى ئۇنىڭ تەبىئىي خۇيى ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۇلارغا بەك كۆپ نېمەتلەرنى يېيىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەنلىكىدىندۇر.

كارل ئەزەلدىن جىق يېۋېلىپ ئۆزىنى ئاغرىتىۋالىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلىپ باقمىدى. دوستلىرىمىزنىڭ ئۆيىگە بارساق، ئۇلار تاتلىق - تۈرۈملەر بىلەن بىزنى مېھمان قىلغان



تەقدىردىمۇ، ئۇ ئەزەلدىن يېمەيتتى.

دوستلىرىم كارلنىڭ ئىپادىسىنى كۆرۈپ، ئۇنى تۇزۇت قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، بۇنى مېنىڭ قاتتىق تەربىيەمنىڭ نەتىجىسى دەپ ئويلاپ قالاتتى، ئەمەلىيەتتە، ئۇ پۈتۈنلەي ئۆز خاھىشى بويىچە قالايمىقان نەرسە يېمەيدىغان ئاشۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرگەنىدى.

دوستلىرىم كارلغا ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن قارىغاچقا، ئۇلار كارلدىكى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كۈچىنى ئەسلا ئويلاپ يېتەلمەيتتى.

ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ تەس يېرى يوق، كىچىكىدىن باشلاپلا بۇ جەھەتتە ساغلام تەربىيە ئېلىپ بېرىلسا، باشقا بالىلاردىمۇ ئوخشىمىغۇدەك ئادەتنى ئاسانلا يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

## ئاچ كۆزلۈك كىشىنى دۆت قىلىپ قويىدۇ

ئاشقازىنى ھەددىدىن تاشقىرى ئىشلەپ كەتكەن ئادەمنىڭ كاللىسى ئىشلىمەي قېلىپ، دۆت بولۇپ قالىدۇ. مەن دائىم دېگۈدەك كارلغا ۋە ئەتراپىتىكىلەرگە مۇشۇنداق دەپ تۇرىمەن. ئەمەلىيەتتە مەنلا ئەمەس، تارىختىكى نۇرغۇن شەخسلەر بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان، بولۇپمۇ تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر ئەدىب، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلەر تېخىمۇ شۇنداق.

گېرود مۇشۇ ئەتراپىتىكى سېمىزلىكتە داڭقى بار بالا ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا كىچىكىدىنلا ئۇنىڭ ئىشتىيى بەك ياخشىكەن، ئۇ چوڭلاردەك جىق تاماق يەيدىكەن، نورمال تاماقتىن سىرت، يەنە ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى كۆپ يەيدىكەن.

مەن ئاتا - ئانىسىدىن ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنچە سەمرىپ كەتكەنلىكىنى سورىغانىدىم. ئادەتتە باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى بىلىشكە پەقەت قىزىقمايتتىم. ئەمما ھەر قېتىم ئۇنىڭ يول

www.uyghurkitap.com

ماڭغاندا قىينىلىپ كېتىۋاتقان ھالىتىنى كۆرسەم كاللامغا دەرھال مۇشۇ سوئال كېلىۋالاتتى.

ئوغلۇمنى تەربىيىلەش ئۈچۈن مەن دائىم باشقىلاردىن بالا تەربىيىلەشنىڭ ئۇسۇللىرىنى سوراپ تۇراتتىم ۋە شۇ ئارقىلىق تەربىيىلەشتىكى تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇللارنى ئىگىلىۋالاتتىم.

گېرودنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئۆز ۋۇنغىچە بالا يۈزى كۆرمىگەن بولۇپ، يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا ئاندىن بالا يۈزى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بالىنى بەك ئارزۇلاپ بېقىپتۇ. بولۇپمۇ ئانىسى بالىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئەتىۋارلايدىكەن.

ئۇلار بالىسىغا تاماقنىڭ ياخشىسىنى يېگۈزۈپ، كىيىمنىڭ ئېسىلىنى كىيدۈرۈپ، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىپ، ھەممىدە يول قويۇپتۇ. بالىسى يەيمەنلا دېگەن نەرسىنى بېرىپتۇ.

گېرودنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋىجىك بولغاچقا، ئۇلار بالىسىنىڭ بۇنچە سەمىرىپ كېتىشىدىن ئانچە رازى ئەمەسكەن، ئۇلار ئوغلىنى سېمىز، سەل كۆرۈمسىز دەپ ئويلايدىكەن، سېمىزلىكنىڭ بالىغا يۈك بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئويلىمايدىكەن.

گېرود سېمىز بولغاچقا، ئاداشلىرى ئۇنى بودەك دەيدىكەن، ھەرىكىتى ئاستا بولغاچقا، باشقا بالىلار بىلەن بىللە ئوينىيالمايدىكەن، ھەتتا بەزى بالىلار ئۇنى بوزەك قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ باشقىلارغا بوزەك بولۇپ ئۆيگە يىغلاپ كىرسە، دادىسى يىغىسىنى پەس قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يەيدىغان نەرسىلەرنى بېرىپتۇ.

ئۇلار بالىمىزغا ياخشى يېگۈزسەك، ئىچكۈزسەك ھەممە مەسىلە تەبىئىيلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايدىكەن.

گېرود ياخشى نەرسىلەرنى يېيىشكە بەك ئامراق بولغاچقا، ھەتتا كىتاب ئوقىغان ياكى ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندىمۇ بىر نەرسىلەرنى يەيدىكەن. مەنمۇ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن بالىنىڭ ئۆگىنىشى توغرۇلۇق سورىسام ئۇلار ئۇھسىنىپ قويدى.



گېرود ئۆگىنىشكە كۆڭۈل قويمىغاندا، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا دەرھاللا تاتلىق ـ تۈرۈمنى تۇتقۇزۇپ قويىدىكەن. ئۇلار مۇشۇنداق قىلغاندا بالا ئۆگىنىشكە بەكرەك بېرىلىدۇ، دەپ ئويلايدىكەن، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بىلمەيدىكەن. ئاتا ـ ئانىسى مۇشۇنداق قىلغاچقا، گېرودنىڭ ئۆگىنىشىگە تەسىر يېتىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭدا بىر خىل يامان ئادەت شەكىللىنىپ قاپتۇ. ئۇ ياخشى ئۆگەنسەم مۇكاپاتلىنىمەن دەپ ئويلىماستىن، بەلكى ئۆگەنمىسەم ئاندىن ئاتا ـ ئانام ماڭا تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى بېرىدۇ، دەپ ئويلايدىكەن.

گېرود كارلدىن ئىككى ياش چوڭ، ئەمما ئۆگىنىشتە ئۇلار ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ.

گېرود نېمىشقا ياخشى ئۆگەنمەيدۇ؟ مېنىڭچە بۇنىڭدىكى سەۋەب پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەخمەق ئاتا ـ ئانىسىدا، ئۇلار بالىنى قانداق تەربىيىلەشنى بىلمەيدۇ، بالىنى ئوبدان يېسىلا بولدى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

بۇنداق ئەخمەق ئاتا ـ ئانا ئۆزىدىنمۇ ھاماقەت بالا تەربىيىلەپ چىقىدۇ، خالاس.

ئون تۆتىنچى باب

# بالىدا ساغلام پسىخىكا يېتىلدۈرۈش لازىم

*بالىغا ھەممە ئىشنى تەييار قىلىپ بېرىپ ئۆگىتىپ قويسا، بالا ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆگىنىۋېلىش ۋە چېنىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ، بۇ ھەممىگە ئايان. بۇنىڭ زىيىنى شۇكى، بالىغا ھەممە ئىشنى تەييار قىلىپ بەرگەنلىك ئەمەلىيەتتە بالىغا سەن ھېچنېمىنى قىلالمايسەن، سەن ئاجىز، قابىلىيەتسىز، ئاتا - ئاناڭغىلا تايىنىپ ياشايسەن، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بالا جەمئىيەتكە چىققان ھامان ھېچنېمىنى قىلالمايدىغان، ھەر تەرەپتىن ياردەمگىلا موھتاج بولىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، ئۆيدىن باشقا يەردە ئۇ ئاتا - ئانىنىڭ مېھرىبانلىقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، مۇستەقىللىقتىن تېخىمۇ ئېغىر ئاچچىقلىق بولمايدۇ، مانا بۇ ئەمەلىيەتتە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن بالىلارنى نابۇت قىلغانلىقى بولىدۇ.*

## باتۇرلۇق

باتۇرلۇق بىر ئادەمنى داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

مەن كارلنى تەربىيىلەشتە ئۇنى باتۇر قىلىپ چىقىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلدىم. ھازىر ئوغلۇمنىڭ قەلبىدە مۇنداق بىر



ئۇقۇم شەكىللەندى: باتۇرلۇق ۋە چىدامچانلىق كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ، مىجىق ۋە قورقۇنچاق كىشىلەرنى باشقىلار كۆزگە ئىلمايدۇ.

ھەممە ئاتا - ئانا دائىم بالام پېشكەللىككە يولۇقۇپ يارىلىنىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرىشىدۇ. لېكىن بالىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلاپ بالىنى چېنىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلسا، بالىدا قانداقمۇ باتۇرلۇقنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟

مېنىڭچە، ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇنداق قىلمىشى شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى. ئۇلار بالىلىرىنىڭ يارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ، ئۇلار پالاكەتكە ئۇچرىسا ئۆزلىرىنىڭ ئۇلاردىنمۇ بەك ئازابلىنىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قوغداش پسىخىكىسىنىڭ ئاشكارىلىنىشى. بالىنىڭ باتۇرلۇقىنى چېنىقتۇرۇش ئەمەلىيەتتە ئاتا - ئانىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى چېنىقتۇرغانلىقى خالاس.

كارل كىچىكىدىنلا باتۇرلۇقنىڭ قىممىتىنى چۈشەنگەنىدى.

بىر قېتىم كارل بالىلار بىلەن ئويناۋېتىپ دىققەتسىزلىكتىن قولىنى قانىتىۋاپتۇ. قولى بەك ئاغرىپ كەتسىمۇ كۆڭلىدە مەن چوقۇم چىداشىم كېرەك دەپ ئويلاپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەمتۇشلىرى بىلەن بىللە ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ.

كېيىن كارل ماڭا تەمتۇشلىرىم ئالدىدا ئاجىزلىقىمنى چاندۇرسام بولمايدۇ، كۆزۈمدىن شۇنداقلا ياش چىقىپ قالسا، ئۇلار مېنى ياراتماي، مەن بىلەن بىللە ئوينىمايدىغان بولىدۇ، دېدى.

مەن كارلنى باتۇر قىلىپ چىقىشقا بەك ئەھمىيەت بېرىمەن، شۇنداقلا بالىلىرىنى قورقماس، باتۇر قىلىپ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئاتا - ئانىلارغا بەك ھەۋەس قىلىمەن. ئەنگلىيىلىكلەر بۇ جەھەتتە خېلى نەتىجە قازانغان، ئۇلارنىڭ

باشلانغۇچ مەكتەپلەردە باللارنى ھەربىي مەشىققە سالدۇ ۋە داۋاملىق ئېكسپېدىتسىيىگە، ناچار مۇھىتتا ياشاشقا تەشكىللەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى باللارنىڭ باتۇرلۇقىنى چېنىقتۇرۇش ۋە ئۇلارنى يېڭى شەيئىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ئارقىلىق ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ قىيىن شارائىتتا ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر.

بەزىلەر باللار قىلالمايدۇ دەپ قارىغان ئىشلارنى ئەمەلىيەتتە باللار قىلالايدۇ، پەقەت ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكى ياكى ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى سەل چاغلىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارنى يېڭى شەيئىلەرنى بىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارنى كۆنۈپ قالغان كونا مۇھىتتىلا ساقلاپ چېنىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. مېنىڭچە ھەددىدىن ئاشقان ئاتا - ئانىسىنىڭ زىيادە ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن باللار سەل قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىغىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىر ئادەمدە يېتەرلىك باتۇرلۇق ۋە ئىشەنچىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ئۇنىڭ غەلىبە قازىنىش ياكى قازىنالماسلىقىنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ، مەن دائىم كارلنى «سەن قىلالايسەن» دەپ ئۆزىگە ئىشىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇنى ئۆزى خالىغان ئىشلارنى قىلىشتا جۈرئەتلىك بولۇشقا دەۋەت قىلىپ تۇردۇم.

قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئۆزىگە ئىشىنىش ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاسارەتنىڭ بار - يوقلۇقى ئىشلاردا غەلىبە قازىنىش ۋە مەغلۇپ بولۇشنى بەلگىلەيدۇ. كارل كىچىك ۋاقتىدا بىز ھېچقانداق ئىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىلىپ بەرمەيتتۇق. ھەتتا سەل ئېغىر تۇيۇلىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىشىپ بەرمەيتتۇق. بۇنىڭدىكى مەقسەت دەل ئۇنىڭدا رىقابەتكە يۈزلىنىش جاسارىتىنى يېتىلدۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق مۇستەقىل ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئىدى.



مېنىڭچە ئاتا - ئانىلار باللارنى ھەددىدىن زىيادە ئەتىۋارلاپ كەتسە، باللار ئىشەنچى ۋە جاسارىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلاردا كۈچلۈك يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى شەكىللىنىدۇ، ئۆزىنى بۇ ئىشلارنى قىلالمايمەن، كۈچۈم يەتمەيدۇ، دەپ قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مەن ئوغلۇمغا مۇۋاپىق كۆيۈندۈم، ئۇنى ئارتۇقچە ۋاي دەپ كەتمىدىم، ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردىم. شۇنى بىلىش كېرەككى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئېھتىياتسىزلىقتىن زەخىملىنىش بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ يەر - بۇ يەردە سوقۇلۇپ يىقىلىپ تۇرۇش ئادەتتىكى ئىش. باللارنى بەزىدە بۇنداق خەتەرلەردىن بەك قوغداپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ، ئۇلارنى شۇنداق ئىشلارغا چىداشقا كۆندۈرۈش كېرەك. چۈنكى، تۇرمۇش ئادەمدىن ھەر خىل ئىشلارغا چىداش ۋە سەۋر - تاقەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، باللاردا كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆزىگە ئىشىنىشنى، مۇستەقىللىقنى ۋە باتۇرلۇقنى يېتىلدۈرۈش دەل ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە پايدىلىق.

شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بەدەن زەخىملەنسە ئاسانلا ساقىيىپ قالىدۇ، ئەمما ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى زەخىملەنسە ۋە باتۇرلۇق يېتىلدۈرۈلمىسە، بۇلار ھەقىقىي رولىنى مەڭگۈ جارى قىلدۇرالمايدۇ.

ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەممىنى تەييار قىلىپ بېرىشىنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق، نۇرغۇن ئىشلارنى ئاتا - ئانا قىلىپ بەرمىسىمۇ بالا ئۆزى قىلىپ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، بۇ بەك مۇھىم. بالىغا ئۆز ئىشىنى ئۆزىگە قىلدۇرغاندا، ئۇلارغا مەن قىلالايدىكەنمەن دېگەننى تونۇتقىلى، شۇ ئارقىلىق ئۇلاردا ئىشەنچ ۋە باتۇرلۇقنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئاسانلا سادىر قىلىدىغان خاتالىقلىرى شۇكى، باللارغا ھېچقانداق ئىشنى قىلدۇرۇپ باقمايلا مۇنۇ ئىشلارنى قىلالايدۇ، مۇنۇلارنى قىلالمايدۇ دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ھەممە ئىشنى ئۆزلىرى قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باللار ئۆز ئىشەنچىنى يوقىتىپ تىرىشچانلىق بىلەن ئىزدىنىش، چېنىقىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئاتا - ئانىلار باللىرىنىڭ ھەر جەھەتتە چېنىقىش نەتىجىسىدە ئاندىن يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنىمۇ ئاستا - ئاستا ئۇنتۇپ قالىدۇ.

كارلىنى تەربىيىلەشتە مەن بالىنىڭ ئىقتىدارىغا چەك قويىدىغان بۇنداق خاتا قاراشلاردىن قاتتىق ساقلاندىم. ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەزى ئىشلارنى قىلىشقا دەۋەت قىلدىم. سەن تېخى كىچىك، سەن بۇ ئىشلارنى قىلالمايسەن، دەپ ئۇنى توسۇپ قويمىدىم.

ھەرقانداق ۋاقىتتا مەن كارلىنى «سەن ياخشى قىلالايسەن» دەپ ئىلھاملاندۇرۇپ تۇردۇم. مېنىڭچە باللارمۇ ئىشلارنى چوڭلارغا ئوخشاش ياخشى قىلالايدۇ. گەرچە خاتا قىلىپ قويسىمۇ ياكى ياخشى قىلالمىسىمۇ لېكىن ھەرقانداق جاي، ھەرقانداق ۋاقىتتا ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشى كېرەك. بۇ جەرياندا مەغلۇپ بولۇشىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمۇ مۇمكىن. مەغلۇپ بولۇش سەۋەبىدىن بالىنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى بايقىشىغا تەسىر يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ.

مەن كارلىنى دائىم ئىش قىلىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرىمەن. بۇنىڭغا ھەم ئازار بەرمەيمەن، ھەم بەك ماختاپ كەتمەيمەن. ئۇنى بەك ماختىۋەتسەم ئۇ ئاسانلا مەغرۇرلىنىپ قالىدۇ. مەن بۇ قارىشىمنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدىم. ئەمەلىيەتتە باللارنىڭمۇ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئارتۇقچە ماختىشىدىن بەزىدە ئىچى پۇشىدۇ. بىر بالا ماڭا: «مەن ئاتا-ئانامنىڭ ھەممە ئىشنى ئۇجۇر - بۇجۇرگىچە



سورىشىدىن ۋە ماڭا بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىشىدىن بىزار بولدۇم، ئۇلار بۇنداق قىلسا دوستلىرىم ئالدىدا بەك ئوڭايسىزلىنىدىكەنمەن، خۇددى مەن ئۆزۈمنى قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغاندەك، باشقا باللار قىلالىغاننى مەن قىلالمايدىغاندەك ھېس قىلىپ قالىدىكەنمەن، بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك» دېگەنىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، باللارنى تەۋەككۇلچىلىك قىلىشتىن، ئىش قىلىشتىن قانچە توسقانسېرى، باللار بۇنىڭدىن شۇنچە بىزار بولىدۇ - دە، پىسخىك تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ، قىلما دېگەننى قىلىدىغان، گۆدەكلەرچە ئاتا - ئانىسىغا قارشى تۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

## مۇستەقىل ئاڭ

بالا قىلالايدىغان ئىشلارنى ھەرگىز ئاتا - ئانىلار قىلىپ بەرمەي، بالىنىڭ ئۆزى قىلىشىغا يول قويۇشنى مەن قايتا - قايتا تەكىتلىدىم. بۇ، ناھايىتى مۇھىم. مەن ئوغلۇمغا بولغان تەربىيىدە ئىزچىل ھالدا، مۇشۇ بويىچە ئىش كۆردۈم. باللار قىلالايدىغان ئىشنى ئاتا - ئانىلارنىڭ قىلىپ بېرىشى ئەمەلىيەتتە، باللارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا ئەڭ قاتتىق زەربە بولىدۇ. چۈنكى بۇ، باللارنى ئەمەلىيەتنىڭ پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇ، خۇددى ئۇلارغا «مەن سېنىڭ ئىقتىدارىڭغا، جاسارىتىڭگە ئىشەنمەيمەن» دېگەنگە باراۋەر. مۇشۇنداقلا بولىۋەرسە، بالا بىر خىل كىرىزىس، خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلىدۇ. خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئاساسىغا تىكلىنىدۇ. ئەگەر بالىدا ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنچ بولمىسا، خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بولمايدۇ.

بىر بالىنىڭ ئاتىسى تۇغەپ كەتكەن بولۇپ، ئانىسى ئوغلىغا

قەۋەتلا ئامراق ئىكەن. بالا تۆت ياشقا كىرگەندىمۇ، ئانىسى يەنىلا ئۇنى تامىقىنى يېگۈزۈپ، كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ قويىدىكەن. ئۇ بالا خېلى چوڭ بولغاندىمۇ ئۆزى تاماق يېيەلمەيدىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك بالىلار بۇنداق كىچىك ئىشلارنى ئۆزى قىلىدىكەن. سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى بەكلا كارغا كەلمەيتتى، بەلكى ناھايىتى بىچارە كۆرۈنەتتى. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ ئانىسىغا: «بۇ ئىشلارنى بالىڭىز ئۆزى قىلىشنى ئۆگەنسۇن، بۇنچە بولغان بالا دېگەن كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۆزى كىيىشنى بىلىشى كېرەك» دەپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئانىسى: «مەن ئوغلۇمغا بەك ئامراق، ئۇ مېنىڭ بارلىقىم، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ قۇربان بېرىشكە رازى» دەپتۇ. بۇنداق قىلىش بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بۇ ياخشى ئانا بىلمەيدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئوغلىغا بولغان ئامراقلىقى ئۇنىڭغا بولغان ئېچ ئاغرىتىشتۇر. ئۇ، ئۆزىنى بىر ياخشى ئانا دەپ قاراپ، بارلىقىنى ئوغلىغا تەقدىم قىلىدىكەنۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ئوغلىغا نىسبەتەن «سەن بىر يارامسىز، كارغا كەلمەس» دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. بۇ خىل ئادەتتىن تاشقىرى زىيادە ئامراقلىقنىڭ سەلبىي تەسىرى بەك زور بولىدۇ. بالىدا بىر خىل ئېغىر دەرىجىدە يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى يېتىلىپ قالىدۇ - دە، ھېچنېمىنى قىلالمايدۇ، ھېچ ئىشنى ئۆگەنمەيدۇ، پەقەتلا ئوينايدۇ. ئەگەر ئانىسى ئۇنىڭغا بىرەر كۈن ئوبدان قارىماي قويسا، قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئانىنىڭ بۇ خىل شەخسىيەتسىز ئادىتى ئەمەلىيەتتە شەخسىيەتچىلىكتۇر. چۈنكى، ئۇ بالىسىنىڭ ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلىش ئېھتىياجىغا سەل قارىغان. بالا چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئانا ئوغلىغا يەنە بالدۇرقىدەك قاراپ، بالىسىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملىق قىلىپ بەرگەن. ئوغلى بۇنىمۇ قىلالمىغان، ئۇنىمۇ ئۆگىنەلمىگەن. ئۆزىنىڭ باشقىلارغا



ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان، ھەتتا ئۆزىنى كارغا كەلمەس دەپ تونۇپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنداق بالىلار ناتونۇش جايغا بېرىپ قالسا، قىلچىلىك تەييارلىقى بولمايدۇ، تېڭىرقاپ قالىدۇ. بالىلىرىمىزغا ئۇلار ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرىۋەرسەك، ئۇلارغا «بىز سەندىن كۈچلۈك، سەندىن چاققان، ئىقتىدارىمىز سەندىن زور، سەندىن تەجرىبىلىك، سەندىن مۇھىم» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ، ئۆزىمىزنىڭ قالتىسلىقىنى، بالىنىڭ ئاجىزلىقىنى نامايان قىلغانلىقتۇر. بۇنداق تەربىيە ئارقىلىق چوڭ بولغان بالىلار قارىماققا مەردانە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە توخۇ يۈرەك، جاسارىتى ۋە ئىقتىدارى كەمچىل بولىدۇ. ئۇلار مۇستەقىل قابىلىيىتىنى يوقىتىدۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ پارلاق ئىستىقبالىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئايالىم كارلنى تەربىيىلەش جەريانىدا، ناھايىتى ياخشى قىلغانىدى. كارل كىيىم كىيىشنى ئۆگەنگۈدەك بولغاندا، ئايالىم ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ قويماي، بەلكى كارلنى ئۆزى كىيىپ بېقىشقا يېتەكلەيتتى. ئۇ، بىر تەرەپتىن ئۆزى كۆرسىتىپ بەرگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كىيەلىگەن - كىيەلمىگەنلىكىگە قارايتتى. ئۇنى «تېز بول» دەپمۇ ئالدىراتمايتتى، بەلكى: «ئۆزۈڭ كىيەلەيسەن، ئالدىرىما، كىيەلمىسەڭ ئاندىن مەن ياردەم قىلاي، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، سەن خېلى چوڭ بولۇپ قالدىڭغۇ» دەيتتى. ئەگەر كارل ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يەنىلا كىيەلمەي قالسا، ئايالىم كارلنى داۋاملىق ئىلھاملاندۇرۇپ: «مەن چوقۇم ساناپ بولغۇچە كىيىپ بولالامدىكەنسەن - يوق؟» دەيتتى. بۇنداق چاغدا كارل يا داۋاملاشتۇراتتى، يا ھېچقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيتتى. ئايالىم يەنە ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى. كارل يىغلىسىمۇ ئانىسىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالمىغانلىقىنى سەزگەندە،

ئۆزىنىڭ ئىشىنى داۋاملىق ئۆزى قىلىپ باقاتتى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كارل ناھايىتى تېزلا كىيىمىنى ئۆزى كىيىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز مۇشۇنچىلىك كىچىك ئىشلاردىن تارتىپ، كارلدا مۇستەقىل ئاڭ يېتىلدۈرۈشكە باشلىغانىدۇق. قەدىمكى گېرمانىيىدە، باللارغىمۇ چوڭلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىنىدىكەن. ئاقسۆڭەكلەر باللىرىنى باشقا قەلئەلەردىكى ئاقسۆڭەكلەردىن ھەقىقىي چەۋەنداز بولۇشنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، باللار ئۆيدىن ئايرىلىپ، سىرتتا مۇشۇنداق مۇستەقىل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، بىر چەۋەندازدا بولۇشقا تېگىشلىك ساپا ۋە بىلىم ھازىرلىيالايدىكەن. دېمەك، بالىنىڭ مۇستەقىل ئىككىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش — مىللىتىمىزنىڭ ئىستىل ئەنئەنىسى، بۇ بىزنىڭ مىللىتىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئەمەلىيەتتە، باللارنىڭ تېخى يېتىلمىگەن ئىقتىدار دائىرىسى ۋە مىجەز - خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئويلاشقا دىققەت قىلىش زۆرۈر. لېكىن، باللاردا مۇستەقىللىق، باتۇرلۇقنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى چېنىقىشقا ۋە قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشقا قويۇۋېتىشتەك بۇ ئەنئەنە ھېلىھەم تاشلىنىپ كەتكىنى يوق. ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى باللارغا بىلىم ئۆگىتىشتىنمۇ مۇھىم بۇرچ دەپ قارايدۇ. بۇ، كۆچەپ كېڭەيتىشكە تېگىشلىك بىر ئىش. مەنمۇ كارلنى شۇنداق تەربىيىلىگەن.

باللار خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئاجىزلىق ھېس قىلغاندا، ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئاتا - ئانىسىدىن تەسەللى ۋە ياردەم كۈتىدۇ. ئۇلار ئاتا - ئانا مېھرىنىڭ تولىمۇ ئىللىق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى چوقۇم قوللايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭلاشقا، بۇنداق ئارامبەخش تۇيغۇغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بەزى باللار ھەممە ئىشتا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھېسسىيات



مۇستەقىللىقىنى يوقىتىش بىلەن تەڭ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان كەيپىيات كونتروللۇقىنى قوبۇل قىلماي قالمايدۇ. بۇ جەھەتتە پىسخىك توسالغۇغا ئۇچرىغان بەزى كىشىلەر پۈتۈنلەي باشقىلارغا يۆلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا مۇستەقىل تۇيغۇ بولمايدۇ. پىسخىك جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. ئۇلار ئىدىيە، قىممەت قاراش، ھەرىكەت قاتارلىق جەھەتلەردە باشقىلارغا يۆلىنىدۇ. ئۇلار ئاتا - ئانىسى ياكى باشقا نوپۇزلۇقلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە پىكىر قىلىدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇسى ئەمەلىيەتتە، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭدىكى ئىنكاسىدۇر. ئۇلار ئۆزى يۆلەنگەن نوپۇز سىستېمىسى بۇزۇلغان ھامان روھىي دۇنياسىنىڭ پارازىتلىقى تۈپەيلىدىن، چەكسىز ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ.

مېنىڭچە، ھەقىقىي مۇستەقىل روھقا ئىگە ئادەملەرنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئېھتىياجى بولىدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا ياكى ئۇنىڭغا يۆلىنىۋالماي، بەلكى ئۆز ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆز قارارىنى چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن نىشانى بويىچە ئۆز ھەرىكىتى ۋە ئىنتىزامىنى ئىجرا قىلىدۇ. «ئۇلۇغ كىشىلەر ئۆز ئىرادىسى بىلەن باشقىلارنى ئەمەس، ئۆزىنى قانائەتلەندۈرىدۇ».

بۇ خىل يۆلىنىۋېلىش ئېڭى نىسپىي ھالدا يوشۇرۇنلۇققا ئىگە بولغاچقا، ئاتا - ئانىلارغا تېخىمۇ يوقىرى تەلەپ قويىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىسىغا چىن دىلىدىن كۆيۈنىدىكەن، چوقۇم بالىسىدا مۇستەقىل خاراكتېر يېتىلدۈرۈشى، بالامدىن ئايرىلىپ قالارمەنمىكىن دەپ، بالىنى ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ياشاشقا زورلىماسلىقى كېرەك.

ھەدېسىلا بالىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگەندە، بالا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ۋە چېنىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ

ئېغىر بولغىنى شۇكى، بالىنىڭ ئىشلىرىنى زىيادە كۆپ قىلىپ بېرىش — ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھېچ ئىشنى قىلالمايدىغان يارامسىز ئىكەنلىكى، چوقۇم ئاتا - ئانىسىغا تايىنىش كېرەكلىكى، بولمىسا ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان بىلەن باراۋەر. بۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغان بالا جەمئىيەتكە چىقسا، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، ھەممىلا يەردە ياردەم تىلەپ يۈرىدۇ. لېكىن ئائىلىسىدىن باشقا يەردە ئاتا - ئانىسىدەك غەمگۇزار تاپالمايدۇ، مۇستەقىل ئاڭدىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ تەس. بۇ، ئەمەلىيەتتە بالىلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقتۇر.

مەن كارلغا تەربىيە بېرىش جەريانىدا، ئۇنىڭدا مۇستەقىل روھ يېتىلدۈرۈشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنىدىم. كارل بوۋاق ۋاقتىدىلا ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئەمەس. بەلكى دائىم بۆشۈكتە ياتاتتى. ئوغلۇمنى ئېمىتىش ۋاقتى مۇقىم بەلگىلەنگەنىدى، بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشمىسا، ئۇ ھەرقانچە يىغلاپ چىرقىرىسىمۇ، ئايالىم ئۇنى خالىغانچە ئېمىتمەيتتى. بۇ ئادەتنى بەلكىم بەزىلەر بىر ئاز رەھىمسىزلىك دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بالىنىڭ مۇستەقىل روھىنى بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر. زىيادە كۆيۈنۈش بالىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ، شۇنداقلا بالىنىڭ ئۆزىمۇ بۇنى تامامەن قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم قويغان بالا بىلەن ئاتا - ئانىسى ئارىسىدا دائىم دېگۇدەك توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئەمەلىيەتتە، ئانا - ئانىنىڭ كۆيۈنۈشكە قىلىنغان بىر خىل قارشىلىقتىن ئىبارەت. بالا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى يارامسىز، كارغا كەلمەس، دەپ قارىشىنى خالىمايدۇ. ئۇ كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۆز قابىلىيىتىنى نامايان قىلىشقا موھتاج بولغاچقا، ئاتا - ئانىنىڭ چات كىرىۋېلىشى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ قارشىلىقىنى پەيدا قىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

## ئوغلۇمنىڭ پىسخىك بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى چېنىقتۇردۇم

بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىدىن قارىغاندا، قىيىن شارائىت ۋە ئوڭۇشسىزلىق بىر ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلايدىكەن. ئەلۋەتتە، ياخشى شارائىتتا تالانتلىق كىشىلەر چىقىدۇ، قىيىن شارائىتتا بولسا، تېخىمۇ تالانتلىق كىشىلەر چىقىدۇ. قىيىن شارائىتتا، ئوڭۇشسىزلىقلار ئىچىدە تاۋلىنىپ چوڭ بولغان كىشىلەرنىڭ ياشاش ئىقتىدارى، رىقابەت ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى، قىيىن شارائىتتا كۈرەش قىلغانلارنىڭ ھەم مەغلۇبىيەت تەجرىبىسى، ھەم مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىسى بولۇپ، ئۇلار تېخىمۇ پىشقان كېلىدۇ. ئۇلار ئوڭۇشسىزلىقنى بىر خىل بايلىق دەپ بىلىدۇ. ئۇلار مەغلۇبىيەت بولغاندىلا غەلىبىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مەغلۇبىيەت ئاساسىغا قۇرۇلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلاردا ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىققا يۈزلىنەلەيدىغان روھ بولىدۇ.

بالىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا يۈرەكلىك ھالدا يۈزلىنەلەيدىغان قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كىچىكىدىن تارتىپ ئۇنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى تاۋلاش لازىم. ئوڭۇشسىزلىقنى ئاددىيلا قىلىپ ئېيتقاندا، قىيىنچىلىققا ياكى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش دېگەنلىكتۇر. ئوڭۇشسىزلىق بۇ خىل قىيىنچىلىق ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ پىسخىك جەھەتتىكى تەسىراتىدىن ئىبارەت. بۇ خىل تۇيغۇ بىرقەدەر ئازابلىق، چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ، ياكى قاندۇرالىشى تەس. ھالبۇكى ئوخشاشمايدىغان ئادەملەرگە، ئېنىقراق دېگەندە، ئىرادىسى ئوخشاشمايدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا،

ئۇخۇشسىزلىقنىڭ مەنىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

مەن ھەمىشە ئوغلۇمنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «كىشى ھايات سەپىرىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە ئۇخۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدۇ. لېكىن، ئۇ چوقۇم قەتئىي ئىرادىلىك بولۇشى كېرەك» دەيتتىم. مەن ئۇنىڭغا: «پىسخىك بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئاجىزلار قىيىنچىلىق ئالدىدا ئوڭايلا يېقىلىدۇ، ئىرادىلىك كىشىلەر قىيىنچىلىق ئىچىدىمۇ مۇۋەپپەقىيەت يولىنى تاپالايدۇ» دەپ ئۈگىتەتتىم. مەن ئۇنىڭغا مەغلۇبىيەتنى قوبۇل قىلىش زۆرۈرلۈكى، بولمىسا، تۇراقلىق مىجەز - خاراكتېر يېتىلدۈرەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا تەربىيە بەرگەنىدىم. دەسلەپتىلا مەن ئۇنىڭغا مەغلۇبىيەت كەلتۈرىدىغان سەلبىي تەسىرنى سەۋرچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىش ھەمدە مەغلۇبىيەتكە باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنىشنى ئۆگەتكەنىدىم. مەن ئوغلۇمغا مەغلۇبىيەتتىن قورقۇپ، خىزمەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر خىل جاھىللىق، كاجلىق ئىكەنلىكىنى ئۈگىتەتتىم. ھېلىقىدەك ئەسكى بالىلار دەل مۇشۇنداق، ئۇلار ئۆگىنىشكە كىرىشىشنى رەت قىلىش ئارقىلىق ئىمتىھاندىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئۇ بالىلار ئۆزىنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئالدايدىغان خىياللىرىغا باھانە - سەۋەب تېپىپ، دائىم ئۆزىنى ماختاپ، ئۆزى قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارنى سۆكىدۇ. تىرىشچان كىشىلەرنى «ساختىپەزلىكى بېرىپ، «مەغلۇبىيەت»نى ئايرىلىپ چىققانلىقىنىڭ، خاسلىقىنى كۈچلۈكلۈكىنىڭ نامايەندىسى قىلىۋالىدۇ. مەن كارلىغا «خاتالىق ئۆتكۈزۈش، ھەتتا مەغلۇپ بولۇشمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇقەررەر يولى، مۇھىمى ئۆز تىرىشچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش لازىم» دېگەن قائىدىنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە چۈشەندۈرگەنىدىم. مەن كارلىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا چېكىدىن



ئاشۇرۇۋېتىمەسلىكنى ئۈگىتەتتىم. چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە ئامراق ھېلىقى بالىلار ھەتتا ئۆزىنى نابۇت قىلىش ئارقىلىق مەغلۇبىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاتا - ئانىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالماسلىقىدىن قورقۇپ، غەم يەپ يۈرىدۇ. ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە، مەغلۇبىيەتتىن ئەنسىرەش تۇيغۇسىنى يوشۇرۇشنىڭ بەكرەك ئومۇملاشقان شەكلى هاراقكەشلىك ۋە ئۇرۇشقاقلىقتۇر. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇنداق يامان ئادەتلەر بالىلاردا، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشىغا ئېتىبار بەرگۈدەك ياشقا يەتكەندە ئاندىن باشلىنىدۇ. بۇ، ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ماس كېلىپ قېلىش ئەمەس.

نۇرغۇن تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بالىلاردا كىچىكىدىن تارتىپلا باتۇرلۇق، قەتئىيلىك ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش روھىنى يېتىلدۈرۈپ، بالىلارنى چۈشىنىپ، بالىلارغا ئىشىنىپ ۋە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ، سىردىشىش ئارقىلىق ياردەم بەرگەندە، تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ بەزىبىر چەكتىن ئاشقان ھەرىكەتلىرىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئالداش قابىلىيىتى چەكسىز. شۇڭلاشقا، مەن كارلىغا ئاساسى بار پىكىر قىلىشنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنىدىم. بىر ئادەم رېئاللىققا يۈزلەنگەندىلا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ رېئاللىققا يۈزلىنەلمەي، كۆن بويى خام خىيال سۈرۈپ يۈرۈشى دەل رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش پىسخىكىسىدىن ئىبارەت. گەرچە ئادەملەر ھەمىشە رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان پىسخىك ھالەتنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىسىمۇ، لېكىن رېئاللىققا يۈزلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشى تولىمۇ زۆرۈر. مەن ھەمىشە كارلىغا مۇمكىنقەدەر ھەم ئۆزىگە، ھەم باشقىلارغا پايدىلىق ئىش قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتىم. ئوغلۇمدا ئۆز - ئۆزىنى ئالدايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پسخىكا شەكىللىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭغا دۇنيانى ئەسلىي قىياپىتى بىلەن تونۇشنى ھەمدە مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە قارار چىقىرىشنى ئۆگەتكەنىدىم. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بۇ جەھەتتىكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنى رېئاللىققا يۈزلىنەلمەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. بەزىلەر ھەمىشە بالىلىرىنى رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن قوغداپ قېلىشنى ئويلايدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قوغداش پسخىكىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە، بۇنداق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي بالىلارغا كەلتۈرگەن يامان ئاقىۋەتلىرىنى بىر خىل جىنايەت دېيىشكە بولىدۇ.

مەن كارلغا نىسبەتەن مۇنداق ئۇسۇل قوللانغانىدىم: مەيلى قانچىلىك ئازاب بولسىمۇ، ئۇنىڭ رېئاللىققا توغرا قارىشىغا ياردەم بەردىم. ئۇنىڭغا مەسىلە بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىتىش جەريانىدا، ئۇ ئاتا — ئانىسىنىڭ ھېلىقىدەك ئەڭ جاپالىق شارائىتقىمۇ يۈزلىنىش ۋە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشەندى. بۇنداق چاغلاردا كارل دائىم «مەنمۇ قىلالايمەن» دەيتتى.

## ئوغلۇم بىلەن «تىنچلاندۇرۇش» ئويۇنى ئوينىدىم

بىزگە مەلۇمكى، ئادەم ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۆزىنى كۆتۈرمىكى تەس. ئادەمنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى يېڭىشىمۇ ئاسان ئىش ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى يېڭىشى دەل ئۆز ـ ئۆزىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كونترول قىلغانلىقتۇر.

ھېسسىياتنى تىزگىنلەش — ھەربىر ئادەم چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي ساپا. شۇنداقلا بىر ئادەمنىڭ پىشىپ يېتىلىشكە باشلىغانلىقىنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى، مېنىڭچە،



بالىغا ھېسسىياتنى تىزگىنلەشنى ئۆگىتىشتە، زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش، يەنى ھېسسىياتنى ئاساس قىلغان ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھېسسىيات مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش لازىم. مەن «تىنچلاندۇرۇش» دەپ ئاتىلىدىغان ئويۇن ئارقىلىق، ئوغلۇمنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى مەشىق قىلدۇرغانىدىم.

كارل پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قىزىل تاياقچە ئاستىدىكى يېشىل تاياقچىنى ئالاتتى. دىققىتىنى تولىمۇ مەركەزلەشتۈرگەچكە، قوللىرى سەل ـ پەل تىترەيتتى. ئۇ، سېرىق تاياقچىغا تېگىپ كەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدىلا، قىزىل تاياقچىنى ئۆتتىن بىر ئىنگلىز سۇڭى يۆتكىيەلىسە، ئاندىن قىزىل تاياقچىنى ئېلىپ چىقالايتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ دىققىتىنى چېچىش ئۈچۈن، قۇلىقىغا پۈۋلەپ، ئازراق ئاۋاز چىقىرىپ ھەمدە توختىماستىن ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ، ئۇنى مەجبۇرلايتتىم. بىراق، كارل قىلچە دىققىتىنى چېچىۋەتمەي، چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېلىپ، مۇسكۇللىرىنى يەڭگىللەشتۈرۈپ، كۆزىنى نىشاندىن ئۈزمەيتتى. ئۇ، بۇ ئويۇندا يېڭىش ئۈچۈن، چوقۇم مېنىڭ تەسىرىمگە ئۇچرىماسلىق، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى بىلەتتى. ئۇ، ئۆز ـ ئۆزىگە «كۆز ئالدىڭدىكى نىشانغىلا قارا» دەيتتى. دەرۋەقە، ئۇ باشقا تاياقچىلارغا تەگكۈزمەي، قىزىل تاياقچىنى تارتىپ ئالالايتتى.

مېنىڭچە، بۇ خىل «تىنچلاندۇرۇش» ئويۇنىنى ئوينىغاندا، بالىلارنىڭ باشقىلاردىن كېلىدىغان كاشىلىغا قارىتا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ پرىنسىپى شۇكى، ئوينىغۇچىدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر دۆۋە تاياقچىلار ئىچىدىن مەلۇم بىر تاياقچىنى باشقىسىغا تەگكۈزمەي تارتىپ چىقىش تەلەپ قىلىناتتى. گەرچە بۇ ئويۇن ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئوينىغۇچى دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ،

ھەرىكىتىنى ناھايىتى ياخشى ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت — بالىدا ھېسسىياتنى تىزگىنلەش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. كارل ئويناۋاتقاندا مەن ياندا تۇرۇپ، ھەر خىل قىلىقلار ئارقىلىق ئۇنى كۈلدۈرسەم بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىرەر يېرىگە تېگىپ قويسام بولمايدۇ. ھەربىر تاياقچىنى ئالسا بىر نومۇر، ئەگەر كۈلدۈرگەندە ئىنكاس قايتۇرمىسا، ئىككى نومۇرغا ئېرىشىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئويۇن بالىنىڭ ھېسسىيات تىزگىنلەش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم. مەن ئۇنى كۈلدۈرگەندە، ئۇنىڭغا قانداق قىلسا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپلا قالماي، يەنە ئۆز ھېسسىياتىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەكلىكىنىمۇ دەيتتىم. ھېسسىياتنىڭ بەدەندىكى ئىپادىلىرىنى تونۇش ۋە بىلىۋېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى مەشىق قىلدۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. بۇنداقتا ئۇ، ئۆز - ئۆزىنى كونترول قىلىشنى تەدرىجىي ئۆگىنىۋالاتتى. ئوغلۇم ئاچچىقلىنىپ قالغان چاغلىرىدا، يۈزى قىزىرىپ، بەدەنلىرى تىترەپ، زىيادە جىددىي ھالەتتە تۇرغانلىقى چىراي ۋە بەدەن قىياپىتىدە ئىپادىلىنەتتى، بۇ خىل «تىنچلاندۇرۇش» ئويۇنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك مەشىق قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، بالا ئالدى بىلەن بۇ خىل ئالامەتلەرنى تونۇشى، ئاندىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىشى، دىققىتىنى چېچىش دېگەندەك ئۇسۇللار ئارقىلىق بەدىنىنى تىنچلاندۇرۇشى لازىم. ياخشى تىزگىنلەش ئىقتىدارى بولغاندا، بالا ئۆزىنى توغرا تونۇيالايدۇ ھەمدە ئەتراپىدىكى ئاۋارىچىلىقلارغا پەرۋا قىلمايدىغان بولىدۇ. بۇ خىل ئازادە روھىي كەيپىيات ئارقىلىق، بالا بەزى كۆڭۈلسىز ئىشلارغا يۈزلىنەلەيدۇ، بىردەمدىلا غەزەپلىنىپ كەتمەيدىغان بولىدۇ. بۇ، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا ناھايىتى ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە كەلگۈسى تۇرمۇشىدىكى بارلىق كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ماس ھالدا ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا



پايدىلىق.

## قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش ۋە كەسكىن ۋاز كېچىش

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، مېنىڭ تەربىيە مەقسىتىم — ئەتراپلىق يېتىلگەن تالانتلىقلارنى تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا، مەن كۆپ تەرەپلىمە تەربىيىلەشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنىدىم. ئوغلۇم خالىسىلا، ئۇ ئۆگىنىشنى خالايدىغان ھەممە نەرسىنى ئۆگىتىپ، ئۇنى قانائەتلەندۈرەتتىم. ئوغلۇمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق ئىشلار بولىدىكەن، مەن ھېچقايسىسىغا قارشى تۇرمايتتىم، ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرىنىمۇ چەكلەپ يۈرمەيتتىم.

كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار دەسلەپكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، بالىنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەم بالدۇرلا ئۇنىڭ كەسىپ نىشانىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. بالىنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە تەربىيىلەيدۇ. بۇ، بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز. بەزى ئاتا - ئانىلار ئۆزى سەنئەتكە ئامراق بولغىنى ئۈچۈنلا، بالىسىنىڭ كۆڭلىدىكى بىلەن ھەرگىز ھېسابلاشمايدۇ. ئۇنۇملۇك ۋە توغرا ئۇسۇل بىلەن بالىسىنى يېتەكلىمەيدۇ. بۇنداق قىلغاندا، بالىنى نارازى قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا بالىنىڭ ئەسلىي ئۆزىدە بار قىزىقىشلىرىنىمۇ يوق قىلىۋېتىشى مۇمكىن. مەن ئاتا - ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن پىئانىنو ئالدىدا ئولتۇرغان ئاشۇ بالىلارنى كۆرسەملا ئازابلىنىپ كېتىمەن. مېنىڭچە، ئاشۇ بالىلار ئۇ يەردە تەربىيىلىنىش ئەمەس، بەلكى قىيىنىلىۋاتىدۇ. كىچىكىدىن باشلاپلا ئازاب ئىچىدە ئۆگىنىش قىلسا، كېيىن ئۇلار قانداقمۇ ئۆگىنىشنى خالىسۇن؟ ئاتا - ئانىسىنىڭ قامچىسى ئاستىدا رەسىم بويايدىغان بالا رەسسام

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولارمۇ؟ كارل دەسلەپكى تەربىيىدە نورغۇن بىلىم ئىگىلىگەن، ئۇنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك نۇرغۇن قىزىقىشلىرى بار ئىدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئىچ - ئىچىدىن قىزىقىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ ئۆگەنگەن. ئۇ ھەربىر ئىشنى ئۆگىنىشتە تولۇپ تاشقان كۈچلۈك قىزىقىش بىلەن قىلاتتى ھەمدە ئۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپاتتى. قىزىقىشلىرىدىن گۈزەل باللىق دەۋرى يېتىلەتتى.

مەن كارلدىن ھەممە بىلىمنى پىششىق، ئىچكىرىلەپ ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلمايتتىم. چۈنكى، بۇ مۇمكىن ئەمەس ھەم زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئەتراپلىق يېتىلگەن كىشىلەرنى تەربىيىلەش ھەرگىزمۇ ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان ئالاھىدە ئادەم تەربىيىلەش دېگەنلىك ئەمەس. ئادەم كەمچىلىكتىن خالىي ئەمەس. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا مۇكەممەل، ئۇنىۋېرسال بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن ئوغلۇمنى سەنئەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىنچىل ئىلھاملاندۇرۇپ كەلدىم. ئۇ، رەسىم سىزىشقا ۋە مۇزىكىغا ئامراق ئىدى. مەن ئۇنى قوللايتتىم ۋە رىغبەتلەندۈرەتتىم، چۈنكى، بۇ خىل قىزىقىش ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە ئىجادچانلىقىنى كۈچەيتىشكە ياردىمى بار ئىدى. ئەمما بۇ، ئۇنى چوقۇم سەنئەتكار قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىمەن دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيتتى. ئەگەر، ئۇنىڭ شۇنداق ئويى بولۇپ، بىر سەنئەتكار بولۇشنى خالاپ قالسا، ئۇ باشقا گەپ.

بالا ئۆزىنىڭ مەلۇم تۇغما شەرت - شارائىتى بىلەن تازا ماس كەلمەيدىغان ئىشلارغا ئامراق بولۇپ قالسا، ئاتا - ئانىلاردا ئۇنىڭ تاللىشىغا ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتى بار. چۈنكى، كۆپ تەرەپلىمە يېتىلىش ھەرگىزمۇ ئەتراپلىق يېتىلىش ياكى كۈچنى تەڭ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلغانلىق ئەمەس. يەنە مۇھىت ۋە شەرت - شارائىتنىڭ يول قويۇش - قويماسلىقىغا قاراپ، بالىنىڭ



جىسمانىي ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىگە، قىزىقىش - ھەۋەسلىرىگە، تەرەققىيات ئەھۋالىغا ۋە كونكرېت ئۆزگىچىلىكىگە ئاساسەن تەربىيىلەش كېرەك.

گۆدەك بالىلار تۇغما ھالدا ئۆزىگە ئىشىنىدىغان كېلىدۇ، ھەتتا يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندىمۇ، نۇرغۇن قېتىم مەغلۇپ بولغاندىمۇ، بۇ خىل ئىشەنچ قىلچە ئاجىزلاپ كەتمەيدۇ. بۇ، ناھايىتى ياخشى ئىش. گەرچە تەجرىبىلىك كىشىلەر ئۇنىڭ غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، كىچىك بالىلار سادىقلىق بىلەن بوشاشماي تىرىشسىلا ئاخىر غەلىبە قىلالايمەن، دەپ ئىشىنىدۇ. مېنىڭچە، بالىنىڭ بۇ خىل جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشقا تېگىشلىك. ئەمما، بالا ئۆزى توغرا قارار چىقىرالمىغاندا، ئاتا - ئانا بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. مېنىڭچە، قىلچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان يولدا، بالا قىممەتلىك ئۆمرىنى ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك. مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ئاتا - ئانا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا مەسىلىلەرنى رېئاللىققا ئۇيغۇن ھالدا ئويلاشنى ئۆگىتىشى كېرەك. بۇ، بالىنىڭ تەدرىجىي پىشىپ يېتىلىشىدىكى مۇھىم ھالقا.

مەن ھەمىشە كارلغا: «قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىرىنى مۇمكىنقەدەر قولغا كەلتۈرۈش، ۋاز كېچىشكە تېگىشلىكلىرىدىن كەسكىن ۋاز كېچىش كېرەك. چۈنكى، بۇ بىر خىل ئەقىل - پاراسەت ھەم نۇرغۇن كىشىلەر دۇچ كېلىدىغان قىيىن مەسىلە، شۇنىڭدەك تۇرمۇشتىكى بىر خىل سىناق» دەيتتىم. ئوغلۇم مۇزىكا ئۆگىنىشنى باشلىغان چېغىدا، مەن ئۇنىڭ قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈش، بارماقلىرىنى ئەپچىل ھەرىكەتلەندۈرۈشنى كۆزلىگەن. بۇنىڭدىن مەقسەت — مۇزىكا ئارقىلىق ئۇنىڭ مىجەزىنى تاۋلاش، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئېچىش بولغاچقا،

ئۇ خاتا چېلىپ قويسىمۇ ئەيىبلەپ كەتمەيتتىم ھەم بۇ سەۋەنلىكتىن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەيتتىم. بالا ساز چېلىشقا ئامراق بولۇپ، گەرچە تازا ياخشى چېلىپ كېتەلمىسىمۇ، يەنىلا ياخشى ئىش. چۈنكى، بۇنداقتا ئۇنىڭ قىزىقىشىنى يېتىلدۈرگىلى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

ئېسىمدە قېلىشىچە، كارلنىڭ 8 — 9 ياش ۋاقتى بولسا كېرەك، بىر كۈنى ئۇ تويۇقسىزلا ئۆزىنىڭ ئەمدى تىل، ماتېماتىكا دېگەنلەرنى ئۆگەنگۈسى يوقلۇقىنى، باتۇر جانباز بولغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. 8 — 9 ياشلاردىكى بالىلاردا قەھرىمان بولۇش ئارزۇسى بولىدۇ. بۇ، ھەممە بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا چوقۇم بولىدىغان ھالەت. مەن بالىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىمەن، ئۇلار دەل بۇ چاغدا ھەم ئىش ئۇقىدىغان، ھەم ئىش ئۇقمايدىغان باسقۇچتا تۇرىدۇ. ئۇلار كەلگۈسىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ ھەم بەك ئالدىراپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇسى، دۇنيانى بويسۇندۇرغۇسى كېلىدۇ. بارلىق بالىلارنىڭ يۈكى مۇشۇ چاغلاردىن باشلىنىدۇ. مەنمۇ 8 — 9 ياشلىرىمدا شۇنداق ئىدىم. بۇ مەزگىلدە، ئاتا - ئانىنىڭ بالىغا قارىتا توغرا يېتەكچىلىكى ئىنتايىن مۇھىم. بولمىسا، بالا تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن پىسخىك ھالەتتە خاتا يولنى تاللاپ قويۇپ، قىممەتلىك ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. كارلنىڭ جانباز، سەركەردە بولۇش ئارزۇسىمۇ ئۇنىڭ قەھرىمان بولۇش خىيالىدىن كەلگەن. مەن ئۇنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئادەتتىكى ئاتا - ئانىلاردەك ئاددىي ھالدا ئىنكار قىلىۋەتمىدىم، بەلكى ئالدى بىلەن جانباز بولۇشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاستا - ئاستا نەسىھەت قىلدىم.



— ئوغلۇم، — دېدىم ئۇنىڭغا، — ساڭا دەپ بەرگەن ھېلىقى ھېكايىلەرنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، ھېلىقى شەرق جانبازلىرى نېمىدىگەن باتۇر - ھە!

— شۇنداق، مېنىڭمۇ ئاشۇلاردەك باتۇر جانباز بولۇپ، ئادالەتنى ياقلاپ، زومىگەر - زالىملارنى يوقىتىپ، ئاجىزلارغا ياردەم قىلغۇم بار، — دېدى كارل قىزغىنلىق بىلەن.

— ئەمما، سەن ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ جانباز بولغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپ جاپالىق گۆمپا مەشىق قىلىپ، تەرەپ - تەرەپلەردىن ئۇستاز تېپىپ، ماھارەت ئۆگىنىپ، ئاخىر قالتىس باتۇر بولالىغان، — دەپ جاۋاب بەردى كارل.

— جانباز بولۇشنى ئويلىغىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ، ئەمما مەن جانبازلىقنى بىلمەيمەن. يا بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇنداق ماھارەتلىك ئۇستازلار بولمىسا، سەن قانداق ئۆگىنىسەن؟

— شەرققە بارىمەن، جۇڭگوغا، ياپونىيىگە بارىمەن.

— ئۇنداقتىمۇ ياخشى، ئەمما سەن شەرققە بارغاندىن كېيىن، شۇنداق ئۇستازلارنى جەزمەن تاپالامسەنمۇ؟ تاپقان تەقدىردە ئۇلار چوقۇم ساڭا ئۆگىتىپ قويارمۇ؟ تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، مېنىڭ ساڭا ئېيتىپ بەرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ھېكايە، راست بولۇشى ناتايىن. ئويلاپ باق، ئادەم بىردەمدىلا نەچچە ئون مېتىر سەكرىيەلەمدۇ؟ مېنىڭچە، ئىنسانلارنىڭ بۇنداق قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق ھېكايىلار پەقەت خىيالىي پەرەز، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا توقۇلغان. بۇ ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىشتىكى مەقسىتىم بولسا، ئاشۇ جانبازلارنىڭ قەھرىمانلىق روھىدىن سېنى ئۆگەنسۇن دېمەكچى، سېنى چوقۇم ئاشۇلاردەك جانباز بولسۇن دېمەكچى ئەمەس.

بۇ چاغدا، ئوغلۇم ناھايىتى ئۈمىدسىزلەنگەندەك كۆرۈندى. مەن ئۇنىڭغا ئاستا - ئاستا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدىم:

www.uyghurkitap.com

— يەنە كېلىپ، ھازىرقى دەۋر قەدىمكى دەۋر بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ، قەدىمكى قەھرىمان ۋە سەركەردىلەر ئۆزى ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ چىقىشى، قولىغا قىلىچ ئېلىپ جەڭگاھتا جان تىكىپ ئېلىشىشى زۆرۈر ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ئىلىم-پەن بىر قەدەر ئارقىدا، باشلانغۇچ مەزگىلدە ئىدى. ھازىرقى سەركەردىلەردە چوقۇم باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەقىل-پاراسەت بولۇشى، ھەر خىل بىلىملەرنى ئىگىلىشى زۆرۈر. ئۆزىنىڭ ئەلەم ماھارىتىنى ئىشقا سالغان بىلەنلا بولمايدۇ. ئوغلۇم، شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، ھەممە ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىمۇ، يېتەرسىزلىكلىرىمۇ بولىدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سەزگۈرلۈك بىلەن چىڭ تۇتۇشۇڭ كېرەك. قارا، سەن ماتېماتىكا، تىل-ئەدەبىيات قاتارلىقلاردا شۇنداق مۇنەۋۋەر تۇرساڭ، نېمىدەپ ئۇلاردىن ۋاز كېچىسەن؟ قەھرىمان دېگەن جەڭگاھتىلا بولمايدۇ، بەلكى ھەرقانداق ساھەنىڭ قەھرىمانى بولىدۇ. ئەدىب بولساڭ، ئىنسانلارغا ئىنتايىن زور مەنىۋى بايلىق يارىتىپ بېرەلەيسەن، كەشپىياتچى بولساڭ، ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق نەرسىلەرنى يارىتالايسەنغۇ؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرساڭلا، ئوخشىمىغان ساھەلەردە قەھرىمان بولالايسەن. ساڭا ماس كەلمەيدىغان بەزىبىر ئىشلاردىن كەسكىن ۋاز كېچەلىشىڭ كېرەك. راستىنى دېگەندە، ئۆزىگە ھەقىقىي يۈزلىنەلىگەن ئادەملەرلا ھەقىقىي ئادەملەردۇر.

كارل بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ، كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كەتتى. بۇ چاغدا، ئۇ قەھرىماننىڭ مەنىسىنى ھەم قولىغا كەلتۈرۈش، ھەم ۋاز كېچىشنىڭ قائىدىسىنى ھەقىقىي چۈشەنگەنىدى. بۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى ھايات يوللىرىغا زور دەرىجىدە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى. كېيىنكى چاغلاردا، ئۇ مەيلى قانداق ئەھۋالغا دۇچ كەلسۇن، ئاقىلانىلىك بىلەن توغرا



تاللايدىغان بولدى.

## ئوغلۇمنىڭ مەنىۋى ساغلاملىقى

كارلنى تەربىيىلەشتە، مەن ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىزدەيدىغان روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردىم. ھەقىقەت ئىزدەش — ئەخمىقانىلىقتىن ئىبارەت بۇ ھاڭدىن يورۇقلۇققا چىقىش جەريانىدۇر.

كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى تەربىيىلەش جەريانىدا، بالىسىنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش روھى، بىلىم ئىگىلەش ئىشتىياقىغا تامامەن سەل قارايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ نادانلىقىدىن بالىلىرىنى مىشچان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدۇ. بالىسى يا ھۈنەرۋەن، يا دۇكاندارلا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بالا تەربىيىلەشتىكى مەقسىتى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، بالىلىرىنى قانداق قىلىپ پۇل تاپالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ دىتسىزلىقتۇر. ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە پەزىلىتىنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەربىر ئادەم بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق. مەن ئاشۇ نادان ئاتا-ئانىلارغا ئۆزىنىڭ ھېلىقىدەك جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىدىن ۋاز كېچىپ، زېھنىنى بالىسىنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش روھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەرپ قىلىشقا قارىتىشىنى، ئۇنىڭدا بىلىم ئىزدەش ئارزۇسىنى يېتىلدۈرۈشنى، ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى مۇمكىنقەدەر تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى تەكلىپ قىلىمەن. ئەگەر بۇ خىل تەربىيە ھەقىقىي يۈرگۈزۈلسە، بالا ئىپادىلەيدىغان ئىدىيىلەر كاللىسى كونىراپ قالغان ھېلىقىدەك كىشىلەرنى چوقۇم ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇۋېتىدۇ. ھالبۇكى، ھەقىقىي تەلىم-تەربىيە ئارقىلىقلا بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. چۈنكى، مۇشۇنداق تەربىيىلىگەندىلا، بالىنىڭ ئەقىل-

پاراستىنى پائال تىرىشىپ جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بەزى نادان ئاتا — ئانىلار بالىسىنى ھەقىقەت ئىزدەيدىغان قىلىپ تەربىيىلىمەيلا قالماستىن، بەلكى قالايمىقان نەرسىلەرنى بالىنىڭ مېڭىسىگە سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. نەتىجىدە بالا دۆت ۋە يارامسىز بولۇپ قالىدۇ. بالا ھەقىقىي ئەھمىيەتلىك بىلىملەرنى ئۆگىنەلمەيلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ساغلام روھمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ.

بەزى ئاتا - ئانىلار ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، بالىسىنى باشقۇرۇش ئۇچۇن، يا بىكارچىلىقتىن بالىنىڭ ساددا كاللىسىنى قورقۇنچلۇق ۋە خۇراپىي ھېكايىلەر بىلەن توشقۇزۇۋېتىدۇ - دە، ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ ھەقىقەت ئىزدەش ئىشەنچىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. نەتىجىدە بالا بارلىق ئىشلارغا توغرا ھۆكۈم چىقىرالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بالىلار ئەسلىدىلا گۆدەك، ئاجىز بولغاچقا، ئۇلار ياردەمگە موھتاج بولۇۋاتقان چاغدا، ھېلىقى خۇراپىي قاراشلار ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويىدۇ.

گۆدەك ۋاقتىدىلا، بالىنىڭ مېڭىسىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن قورقۇنچ ۋە خۇراپاتلىقلار خۇددى مىكروبتەك ئۇنىڭ قەلبىدە شىددەت بىلەن يامراپ، بالىنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭلاشقا، مەن بالىلارغا جىن - ئالۋاستى، ئەرۋاھ ۋە دوزاخ ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىشكە قەتئىي قارشى تۇرىمەن. بۇنداق قىلىش بالىغا ناھايىتى زىيانلىق. ئۇ، بالىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ھەم ئۇنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بىۋاسىتە ھالدا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تۇرمۇشتا، بولۇپمۇ خەلق ئارىسىدا بالىلارغا قورقۇنچلۇق ۋە خۇراپىي تەسىر بېرىشتەك ئەھۋاللار بەك كۆپ، شۇڭلاشقا بىز ھەر خىل ئالدىنى ئېلىش چارە - تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ بالىلىرىمىزغا كۆرسىتىدىغان ناچار تەسىرىنى تۈگىتىشىمىز



كېرەك. مېنىڭچە، ئاشۇنداق ناچار نەرسىلەرگە قارىتا، ئالدىنى ئېلىش چارە — تەدبىرلىرىنى قوللىنىپلا قالماستىن، يەنە بالىلارنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشىمىز، بالىلىرىمىزنى ياخشى مۇھىتتا چوڭ قىلىشىمىز كېرەك. شۇندىلا بالىلار مەنىۋى جەھەتتە ساغلام يېتىلىدۇ.

بىلىشىمچە، بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ بىنورمال بولۇپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭ مېڭىسىگە گۆدەك ۋاقتىدىلا قورقۇنچ، خۇراپاتلىقلار سىڭىپ كەتكەن بولسا، بۇلار ئىزچىل ھالدا شۇ ئادەمگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ زېھنى ۋە ئاۋارىچىلىككە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەن بۇ ئىشلار توغرىسىدا روھىي كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسىدىن مەسلىھەت سورىغانىدىم. ئۇ، ماڭا كەسىپ ئەھلى بولمىغانلار ئويلاپ يېتەلمەيدىغان مۇنداق بىر ساننى ئېيتىپ بەردى: بىر نەچچە يۈزمىڭ فۇنكسىيىلىك روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ كۆپىنچىسى كىچىك ۋاقتىدىلا قاتتىق قورقۇنچقا ياكى قورقۇنچلۇق ئىشلارغا ئۇچرىغان ياكى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالغىلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان. ھېلىقى مۇتەخەسسىس يەنە كىچىك ۋاقتىدا تەلىم - تەربىيە جايىدا ئېلىپ بېرىلسا، بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى، بەلكى جايىدا ئېلىپ بېرىلغان تەلىم - تەربىيە بۇنداق فۇنكسىيىلىك روھىي كېسەللىكلەرنى زور دەرىجىدە يەڭگىللىتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭدىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، تېبابەتتىن قالسىلا، مائارىپ ئىنسانلارنى قۇتقۇزىدىغان ئاساسلىق ۋاسىتە. ھېلىقى روھىي كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى مېنى تېخىمۇ ياخشىراق چۈشىنىۋالسۇن دەپ، ئۆزىنىڭ بىمارلىرىنى ماڭا قىزغىنلىق بىلەن كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 26 ياشلىق بىر ياش يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ كېسىلى خامۇشلۇق كېسەللىكى دەپ ئاتىلىدىكەن.

ئۇ، گويا كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھ سادىر قىلغاندەك تۇيغۇ ۋە خىيالدىن قوتۇلالمايدىكەن. ئۇ، ئۆزىنى كەلگۈسىدە چوقۇم دوزاختا ئازابلىنىمەن، مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەيمەن، دەپ قارايدىكەن. ئۇنى مانا شۇنداق بىر خىل قورقۇنچ چىرمىۋالغاچقا، ناھايىتى بىچارە كۆرۈنىدىكەن. دوختۇر ئۇنىڭ كېسەللىك سەۋەبىنى ئېنىقلاپ كۆرسە، ئۇ بەش ياش چېغىدا مەكتەپتىكى ئايال ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ كاللىسىغا دوزاخنىڭ قورقۇنچىنى سىڭدۈرۈۋەتكەنىكەن. بۇنداق خامۇشلۇق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان يەنە بىرەيلەن بولۇپ، ئۇ بىر باستىبرنىڭ ئايالى ئىكەن. ئۇ، ھەممە نېمىدىن قورقىدىكەن. قاراڭغۇ چۈشۈشتىن، قاراڭغۇ يەردە ئۆزى يالغۇز تۇرۇپ قېلىشتىنمۇ قورقىدىكەن. كېچىسى ئۇخلاشقا پېتىنالمايدىكەن، ئۇخلىسا قارا باسىدىكەن. نەتىجىدە ئۇ ئورۇقلاپ، بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭ كېسەللىك سەۋەبىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرسە، ئۇمۇ كىچىك ۋاقتىدا دىنىي جەمئىيەتتىكى مەلۇم باستىبردىن جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ھېكايىسىنى تولا ئاڭلاپ كەتكەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى. مەن بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ بەك ئازابلاندىم. باستىبرنىڭ بۇرچى باشقىلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنى زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا باشلاپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئەمما، مېنىڭ ھېلىقى كەسىپدىشىم ئەكسىچە ئىش قىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئەخمىقانە ئىشلىرى، جىن - ئالۋاستى ھەققىدە ھېكايىلىرى بىر ئاق كۆڭۈل ئادەمنى زۇلمەتكە باشلاپ قويۇپتۇ. ئۇ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلمىغان، ھەقىقىي بىر گۇناھكار باستىبر ئىكەن. مېنىڭچە دوزاخنىڭ ئەڭ تېگىدە ئازابلىنىدىغىنى دەل شۇ. ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى پەرۋەردىگار مەڭگۈ كەچۈرمەسلىكى مۇمكىن.

مەن ئوغلۇمغا نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەرگەن، ئەمما ھېلىقىدەك قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى ئەزەلدىن ئېيتىپ بەرمىگەن. مەن ئۇنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا پايدىلىق



www.uyghurkitap.com

بولغان ياخشى ھېكايىلەرنىلا ئېيتىپ بېرەتتىم. ئۇنىڭغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشنى ھېس قىلدۇراتتىم، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى چۈشەندۈرەتتىم. كارل بىر قېتىم مەندىن جاھاندا جىن - ئالۋاستى بار - يوقلۇقىنى سورىۋىدى، مەن: «بار دېسەكمۇ، يوق دېسەكمۇ بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ، مېنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھەيران بولدى. چۈنكى، مەن ئۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بەرمىگەنىدىم.

— مېنىڭچە بار، — دېدى كارل.

— نېمىشقا؟

— كىشىلەر جىن - ئالۋاستى بار، دېيىشىدىكەن.

— ئۇلار بىلمىگەنلىكتىن شۇنداق جۆيلىشىدۇ.

— ئۇنداقتا، دادا، نېمىشقا بار دېسەكمۇ بولىدۇ دەيسىز؟

— ئەمەلىيەتتە جىن - ئالۋاستى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىلا بولىدۇ، — دېدىم ئوغلۇمغا تىكىلىپ، مېنىڭچە، ئۇنىڭغا قائىدىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش زۆرۈر ئىدى، — ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ قەلبىدە جىن - ئالۋاستى بولمايدۇ. ھېلىقىدەك ئەسكى ئادەملەرنىڭ قەلبىدە جىن - ئالۋاستى بولىدۇ. قاراپ باقمامسەن، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ئاشۇ كىشىلەر جىن - ئالۋاستىغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئۇلار كۈن بويى كىشىلەرگە زىيانلىق ئىش قىلىپ يۈرۈيدۇ، ئۇلار جىن - ئالۋاستى بولماي يەنە نېمە؟ ئوغلۇم ئېسىڭدە بولسۇنكى، قەلبى نۇرغا تولغان، دۇرۇس، باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان، ياخشى ئىش قىلىدىغان، باشقىلارنى ئويلايدىغان كىشىلەر پەرىشتىلەرگە ئوخشاش؛ ئۆزىنىڭلا غېمىنى يەيدىغان، ئەسكىلىك قىلىدىغان ئادەملەر جىن - ئالۋاستىغا ئوخشاش. بىر ئادەمنىڭ قەلبى نۇرلۇق بولسىلا، يامانلىق ۋە قەبىھلىك ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ.

— چۈشەندىم دادا، — دېدى كارل، — دۇنيادا جىن -

ئالۋاستىلار بار ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان ھېلىقىدە يامان ئادەملەر ئىكەن. مەن چوقۇم دۇرۇس ئادەم بولۇپ، جىن ـ ئالۋاستىدىن قورقۇپ يۈرمەيمەن.

بۇ چاغدا كارلىنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، قەلبىدىكى چىگىشلەر يېشىلىپ كەتتى. يەنە تېخى ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى بىلىۋالدى. ياخشى تەربىيە ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى نۇرلاندۇرالايدۇ، بالىدا ئىشەنچ تۇرغۇزالايدۇ ھەمدە بالىنى خۇشال ــ خۇرام، ئۈمىدۋار قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالايدۇ. لېكىن، ئەخمىقانە، نادان تەربىيە بولسا، بالىنى قاراڭغۇ ھاڭغا ئىتتىرىۋېتىدۇ.



ئون بەشىنچى باب

# بالامغا كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتتىم

*ناۋادا كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا چۈشىنىش بولمىغان بولسا، ھەممە ئادەم ئۆز پىكرىدە، ئۆز قارىشىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىپ باشقىلارنىڭكىنى مەڭگۈ ئىنكار قىلغان بولاتتى.*

## سىر دېيىش سەنئىتى

مېنىڭچە بالا قانچىلىك ئەقىللىق بولۇپ كەتسۇن، ناۋادا كىشىلەر بىلەن قانداق ئالاقە قىلىشنى بىلمىسە، ئۇ ھالدا ئۇ بىر يەككە ـ يىگانە قالغان خىسلەتلىك بالا بولۇپ قالىدۇ، خالاس. بۇنداق بالا مەيلى قانچىلىك خىسلەتلىك بولسۇن، ئۇنىڭ كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرغۇدەك بىرەر ئىشنى قىلالىشى ناتايىن. چۈنكى، ئۆزىنىڭ بىلىمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا، باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بىلمىسە، يوشۇرۇن تالانتىنىڭ جارى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق بالىلارنىڭ ئالەمشۇمۇل كارامىتى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار پەقەت ئىشىكنى ئېتىۋېلىپ دۇنيانى يارىتىمەن دەيدىغان كىتاب خالتىسىدىن باشقا نەرسە بولالمايدۇ.

كارلنى تەربىيىلەشتە مەن مۇشۇ نۇقتىغىمۇ دىققەت قىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن ئىجىل - ئىناق ئۆتۈشى، كۆپلىگەن دوستلارنى تۇتۇشى ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭغا دوستلۇق، ھەمكارلىشىش، كەڭ قورساق، ئوچۇق - يورۇق بولۇش، ھەققانىيەتچىل، ئەدەپلىك، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، مەسئۇلىيەتچان، تەشكىللەش ئىقتىدارى بولۇش قاتارلىق تەلەپلەرنى قويدۇم. مەقسىتىم بۇلارنى باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش مىزانى قىلىپ، ئۇنىڭغا باشقىلار بىلەن لايىقىدا ئارىلىشىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش ئىدى.

باشقىلار بىلەن ياخشى ئارىلىشالايدىغان ئادەم ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئەكسىچە بولسا دائىم بۇرنىغا يەپ قىلغان ئىشى ئىلگىرى باسمايدۇ. باشقىلار بىلەن ئاسان چىقىشالايدىغانلار مەڭگۈ خۇشال ھاياتقا ئېرىشىدۇ، باشقىلار بىلەن چىقىشالمايدىغانلار يالغۇزلۇق ۋە بەختسىزلىكتە ئۆتىدۇ.

بىر كۈنى، بىر دوستۇم ماڭا ئۆيىدىكى ئىشلارنى ئېيتىپ: «بەزىدە ئائىلىمىزدە مەسىلە كۆرۈلسە بىز ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن سۆزلەشمەيمىز. بىر تەرەپتىن ئەنسىرىسەك، بىر تەرەپتىن يۈز ئالايمىز. ھەممىمىز شۇنداق قىلىشقا كۆنۈپ قالدۇق، ئايالىممۇ، بالامىمۇ شۇنداق» دېدى.

مەن ئۇنىڭغا: «ئەگەر ھەممىڭلار كۆڭلۈڭلاردىكىنى ئاشكارىلاشنى خالىساڭلار سىلەرنىڭ ئائىلە يىغىنى ئېچىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. يىغىندا ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ» دېدىم. كېيىن دوستۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەممىسى بىردىن خاتىرە تۇتۇپ باشقىلارنىڭ قىلغان خاتا ئىشلىرىنى يېزىپ چىقىپتۇ. ئۇلار ۋاقىت بەلگىلەپ يىغىن ئېچىپتۇ. يىغىندا يېڭى رەھبەر سايلاپ چىقىپ ئۇنىڭ بارلىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىنى بەلگىلەپتۇ.

كېيىن دوستۇم ئائىلە يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن ئۆيدىكى



كەيپىياتنىڭ كۆپ ياخشىلانغانلىقىنى، ھەر قېتىمقى يىغىننىڭ بايرام تۈسىگە كىرىپ، كۆپچىلىكنىڭ خۇشال - خۇرام پىكىرلەشكەنلىكىنى ئېيتتى. دەسلەپتە ئۇلار بىر - بىرىدىن تارتىنىپ يۈرۈپتۇ، ئەمما كېيىنچە كۆڭلىدىكىنى ئەركىن - ئازادە زىددىيەتلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپتۇ.

بالىلار ئىلگىرى دادىسى بىلەن سۆزلىشىشكە جۈرئەت قىلالمايدىكەن، ئايالىمۇ ئۇنىڭدىن بەك تەپتارتىدىكەن، ھازىر بالىلار ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلىدىغان بولۇپتۇ، بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىردەم - يېرىمدەم بىللە ئوينىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئاتا - ئانا قىلچە ئىككىلەنمەيلا ماقۇل بوپتۇ، ئەمما بالىلاردىن ۋاقىت توشقاندا ئۆز ھۇجرىسىغا چىقىشىنى، تاماقلىنىپ، يۇيۇنۇشىنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇلار بۇ خىل پاراڭلىشىش ئۇسۇلىدىن بەك رازى بوپتۇ. ئۆيدىكىلەرنىڭ رىشتى كۈچىيىپ، ئائىلە تەربىيىسى ئويلىغاندەك ئۈنۈم بېرىشكە باشلاپتۇ، دوستۇم بىلەن ئايالىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ئۇلار يېڭى توي قىلغان ۋاقىتلاردىكىدەك ئىجىل بولۇپ كېتىپتۇ.

بۇ ئۇسۇلنى مەن ياردەم بېرىش شەكلىدىكى ئائىلە تەربىيىسى دەپ ئاتىدىم. مېنىڭچە ئائىلە تۇرمۇشى ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا پىسخىك توسالغۇ ۋە ئارىلىق پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئائىلىمۇ ئالاھىدە بىر خىل كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە، شۇڭا ئائىلىنىڭ بۇنداق رولىدىن پائال ۋە تولۇق پايدىلىنىش ئارقىلىق دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم. مەسىلەن، ئاتا بەزىدە تۈگۈمەس ئۆي ئىشلىرىغا قالغان بولىدۇ، بالىلارنىڭ قالايمىقانچىلىقى ۋە تەرتىپسىزلىكى ئۇنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئارتتۇرۇۋېتىدۇ؛ بىر كۈنلۈك خىزمەتتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن دادىنى ئاشۇ كەپسىز بالىلارنىڭ ۋارى - ۋارىلىرى تېخىمۇبەك چارچىتىۋېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارغا بەزىلەر چىداپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما بۇنداق چىداش بالىلارنىڭ تەربىيىسىگە پايدىسىز

بولۇپلا قالماي، ئاتا ـ ئانىنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنداقتا ئاچچىقلىنىپ ئەدەپلىسچۇ؟ بۇمۇ ئاقىلانە ئۇسۇل ئەمەس، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلار ئارىسىدىكى مۇھەببەتكە دەز كېتىدۇ.

ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار ئاكتىپ ئۇسۇل ۋە پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ مەسىلىنى ھەل قىلسا، ئائىلە ئەزالىرى ئازادە، ئىناق كەيپىيات ئىچىدە ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇ ھالدا نەتىجىسى بىرقەدەر ياخشى بولىدۇ.

بالىلار بىلەن ئاكتىپ پاراڭلىشىش، سىزدىشىش بالا تەربىيىلەشتىكى ئەڭ ئاساسلىق ئۇسۇل بولۇپلا قالماي، يەنە بىر خىل تەربىيىدۇر. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەسىرىدە بالىلارمۇ ئۆز مۇھىتىدا ئىشەنچ بىلەن ئاكتىپ ئوتتۇرىغا چىقالايدۇ، ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى بىمالال ھەل قىلالايدۇ.

مەن كارلنى ئۈچ ياشقا كىرگەندىن باشلاپلا ئائىلە يىغىنىغا قاتناشتۇرغان ئىدىم. ئانىسى ياكى ئايال چاكار بىلەن مەلۇم ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەشكەندە ئۇنىڭمۇ شۇ يەردە بولۇشىغا يول قويىدۇم. گەرچە ئۇ چاغدا كارل گېپىمىزنى چۈشىنەلمىسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىمىزنى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى، باشقىلار بىلەن ئۆزئارا قانداق گەپلىشىشنى، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكى قاتارلىقلارنى بىلىۋالالايتتى.

ئائىلە يىغىنى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ كونكرېت ۋە ئىنچىكە تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئەمما بۇ كۆپ ھاللاردا تەربىيىلىگۈچى ۋە تەربىيىلەنگۈچى ئىككى تەرەپ سەل قارايدىغان مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئانىلار بالىلىرىنىڭ كىر يۇيغاندا كىرلەرنى يۇيۇشۇپ ـ يېيىشىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلسا، بالىلار ئاتىلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆپرەك بىللە ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ مۇشۇنداق نازۇك تەلەپلىرىنى بىلىۋالسىلا، بالىلىرىنىڭ قەلبىنى چۈشىنەلەيدۇ، بۇنداق چوڭقۇر



چۈشىنىش بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇلار ئاتا ـ ئانا تەربىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى قوبۇل قىلىدۇ.

كارلنى تەربىيىلەش جەريانىدا مەن بالىلار بىلەن چىقىشىشنىڭ ئېپىنى ئاستا ـ ئاستا بىلىۋالدىم، بۇنىڭ بىرى، «سىردىشىش سەنئىتى» ئىدى.

كارل ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋاقىت ئاجرىتىپ بۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەيتتى، ئاپىسى بىلەن مەن ئەستايىدىل ئاڭلايتتىم. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇ تەبئىيلا، نېمىنى توغرا، نېمىنى خاتا قىلغانلىقىنى بىلىۋالاتتى. كارل يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەش جەريانىدا ئۆزىنى ـ ئۆزى تەكشۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قالدى. بىزمۇ ئوغلىمىزنىڭ مىجەزى، كىشىلەر بىلەن قىلغان مۇئامىلىلىرىنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق. ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز بالىلىرىنىڭ سىر تۇتماسلىقىنى، ئۆزىنى يات كۆرمەسلىكىنى ھەمدە ئۆز مەسلىھەتىنى، پىكرىنى ئاڭلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن سىردىشىش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشى كېرەك. شۇندىلا ئۇلار بىلەن بىمالال، ئەركىن ـ ئازادە سىردىشالايدۇ.

كارل بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا مەن ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا دىققەت قىلدىم، ئەمما بۇ ھەممىدە ئۇنىڭ مەيلىگە بېقىش دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ناتوغرا كۆز قاراشلىرىنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ بەردىم ھەمدە ئۇنىڭ ئاساس ـ قائىدىلىرىنى چۈشەندۈردۈم.

بىر كۈنى كارل ماڭا قوشنىمىز بىرۋۇن خانىم بىلەن خوشى يوقلىقىنى ئېيتتى. سەۋەبىنى سورىۋېدىم: «ئۇ زادىلا كۈلمەيدۇ، چىرايى بەك يېقىمسىز» دېدى.

www.uyghurkitap.com

مەن كارلغا: «سىنىڭ بىرۋۇن خانىمغا ئۆچلۈكۈڭ ئۇنىڭ چىرايىنىڭ يېقىمسىزلىقى ۋە ئاز كۈلۈشى سەۋەب بوپتۇ - دە، ئەمما ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىنى سەن بىلمەيسەن، سەن ئۇنىڭغا دوستانە مۇئامىلە قىلساڭ ئۇ بەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، سىلەرمۇ ئەپ ئۆتىسىلەر» دېدىم.

كەچلىك تاماق بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم، ئەڭ گۈزەل بىر پەيت، داستىخاندا دائىم دېگۈدەك بەزى ئائىلە مەسىلىلىرىنى تەھلىل قىلىمىز، بۇنداق چاغلاردا ھەرقانداق كىشىنىڭ بىزنىڭ بۇ خۇش كەيپىمىزنى بۇزۇۋېتىشىگە قەتئىي يول قويمايمەن. بۇ چاغدا ئائىلىمىزدىكى ھەرقانداق ئەزا ئۆزىنىڭ پىكرىنى بايان قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. مەن بۇ چاغدىكى سىردىشىشنىڭ ئۇنۇمىنىڭ ئادەتتىكى بىلەن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. كارلنىڭ مۇشۇنداق چاغلاردا ئىپادىلىگەن كۆز قاراشلىرىغا مەن بەك دىققەت قىلىمەن، ئۇمۇ بۇنداق چاغلاردا ھۆرمەتكە ئېرىشكەندەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ.

مەن بەزىدە مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ ئوغلۇم بىلەن بىللە بولىمەن، داللارغا بىللە چىقىمەن، بىرگە غىزالىنىمەن، بىر - بىرىمىزگە بولغان مېھرىمىزدىن ئورتاق بەھرىلىنىمىز. بۇنداق ئازادە كەيپىياتتا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشسام تەبئىي ئۆزۈمنى شۇنداق بىمالال ۋە ئەركىن سېزىمەن.

«سىردىشىش» بەك ياخشى تەربىيە ئۇسۇلى ئىكەن، باللار بىلەن سىردىشىش ئارقىلىق بىزنىڭ ئۇلارنى ھۆرمەتلەۋاتقانلىقىمىزنى، كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق باللارغا ئۆزىنى تونۇتۇپ ۋە ئۆز ئىقتىدارىنى بىلدۈرۈپ يېتىشىگە تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ. بالىغا ئۇنىڭ ئۆز ئەركى ۋە ئىختىيارى بىلەن شەيئىلەرگە بولغان خاس قاراشلىرىنى بىمالال ئوتتۇرىغا قويسا بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ مەسخىرە ۋە كەمسىتىش ياكى



پەرۋاسىزلىققا ئۇچرىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرەلىسەك، ئۇنىڭ دادىل ئادەم بولۇشىغا، ھازىر ۋە كېيىنچە مەكتەپ، خىزمەت، جەمئىيەتتە ئۆزىگە ئىشىنىپ، ھەر خىل ئىشلارنى جۈرئەتلىك بىر تەرەپ قىلىشىغا ۋە ئۇلارغا توغرا قارىشىغا پايدىلىق.

سىردىشىش — بىر خىل سەنئەت بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ۋاقىت، ئورۇن، مۇھىت ۋە ئۇسۇل ئامىللىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆزدە تۇتۇش لازىم. بەزىدە باللار ھېسسىيات ۋە پسىخىك جەھەتتە ئۆزىگە تەۋە كىچىك دۇنياغا موھتاج بولۇپ قالىدۇ. ھېسسىيات داۋالغۇشى بەك چوڭ بولۇپ كەتكەچكە، ئۇلار سوئال - سوراققا ئەمەس تەسەللىگە بەكرەك ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا بالىنى قۇچاقلاپ، بېشىنى سىلاپ ، ئۇنىڭغا ئۈنسىز مۇھەببەتنى ھېس قىلدۇرۇش لازىم. بەزىدە گەپ بىلەن مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىش تازا مۇۋاپىق بولماي قالسا، خەت يۈزىدە ئىپادىلىدىم. بۇ مېھىر - مۇھەببەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

مەن ئامالىنىڭ بېرىچە ئۆيىدىكىلەرنىڭ ئوغلۇم بىلەن سىردىشىشىغا كاپالەتلىك قىلدىم. بۇ بالىنى چۈشىنىشكە ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭغا باشقىلار بىلەن قانداق چىقىشىش ۋە باشقىلار بىلەن چىقىشىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىشتىمۇ بەك مۇھىم رول ئوينىدى.

## ئۆزئارا چۈشىنىشنىڭ كۈچ - قۇدرىتى

ئائىلىدىكى ھەر خىل مەسىلىلەر، مەسىلەن، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھېسسىيات جەھەتتە ياتلىشىشى، يىراقلىشىشى، باللارنىڭ پسىخىك ۋە خاراكتېر جەھەتتىكى كەمچىلىكلىرى قاتارلىقلار ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىدىكى سىردىشىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەممىسىنىڭ مەنبەسى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ

بىر - بىرىنى تازا چۈشەنمىگەنلىكىدىن بولىدۇ.

بالىلارنىڭ يالغان سۆزلىشىنى ئالساق، نۇرغۇن چاغلاردا بالىلار ئاتا - ئانىلىرى بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرالمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئۇلار ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئىشلارنى تەھلىل قىلىش، ئۇ ئىشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىدىن قاتتىق تەنبىھ ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا، بالىلار ئەھۋالنى ئاتا - ئانىلىرىدىن يوشۇرىدۇ. مېنىڭچە، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئائىلە سۆھبىتىدە تۆۋەندىكى ئامىللارغا دىققەت قىلىش كېرەك. چۈشىنىش، كۆيۈنۈش، قوبۇل قىلىش، ئىشىنىش ۋە ھۆرمەت قىلىش. چۈشىنىش — ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتتىن قارىشى تەرەپنى ئويلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. كۆيۈنۈش - قەلبىدە ساقلىنىپ تۇرسىلا ھېساب ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنى ھەرىكەتتە ئىپادىلىشى لازىم. قوبۇل قىلىش ھەممە ئادەمنىڭ خاس خاراكتېرىنى چىقىش قىلىپ ئارتۇقچىلىرىدىن بەھىر ئېلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىشەنچ — باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ھۆرمەت قىلىش، بالىلارغا بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ھوقۇق ۋە پىكىر، تاللاشلىرىغا ھۆرمەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ساغلام ۋە پائال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئاشۇنداق مۇناسىۋەتتىكى ئائىلىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاتا-ئانا بەلگىلىگۈچى، قارار چىقارغۇچى، بالا بولسا قارارنى ئەمەلىيلەشتۇرگۈچى بولىدىغان قاتمال ئائىلە مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىش لازىم. ئاتا - ئانا بولغۇچى ئائىلە تەربىيىسىدە رول ئالماشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشى، ھەر بىر ئائىلە ئەزاسى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى پائال چۈشەندۈرۈشى لازىم. ئادەتتە چوڭلارنىڭ مەسىلىسى دەپ قارىلىدىغان بەزى ئائىلە مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقا بالىلارنىمۇ قاتناشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ چوڭلارنىڭ دەردىگە



دەرمان بولۇشنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاتا - ئانىلار بىرتەرەپتىن بالىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغاپ، بالىلارنىڭ قابىلىيىتىنى چۈشەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا بولغان ئىنكاسىنى بىلەلەيدۇ.

ئىنىمىنىڭ ئوغلى ۋېرنا مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ بىر مەزگىل تۇرغان، ئۇ كارلدىن بىر ياش كىچىك ئىدى. ۋېرنا بەك ئوماق بولۇپ، ھەممىمىز ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدۇق، ئۇنىڭ ئۆيىمىزدە تارتىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كارلغا قارىغاندا ۋېرناغا بەكرەك كۆيۈنەتتۇق، شۇڭىمۇ كارل ئانامنىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭغا يۆتكىلىپتۇ دەپ خاتا چۈشىنىپ قاپتۇ.

ئۇنىڭچە ھەر قېتىم ۋېرنا بىلەن گەپ تالىشىپ قالغاندا ئاپىسى چوقۇم ۋېرنا تەرەپتە تۇرىدىكەن. بۇ بالىلاردا ئاسانلا پەيدا بولىدىغان، باشقىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇھەببىتىنى تارتىۋالغاندەك تۇيۇلىدىغان تەڭپۇڭسىز پسىخىك كەيپىيات، ئەمما كارلنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ ۋېرنا بىلەن بىللە تۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ھەرىكىتىنى تەڭشەپ، باشقىلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان روھىي ھالەتنى تۈگىتىپ باشقىلاردىن خەۋەر ئېلىشنى، باشقىلار بىلەنمۇ ياخشى چىقىشىپ ئۆتۈشنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

كارلنىڭ بۇنداق پوزىتسىيىسىنى ئاپىسى بىۋاسىتە تەنقىد قىلمىدى ياكى ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا ئۆزۈڭدىن كىچىك ئىنىڭ بىلەن ئېيتىشىسەن؟» دەپ سوراپ ئولتۇرمىدى. ئەكسىچە ئۇلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن: «سىلەرگە شۇنداق مەسلىھەت بېرىمەنكى، بۇندىن كېيىن ئىناق ئۆتۈڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا ئەمدى ئارىلاشمايمەن، سىلەر ھازىر ئۆز ئىشىڭلارنى ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلغۇدەك ھالغا كەلدىڭلار، كارل، سەن ئىنىڭنىڭ كۆڭلىگە ئەمدى ئازار بەرمەيسەن، شۇنداققۇ، ئەگەر سىلەر يەنە ئىناق ئۆتمىسەڭلار مېنى قايتا ئىزدىسەڭلار بولىدۇ» دېدى. شۇنداق

قىلىپ كارلنىڭ ئاپىسى كۆيۈنۈش ۋە ھالىدىن خەۋەر ۋەزىپىسىنى كارلنىڭ زىممىسىگە ئارتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي، چوڭقۇر تۇغقاندارچىلىق رىشتىسى باغلاندى. ئاپىسىنىڭ سەمىگە سېلىشى بىلەن كارل ئۆز مەسئۇلىيىتىنى، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدە ئۆتەيدىغان مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلىپ يەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئاستا - ئاستا ئىش ئوقۇپ، چوڭ بولدى، ھەممە ئىشتا ئىنىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناشتىن باشقا، يەنە ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇپ بېرىدىغان، قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدىغان بولدى.

بەزىدە كارلدىكى مەسىلىلەرنى سەزسەم، ئۇنىڭغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۈزىتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. يەنە بەزىدە ئۇنى ئۆزىنىڭ قارار چىقىرىشىغا قويۇپ بېرىمەن. مەن كارلدىن: «ھازىرقى مەسىلىنى قانداق ھەل قىلساق بولار؟» دەپ سورايمەن. بۇ ئوغلۇم ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىشىمىزگە پايدىلىق، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى چۈشەنگەندىلا ھەممە مەسىلە ئۆز يولىدا ھەل بولىدۇ.

بىر قېتىم كارل بىلەن ۋېرنا دالاغا چىقىپ ئويناماقچى بولۇپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ چوقۇم گۆگۈم چۈشۈشتىن بۇرۇن قايتىپ كېلىشىنى ئېيتىپ ماقۇل بولدۇم. لېكىن، ئۇلار ئويۇنغا بېرىلىپ كەتتى بولغاي، ئۆيگە كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغىنىغا قارىتا مەن ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. ئەمما ئۇلار كېيىن مۇشۇنداق تەلەپ قويغاندا مەن كارلغا: «بىر ئىش بىزنى بەك بىئارام قىلىدىكەن سىلەر كېلىمىز دېگەن ۋاقىتتا كەلمەيدىكەنسىلەر، بىز سىلەرنىڭ نېمىشقا كېچىككەنلىكىڭلارنى بىلمەي بەك تىتىلداپ كېتىدىكەنمىز، ھېلىقى كۈنى ئاپاڭ جىلە بولۇپ يىغلاپ سالغىلى ئاز قالدى. سېنىڭچە بۇ ئىشنى قانداق قىلساق بولار؟» دەپ سورىدىم. بالىلار قارار چىقىرىشقا



قاتناشقاچقا ئۆزلىكىدىن تەلىپىمىز بويىچە ئىش قىلىشنى توغرا تاپتى. شۇندىن كېيىن كارل ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمايدىغان ئىشنى قايتا قىلمىدى. مېنىڭچە كونكرېت مەسىلىنى بىللە ھەل قىلىش ئارقىلىق بالىغا «چۈشىنىش، ئىشىنىش، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش» تەك قائىدىلەرنى بىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. مەسلىھەت ئارقىلىق ئىش ھەل قىلغاندا بالىلار مەسىلىلەرنى باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلايدىغان بولىدۇ. بۇ ئۇلاردا ئاسانلا باشقىلارنى چۈشىنىدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار كۆرۈلگەندە، ئەگەر كارل بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۇسۇلىنى تاللىماستىن، ئۇنى تىللاپ تۇرسام، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەجرىنى بۇنچە چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن بولمايتتى، ھەتتا ئەكسىچە گېپىمىزنى بارغانچە ئاڭلىماس بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

بىر قېتىملىق ئائىلە يىغىنىدا ھەممەيلەن كارلنىڭ پىلانىنى تەھلىل قىلدۇق. كارل ھەپتە ئاخىرىدا بىر قېتىم دالا تاماقى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى، ئۇ مەن ئۇستۇمگە ئالمىدىغان بۇ ئىشنى قىلىپ سىناپ باقماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ دالا تاماقى قىلىدىغان جاينى ۋە ۋاقىتنى بەلگىلىدى، تاماقلار توغرىسىدىمۇ ئۆز پىكرىنى قويدى. ئاپىسى ئىككىمىز ئۇنىڭ پىلانىنىڭ ئورۇندىلىشى ئۈچۈن بەزى پىكىرلىرىمىزنىمۇ قوشۇپ قويدۇق، دەپتەرگە ئۆزىمىزنىڭ ئويلىغانلىرىمىزنى يېزىۋالدۇق. ئائىلە يىغىنىمىز خاتىرە كۈنلىرى، سوۋغا تەقدىم قىلىش، مېھماندارچىلىق، ئويۇن ئويناش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم يىغىلىش، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھېسسىياتىنى ۋە چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم ھالقا بولۇپ قالغانىدى. ئائىلە يىغىنىدا بىز ئوغلىمىزنىڭ بەزى قاراشلىرىغا ئوخشىمىغان پىكىرلىرىمىزنى بەردۇق. ئەمما بىز تەنقىدى پىكىرلىرىمىزنى ئالدىراپ ئوتتۇرىغا قويمىدۇق،



www.uyghurkitap.com

بەزى ئەپچىل ئۇسۇللار ئارقىلىقلا ئۇنىڭ ھەقىقىي توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىغا ھەمدەم بولدۇق.

مېنىڭچە سىردىشىش ۋە چۈشىنىش بەك مۇھىم. ئائىلىدىكى چۈشىنىش ۋە سىردىشىش بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر بىر بالا كىچىكىدىن باشلاپ ئۆيىدىكىلەر بىلەن قانداق چىقىشىشنى بىلىۋالسا، ئۇ ھالدا جەمئىيەتكە چىققاندىمۇ باشقىلار بىلەن ئاسانلا چىقىشالايدۇ.

ئەڭ مۇھىمى باشقىلار بىلەن چىقىشىش باشقىلارنى چۈشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. ناۋادا كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا چۈشىنىش بولمىغان بولسا، ھەممە ئادەم ئۆز پىكرىدە، ئۆز قارىشىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىپ، باشقىلارنىڭكىنى مەڭگۈ ئىنكار قىلغان بولاتتى. ئەگەر ئادەم ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىپ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرمەسكە سالسا، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشىدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولىدۇ؟ ئەگەر بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن باشقىلارنى چۈشەنمىسە، باشقىلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلىيالمىسا، ئۇ ھالدا ھەر قانچە ئىقتىدارلىق بولغان تەقدىردىمۇ ھېچ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمايدۇ، پەقەت ئۆزىگە ھەر خىل توسالغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ، خالاس. شۇڭا، مەن باشقىلارنى چۈشىنىش باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ساپا دەپ قارايمەن، مۇشۇنداق قىلغاندىلا بالا ھەر تەرەپتىن تەرەققىي قىلىپ، ئىستىبداتلىق بولۇپ چىقالايدۇ.



## ئون ئالتىنچى باب

# مېنىڭ تەربىيىلەش نىشانىم

*كىشىلەر مېنىڭ كارلىنىڭ رەسىم، مۇزىكا، ئەدەبىيات قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىزىقىشلىرىنى يېتىلدۈرۈشۈمنى پۈتۈنلەي باشقىلار ئالدىدا كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن، دەپ قارايدىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ ماڭا بەرگەن ئەڭ خاتا باھاسىدۇر. مەن ئۇنى ئەزەلدىن قانداقتۇر مەلۇم جەھەتتە خىسلەتلىك بالا قىلىپ چىقىش ئويىدا بولمىغان. يەنە ئەزەلدىن ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئارتۇقچە بىلىندۈرۈپمۇ كەتمىگەن ئىدىم.*

*مەن پەقەت ئوغلۇمنى ھەر ھالدا مۇكەممەللەشكەن ئادەم قىلىپ چىقماقچى ئىدىم، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بەخت ۋە خۇشاللىقلار ئىچىدە ئۆتۈشىنىلا ئارزۇ قىلاتتىم، مېنىڭ ئارزۇلىرىم شۇلا ئىدى.*

### ئوغلۇمغا ھەممىنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇشۇم ھەر ھالدا ئۇنى مۇكەممەل ئادەم قىلىش ئىدى

ھېچقانداق سەنئەت پۈرىقى يوق ھايات تۇزسىز تائامغا ئوخشايدۇ، مېنىڭچە بالىنى ئۆمۈرلۈك بەختكە ئېرىشتۈرىمىز، ھاياتنى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدۈرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئۇلارنى ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى

ئادا قىلىشىمىز لازىم.

مېنىڭ تەربىيىلەش نىشانىم جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئەتراپلىق، ساغلام قىلىپ يېتىشتۈرۈش. شۇڭا، مەن كارلنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي-جىسمانىي ۋە قابىلىيەتلىرىنىڭ تەڭ تەرەققىي قىلىشىغا بەك ئەھمىيەت بەردىم. نوقۇللا بىلىملىك ئادەم كىتاب خالتىسى بولۇپ قالىدۇ، ھېچقانداق ئەمەلىي ئىشلارنى قىلالمايدۇ. مەن ئوغلۇمنى ئۇنداقلاردىن قىلىپ قويۇشنى قەتئىي خالىمايتتىم. خۇداغا شۈكرى، ھەر ھالدا ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئۇنداق بولۇمسىزلاردىن بولۇپ قالمىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بەزىلەر شۇنچىلىك قاۋۇل، كۆچتۈڭگۈر كېلىدۇ. ئەمما ئۇلاردا ئەقىل - پاراسەت ۋە ئەخلاق - پەزىلەت كەم بولغاچقا، ئۇلاردىكى قاۋۇللۇق ئەھمىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ . . . بۇنداق ئادەملەر قارا كۈچىگە تايىنىپلا كۈن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە قوشىدىغان تۆھپىسىمۇ تايىنلىقلا بولىدۇ. بەزىلىرى تەربىيە كۆرمىگەچكە نادان، ئەخمەق، ھەتتا ۋەھشىي، رەھىمسىز بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

مەن كارلنىڭ ئوقۇشىغىلا ئەمەس يەنە ھەر جەھەتتىكى تەربىيىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدىم. ئۇنىڭ بالىلىقى ساغلام ئۆتكەن ، تېنى ساغلام، بىلىمى مول، ئەخلاقى ئېسىل. مانا بۇلار مەن ئۈمىد قىلغان گۈزەل خىسلەتلەر ئىدى. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشتى.

كارلنى ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل تەربىيىلىگەن ئادەم قىلىپ چىقىش ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىق قانائەت قىلىپلا قالماي، ئۇنىڭ باشقا جەھەتتىكى ھەر خىل قىزىقىشلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە تىرىشتىم.

كارلنىڭ ئاپىسى كىچىكىدىلا ئۇنىڭغا يېقىملىق قوشاقلارنى ياكى ئەللەي ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى.



www.uyghurkitap.com

كارلنىڭ ئاپىسىنىڭ دېيىشىچە، كارل بوۋاق چېغىدا ناخشا ئاڭلىمىسا سۈت ئىچكىلى ئۇنىمايدىكەن، بەزىدە تازا كەپسىزلىك قىلىۋاتقاندا ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا دەرھال توختاپ قالىدىكەن. كارل ناخشىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلايدىكەن، بەزىدە تېخى بىللە ئېيتىدىكەن. ئۇسسۇل ئويناپ بەرسە خۇشلىقىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدىكەن.

ئون ئايلىق بولغاندىلا ئۇنىڭدا سەنئەت ھۇجەيرىسى يېتىلىشكە باشلاپتىكەن.

بىر كۈنى كارلنىڭ ئاپىسى خوشال ھالدا: «قاراڭ بىزنىڭ بوۋىقىمىزغا، بۈگۈن ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ غىڭشىپ ناخشا ئوقۇۋېدىم، ئۇمۇ تەڭ غىڭشىدى، تېخى ئاپپاق بۇدرۇق قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغانلىقى ئېنىق تۇرمامدۇ، ئۇنى ئەينەكنىڭ ئالدىغا ئەكەلسەم تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى» دېدى.

ئائىلىمىنىڭ گەپلىرىدىن شۇنچىلىك سۆيۈندۈم ، بۇ گەرچە ئاددىيلا «دوراش» بولسىمۇ، ئەمما كارل ئۇنى قىلالىغان ئىدى. دوراش ئىختىرا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. دوراش بىر خىل تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىقتىدار بولۇپ، چوڭلارنىڭ ئىشەنچىگە، قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە موھتاج.

شۇنداق قارايمەنكى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سەنئەت قاينىمىغا چۆكۈش ۋە سەنئەتتىن بەھرىلىنىش ھاياتتىكى ئەڭ زور بەخت - لەززەتلەرنىڭ بىرى.

سەنئەتنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئۇنىڭدا مەنپەئەت توقۇنۇشى يوق. مەن كارلغا سۆز ئۆگەتكەندە كونكرېت ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى ئۆگىتىپلا قالماي، يەنە ئانچە قوللىنىلمايدىغان سۆزلەرنىمۇ ئۆگەتتىم.

ئۇنىڭغا كۆلدىكى سايىنى كۆرسەم، ئۆزىنىڭ قولىنىڭ

سايىسىغا بەك قىزىقىپ قالدى ھەمدە قوللىرىنى ئۇڭدا ـ دۈم قىلىپ ئوينىدى.

بۇلار كارلىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى، تەپەككۇرىنى كېڭەيتىپ ئۇنىڭغا مول زوق، ھېس تۇيغۇ بېغىشلىدى. چۈنكى، سەنئەت كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، ئادەمدىكى تەپەككۇر ۋە ئىدىيىنىڭ ئۇچقۇنى.

كارلىنىڭ قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈشتە مەن ئىنچىكە پىلان تۈزدۈم. ئالدى بىلەن ئىشنى ئۆزىمىزنىڭ تۇرالغۇمىزدىن باشلىدىم. مەن ئۆيىمىزگە ماسلاشمايدىغان ياكى ئانچە زوق بەخش ئەتمەيدىغان ھەرقانداق نەرسىنى تىزمىدىم. تامغا كىشىگە راھەت بەخش ئېتىدىغان قەغەز چاپلىدىم چىرايلىق رەسىملەرنى ئاستىم. ئۆينى ئامالىنىڭ بېرىچە كىشىگە گۈزەللىك بېغىشلايدىغان ئۇششاق بۇيۇملار بىلەن زىننەتلەپ چىقتىم.

ئەگەر كىشىلەر سوۋغا قىلغان زىننەت بۇيۇملىرى ئۆيگە ماسلاشمىسا ئۇنى قەتئىي تىزمىدىم. كىيىم كىيىش ۋە ياسىنىشقىمۇ ئايالىم ئىككىمىز بەك دىققەت قىلدۇق. چاكىنا، غەيرىي كىيىملەرنى كىيمەستىن، ئاددىي ـ ساددا، چوڭ سۈپەت كىيىندۇق. ئۆيدىكىلەرنىڭمۇ پاكىزە، رەتلىك يۈرۈشىنى تەلەپ قىلدۇق.

قورۇنىڭ ئەتراپىدا باھاردىن ـ كۈزگىچە ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈللەرنى ئۆستۈردۈم. بىر ـ بىرىگە ماسلاشمايدىغان، ئاجايىپ ـ غارايىپ گۈللەرنى ھەرگىز يېقىن يولاتمىدىم.

بىر قېتىم كارل زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ھە دەپ بىر نېمە قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كەينىدىن ئاستا كېلىپ قارىدىم. ئۇ بىر تال تاياق بىلەن ھە دەپ يەرگە رەسىم سىزغىلى تۇرۇپتۇ. قارىسام ئۇنىڭ سىزغىنى خېلى يامان ئەمەس، ئاسماندا كۈن ۋە بۇلۇتلار، يەردە دەل ـ دەرەخ ۋە چۆپلەر، تېخى زىرائەتلەر، يەر تېرىۋاتقان دېھقانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇ رەسىمنى ياخشى دېيىشىمدىكى سەۋەب



رەسىمنىڭ مەزمۇنى مول، قۇرۇلمىسىمۇ جايىدا، رەڭلىرىنىڭ سۇس ـ قېنىقلىقلىقىمۇ ئاجايىپ ماسلاشقان ئىدى، بىر بالىنىڭ مۇشۇنچىلىك رەسىمنى سىزغىنىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— كارل، سەن رەسىم سىزىشقا ئامراقمۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— ھەئە، رەسىم سىزىش كۆڭۈللۈك ئىش.

— نېمىشقا رەسىم سىزغۇڭ كېلىدۇ؟

— ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، بۇ چىرايلىق دالىنى كۆرۈپ سىزغۇم كەلدى.

— سېنىڭ رەسسام بولغۇڭ بارمۇ؟

— ئۇنى ئويلاپ باقمىدىم، رەسىم سىزىش كۆڭۈللۈك ئىكەن. رەسىم سىزىۋاتقاندا ئاسماندىكى بۇلۇتلارنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

كارلىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئىچىمدە بەك مەمنۇن بولدۇم. مېنىڭ كارلنى سەنئەتكار قىلىش ئويۇم بولمىسىمۇ، ئەمما رەسىم سىزىش كارلىنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان ئىدى.

كېيىن مەن ئۇنىڭغا رەسىم بويىقى ۋە قەغەز ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى بۇ قىزىقىشىنى پەرۋىش قىلىدىغان شەرت ـ شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتىم. ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى رەسىملىرىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتىمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوغلۇمنىڭ بالىلىقىدىكى ئىختىرا قىلىش كۈچىنىڭ نامايەندىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بالىلىقىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ خاتىرىسى ئىدى.

رەسىمدىن باشقا ئۇنىڭ ئەدەبىياتقىمۇ قىزىقىشى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭغا داۋاملىق قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتىم. ئۇ ئۆزى كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولغان چاغدا ئۇنى بەزى ياخشى كىتابلارنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلدىم. كارل كىچىكىدىنلا بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولۇپ يېتىلدى. ئۇ ھەممە داڭلىق شېئىرلارنى يادقا بىلەتتى. ھومېر، ۋاگېرنىڭ شېئىرلىرىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. شېئىر يېزىشقا بۇرۇنلا كىرىشكەنىدى.

كىشىلەر كارلنىڭ رەسىم، مۇزىكا، ئەدەبىيات قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىزىقىشلىرىنى يېتىلدۈرۈشۈمنى پۈتۈنلەي باشقىلارئالدىدا كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن، دەپ قارايدىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ ماڭا بەرگەن ئەڭ خاتا باھاسىدۇر. مەن ئۇنى ئەزەلدىن قانداقتۇر مەلۇم جەھەتتە خىسلەتلىك بالا قىلىپ چىقىش ئويىدا بولمىغان. يەنە ئەزەلدىن ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئارتۇقچە بىلىندۈرۈپمۇ كەتمىگەن.

پەقەت ئوغلۇمنى ھەر ھالدا مۇكەممەللەشكەن ئادەم قىلىپ چىقماقچى ئىدىم، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بەخت ۋە خۇشاللىقلار ئىچىدە ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلاتتىم، مېنىڭ ئارزۇلىرىم پەقەت شۇلا ئىدى.

## بالىنىڭ مەنىۋىيىتىنى قانداق پەرۋىش قىلىش كېرەك؟

بالامنى بىلىملىك، ئەمما تولۇق، رەھىمسىز ئادەم قىلىپ قويغۇم يوق، چۈنكى ھېسسىياتسىز ئادەم ئىقتىدارى قانچىلىك يۇقىرى بولسۇن پەقەت ماشىنىنىڭ بىر زاپچىسىلا بولالايدۇ، خالاس. ئادەملا ئەمەس، ھايۋانمۇ مېھىر-مۇھەببەتكە تەشنا بولىدۇ. بالىنىڭ مېھىر - مۇھەببەت دۇنياسىنى، مەنىۋىيىتىنى قانداق پەرۋىش قىلىش ئۇنىڭ كەلگۈسى بەختىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە.

كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ياخشى ئىش قىلىش پسىخىكىسىنى ئويغىتىش، مەنىۋىيىتىنى پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى دائىم دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا ياكى كىچىك ھايۋانلارنى بېقىشقا دەۋەت قىلىپ، ئۇلاردا ھاياتنى، تۇرمۇشنى



قىزغىن سۆيىدىغان روھنى ئويغىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ۋە كەسىپنى سۆيىدىغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرمەكچى بولىدۇ، بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ماختىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، مەنمۇ مۇشۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق بالامنى تەربىيىلىگەن ئىدىم.

بەزى ئاتا- ئانىلار ئۆز بالىلىرىغا ئەۋزەل تۇرمۇش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش قىلىشى جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىگە دىگەندەك ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، بالىلار ھەممىدە ئۆزىنى مەركەز قىلىپ، باشقىلارنىڭ دەرد - ھالىغا يەتمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مېنىڭچە بالىلارنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى قوزغاش ئىنتايىن مۇھىم، ئائىلە بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

كۆپىنچە ئائىلىلەردە ئىت، مۈشۈك قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى بېقىلىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق مەقسەت شۇ ئارقىلىق تۇرمۇشقا ئاز - تولا زوق ئەكىلىش، بالىلاردىكى مېھرىبانلىقنى يېتىلدۈرۈش. مەنمۇ ئاشۇ كىچىك ئۆي ھايۋانلىرىغا كۆيۈنۈش ئارقىلىق ئوغلۇمدىكى مېھرىبانلىقنى ئويغاتتىم، ئۇنىڭ ئاجىزلارغا يار-يۆلەك بولۇشىغا ئىلھام بەردىم.

كارل ئۈچ ياشقا كىرگەندە بىر قېتىم ئۆيگە ناھايىتى كۆپ مېھمان كەلدى، ئۇلار كارل بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا ئىتىمىز يۈگرەپ كىردى. كارلمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاشلا ئۇنى قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. مەن بۇنى كۆرۈپ دەرھال كارلنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ تارتتىم. كارل بۇنىڭدىن ھەيران قالدى ۋە دەرھال ئىتنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇپ بەردى. مەنمۇ قولۇمنى تارتتىم ۋە ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— كارل، چېچىڭنى باشقىلار تارتسا خۇش بولامدىكەنسەن.

— ياق، — دېدى كارل قىزارغان ھالدا.

— ئۇنداق بولسا بۇندىن كېيىن ئىتقا ئۇنداق مۇئامىلە قىلما، — مەن شۇنداق دەپ ئۇنى سىرتقا چىقىپ ئويناشقا بۇيرۇدۇم.

كارلنىڭ تەربىيەمگە ماس كەلمەيدىغان بۇنداق قىلىقلىرىغا دائىم قاتتىق تەنبىھ بەردىم.

كارلنى مۇشۇنداق تەربىيىلىشىمدىكى سەۋەب، ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ مەسىلە تەھلىل قىلىشنى ئۆگىتىش ئىدى. مېنىڭ قاتتىق تەربىيەم ۋە يېتەكلىشىم نەتىجىسىدە كارل ئاخىرى ئاق كۆڭۈل، ھېسسىياتچان بالا بولدى. ئۇ قېرىنداشلىرىغا ھېسداشلىق قىلىپلا قالماي يەنە توخۇ، توشقان دېگەندەك ئۆي ھايۋانلىرىغىمۇ بەك ئىچ ئاغرىتاتتى، ئۇ ئاخىر كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئامراقلىقىغا ئېرىشتى.



ئون يەتتىنچى باب

# بالام ھەرقانداق بالىدىن بەختىيار

*كىچىكىدىن ھەقىقەتنىڭ تەمىنى تېتىپ چوڭ بولغاچقىمىكىن، بالام ھەرقانداق ئۆسمۈردىن بەختلىك ئىدى.*

## كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش

1808 - يىلى مايدا مېر رسېبۇرگتىكى بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جونېس لانتفوركېر ئەپەندى ئوقۇغۇچىلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، كارلنى ئوقۇغۇچىلىرى ئالدىدا سىناپ بېقىشنى ئىلتىماس قىلدى. مەن كارلنىڭ بۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىشىدىن ئەنسىرەپ ئىككىلىنىپ قالدىم. ئەمما، ئاخىرىدا يەنىلا ماقۇل بولدۇم.

مەن بۇرۇنقىدەكلا كارل تېخى كىچىك، ئۇنى سىنايدىغانلىقىڭىزنى ئالدىن ئۇقتۇرماڭ، ئوقۇغۇچىلار ھەرگىز ئۇنى ماختايدىغان سۆزلەرنى، ئىشلارنى قىلمىسۇن، دېدىم.

لانتفوكېر ئەپەندى قوشۇلغاندىن كېيىن مېنى مەكتەپنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە رەسمىي تەكلىپ قىلدى ھەمدە تەكلىپ پىكىرلەرنى بېرىشىمنى ئۈمىد قىلدى، مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن بىز بىر سىنىپقا كىرىپ ئاخىرقى رەتتىن ئورۇن ئالدۇق.

شۇ سائەتتە گېرىك تىلى ئۇتتۇلۇۋاتقان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېشى قېتىپ تۇرغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. لانتفوركېر ئەپەندى كارلدىن سوئال سوراپ باللارغا ئۇنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى. كارل ئوقۇغۇچىلار چۈشىنەلمەيۋاتقان مەسىلىلەرنى ئۇلارغا ئاسانلا چۈشەندۈرۈپ بەردى، يەنە باشقا مەسىلىلەرنىمۇ يېشىپ بەردى. ئاندىن لانتفوركېر ئەپەندى ئۇنىڭغا لاتىنچە «ئىمپىراتور كايسار» دېگەن كىتابنى بېرىپ بەزى سوئاللارنى سورىدى، ئۇ كارلنىڭ دەل جايىدا جاۋاب بېرىشىنى ئويلىمىغان ئىكەن، ئۇ يەنە ئىتالىيانچە يېزىلغان بىر كىتابنى بېرىپ كارلنىڭ ئۈنلۈك ئوقۇشىنى بۇيرۇدى، كارل راۋان ئوقىدى. بۇ جەرياندا مەن ئۇنىڭدىن ئىتالىيانچە نۇرغۇن سوئال سورىدىم، ئۇ بۇلارغىمۇ توغرا جاۋاب بەردى.

لانتفور كېر ئەپەندىمنىڭ ئۇنى فرانسۇزچىدىن سىنىغۇسى كېلىپ قالدى. سىنىپتا فرانسۇزچە كىتاب بولمىغاچقا پەقەت ئېغىزچىلا سىناشقا توغرا كەلدى. كارل ئۇنىڭ سوئاللىرىغا خۇددى ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلىگەندەكلا شۇنچە راۋان جاۋاب بەردى.

ئاخىرىدا، ئۇنىڭدىن گېرىكلارنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىگە ئائىت سوئاللارنى سورىۋىدى، ئۇ ھەممىسىگە بىرمۇ بىر جاۋاب بەردى. ئەڭ ئاخىرىدا ماتېماتىكىدىن سىنىۋىدى، كارل بۇنىڭغىمۇ ناھايىتى ئوبدان جاۋاب بەردى. بۇنىڭدىن ئوقۇتقۇچىلارمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ ھەيرانۇ ھەس قالدى.

شۇ چاغدا كارل يەتتە ياش ئون ئايلىق بولغانىدى. بۇنداق بەختىيار مىنۇتلارنى كۆرۈپ قەلبىمنى ئىختىيارسىز ھاياجان ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى قاپلىدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن «ھامبۇرگ خەۋەرلىرى» گېزىتىدە بۇ ئىش تەپسىلىي خەۋەر قىلىندى. خەۋەرنىڭ «بىر قانچە كۈن ئىلگىرى يۇرتىمىزنىڭ مائارىپ تارىخىدا ھەيران



قالارلىق ئىش يۈز بەردى» دەپ باشلانغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇ خەۋەر مۇنداق ئاياغلاشقانىدى:

«بۇ بىر ئۆسمۈر، ھەرگىزمۇ چولڭ ئادەم ئەمەس، ئۇ ساغلام، شوخ، مۇلايىم ھەم ئاق كۆڭۈل. ئۇنىڭدا ئادەتتە باللاردا بولىدىغان كۆرەڭلىكتىن ئەسەرمۇ يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ تالانتلىقلىقىدىن قىلچىمۇ مەغرۇرلانمايدىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى كارل ۋىتىر بولۇپ، لوخ كەنتىنىڭ باستېر - ۋىتىر دوكتورنىڭ پەرزەنتى ئىكەن. مەيلى روھىي ياكى جىسمانىي جەھەتتە بولسۇن، بۇ بالىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيىلىنىشى دەل ئالغان تەربىيىسىنىڭ تولىمۇ قىزىقارلىقلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، باستېر ۋىتىر بۇ توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىشنى رەت قىلدى.»

ئۆزۈنغا بارماي ھەرقايسى جايلاردىكى گېزىتلەر بۇ خەۋەرنى كۆچۈرۈپ باستى. شۇنىڭ بىلەن ئوغلۇم كارلنىڭ نامى پۈتۈن گېرمانىيىنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇنى زىيارەت قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇنى سىنايدىغان مائارىپچىلار ۋە ئەدىبلەرمۇ كۆپىيىپ كەتتى، كىشىلەر مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا ئىكەن دېيىشىپ، ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ قايتىشتى. ئۇلارنىڭ كۆپى ئاشۇ دەۋردىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ئىدى.

ھەرقانداق زىيارەتلەرگە قارىتا ئوغلۇم ئەدەپلىك ھەم سالماق پوزىتسىيىدە بولدى، مەن بۇنداق چاغلاردا دائىم دېگۈدەك ئۇنى مەغرۇرلىنىپ كەتمەسلىك توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردۇم. كارل ئاۋۋالقىدەكلا بۇلاردىن ئارتۇقچە مەغرۇرلىنىپمۇ يۈرمىدى. بۇنىڭدىن مەن بەك مەمنۇن بولدۇم.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چاقىرىق قەغىزى

دۆلىتىمىزدە بىلىم ئىگىلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئالاھىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە. بۇ گېرمانىيىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

كارل ئوتتۇقلىرى بىلەن بىراقلا ھەممە يەرگە داڭ چىقىرىۋەتتى. لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى ۋە رايونىمىزدىكى بىر ئابرۇيلۇق شەخس كارلنى بۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا ئالماقچى بولدى. ئۇلار شەھىرىمىزدىكى توماس ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى لوست دوكتورنىڭ كارلدىن بىر قېتىم ئىمتىھان ئېلىپ بېقىشىغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈشۈمنى تەلەپ قىلدى.

دەسلەپتە ئۇلارنىڭ قالايمىقان سوئاللارنى سورىشىدىن ئەنسىرەپ ماقۇل بولمىدىم. ئەمما كېيىن دوكتور لوستنىڭ مەن دەسلەپتە پەرەز قىلغاندەك ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى، تولىمۇ مېھرىبان، خۇشخۇي ۋە دانا بىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى سېزىپ، تەكرار — تەكرار دەۋەت قىلىشى بىلەن ئاخىر قوشۇلدۇم.

دوكتور لوست كارلغا ئۆزىنىڭ ئىمتىھان ئېلىۋاتقانلىقىنى پەقەت سەزدۈرمىدى، پەقەت ئادەتتىكىدەك پاراڭلىشىش جەريانىدىلا ئىمتىھاننى ئاياغلاشتۇردى.

بۇ دەل 1809 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىدى.

ئىمتىھاندىن كېيىن، لوست دوكتور كارلغا مەكتەپكە كىرىش ئىسپاتى يېزىپ بەردى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«بۈگۈن تەلىپىم بويىچە توققۇز ياشلىق ئۆسمۈر كارل



ۋىتېردىن ئىمتىھان ئالدىم.

گرېكچىدىن «ئىلئادا» نىڭ بىر قانچە بابلىرى تاللىنىلدى، ئىتالىيانچىدىن گالىلىينىڭ داڭلىق ئەسىرىنىڭ بىر قانچە بابلىرى ئوقۇتۇلدى؛ فرانسۇزچىدىن مەلۇم بىر كىتابتىكى بەزى بابلار ئوقۇتۇلدى؛ تاللانغان بۇ مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتە چۈشىنىش بىرقەدەر قىيىن بولغان مەزمۇنلار ئىدى. ئەمما كارل بۇلارغا ئىنتايىن ياخشى جاۋاب بەردى.

ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق بىلىملىرى مول بولۇپلا قالماي، يەنە چۈشىنىش ئىقتىدارىمۇ بەك يۇقىرى ئىكەن. ئۇ ھەرقايسى ساھەلەردە مول بىلىمگە ئىگە ئىكەن. بۇ بىلىملەرنىڭ ئۆسمۈر دادىسى باستېر ۋىتېرنىڭ تەربىيىسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن.»

مېنىڭچە بۇنداق تەربىيە ئۇسۇلىغا بىلىم ئىگىلىرى ئالاھىدە دىققەت قىلىشى زۆرۈر، دەپ قارايمەن. دېمەكچىمەنكى، بۇ ئۆسمۈر ئالىي مەكتەپكە كىرىش شەرتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھازىرلاپ بوپتۇ. ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى ئېلىشىنى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

دوكتور لوستنىڭ ئىسپاتى لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئاپىرىپ بېرىلگەندىن كېيىن، مەكتەپ ئۇنىڭ كېلەر يىلى 18 - يانۋاردا ئوقۇشقا كىرىشىنى ئېيتتى.

مەكتەپكە كىرىدىغان كۈنى مەن كارلنى ئېلىپ مۇدىر گېنتېر دوكتور بىلەن كۆرۈشتۈم. گېنتېر دوكتور بەك خۇشال بولدى، ئۇ بىز بىلەن ئەركىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. شۇ كۈنى ئۇ شەھەردىكى بارلىق نوپۇزلۇق ئەربابلارغا مۇنداق مەزمۇندىكى بىر مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلدى:

«لوخ كەنتىنىڭ باستېرى ۋىتېرنىڭ ئوغلى كارل ۋىتېر توققۇز يېشىدىلا 18 - 19 ياشلىق بالىلارمۇ تېخى پۈتۈنلەي ھازىرلاپ بولالمايدىغان ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىمگە ئىگە بوپتۇ.

بۇ ئۇنى كىچىككىدىنلا تەربىيىلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، لايىقىدا ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى تەربىيە بالىلارنىڭ زېھنىنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى يارىتىدىكەن. كارل فرانسۇزچە، ئىتالىيانچە، لاتىنچە، ئىنگلىزچە، گرېكچە شېئىر ـ ماقالىلەرنى راۋان تەرجىمە قىلالايدىكەن. يېقىندىن بۇيان ئۇنى نۇرغۇن بىلىم ئىگىلىرى سىناپ باقتى، ئۇنىڭدىكى بىلىم ۋە ئىستېداتتىن ھەيران قالمىغانلار يوق. ھەتتا ئۇنى پادىشاھ ئالىيلىرىمۇ سىناپ باقتى.

كارل ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئەدەبىي ئەسەرلەرگە، تارىخ، جۇغراپىيە بىلىملىرىگە شۇنچىلىك پۇختا ئىكەن، بۇلار ھەممىسى ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىنىڭمۇ كارلىنىڭ مۆۋەپپەقىيەتلىرىدىن قالغۇچىلىكى يوق، بۇ خىل تەربىيىلەش ئۇسۇلى كىشىنى تاڭ قالدۇرىدۇ.

كىشىنى قايىل قىلىدىغان بۇ ئۆسمۈرنىڭ سالامەتلىكى باشقا تالانتلىق ئۆسمۈرلەردىن زور پەرقلىنىدىكەن. بۇ بالا بەك ساغلام، شادىمان ۋە شوخ ئىكەن. باشقا تالانتلىق ئۆسمۈرلەردە بولىدىغان مەغرۇرلۇق ۋە ئەدەپسىزلىكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن. ئۇ تېپىلغۇسىز پەزىلەتلىك ئۆسمۈر ئىكەن، پەقەت بۇنىڭدىن كېيىنكى تەربىيە جايىدا بولسىلا، ئۇنىڭ تەرەققىياتى مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ.

بۇ ئۆسمۈرنىڭ ئائىلىسى يېزىدا ئىكەن، ئائىلە كىرىمىمۇ تۆۋەن ئىكەن. ئۇنى داۋاملىق تەربىيىلەش تەس بولۇۋېتىپتۇ. كارلنى ئىلگىرى ئاتىسى تەربىيىلىگەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ئۇنى تەربىيىلەشكە قۇربى يەتمەيدىكەن.

ئۇنىڭ ئاتىسى شەھەرگە كۆچۈپ كىرىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ئۇ كارلغا ئۈچ يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا ھەمدەم



www.uyghurkitap.com

بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئەمما ئۇ بىر يېزىنىڭ نامرات باستېرى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ پوپلۇق مەجبۇرىيىتىنى تاشلاپ شەھەرگە كىرەلمەيدىكەن. شۇڭا كۆپچىلىكتە شۇنى ئىلتىجا قىلىمەنكى، ھەر بىرىڭلار بىر يىلدا تۆت مارك ئىئانە قىلساڭلار، ۋېتبېر پوپ لېيپسىگ شەھىرىدە ئۈچ يىل تۇرالايدۇ ھەمدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماقچى بولغان بۇ ئېسىل ئوغلىنىڭ تۇرمۇشىغا ھەمدەم بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن كۆپچىلىكنىڭ بەس ـ بەستە ئاۋاز قوشۇپ ئىئانە پائالىيىتىنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. پۈتۈن بىر يىلدىكى ئىئانە سوممىسى تۆت مارك، مۆھلىتى ئۈچ يىل.

ئىشىنىمەنكى، كۆپچىلىك ھەرگىزمۇ بىر ئىستېدات ئىگىسىنىڭ نابۇت بولۇشىغا قاراپ تۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باستېر ۋىتېرنىڭ شەھىرىمىزدە تۇرۇشى باشقا بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگىمۇ بەلگىلىك تۆھپە قوشۇشى ئېنىق. ئۇ بىزنىڭ مائارىپ تەتقىقاتىمىزغا قوشۇلغان ئالاھىدە كۈچ. ھەرقايسىڭلارنىڭ بۇ خەيرلىك ئىشقا قاراپ تۇرماي ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشۇڭلارنى تىلەيمەن».

شۇنى ئۇنتۇمايمەنكى، بۇ مۇراجىئەتنامىنىڭ قوزغىغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. گەرچە ھەر يىلى پەقەت تۆت ماركلا چىقىرىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە سەككىز ماركقا يەتتى. بۇلا ئەمەس، يەرلىك ئاۋام خەلق تېخى ماڭا ئالاھىدە باستېرلىق قىلىش رايونى ئاجرىتىپ بەردى، ماڭا قوش كىشىلىك مائاش بېرىپ مېنىڭ چوقۇم بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى.

# پادىشاھ ئالىيلىرى ئۆزى گوتتىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلدى

مەن پادىشاھ ئالىيلىرىدىن ئىستېپانامە سوراش ئۈچۈن كارلنى ئېلىپ كاسسېلغا كەلدىم. بۇ يەردە شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاغدىكى پادىشاھ پرۇسسىيە پادىشاھى ئەمەس، بەلكى ۋېستفالىيە پادىشاھى گېروم (ناپالېئون I نىڭ ئىنىسى) ئىدى.

1807-يىلى ناپالېئون I ئېلبې دەرياسىنىڭ غەربىدە ۋېستفالىيە پادىشاھلىقىنى قۇردى. ئۇنىڭ ئىنىسى گېروم پادىشا بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لوخ كەنتى قاتارلىق رايونلار ئاشۇ پادىشاھلىقنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى، ئەمما سىياسىي جەھەتتە فرانسىيىلىكلەر بىلەن گېرمانىيىلىكلەر تەڭ باشقۇردى. بىز كاسسېلغا بارغاندا پادىشاھ ساياھەتكە چىقىپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ۋەزىر لارېستنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇ كارلنى ئۈچ سائەتكىچە سىنىدى، ئاخىرىدا ئۇمۇ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي، كارلنىڭ داڭقىنىڭ بىكارغا شۇنچە چىقىپ كەتمىگەنلىكىگە، ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كەم ئۇچرايدىغان ئىستېدات ئىگىسى ئىكەنلىكىگە قايىل بولدى. ئۇ تۇرۇپلا كارلنى باشقا دۆلەتكە چىقىرىۋېتىش بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغۇدەك دەپ قالدى. چۈنكى ئۇ چاغدا لېيپسىگ ساكسونىيىگە قارايتتى. ئۇ مېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇم توغرىسىدا كۆپ سوئاللارنى سورىدى. ئاندىن كارل بىلەن ئىككىمىزنى دۆلەت ئىچىدە ئېلىپ قېلىشنى قارار قىلدى.

ئەتىسى ۋەزىر لارېست پۈتۈن ۋەزىر - ۋۇزرالارغا زىياپەت بېرىپ بىزنى كۈتۈۋالدى. زىياپەتتە ئۇلارمۇ كارلنى سىناپ



چىقتى، كارلنىڭ جاۋابىدىن ھەممىسى ئاجايىپ مەمنۇن بولۇشتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ لېيپسىگ خەلقى زىممىسىگە ئالغان راسخوتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىملىقىنى، بىزنىڭ دۆلەت ئىچىدە قېلىپ كارلنىڭ گوتتىنگېن ياكى خاللې ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇشىنى قارار قىلدى. ئەمما مەن لېيپسىگ خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقنى ئويلاپ، بۇ تەلەپنى رەت قىلدىم. لېكىن پادىشاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالالمىغاچقا، پەقەت لوخ كەنتىدە ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق.

7 — ئاينىڭ 29 - كۈنى ۋەزىر ۋىلفورادنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«ئۆزلىرىنىڭ ئۆزرىخاھلىرىدىن ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىقتىدارىدىن پادىشاھ ئالىيلىرىنى ۋاقىپلاندۇردۇق، ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغا ئاجايىپ جان كۆيدۈرىدىغان پادىشاھ ئالىيلىرى پەرماننى ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈشۈمنى يارلىق قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ بۇ يىل مىلاد بايرىمىدىن كېيىن ئىستېپا بەرسىلە بولىدىغانلىقىنى، ئوغۇللىرى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن سىلىگە باستېرلىق كەسىپلىرىنى قىلىدىغان رايون بەلگىلەپ بېرىشنى قارار قىلدى.

ئالىيلىرى، دۆلەت ئىچىدىمۇ نەمۇنىلىك ئالىي مەكتەپلەر بار، باشقا دۆلەتلەرگە چىقىش بىھاجەت، چەت ئەللىكلەرنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشمۇ تازا لايىق ئەمەس، دېدى ھەم بۇ يىل مىلاد بايرىمىدىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە ھەر يىلى 60 مارك چىقىرىپ پەرزەنتلىرىنى گوتتىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇشنى بۇيرۇدى.

ئۆزلىرىگە بۇ يارلىقنى يەتكۈزەلىگىنىمدىن تولىمۇ پەخىرلىنىمەن، پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇشقا تەييارمەن. گوتتىنگېنغا كېلىش ئۈچۈن ھازىردىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

باشلاپ مىلاد بايرىمىغىچە بولغان ئىككى ئاي ئىچىدە ۋەزىپىلىرىدىن ئىستىپا بېرىش ئىشلىرىنى قىلسىلا بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ كارل شۇ يىلى كۈزدە گوتتىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇ يەردە تۆت يىل ئوقۇدى. بۇ تۆت يىل ئىچىدە 1 - مەۋسۇمدا فىزىكا ۋە قەدىمكى زامان تارىخى، 2 - مەۋسۇمدا بوتانىكا ۋە ماتېماتىكا، 3 - مەۋسۇمدا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ماتېماتىكا ۋە مۇزېيشۇناسلىق، 4 - مەۋسۇمدا خىمىيە ۋە ئانالىزشۇناسلىق، 5 - مەۋسۇمدا تەجرىبە خىمىيىسى، ئۆلچەمشۇناسلىق، مىنېرالوگىيە، دىففېرېنسىئال - ئىنتېگرال، 6 — مەۋسۇمدا ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان گېئومېتىرىيە ۋە نۇر ئىلمى، مىنېرالوگىيە (داۋامى)، فرانسىيە ئەدەبىياتى، 7 - مەۋسۇمدا سىياسىي تارىخ، قەدىمكى زامان تارىخى (ئىككىنچى قىسىم)، 8 - مەۋسۇمدا ئالىي ماتېماتىكا، ئۇنىڭدىن باشقا ئانالىتىك خىمىيە، ئېتىكا، تىلشۇناسلىق قاتارلىقلارنى تاماملىدى.

ئوقۇش جەريانىدا، كارلنىڭ يېشى بەك كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەكتەپكە باردىم.

كارلنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئۆگىنىشى ۋە تۇرمۇشى شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ۋە ئەركىن بولدى. ئادەتتە ئون ياشلىق بالا 20 ياشلاردىكى باللار بىلەن بىرگە ئۆگەنگەندە ئاز - تولا جېددىيلىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما كارل ئۆگىنىشتە ئازراقمۇ جىددىيلەشمىدى. ئۇ خالىسا ئويناپتتى، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشاتتى، دالاغا چىقىپ هايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋرىشكىسىنى توپلايتتى. ئۇ رەسىم سىزىشقا، ساز چېلىشقا، ئۇسسۇل ئويناشقا ئامراق ئىدى. ئۇ ئاشۇ پەنلەرنى تاماملىغاندىن سىرت، يەنە قەدىمكى تىل ۋە يېقىنقى تىل تەتقىقاتىنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى.

پاسخا بايرىمى كۈنى كارلنى باشلاپ ساياھەتكە چىقتىم، بۇ



ئىشتىن كىشىلەر ھەيران قالدى، ئۇلار مېنى مۇشۇ بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ كارلغا جان - جەھلى بىلەن دەرس تەكرارلاپ بېرىش ئۈچۈن كۈندە كۈتۈپخانىغا چاپىدۇ، دەپ پەرەز قىلغانىكەن. مېنىڭ بەزى دوستلىرىممۇ ماڭا ئاشۇنداق قىلغىن دېگەنىدى. ئەمما مەن «ئەگەر مەن ئوغلۇمنى كۆرگەزمە بۇيۇمى قىلماقچى بولسام، شۇنداق قىلاتتىم. لېكىن مەن ئۇنداق قىلماقچى ئەمەس. مەن ئوغلۇمنىڭ سالامەتلىكى ۋە خۇشاللىقى، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلىمىدىن مۇھىم دەپ قارايمەن، ئۇنىڭ ئۆستىگە ئۇنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتى يېتەرلىك» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇلاردىن قاتتىق ھەيران قالدى.

ئوغلۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا، مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە بەك دىققەت قىلدىم. مەيلى بوران چىقسۇن ياكى قار - يامغۇر ياغسۇن، كارل سىرتتا چېنىقىش ئادىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. يامغۇر - قار ياغقان كۈنلىرى ئۇ سىرتتا سەيلى قىلاتتى. شاماللىق كۈنلەردە كىشىلەر ئاتا - بالا ئىككىمىزنىڭ كوچىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىمىزنى ئۇچرىتاتتى.

ئىككىنچى يىلى يازدا، يەنى ئىككىنچى مەۋسۇمنىڭ ئاخىرىدا، گېروم پادىشاھ بۇ ئالىي مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى، پادىشاھ ئالىيلىرى مەكتەپنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئاخىرىدا ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىغا كىردى.

بۇ مەۋسۇمدا كارلغا بوتانىكا دەرسى ئۆتۈلگەچكە، ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۆسۈملۈك باغچىسىدا ئىدى. پادىشاھنىڭ ھەمراھلىرى ئارىسىدا بىز بىلەن كۆرۈشكەن لارېست ۋەزىرمۇ بولۇپ، ئۇ بىر قاراپلا كارلنى تونۇۋاپتۇ ۋە ئۇنى پادىشاھقا تونۇشتۇرۇپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىنىپ چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەمراھلىرى كارلنى پادىشاھ ۋە خانىشنىڭ ئالدىغا ئاپاردى. ئۇلار مېنىڭمۇ

كۆرۈشۈشتە بىللە بولۇشۇمغا رۇخسەت قىلىشتى. پادىشاھ بىز بىلەن بىردەم سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن كارلنى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى. ئۇنى مەڭگۈ قوغدايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خاتىرجەم ئۆگىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىز پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدىن يانغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئېسىلزادە خانىملىرى بىزگە ئولىشىۋېلىپ كارلنى سۆيۈپ كەتتى. ئىككى گېنېرال كارلنى ئارىغا ئېلىپ، پادىشاھ پەيتۇنىغا چىققۇچە بىللە ماڭدى.

شۇ يىلى كارل ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەنىدى.

1812 - يىلى، يەنى ئالىي مەكتەپنىڭ بەشىنچى مەۋسۇمىدا، كارل 12 سپىرال سىزىققا ئائىت ماقالىسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ ماقالىسىدە ئۆزى ئىجاد قىلغان ئەگرى سىزىق سىزىشقا ئەپلىك ئەسۋابىنى تونۇشتۇرغاچقا، پادىشاھنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ زور ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

بۇ مەۋسۇمدا ئۇ بىر تەرەپتىن سىياسىي تارىخنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاقىت چىقىرىپ ئۈچ بۆلۈك توغرىسىدا بىر كىتاب يېزىپ چىقتى. ئۇ شۇ چاغدا ئەمدى 13 ياشقا كىرگەنىدى. بۇ كىتاب شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە نەشر قىلىنمىدى. پەقەت 1815-يىلى كارل خەيدېلبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەندىن كېيىن ئاندىن نەشر قىلىندى.

1813 - يىلى مەن پادىشاھنىڭ پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالدىم. پەرماندا كارلغا بېرىلىدىغان ياردەمنىڭ تۆت يىلغا ئۇزارتىلغانلىقى ھەمدە قايسى مەكتەپكە كىرىمەن، دېسە، رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغانىدى. بۇ چاغدا دەسلەپتە بېرىلگەن ئۈچ يىللىق ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىلىپ بولغانىدى.

ئالدىنقى يىلى ناپالېئون رۇسىيىگە قىلغان تاجاۋۇزىدا



مەغلۇپ بولغاچقا، كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى. 10-ئايدا ئۇ لېيپسىگ ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ، ۋېستفالىيە پادىشاھلىقى ئاغدۇرۇلدى. بۇ چاغدا ۋېستفالىيە ھۆكۈمىتى كارلنى ھاننوۋېر، برۇۋنسۋىك، ھېسسېن ھۆكۈمىتىگە تونۇشتۇردى.

ۋېستفالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ يېرىمى نېمىسلار بولغاچقا ھەمدە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ھەممە دۆلەتتە پۇل قىس بولغاچقا، جىددىي ئىش بولمىسا قەتئىي پۇل چىقىم قىلىنمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمىتى بۇ ھاۋالىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە كارلنىڭ ئوقۇش ھەققىنى كۆتۈرۈشنى قەتئىي قوللىدى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ كارلنىڭ ئوقۇشىغا شۇ چاغدا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەن بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەندىم، ئۇنىڭ گوتتىنبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى 8 - مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلىنى مانا مۇشۇ ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمىتى چىقارغانىدى.

## 14 ياشلىق دوكتور

ئىككىنچى يىلى ئاپرېلدا، كارل ۋېرسالغا ساياھەتكە باردى، ھەمدە گېيسسېن ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى پەلسەپە پروفېسسورلىرى ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى ھەمدە بىرلىكتە ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئويۇشتۇردى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىنى بېكىتىپ (بولۇپمۇ ئۇنىڭ 1812 - يىلى ئاشكارا ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسىنىڭ سەۋىيىسىگە قاراپ)، مەكتەپ مۇدىرى، دوكتور ھېللامارلې ئۇنىڭغا پەلسەپە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى بەردى.

بۇ 1814 - يىلى ئاپرېل ئىدى. ئارقىدىنلا كارل يەنە ماربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا باردى. ئۇ يەردىمۇ قىزغىن

www.uyghurkitap.com

كۆتۈۋېلىندى. ئەگەر گېيسسىن ئۇنىۋېرسىتېتى چاقىرىپ كەلمىگەن بولسا ، باربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى كارلغا دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىشكە تەييارلانغانىكەن.

گوتتىنگېن ئىنستىتۇتىدىكى 8 - مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلىنى ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمىتى چىقارغانلىقى ئۈچۈن، بىز بىروۋنسۋىكقا ئوقۇش پۇلىنى ئالغىلى بارغاندا، ئۇ يەردىكىلەر بىزنى كىنەز بىلەن كۆرۈشتۈردى. بۇ چاغدا كىنەز ساياھەتكە چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ھەمدە ئەنگلىيىگە ئوقۇشقا بېرىشقا تەكلىپ قىلدى، ئەگەر بىز بېرىشنى خالىساقلا، بىزنى دۆلىتىدىكى تونۇشلىرىغا تونۇشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

بىز ئوخشاش سەۋەب بىلەن ھاننوۋېرغا بارغاندىمۇ، كارل دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى. ئۇ سالزۋېدېلدا ماتېماتىكىدىن دوكلات بەرگەندە ناھايىتى ياخشى باھاغا ئېرىشكەنىدى. ھاننوۋېردىكىلەرمۇ ماتېماتىكا ئىلمى توغرىسىدا دوكلات بېرىلسە، دەپ ئۈمىد قىلدى، كارل تەكلىپنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئەتىسىلا چوڭ زالدا ئىلمىي دوكلات بەردى.

بۇ 1814 - يىلى 3 - ماي ئىدى. شۇ يىلى كارل 14 ياشقا كىرگەنىدى.

ئىلمىي دوكلاتنى ئاڭلىغىلى كەلگەنلەر ئاساسلىقى شەھەردىكى زىيالىيلار ئىدى. كارل ئېنىق ھەم راۋان، ساپ نېمىس تىلىدا دوكلات بەردى. يېقىنقى كۈنلەردە ئىجتىمائىي ئالاقە بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ ھەر كۈنى بەكلا كەچ ئارام ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلمىغانىدى، بەزىلەر كارلنىڭ نۇتقىدىن گۇمانلىنىپ ئۇنى تېزىس تەييارلىۋېلىپ ئوقۇۋاتامدىكىن، دەپ ئاستىرتتىن كەينىگە ئۆتۈپ كۆزىتىپمۇ باقتى. كارلنىڭ تېزىسقا قارىماي سۆزلەۋاتقانلىقىنى سەزگىنىدە



بولسا، ھەيرانلىقتىن قېتىپلا قالدى.

كارلمۇ بۇنى سەزگەچكە، ئاڭلىغۇچىلاردا گۇمان پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن مۇنبەردىن ئايرىلىپ سۆزلىدى. بۇ چاغدا زالدا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى.

كارل گۈلدۈرمامىدەك چاۋاك ساداسى ئىچىدە ئۆز نۇتقىنى ئاياغلاشتۇرغاندا، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئىستېداتىغا ھەقىقەتەن قايىل بولدى ھەمدە ۋەدە قىلغاندىنمۇ ئارتۇقراق ئوقۇش پۇلى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كېنبول كىنەزمۇ بۇرانسېۋىك كىنەزكە ئوخشاش كارلنىڭ ئەنگلىيىگە چىقىپ ئوقۇشىنى، ئوقۇشقا تونۇشتۇرۇپ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھېسسېپىندىمۇ شۇنداق قىزغىن كۈتۈۋېلىندۇق ھەم دائىم ئوردىغا تەكلىپ قىلىنىپ تۇردۇق .

ئوغلۇم گوتتىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ كېيىنكى يولى توغرۇلۇق ئويلىنىشقا باشلىدىم.

ئەگەر كارلنى بالدۇرراق نام چىقارسۇن دېسەم، ئۇنىڭ مەلۇم بىر ساھەنى ئاساس قىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىنى ئورۇنلاشتۇرساملا بولاتتى. ئەمما ئەستايىدىل ئويلانغاندىن كېيىن، مەن بۇ ئويۇمدىن ۋاز كەچتىم. بۇنداق بولغاندا ئۇ پەقەت مەلۇم ساھەدىلا تەرەققىي قىلغان، بىر تەرەپلىمىلىكى كۈچلۈك بىلىم ئىگىسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بىلىمگە ئېرىشىشى ئۈچۈن مەن ئۇنى قانۇنشۇناسلىقتا ئوقۇتۇش قارارىغا كەلدىم. بىر ماتېماتىكا پروفېسسورى بۇنى ئاڭلاپ مېنىڭ نېمىشقا بۇنداق ئويغا كېلىپ قالغانلىقىمنى، بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ بەك ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەن ئۇ ماتېماتىكا پروفېسسورىغا: «كەسىپ نىشانىنى بەلگىلەش ئادەم 18 ياشقا كىرگەندىن كېيىن قىلىنىدىغان ئىش، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىش لازىم. ئۇ 18 ياشقا

كېرگەندىن كېيىن ماتېماتىكىنى تاللىسا، مەن ئۇنىڭ ماتېماتىك بولۇشىغا قوشۇلىمەن» دېدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن كارل خەيدېلبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەخسۇس قانۇنشۇناسلىق ئۆگىنىشكە كىرىشتى. نەتىجىسى بۇرۇنقىدەكلا ئەلا بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولدى.

## ساغلام ۋە شادىمان تالانت ئىگىسى

بەزىلەر مەندىن كارلنىڭ ئالغان تەربىيىسى ۋە ئۇتۇقلىرى دەسلەپكى تەربىيىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. بۇنداق تەربىيە ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزدىمۇ، يوق؟ دەپ سورىدى.

بۇ ھەقىقەتەن مۇھىم مەسىلە ئىدى. مەيلى كارل كىچىك ۋاقتىدا بولسۇن ياكى چوڭ بولغاندىن كېيىن بولسۇن، ئۇ ئىزچىل ساغلام چوڭ بولدى.

شائىر ھېينى ۋېلانغا يازغان خېتىدە: «كارل ئون ياش چېغىدا ئۇنى سىناپ باققانىدىم، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدە تىل تالانتى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ ساغلاملىقى، ساددىلىقى ۋە شوخلۇقى، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئارتۇقچىلىقىغا ئەقلىم لال بولغانىدى» دېگەنىدى.

بەزى كىشىلەر خىيالىدا كارل كۈن بويى ئۈستەل ئالدىدا كىتاب بىلەن ھەپىلىشىپلا بالىلىقتىكى ھەممە خۇشاللىقلاردىن ۋە شادلىقلاردىن مەھرۇم قالدى، دەپ پەرەز قىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەمەلىيەت پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە.

مەن دىرىدېيىنىنىڭ بىر شېئىرىدىكى مىسرالارغا بەك زوقلىنىمەن، ھەقىقەتنىڭ لەززىتىنى تېتىشتىنمۇ ئارتۇق ئىش بولمىسا كېرەك، ھەقىقەتنىڭ لەززىتىنى تېتىۋاتقان چاغدىكى بەختنى كىشى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

مېنىڭچە كارل كىچىكىدىن باشلاپلا ھەقىقەتنىڭ لەززىتىنى



تېتىپ چوڭ بولغان بەختىيار بالا ئىدى.

مەن دەسلەپتىلا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، كارلنىڭ ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆگىنىدىغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز، ئوينايدىغان ۋە ھەرىكەت قىلىدىغان ۋاقتى يېتەرلىك ئىدى.

ئۇ كىچىكىدىنلا ئىش ئۇقاتتى. ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلمەيدىغان ئىشلارنىمۇ بىلەتتى، ئۇنىڭ شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىمۇ يېتەرلىك، ئەتراپلىق، پىشقان ئىدى. شۇڭا، بالىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى خالايتتى. ئۇنىڭ بىلىمى باشقا بالىلار بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرقلەنسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن ئۇ ئازراقمۇ مەغرۇرلانمايتتى. باشقا بالىلارنى ياراتمايدىغان، كەمسىتىدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلمايتتى.

كارل بىلەن ئوينىغان بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن ئويناشقا بەك ئامراق ئىدى. ئۇلار بىللە ئوينىسا ئۇرۇشمايتتى، خاپا بولۇشۇپمۇ قالمايتتى. بەزى بالىلار يولسىزلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، كارل ئۇ ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلالايتتى، ئۇلار بىلەن تەڭ تاكاللىشىپ يۈرىدىغان ئەخمەقانىلىكنى قىلمايتتى.

ئەزەلدىن تارتىپ «موللا گالۋاڭ بولار» دېگەن گەپ بولسىمۇ، كارل مەيلى كىچىك ۋاقتىدا بولسۇن ياكى چوڭ بولغاندىن كېيىن بولسۇن، دىتى يوق كىتاب موللىسى بولۇپ باقمىدى. ئەكسىچە كىشىلەرگە داۋاملىق خۇشاللىق ئاتا قىلدى.

كارلنىڭ تومۇرىدا ئەدەبىي ئىستېداتنىڭ قېنى ئۇچقۇپ تۇراتتى. ئۇ كىچىكىدىنلا قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئەدەبىيات جەۋھەرلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپلا قالماي، يەنە ئاجايىپ ئېسىل شېئىر ۋە ماقالىلەرنى يېزىشقا باشلىغانىدى.

مېنىڭچە، كارل ئادەم بولۇشتىكى ۋە ئالىم بولۇشتىكى بارلىق پەزىلەتلەرنى ھازىرلاپ بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەنمۇ ئوغلۇمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەربىيىلەپ چىققىنىمدىن پەخىرلىنەتتىم.

www.uyghurkitap.com

# دوستلىرىمغا ئىككى كەلىمە سۆز

## (ئاخىرقى سۆز)

كارلنىڭ بۈيۈك نەتىجىلىرىدىن ئۇنىڭ ئاتىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن. ئەمما مېنى بەكرەك خۇشاللاندۇرىدىغىنى تەربىيە ئۇسۇلۇمنىڭ بەزىلەر دېگەندەك خام خىيال بولماستىن، ئەكسىچە مۇئەييەن قوللىنىلىشچانلىقى بارلىقىنىڭ ئىسپاتلانغانلىقىدۇر .

كۆپچىلىكنىڭ بۇ كىتابنى پېداگوگلار ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئاشۇ پېداگوگلار ماڭا دۈشمەنلەرچە قاراۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ئۇلارغا پايدىلىنىش ماتېرىيالى تەييارلىشىمنىڭ زادىلا زۆرۈرىيىتى يوق، بۇ كىتابنى سىلەر ئۈچۈن، باللارنىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن يازدىم، مەن كۆپچىلىككە ھازىر مودا بولۇپ كېلىۋاتقان مائارىپ تەربىيىسىدىنمۇ ئۈزگىچە، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرمەكچى، خالاس.

مەن ئەزەلدىنلا تەربىيە جايىدا، مۇۋاپىق قىلىنىسىلا، كۆپلىگەن باللار ئاجايىپ ئىستېدات ئىگىلىرىدىن بولۇپ قالاتتى، دەپ ئويلايمەن، ئوغلۇمنىڭ بۈگۈنكىدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشى دەل مېنىڭ تەربىيەمنىڭ نەتىجىسىدىن بولدى، ماڭا ئايانكى، كىشىلەر باشقا تەربىيىچىلەرنى نېمىشقا كارلدەك باللارنى يېتىشتۈرەلمەيسىلەر، دەپ تۇشمۇ تۇشتىن ئەيىبلىشمەكتە، مەن بۇنداق ئەيىبلەشنىڭ ناتوغرىلىقىنى



تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتمەكچى بولسامۇ، ئەمما مېنىڭ ئىنچىكە شەرھلەشلىرىم ھېچنېمىگە كار قىلمىدى. چۈنكى، ئاشۇ تەربىيىچىلەرنى يارامسىزلىق گىردابىغا دۇچار قىلغان ئاساسىي سەۋەبچى مەن، ئاشۇ تەربىيىچىلەرنىڭ ماڭا دۈشمەنلەرچە قارىشىمۇ ھەق. بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققان ئادەم كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسى مەسىلىنىڭ «ئەگەر ئائىلە تەربىيىسى ياخشى بولمىسا، ھەرقانچە مۇنەۋۋەر تەربىيىچى ئەستايىدىل تەربىيە ئېلىپ بارغان ھالدىمۇ، ئۇنىڭ ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتالىشى ناتايىن» ئىكەنلىكىنى ئاسانلا يەكۈنلەپ چىقىدۇ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مەن ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئەمەس.

شۇنداق بولسىمۇ، مېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى قوللايدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ. مېنى خۇشال قىلىدىغىنى ھەر ھالدا ماڭا دىلكەش سىرداشلارنىڭ تېپىلغىنى. پېستالوززى مېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى تۇنجى بولۇپ قوللىغان ئادەم. كىشىلەر ماڭا گۇمان نەزىرى بىلەن قاراۋاتقان شۇ پەيتتە، ئۇ مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ: «سىزنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىڭىز چوقۇم كىشىلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىدۇ» دېگەنىدى ھەمدە مېنىڭ مۇشۇ ئۇسۇلۇمنى ئاشكارىلىشىمغىمۇ تۈرتكە بولغانىدى. پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور جۇلىئانمۇ شۇنداق قىلغان. بۇ يەردە فېستولى ئەپەندىمنىڭ ماڭا يازغان خېتىنى ھەر قايسىڭلارغا ئاشكارا قىلماقچىمەن:

«ھېلىمۇ ئېسىمدە، 14 يىل ئىلگىرى بوۋسېلدا سىز بىلەن تەربىيىلەش مەسىلىسى توغرىسىدا پاراڭلاشقانىدىم. شۇ چاغدا سىز ئۆز تەربىيىلەش ئۇسۇلىڭىز ئارقىلىق ئوغلىڭىزنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدا تەربىيىلەيدىغانلىقىڭىزنى دېگەنىدىڭىز. مانا 14 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، مەن ئوغلىڭىزنىڭ سىزنىڭ تەربىيىڭىزدە ئېرىشكەن نەتىجىسىنىڭ ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغاندىكىنمۇ زور بولغانلىقىنى كۆردۈم.

ۋەھالەنكى، تەربىيىلەش ئۇسۇلىڭىزنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ بۇنىڭ سىزنىڭ تەربىيىڭىزنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشى تەبىئىي ئەھۋال. بەلكىم بۇنى ئوغلىڭىزنىڭ تەبىئىي تالانتىدىن كۆرىدىغانلارمۇ باردۇر. بۇنداق ئەھۋالدا، سىزنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىڭىزنى تەپسىلىي ئېلان قىلىپ ئۇنىڭ باللارغا پايدىسى كۆپلۈكىنى ئىسپاتلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ تولىمۇ ياخشى ئىش، بۇنى قەتئىي ئويلىنىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

دوستىڭىز: پېستالوززى
1814 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئېۋاردۇن

مەن مانا مۇشۇنداق تەكرار - تەكرار تەلەپلەر بىلەن بۇ كىتابنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم. شۇڭا بۇ كىتابنى ئالدى بىلەن ئاشۇ دوستلىرىمغا بېغىشلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلگىنىگە تەشەككۇر بىلدۇرمەكچىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىزگە ياردەمدە بولغان بارلىق زاتلارغا، جۈملىدىن دوكتور لاۋست، دوكتور گېنتېر، لېيپسىگدىكى بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ۋە گېروم ئائىلىسى، كىنەز بروۋنسۋىك كىنەزى، كېنبىردىگى كىنەزى قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىگە تەشەككۇر بىلدۇرۇش يۈزىسىدىن بۇ كىتابنى ئۇلارغىمۇ بېغىشلايمەن.

چوڭ كارل ۋىتېر
1818 - يىلى 20 - دېكابىر، گوتتىنگېن



بۇ كىتاب جىنخۇا نەشرىياتىنىڭ 2001 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى، 2001 - يىلى 7 - ئاي 2 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据京华出版社 2001 年 6 月第一版,2001 年 7 月第 2 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: زۇلەيخا ئەزىز
ئالىمجان تاھىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۈل كېرەم

# پەرزەنت تەربىيىلەش دەستۇرى

ئاپتورى: كارل ۋىتېر (گېرمانىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئېتىبارقىز ئەزىز دۆلەت
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى№348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى رېنشياڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 13.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2002 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—2000
ISBN7—228—07690—7/G.2165
باھاسى: 17.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



ISBN 7-228-07690-7

9 787228 076901 >

ISBN 7-228-07690-7
G·2165(民文)定价:17.00元